ۋ. گ. راسپۇتىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)



# ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا

مىللەتلەر نەشرىياتى



ۋ. گ. راسپۇتىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت ئىمىن

مىللەتلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

活下去并且要记住：维吾尔文/(苏)拉斯普京著；穆罕默德·伊明译，- 2 版. -北京：民族出版社，1999.1
ISBN 7 - 105 - 03307 - X

Ⅰ.活… Ⅱ.①拉… ②穆… Ⅲ长篇小说-苏联-现代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I512.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字（98）第 34405 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013 电话 010 - 64228007)
民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1982 年 4 月第 1 版 1999 年 3 月北京第 2 次印刷
开本：787×1092 毫米 1/32 印张：18.5
印数：11,000 —15,000 册 定价：**16.30** 元

# خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن①

ۋالېنتىن گرىگورىۋىچ راسپۇتىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىدا خېلىلا ئامىتى كېلىۋاتقان يازغۇچى. ئۇ 1937 ـ يىلى سىبىرىيىدە تۇغۇلغان، ئىركۇتسكى ئالىي مەكتىۋىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىركۇتسكى ۋە كراسنويارسكىلاردا تەھرىرلىك قىلغان. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئىككى ئوچېرىكلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

1961 ـ يىلى ئۇ سىبىرىيىدە چىقىدىغان «ئانگارا دەرياسى» ناملىق ئەدەبىي توپلامىدا ئۇزىنىڭ «ليۇشكادىن سورىۋېلىشنى

① بۇ پوۋېست رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئەسلى خەنزۇچە تەرجىمىسىگە بېغىشلاپ يېزىلغان "تەرجىماندىن" دېگەن كىرىش سۆز ئەينەن ئېلىندى. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە خەنزۇچە تەرجىمىسىگە بېرىلگەن ئىزاھاتلارمۇ ئەينەن ئېلىنغاندىن باشقا، زۆرۈر تېپىلغان يەرلىرىدە "تەھرىر" دېگەن بەلگە بىلەن بەزىبىر ئىزاھاتلارمۇ قوشۇلدى.

ئۇنتۇپ قاپتىمەن......» دېگەن تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىدىن بىر قىسىم ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر 1966-يىلى ئېچىلغان سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق ياش يازغۇچىلىرى يىغىنىدا ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. راسپۇتىن 1974-يىلدىن كېيىن كەينى-كەينىدىن «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا»، «ئاخىرقى مۆھلەت»، «مارىيا ئۈچۈن قەرز سوراش» ۋە «خوش، ماتيورا» دېگەن تۆت پوۋېستىنى ئېلان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. 1976-يىل 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا راسپۇتىن سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 6-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مەزكۇر يازغۇچىلار جەمئىيىتى مەركىزىي نازارەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان.

بۇ «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا» دېگەن پوۋېست دەسلەپ 1974-يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ژورنالدا ئۇدۇللۇق بېسىلغان، كېيىنچە كىتابچىسى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر 1976-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا دۆلەتلىك مۇكاپاتقا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلىپ، نەتىجىدە سايلانماي قالغان. لېكىن 1977-يىلى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىلىپ، ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە دۆلەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان ئەسەر بولۇپ باھالانغان ھەمدە 1978-يىلى كىتابچىسى نەشر قىلىنىپ بولغان تۆرۈقلۇقـ مۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدىغان «ھېكايىلەر» ناملىق ئاساسىي ژورنىلىدا قايتا ئېلان قىلىنغان.

تا س س بۇ پوۋېستىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەممىدىن بەك بازىرى چىققان كىتاپلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھەمدە نۇرغۇن ئەللەردە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغانلىغىنى جاكالىدى.

بۇ «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا» دىگەن پوۋېستتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇننىڭ "ئۇرۇش مالىماتاڭچىلىغى" تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان مۇنداق پاجىەسى تەسۋىرلەنگەن: ناستيۇنانىڭ ئېرى ئاندىرى ئۇرۇشتا يۈرەكسىزلىك قىلمىغان، ئۈچ قېتىم يارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن خوتۇنىدىن، ئۆيىدىن ۋە تېچ يېزا تۇرمۇشىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەنلىكتىن، يارىسى ساقىيىپ قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ۋاقتىدا دوختۇرخانىدىن يۇرتىغا قېچىپ كېلىپ، كەنتتىن يىراق بولمىغان قاقاس تاغ-دالىغا يوشۇرۇنۇپ، ھەرقاچان دۆلەت قانۇنىنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچراپ قېلىش خەۋپىگە قارىماي، خوتۇنى ناستيۇنا بىلەن دىدارلىشىدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى رۇسلارنىڭ قەدىمىي ئۆرپى-ئادىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن، ئېرى بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولۇش، ئېرىگە پەرزەنت تۇغۇپ بېرىپ، ئەجدادىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھىساپلاپ، خەۋپ-خەتەرلەرگە قارىماي ئېرىنى يوشۇرۇپ، قايتا-قايتا يۈز كۆرۈشىدۇ، كۆپ يىل ھامىلدار بولماي كەلگەن ناستيۇنانىڭ ئاخىر بويىدا قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەنتلىكلەر ئالدىدا چاندۇرۇپ، قويىدۇ-دە، بېشى قېتىپ، ئۈمىتسىزلىنىپ، ئاخىر باشقىلار ئىز قوغلاپ كەلگەندە ئىنتايىن

خىجالەتچىلىك ۋە ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە، قوسىقىدا بالىسى بار-لىقىغا قارىماي دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئىزى بولسا قېچىپ كېتىدۇ.

يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا شۇنى ئۇقتۇرماقچى: ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ھەرگىز مۇتلەق بولمايدۇ. جەڭچىنىڭ ئاتاكىغا ئۆتۈشى ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، قەھرىمانلىق؛ بىراق ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدە دۈشمەننى قىرىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى ناتايىن، "دوزاق كەبى ئۇرۇش مەيدانى" تۇرمۇشىدىن ھېچ بولمىغاندا بىر مەزگىل قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقىنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. قاچاقلىق يامان ئىش؟ نومۇسسىزلىق، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ، جەڭدىن باش تارتىپ، ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىش غەرىزى بىلەن قېچىپ كېتىشى ناتايىن. سىرتقى ئامىللار، مەسىلەن: ئوپىتسەرلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەسلىكى، ھەربىي دوختۇرلارنىڭ مۇزدەك سوغاق مۇئامىلە قىلىشى، ھەتتا قاتىناشنىڭ توسىلىپ قېلىشى قاتارلىق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارمۇ يەنىلا جەڭ قىلىۋېرىش ئېھتىمالى بولغان ئادەمنىڭ پەيدىن-پەي قاچاق بولۇپ قېچىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، سىرتقى ئامىللار ئاقكوڭۇللۇككە قىل سىغمايدىغان ئاقكوڭۇل ئادەمنى جەمىيەت، دولەت قانۇنى يول قويمايدىغان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىشقا مەجبۇرلىيالايدۇ. دىمەك، ئاپتور بۇ ئەسىرىدە گەپنى ئەگىتىپ،

ئاندىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىن قاچقانلىغىنى ئاقلىماقچى.

بۇ پوۋېست ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوبزورچىلارنىڭ قاتتىق ھەۋەسىنى قوزغىدى، بىر مەھەل مۇنازىرىمۇ قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «ھەقىقەت» گېزىتى، «ئەدەبىيات» گېزىتى، «ئەدەبىيات روسىيىسى» گېزىتى، «ئوكتەبىر»، «توغ» قاتارلىق مەملىكەتلىك گېزىت-ژورناللار، ھەتتا بەزى يەرلىك گېزىت-ژورناللار ئوبزور ياكى خەۋەر ئېلان قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «ئەدەبىي مەسىلىلەر» ناملىق ئاساسىي ئەدەبىي ئوبزور ژورنىلى تېخى ئالايىتەن ئاتالمىش يۇمۇلاق جوزا يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، راسپۇتىننى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇزاكىرىگە قويدى ھەمدە مۇزاكىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى ئۇزىنىڭ 1977-يىل 2-سانىغا باستى.

بۇ پوۋېست يېڭى ئېلان قىلىنغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بۇ پوۋېستتا "بىر پاسسىپ ئوبراز — قاچاق ئەسكەر ئوبرازى يارىتىلغان"، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پوۋېست "قاچاقلار ئەدەبىياتى"غا مەنسۇپ، دەيدىغان پىكىر پەيدا بولغان ئىدى. بۇ پىكىردىكىلەر: بۇ پوۋېستنىڭ بەدىئىلىك جەھەتتىمۇ يارىغۇدەك يېرى يوق، ئاساسىي ۋەقەلىكى ھەتتا بىرمۇنچە ئۇششاق تەسۋىرلىرىمۇ چىڭگىز ئەيتماتوۋنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان «يۈزمۇ-يۈز» دىگەن ھىكايىسىگە ۋە يۇرى گونچاروۋنىڭ «قاچقۇن» ناملىق پوۋېستىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، قۇرۇق گەپلىرى كوپ ھەم تولىمۇ ئۇزۇن، كىشىنى زېرىكتۇرۇپ قويىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى.

بىراق ئۇنداق پىكىرلەر تېز ئارىدىلا مۇھاسىرە ۋە مەسخىرە ئىچىدە قېلىپ، گېزىت-ژورناللار يۈزىدىن يوقالغان.

ئۇنىڭ ئورنىنى سوۋېت ئىنتىپاقى گېزىت-ژورناللىرىنىڭ بۇ پوۋېست توغرىسىدىكى باربكاللىسى ۋە ماختىشى ئالدى: بۇ پوۋېستتا "رىيالىزىمنىڭ مەڭگۈ پۈتمەس-تۈگىمەس كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، بۇ پوۋېست بۈگۈنكى كۈندە رىيالىزمغا بولغان تەلپۈنۈشكە ۋەكىللىك قىلغان". بۇنىڭدا "تۇرمۇشىمىزدىكى ئىككى زور كۈچ — هايات بىلەن مامات — نىڭ ئېلىشىشى يۈكسەك دەرىجىدە قىزىقارلىق يوسۇندا تەسۋىرلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن كەم-كۈتىسىز، تەسىرلىك بىر ئوبراز يەنى ئايال قەھرىمان ناستيۇنانىڭ ئوبرازى يارىتىلغان؛ ئۇ ئېرىگە شېرىك جىنايەتچى بولسىمۇ، لېكىن "ئۇنىڭ يۈرىكى خەلقتىن زادى ئايرىلمىغان"، "ئۇنىڭ پەزىلەت جەھەتتىكى پاكلىقىنى يېزىدىكى يېڭى تۇرمۇش بەخش ئەتكەن"، "ئۇ ئۆز يۈرىكىنى سوۋېت ئىنتىپاقى يېزىلىرى نۇقتىسىنەزەرى بىلەن كۆزەتكەن"، "ئۇ هازىرقى زامان خەلق روھىنىڭ تەبىي نامايەندىسى"، شۇڭا كىشىلەرنىڭ هېسداشلىقىغا سازاۋەر بولغان......ئوبزورچىلار راسپۇتىننى "ئاجايىپ ماھارەتلىك" يازغۇچى، روھىي ھالەتنى سۈرەتلەشكە ماھىر، ۋەقەلىكنى ئىنچىكە، جانلىق، قىزىقارلىق تەسۋىرلەيدۇ، بولۇپمۇ ئاياللارنى تەسۋىرلەشكە ئۇستا، دەپ ماختاشقان. «ھېكايىلەر» ژورنىلى بۇ پوۋېستنى ئېلان قىلغاندا قوشقان كىرىش سۆزىدە بۇ پوۋېستنى "يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان سوۋېت

ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەشھۇر ئەسەر" دەپ تەرىپلىگەن. «ئەدەبىيات روسىيىسى» گېزىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: "بۇ ئەسەر خەلق ئەدىبىسىنى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىغا سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆزىگىچە ئۇچمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈردى" دېگەن.

بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر مەھەل مۇنازىرە قوزغاپ، ئاخىر بىردەك ماختالغان بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ، كىتاپخانلىرىمىزنىڭ تونۇشۇشىغا، تەتقىق ۋە تەنقىت قىلىشىغا سۇندۇق.

# 1

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى يىلى — 1945 - يىلنىڭ باشلىرى، بۇ ئەتراپتا قىشنىڭ سوغىغى ئانچە ئەدەپ كەتمىگەن ئىدى. بىراق كىرىششنى بايرىمى① يېتىپ كەلگەندە قەھرىتان سوغاق كۆچەيىپ، تېمپېراتۇرا نولدىن تۆۋەن قىرىق گىرادۇستىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. قەھرىتان سوغاق بىر ھەپتە داۋاملاشقاندىن كېيىن، قىرولىرى توكۆلگەن دەل-دەرەخلەر تامامەن يالىڭاچلىنىپ قالدى، يەر يۈزىنى قاپلاپ ياتقان چېچىلاڭغۇ قۇم كەبى قار ئاياق ئاستىدا غىرىس-غىرىس قىلاتتى، ھاۋا سوغاقتىن شۇنچىلىك قېتىپ كەتكەن ئىدىكى، گويا شۇنداق تېگىپ قويغان ھامان ئۇۋۇلىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى، ئەتىسگەنلىرى ھەممشە كىشىنىڭ دېمى سىقىلغىنى سىقىلغان. بىراق يەنە بىر دەمدىن كېيىن ھاۋا بارا-بارا ئىسسىپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىپايان

---

① خىرىستيانلارنىڭ بۇت يۇيۇش بايرىمى. — تەھرىردىن.

كەڭ دالىدىكى قارنىڭ يۈزىــدە بىر قەۋەت قاتتىق مۇز پەيــدا بولاتتى.

شۇ قەھرىتان سوغاق بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ئانگارا دەرياسى بويىغا جايلاشـقان گۈسكوۋ ئائىلىســنىڭ ئايىغىدىكى كوكتاتلىققا سىلىنـغان دەرياغا يانـداش مونچىغا ئوغرى تەككەنلىكى مەلۇم بولـدى: مىخئىچ گۈسكوۋنىڭ ئۈزۈنـدىن بۇيان ياغاچـچىلىققا ئىشلىـتىپ كەلـگەن چاقـقانغىنا بىر پالتىــسى يوقالغان. ئۇنىڭ ئويىدىكىلەر ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ كورۈپ قىلىشىدىن ئەنسىرەـ گەنلىكى ئۈچۈن، نەرسە-كېرەكلىرىنى پولنىڭ مەش يېنىدىكى مىخلىۋېتىلمىگەن بىر پارچە تاختىيى ئاستىغا تىقىپ قوياتتى. گۈسـ كوۋ بوۋاينىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام شۇ پالتا بىلەن كوك تاماكىسىنى توغراپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇنقىدەكلا شۇ جايغا تىقىپ قويغانـ لىقى ئېنىق ئېسىدە ئىدى. بىراق ئەتىسىلا پالتا يوقالغانـلىقىنى بايـقىدى. شۇنـچە ئىزدەپـمۇ ھىـچ يەردىن تاپالمىدى. مىخئىچ مونچىنىڭ ئاستى-ئۈستى، ئالدى-كەينىنى بىرەر قۇر ئاختۇرۇپ كوردى، نەتىجىدە يوقالغان نەرسىنىڭ يالغۇز بىرلا پالتا ئەمەسـ لىكىنى بىلدى، بىراۋ گويا بۇ يەرنى ئوز ئويىدەك بىلىپ، ئەيـ مەنمەي تاختىۋېتىشىدىن بوۋاي ئوزى تېرىغان كوك تاماكانىڭ نەق يېرىمىــنى سوقۇپ كېتىپــتۇ، ئۇنى ئاز كورگەنــدەك، يەنە تېخى ئاچكوزلۇك قىلىپ، كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان ئويدە قويۇپ قويغان كونا ئۇۋ چاكىغىســنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈسكوۋ بوۋاي ئۇنىڭ ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئوغرى ئىكەنلىكىگە، پالتىـ

سىنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىت قالمىغانلىغىغا كوزى يەتتى، چۈنكى ئوز كەنتىدىكىلەر چاڭغىنى ئېلىپ كېتىپ نىمىمۇ قىلاتتى دەيسىز.

ناستيۈنا پالتىغا ئوغرى تەككەنلىگىنى كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاڭلىدى. مىخئىچىنىڭ پۈتۈن بىر كۈن كوڭلى ئارام تاپمىدى، مۇشۇنداق ئۈرۈش-يېغىلىق بولۇۋاتقان چاغلاردا ئۇ قەيەردىنمۇ ئاشۇنداق پالتا تاپالىسۇن؟ ھىچقانداق پالتىنى، يەنە كېلىپ چاققان ئويۇنچۇققا ئوخشاش ھەم يېنىك، ھەم ئىتتىك، قولىغا ئەپ كېلىدىغان شۇنداق پالتىنى تېپىشى قىيىن ئىدى. ناستيۈنا قېيناتىسىنىڭ ھە دەپ قايناۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، روھسىز ھالدا: "شۇنچىلىك نەرسىمۇ ئاشۇنچىلا ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشكە ئەرزىمەدىكىنا، راستىنى ئېيتقاندا، ئويىمىز ئاللىقاچان مالىماتاڭ بولۇپ كەتكەن ئىدىغۇ" دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ كارۋاتقا ئوزىنى تاشلاپ، پۇت-قولىنى سوزۇپ، ئۇيقۇغا غەرق بولۇش ئالدىدا ئەزايىنىڭ سەل سىقىراپ ئاغرىغىلى تۇرغانلىغىنى پايقىغان چاغدا يۈرىگى بىردىنلا جىغ قىلىپ قالدى-دە: "ئەگەر ئۇ ياقا يۇرتلۇق بولىدىغان بولسا، پولىنىڭ تېگىدە قانداق نەرسە بارلىقىغا قاراپ بېقىش قانداقمۇ ئېسىگە كەلسۇن؟" دەپ ئويلاپ قالدى ۋە ئىختىيارسىز كوڭلىگە كەچكەن بۇ خىيالدىن دىمىنى ئالالماي قالغىلى تاس قالدى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوزىنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق پەرىزىنى باشقىلارنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قاپ-قاراڭغۇ ئويدە مىدىر-سىدىرمۇ قىلماي كوزىنى يوغان ئاچقان پېتى خېلى

ئۇزۇنغىچە ياتتى. ئۇ بىر تۇرۇپ بۇ خىيالنى ئۆز مېڭىسىدىن چىقىرىۋېتىپمۇ باقتى، لېكىن يەنە بىر تۇرۇپ شۇ پەرىزنى يېڭىۋاشتىن ئىنچىكىلەپ ئويلىدى.

شۇ كېچە ناستيۇنانىڭ كۆزىگە ئۇزۇك ئۇيقۇ كەلمىدى، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، مونچىغا ئۆزى بېرىپ باقماقچى بولدى. ئۇ قاردا موزاي ئېغىلىغىچە ئېچىلغان تار يول بىلەن ماڭماي، كەنتنىڭ خىلۋەت، تار كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئانگارا دەرياسى بويىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ياقىقا بۇرۇلدى ـ دە، تىك يار ئۈستىدىكى قاشا ئارقىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان مونچا ئوگزىسىگە كۆز تاشلىدى. ئۇ تىك يار تۈۋىدە بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، مۇزلاپ كەتكەن پەلەمپەينى ئاۋايلاپ بېسىپ يار ئۈستىگە چىقتى، قاشا ئىشىگىنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشىدىن ئەنسىرەپ، قاشادىن ئارتىلىپ ئۆتتى. لېكىن مونچا ئىشىگىنى بېرىپلا ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىشىك ئالدىدا بىر ھازا ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى پاكار ئىشىكنى ئاستا ئېچىشقا قولىنى سوزدى. بىراق ئىشىك مۇز توڭلاپ ئۇيۇپ قالغانلىقتىن، ناستيۇنا بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئاران ئاچتى. يوق، يەنى ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچكىممۇ يوق، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مونچا ناھايىتى قاراڭغۇ بولۇپ، ئانگارا دەرياسىغا قارىتىپ ئېچىلغان غەربىي ياقتىكى كىچىك دەرىزىدە تېخى ئەمدىلا سۇس، جانسىز تاڭ نۇرى ئەكس ئېتىشكە باشلىغان ئىدى. ناستيۇنا دەرىزە يېنىدىكى تاختاي كاڭ ئۈستىدە ئولتۇردى ـ دە، يېڭى

پەيدا بولغان، يات ۋە لېكىن ئەينى يىللىرى ئۆزى پۇراپ كونۇپ قالغان بەزى ھىدلارنى پۇراش ئۇمىدىدە، گويا ياۋايى ھايۋانلار-دەك سەزگۈر پۇراش سېزىمى بىلەن مونچا ھاۋاسىنى ھە دەپ پۇرىغىلى تۇردى، بىراق ئېچىغاندىن كېيىن توڭلاپ قالغان نەرسىلەردىن چىققان ئاچچىق پۇراقتىن باشقا ھېچنېمە دىمىغىغا ئۇرۇلمىدى. "مانا ئەخمەقلىق دېگەن، يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلىپ يۈرگىنىمنى قاراڭ!" ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئەيىپلەپ، ئورنىدىن قوپتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردىن نېمىلەرنى تېپىش خىيالىدا بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى.

ناستيۇنا شۇ كۈنى كۈندۈزى سامانىنى كولخوز قوراسىغا توشۇ-ۋېتىپ ھەر قېتىم دوڭدىن پەسكە چۈشكىلى تۇرغاندا، گويا ئۆزد-گە جىن چاپلىشىۋالغاندەكلا، مونچا تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇ بەكمۇ چېچىلىپ، ئۆزىنى مۇنداق قىلىشتىن توساقچى بولاتتىيۇ، لېكىن كۆزىنى يەنىلا خىرە، ئۈستى ئۈچلۈق كورۇن-گەن مونچىدىن ئۈزەلمەيتتى. سامانىنى تومۇر ئارا بىلەن قار ئاستىدىن چىقىرىپ چانىغا تاشلاشقا توغرا كېلەتتى. ئۈچ قېتىم توشۇغاندىن كېيىن، ھەرقانداق ئىش قىلسا بەرداشلىق بېرەلەي-دىغان ناستيۇنا قاتتىق ھېرىپ كېتىپ، ئورە تۇرغىچىلىك مادارى قالمىدى. ئوتكەن كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىقنىڭ بۇنىڭغىمۇ تەسىر كورسەتكەنلىكى كورۇنۇپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا كەچتە، ناستيۇنا تامىقىنى يەپ بولۇپمۇ كارۋىتىدا ئولۇككە ئوخشاشلا يېتىپ قالدى.

ئۇ كېچىدە كورگەن چۈشىدىن بىشارەت تېپىپ، ئۇنى شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى ئويغانغاندىن كېيىن ئەقلىگە كەلدىمۇ، قىسقىسى، ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندى. ئۇ قازناقتىن ئەڭ چوڭ بىر يۇمۇلاق بولكىنى تاللاپ، بىر پارچە پاكىز خامغا ئوردى-دە، تۈيدۈرماي مونچىغا ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇدۇلدىكى تاختاي كاڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. مونچىدا يەنە بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەس-ھۇشىنىڭ بار-يوقلۇقىنى دەڭسەپ كوردى-دە، دۇئا قىلغاندەك ئاستاغىنا ئۇھ تارتىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ناستىيۇنا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا ئىككى كۈن تاڭ سەھەردە مونچىغا بېرىپ قاراپ باقتى، ھېچكىممۇ ھېلىقى بولكىغا تەگمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى بولكىنى يېڭى پىشۇرغان يەنە بىر بولكىغا ئالماشتۇرۇپ، يەنىلا بايىقى كوزگە چېلىقىدىغان جايغا قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ يەنە باغلىغۇدەك بىرەر ئۈمىدى قالمىغان بولسىمۇ، بىراق كىشىگە ئارام بەرمەيدىغان، كوڭۇلدىن چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدىغان بىر خىل تىت-تىتلىق ئۇنى پالتىنىڭ ئىز-دېرىكىنى داۋاملىق قىلىپ بېقىشقا قىستايتتى: باشقىلار پول تېپىكىدە بىر مەخپىي جاي بارلىقىنى پەرەز قىلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ قاراڭ، پولنىڭ ئۇ تاختىيى باشقا تاختايلار بىلەن شۇنداق پۇختا جىپسىلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇسۇل ئوينىغان تەقدىردىمۇ ئۇ مىدىر-سىدىر قىلىپ قويمايدۇ؛ بۇ سىرنى بىرەر كىشى

ئوغـرىلىقـچە بىلىۋالغانمىكىن ـ تاڭ؟ بولكا، بولكا ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلەيدۇ، بولكىنىڭ مەرى يامان!

يەنە ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بولـكا يوقىلىپ كەتتى. ناستيۇنا بولكىنىڭ قويغان جايدا يوق تۇرغانلىقىنى كورۇپ قاتـتىق چوچۇپ، نالە قىلغىنىچە تاختاي كاڭـغا لاسسىدا ئولتۇرۇپ قالدى: "ياق، مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! قېيناـتام ياكى قېينانام كېلىپ، بۇ يەردە بىر بولكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كورۇپ ئويگە ئېلىپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمال" دىدى ئۇ ھەسـرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ. ئۇنىڭ بەرگەن پۈتكۈل جاۋاۋى مانا شۇ بولدى. ئۇ گۆش قىلىپ پول ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى،......

ۋاي، يەردە بولـكا ئۇۋاقـلىرى تۇرىدىـغۇ؟ ياق، قېيناتامـمۇ، قېينانامـمۇ ئەمەس، باشـقا بىرسى ئىكەن......ناستيۇنا ئوچاقنىڭ سوۋۇپ قالغان كۈلى ئارىسىدىن بىر تال تاماكا كوتىكىنى تاپتى.

مانا شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇ گويا خۇدىنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالدى، كوڭـلى پەقەت: "بۇنىڭـدىن كېـيىن قانـداق بولار؟" دىگەن بىرلا ئوي بىلەن بەنت ئىدى. ئوي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، كولخوزغا بېرىپ ئەمگەككە قاتناشقاندا، كىشلەر ئالدىـدا ھىچ نەرسىنى چاندۇرماي يۈرسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدىن چىققـقان ھەر بىر تىۋىشتىن قورقۇپ، پات ـ پات توت ئەتراپقا چوچۇپ قاراپ قوياتتى. ئۇ ئوزىنىڭ نىمىنى كۈتۈۋاتـقانلىقىنىمۇ ئېنىق ئاڭقىرالمىغانلىقتىن، كۈتۈۋېرىشكە تاقىتى تاق بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، شەنبە كۈنى يېتىپ كەلگەنـدە مونچىغا چۈشەيلى دىگەن

ئەقىلنى تاپتى. سېمىيونوۋنا ھاۋانىڭ بەك سوغاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مونچىغا بارمايلى دېسمۇ، ناستيۇنا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، سۇنى مەن ئۆزەم توشۇيمەن، مەشكە ئوتنى ئۆزەم ياقىمەن دەپ، قېيىناتىسى بىلەن قېيىنانىسىنىڭ مونچىغا چۈشۈشكە تەييارلىنىشىنى ئېيتتى.

ئىش ئۇنچىلا ئېغىر ئەمەس ئىدى، يۇيۇنۇشنىڭ تەييارلىقىنى بىر دەمدىلا پۈتتۈرۈش مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇ قەستەن كەينىگە سوزدى. ئۇ قارىغاي ئوتۇنىنى يارغاندا، ئاسان يانمايدىغان قېيىن يېرىندىسىنىمۇ تەگمۇ-تەگ ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، مەشكىمۇ ئوتنى ئادەتتىكىدىن كېچىكتۈرۈپرەك ياقتى. شۇ كۈنى بەكمۇ سوغاق بولدى—قەھرىتان سوغاق تېخى ئەمدىلەتىن ئاز-پاز بوشاشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، شامالدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ناستيۇنا ھەر قېتىم ئانگارا دەرياسىدىن سۇ ئېلىپ قاش ئۈستىگە چىققاندا موردىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈنگە ئىختىيارسىز قاراپ قوياتتى. شامال چىقمىغانلىقتىن، قېيىن يېرىندىسىدىن چىققان قارا تۈتۈن تۈپ-تۈز خادىدەك ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ، يىراق يەرلەردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ناستيۇنا يېتىپ ئاشقۇدەك لىقمۇ-لىق يوغان بىر تۈڭ سۇ قايناتتى، پولنى ۋە يۇيۇنۇش تاختىسىنى پاك-پاكىز يۇيۇپ چىقتى، ئاندىن كېيىن مورىنى سەل-پەل ئېتىپ قويدى، شۇ چاغدا كۆكۈم چۈشۈپ قالغان ئىدى، مانا شۇندىلا قايتىپ بېرىپ قېيىناتىسى بىلەن قېيىنانىسىنى چاقىردى، چىراق يېقىش ئۈچۈن

كىرىسىن ئالغاچ بىرىنچىلار دەپ ئېيتىپ قويۇشىنىمۇ ئۇنۇتۇپ قالمىدى.

ئۇ گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، سىلاپ-سىپاشتۇرۇپ دىگۇدەك ماڭدى، ئالدىراپ-ئاسقىپمۇ كەتمىدى، بىر كۆنلۈك ئىشتىن هارغانلىقمۇ ھىس قىلمىدى، ھەممە ئىشنى جايى-جايىدا ئىشلىدى. قېيناتىسى بىلەن قېينانىسى يۇيۇنۇپ قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى كىيىملىرىنى تېپىپ، مونچىغا بېرىشقا تەرەددۇت قىلدى. سېمىيونوۋنا ئۇنىڭ يۇيۇنۇشقا كىم بىلەن بىللە بارىدىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ نادكا بىلەن بىللە بارىمەن دەپ گەپ ياسىدى. ئىلگىرى ناستيۇنا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىن-كۆڭگە جۈدەپ كېتىۋاتقان بەدىنىگە قاراپ ھەسرەت-لىنىپ كۆزىگە ياش ئېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۇيۇنۇشقا ھەمىشە خوشنا ئاياللار بىلەن بىللە باراتتى. لېكىن بۈگۈن ئۆزىگە ھەمرا ئالمىدى. يەر يۈزىنى تۈن قاراڭغۇسى تامامەن قاپلاپ كەتمىگەنلىكتىن يۇلتۇزلارمۇ تېخى چاقناشقا باشلىمىغان ئىدى، ناستيۇنا قاراڭغۇدا مونچىغا يېتىپ باردى-دە، ئەسكى لاتا بىلەن كىچىك دەرىزىنى ئىچىدىن توساپ قويغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ، بويىنى چالا-پۇچۇقلا سۇغا سالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى مولچەرلەۋاتقان پەيتنىڭ بىر دەمدىن كېيىنلا يېتىپ كېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.

ناستيۇنا يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ، چىراق يورۇقىدا ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ چاچلىرىنى تارىۋالدى،

ئاندىن كېيىن ھەقىقەتەن نادكا بىلەن بىللە مونچىغا چۈشكەندەك قىلىپ، قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىغا ئۆزىنىڭ نادكىنىڭ ئۆيىدە بىر دەم ئولتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناستيونا دىگەندەكلا نادكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قويدى، لېكىن ھېچقانچە ھايال بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئىزدىگۈچىلىك بىرەر ئىشمۇ يوق ئىدى، پەقەت كورۇنۇپ قويسىلا بولاتتى. ئاندىن كېيىن چاندۇرماستىن دەرھال مونچىغا قايتىپ بېرىپ، خۇددى كېچىكىپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئاۋايلاپ بېسىپ ئىشىك يېنىغا بېرىپ، مونچىنىڭ ئىچىدە ئادەم بار-يوقلۇغىغا قۇلاق سېلىپ باققاندىن كېيىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىچكىرى كىردى. مونچا تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن ئىدى، ناستيونا تەرلەپ كەتمەي دەپ، بوسۇغىغا كېلىپ ئولتۇردى. ناۋادا ئادەم كېلىپ قالسا ۋاقتىدا ئورنىدىن قوپۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان بولاتتى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا كۈتۈپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىش يوق ئىدى.

كەنتتىن ئادەملەرنىڭ پەس ئاۋازى، ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى ئاخىرقى قېتىم خىرە ئاڭلاندى-دە، ھەممە جىمجىتلىققا چۆكتى. ئانگارا دەرياسىدىن مۇزلارنىڭ قاراسلاپ يېرىلىشلىرى ئاندا-ساندا قۇلاققا ئاڭلىنىپ قالاتتى. مونچا ئىچىدىكى پار تارقاپ، بارا-بارا سوۋۇشقا باشلىدى. ناستيونا قاراڭغۇدا كىچىك دەرىزىنى ئاران-ئاران پەرق ئېتەتتى. ئۇ گويا ناھايىتى بىچارە بىر جانىۋارغا ئوخشاش قىمىر قىلىپمۇ قويماي ئولتۇراتتى. "يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندا تەنھا ئۆزەم بۇ يەردە نىمە قىلىدى-

غاندىمەن؟» ئۇ ئاللىقانداق بىر نىمىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەكچى، ئاللىقانداق بىر ئىشلارنى ئەسلىمەكچى بولدىيۇ، لېكىن پىكرىنى يىغالمىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئوڭايلا قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى بىر ئادەمنىڭ بۇ يەردە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېرىم كېچىدىن ئاشتى، ئىشىكتىن كىرىۋاتقان شامال بارغانسېرى كۈچەيدى، ئۇ نائىلاج تاختاي ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى.

ئۇ مۈگدەپ قالغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىغىغا ھېچقانداق ئاياق تىۋىشى ئاڭلانمىدى. ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلدى-دە، ئاللىقانداق بىرنىمە ئۇنىڭ يېنىدىن شىپىرلىغان پېتى سۈركۈشۈپ ئوتۇپ مونچىغا كىرىپ كەلدى. ناستيۇنا چوچۇپ ئويغىنىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— ۋاي، خۇدايىم! كىم بۇ؟ كىم؟ — ئۇ قاتتىق بىر ۋاقىردى-دە، قورققىنىدىن داڭقېتىپ قالدى.

يوغان بىر قارا كولەڭگە بوسۇغىدا بىر تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ناستيۇناغا ئۇزىنى ئاتتى:

— ئۇنۇڭنى چىقارما، ناستيۇنا، بۇ مەن، ئۇنۇڭنى چىقارما. كەنتتىكى ئىتلار بىر پەس قاۋاشقاندىن كېيىن جىمىپ قالدى.

## 2

ئانگارا دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىغا جايلاشقان ئاتامان كەنتى

جەمى ئوتتۇز ئويلۇكلا ئاھالىسى بار، كىچىككىنىلا مەھەللە ئىدى. بۇ كەنتنىڭ نامى① كاتتا بولسىمۇ، لېكىن خىلۋەت ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇنلا چوللىششكە باشلىغان ئىدى، بەش ئائىلىلىك دىخان ئويى — ئوتمە-توشۇك كەپە ئەمەس، بەلكى پۇختا ياغاچ ئوي — نىڭ دەرىزىلىرى مىخلىنىپ، ئىنىسى-جىن يوق ئويگە ئايلىنىپ قالغان. نىمە ئۇچۇن ئۇرۇش چاغلىرىدا نۇرغۇن كەنتلەردە ئادەم ئازىيىپ كېتىدۇ، بۇنى چۇشەندۇرۇپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، ھەممىسى ئوخشاش سەۋەپتىن كېلىپ چىققان. بىراق كىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ تېخى ئوي-تەئەللۇق قىلمىغان ياشلارنىڭ ئاتامان كەنتىدىن كوچۇپ چىقىپ كېتىشى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يىللار-دىلا باشلانغان ئىدى. ئۇلارنى بىرقەدەر ئاۋات چوڭ كەنتلەر ئوزىگە جەلپ قىلاتتى، ئۇ يەرلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بار، ئاتامان كەنتىنىڭ بولسا يوق ئىدى. بۇ كەنت ئوز ۋاقتىدا ئادىمىزات ئاز جايدا، شۇ قىرغاقتىكى ئەڭ يېقىن كاردا كەنتى-نىڭ — يەنى ئاتامان كەنتى قاراشلىق كەنت سوۋېتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ — يىگىرمە نەچچە چاقىرىم نېرىسىدا بىنا بولغان. دۇرۇس، ئانگارا دەرياسىنىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى رىبنايا كەنتى ئاتامان كەنتىگە بىرقەدەر يېقىن بولسىمۇ رىبنايا كەنتىدىكىلەر

---

① ئاتامان — رۇس تىلىدا "كاتتىۋاش"، "سەردار"، "ئاقساقال" دىگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ.

تولاراق ئۇزىنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى خوشنا كەنتلىكلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى، ئۇ يەردە كەنت سوۋېتى، ماگىزىن ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى، رايون مەركىزىمۇ شۇ تەرەپتە بولۇپ، بىرەر ئىشى بار ئادەملەر شۇ يەرگە باراتتى، دەريادىن ئۆتۈپ ئاتامان كەنتىگە كېلىپ يۈرمەيتتى. تۈرلۈك خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەن كېمىلەر ئاتامان كەنتى يېنىدىن ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن خەۋەرلەر دەريا بويىدا يەككە-يېگانە، چولىسىرەپ تۇرغان بۇ كەنتنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ كەنتلىكلەر ھەتتا ئۇرۇش پارتلىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەردىنمۇ ئەتىسى ئاران خەۋەر تاپقان ئىدى.

بىراق شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ كەنتنىڭ تەقدىرى ھەرگىز ئەزەلدىنلا ئاشۇنداق ئەمەس ئىدى، بۇ كەنتنىڭ ئاتامان دېگەن ئىسمى تېخىمۇ جاراڭلىقراق، كىشىنى تېخىمۇ ئەيمەندۇرىدىغان يەنە بىر ئىسىمدىن — قاراقچىلار كەنتى دېگەن ئىسىمدىن ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن خېلىلا بۇرۇنقى چاغلاردا، بۇ يەردىكى ئەرلەر لېنا دەرياسىدىن كەلگەن ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ يولىنى توساپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، چاندۇرماستىن پايدا تاپىدىغان ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ كەنتنىڭ ئورنى بۇنداق ھۈنەرنى قىلىشقا تولىمۇ قولايلىق ئىدى: تاغ تىزمىسى بۇ يەرگىچە سوزۇلىغان بولۇپ، ئانگارا دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يولۇچىلار كەنتنى ئايلىنىپ باشقا ياقتىن ئۆتۈپ كەتمەكچى

بولغان تەقدىردىمۇ، ماڭىدىغان يول يوق ئىدى. ئۇلار مەيلى خالىسۇن-خالىمىسۇن، كەنت يولىغا چىقىپ ماڭماي بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جېنىدىن تويغانلار دەريا بويىدىكى ئەڭ تار جايدا ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ كەنتنىڭ نامى ئەنە شۇنىڭدىن قالغان. ئەسلىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۈپ يۈرگەن "قاراقچىلار كەنتى" دېگەن ئىسىم خەت-ئالاقىغىمۇ يېزىلاتتى، لېكىن سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، يېرا ئاقساللىرىدىن بىرى بۇ نامنى سەت ئىكەن دەپ، ھەم ئەسلى مەنىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ھەم قۇلاققا سەت ئاڭلانمايدىغان قىلىپ، "ئاتامان كەنتى" دەپ ئۆزگەرتكەن. بىراق بۇ ئەتراپتىكىلەر، نېمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، بۇ كەنتنىڭ ئىسمىنى بۇنداق ئۆزگەرتىشكە قوشۇلمايتتى. نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كاردا، رىبنايا كەنتىدىكى ۋە باشقا كەنتتىكى بوۋايلار ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ: "ئۇ كەنتلىكلەرنىڭ ھەممىسى قاراقچى بولغان تۇرۇقلۇق، جاۋاپكارلىقنى بىرلا كاتتىۋېشى ئۈستىگە ئارتىپ قويماقچى. ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ، ھەددى ئەمەس" دېيىشەتتى.

ناستيۇنانى ئانىكارا دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىن ئاتامەن كەنتكە تەقدىر ئېپكىلىپ تاشلىغان. ئاچارچىلىق بولۇۋاتقان 1933-يىلى ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ناستيۇنا ئىركۇتسكى شەھىرىنىڭ سەھراسىدىكى يۇرتىدا ئانىسىنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن سەككىز ياشلىق

سىڭلىسى كادكىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپلا، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ ئانگارا دەرياسىنىڭ توۋەنكى ئېقىمىغا كېلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈردى، چۈنكى ئۇ بۇ يەردىكى نامراتلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىراقمىش دەپ ئاڭلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دادىسى تېخىمۇ بۇرۇنراق، كولخوز قۇرۇلغان يىلى يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا غايىپ ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. بەزىبىر گەپلەرگە قارىغاندا، ئېتىپ تاشلانماقچى بولغىنى باشقا بىرسى بولۇپ، دادىسى ئۇنىڭ قۇربانى بولغانمىش. ئوقنى كىمنىڭ چىقارغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى قىزچاق يېتىم بولۇپ قالغان ئىدى. ياز بويى ناستيۇنا بىلەن كادكا كەنتمۇ-كەنت ئارىلاپ يۈرۈپ، بۇ يەردىن بىر ۋاق كەچكى غىزا تېپىپ يېسە، ئۇ يەردىن ئاز-تولا سەدىقە تىلىۋالدى — بۇنىمۇ تېخى كىشىلەر گودەك، ئوماق كادكىنى دەپ بېرەتتى. ناۋادا كادكا بولمىغان بولسا ناستيۇنا ئاللىقاچان تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتى. ناستيۇنا ياداپ-ئورۇقلاپ، تىرىك ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالغان ئىدى: ھەم ئىگىز، ھەم ئورۇق، پۇت-قوللىرى ئىنچىكە، بېشى يوغان، غەلىتە بىر قىياپەتكە كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ كادكىغا ئانىسى ئورنىدا قارىدى، پەقەت كادكا ئۈچۈنلا تىرىشىپ-تىرمىشىپ باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بېرىپ، بىر چىشلەم بولكا ئۈچۈن ياشىدى.

كۈزگە يېقىن ئاچا-سىڭىل ئاران تەسلىكتە رىيۇتىنا كەنتىگە يېتىپ كەلدى، ناستيۇنا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھاممىسى بارلىقىنى

بىلەتتى. ھاممىسى بىر پەس غودۇڭشىپ ئاغرىنغان بولىدىيۇ، لېكىن يەنىلا بۇ ئىككى قىزچاقنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالىدى. ناستيۇنا بىر مەزگىل ھاردۇغىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، كولخوزدا ئەمگەك قىلدى، كادكا بولسا مەكتەپكە كىردى. شۇ چاغدا تۇرمۇشمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىغان ئىدى: كوكتاتلىقتا كوكتات ئوخشىدى، زىرائەت پىشتى. ئاچلىق كېسىلىنى قوساققا يەيدىغان نەرسە بولسىلا ساقايتىش ئانچە تەسكە چۈشمەيتتى. ناستيۇنا قىش پەسلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئاستا-ئاستا ماغدۇرىغا كېلىشكە باشلىدى. ئىككىنچى يىلى ئاجايىپ مول ھوسۇل ئېلىندى. شۇنداق باياشات يىللاردىمۇ يىگىنى چىرايىغا چىقماسلىق كىشى ئۈچۈن ئىزا-دە. ناستيۇنانىڭ چىرايىدا ۋاقىتسىز پەيدا بولغان قورۇقلار يوقالدى، ئەزايىغا گوش قوندى، مەڭزىدىن قان تېپىپ، كوزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بولادى. ئىلگىرىكى سەت قىز كوزنىڭ يېغىنى يەيدىغان چىرايلىق قىز بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىرى گۇسكوۋ دەل رىيۇتىنا كەنتىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئاندىرى ياقا يۇرتلۇق بولسىمۇ، لېكىن چىچەن، روھلۇق يىگىت ئىدى، ئۇ سال ھەيدەپ بۇ كەنتكە يېقىن نېفت ئىسكىلاتىغا يېغىلغۇ ئەشيالىرى ئالغىلى كېلىپ تۇراتتى. بۇلار ئاجايىپ تېزلا تونۇشۇپ-چىقىشىپ قالدى. ناستيۇنا ھاممىسىنىڭ ئويىدە ئىشلەمچىلىك قىلىۋېرىدىغان، بىلىنى پۈكلەپ خەق ئۈچۈن پايىپىتەك بولۇپ يۈرىۋېرىدىغان

تۇرمۇشتىن بىزار بولغان ئىدى، بۇمۇ ئۇنىڭ ماقۇل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان بىر سەۋەپ. ئاندىن تۇڭ ـ تۇڭلاپ نېفىتنى دىخانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتىغا ئاپىرىپ بېرىپلا قىلچە ھايال بولماي دەرھال كېمىگە ئولتۇرۇپ ئارقىسىغا يېنىپ كېلىپ، ناستيۇنانى ئۇز يۇرتى ـــ ئاتامان كەنتىگە ئېلىپ كەتتى.

ناستيۇنا ئەرگە تېگىشكە كوپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا دەرھال ماقۇل بولدى. ئىشقىلىپ ھامىنى ئەرگە تېگىدىغان ئىش، بۇ ئوتكەلدىن ئايلىنىپ ئوتۇپ كېتەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز، شۇڭا ئارقىغا سورەپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئۇ ياقا يۇرتتىكى يېڭى ئائىلىدە ئۇزىنى قانداق تەقدىر كۇتۇپ تۇرغانلىقىنى ئۇس-تىدىمۇ ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىدى. نەتىجىدە ئۇ ئىشلەمچى-لىكتىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن يەنە ئىشلەمچى بولدى، بىراق ئۇزد-نىڭ ئويىدىن باشقا بىر تەئەللۇقاتى كوپرەك، تەلەپلىرىمۇ چىڭ-راق ئائىلىگە يوتكەلدى. گۇسكوۋنىڭ ئويىدە ئىككى ئىنەك، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قوي، چوشقا، توخۇ ـ ئودەكلىرى بار ئىدى، بۇ چوڭ ئويدە پەقەت ئۇچ جان بار ئىدى. ناستيۇنا توتىنچى جان بولۇپ قوشۇلدى ۋە بۇ ئويىنىڭ ئېغىرى دەرھال ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئويگە*كېلىن كىرسە تامىغىم تەييار تۇرسا، راھەت كورۇپ باقسام دەپ يۇرگەن سېمىيونوۋنا ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، پۇتلىرى قاتتىق ئىششىپ كەتتى، يول ماڭسا خۇددى ئودەككە ئوخشاش ئىغاڭلاپ، يۇرۇش ـ تۇرۇشى قىيىنلىشىپ قالدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا خوجايىن ئىدى، ئۇ بۇ ئۆيىنى بىر
ئۆمۈر چۆرىگەن، ئەمدىلىكتە باشقا بىر قول چۆرىگىلى تۇرغاندا
كۆزلىرىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا بۇ قول ھەم كالىۋا، ھەم
ھۇرۇن كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا ياقمىدى، چۈنكى ئۇ قول ئۇنىڭ ئۆز
قولى ئەمەس-تە! سېمىيونوۋنا ئۇنچە مۇلايىم موماي ئەمەس
ئىدى: بەزىدە چىپچىلىغىلى تۇرسا، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى
ئاقلىشىغىمۇ يول قويمايتتى، بەزىدە خۇيى تۇتۇلۇپ، چىرايى
تۈرۈلۈپ كېتەتتى-دە، گەپمۇ قىلمايتتى. ناستيونا تولىمۇ سەۋ-
رىچان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ يۈرمەيتتى. ئۇ ئادەتتە
لام-جىم دېمەيتتى. ئۇ بۇ ماھارەتنى كادكىنى ئەگەشتۈرۈپ
ئانگارا دەرياسى بويلىرىدىكى كەنتلەردە تىلەمچىلىك بىلەن
كۈن ئېلىپ يۈرگەن يىللىرى ئۆگىنىۋالغان ئىدى، ئۇ چاغلاردا
ھەرقانداق كىشى ھېچقانداق سەۋەپسىزلا ئۆز مەيلىچە تىللىسى-
مۇ گەپ-سۆز قىلمايتتى. ئەگەر ئۇمۇ شۇ كەنتلىك-ئاتامان
كەنتلىك بولۇپ، ئانىسىمۇ مۇشۇ يەردە بولغان بولسا، بىرەر
ئىشقا دۇچكەلگەندە ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغان، بوزەك قىلدۇرمى-
غان بولاتتى، ئۇنداقتا قېينانىسىمۇ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق قوپاللىق
قىلىشقا پېتىنمىغان بولاتتى. بىراق قەيەرلەردىندۇر تېنەپ
كېلىپ قالغان بۇ بىچارە يېتىم قىزنىڭ ئېلىپ كەلگەن تويلۇقى
ئۈچىسىغا كىيىۋالغان بىر كونا كۆينەك ئىدى، تالالىق كىيە-
دىغىنى قېينانىسىنىڭ قىلىپ بېرىشىگە توغرا كېلەتتى، شۇڭا
سېمىيونوۋنا كۆڭلىدە بۇ كېلىنىنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى،

ئۇنىڭ بۇ ئاداۋىتى ھەر قېتىم ئاچچىغى كەلگەندە ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك، تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى.

بىراق يىللار ئوتكەنسېرى سېمىيونوۋنامۇ ناستيۇناغا كونۇكۇپ قالدى، رەنجىشلىرىمۇ بارغانسېرى ئازايدى. ئۇ كېلىنىنىڭ يۇۋاشلىغىنى، ئىشچانلىغىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى. ناستيۇنا كولخوزدىكى ئىشنى بولىجۇتۇپ قويۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئوي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك هوددىگە ئالدى. ئەرلەر پەقەت ئوتۇن يېرىپ، قۇرۇق ئوت-چوپلەرنى غەملەپ بەرسىلا بولىدۇ. ئەگەر ئوينىڭ ئوگزىسى ئورۇلۇپ چۈشىدىغان بولسا، بۇنىمۇ ئەرلەرنىڭ يېپىشى تەبىي ئىدى، ئانگارا دەرياسىدىن سۇ ئېپكېلىش ياكى ئېغىللارنى قۇرۇقداشقا ئوخشىغان ئىشلار بولسا ئەرلەرنىڭ ئابروينى توكىدىغان سەت ئىش دەپ قارىلاتتى. سېمىيونوۋنا ئاغرىق پۇتىنى سورەپ ئۇزاققا يۇرەلمەيتتى، ناستيۇنا بولسا ئالدىراشچىلىقتا پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى، ئۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئادەم بولۇپ قالغاچقا، قېيىنانىسىنىڭ كوڭلىمۇ ئىختىيارسىز يۇمشاپ قالدى. قېيىنانىسى بىرلا ئىشتا ناستيۇنانى كەچۇرەلمەيتتى، يەنى ئۇ تۇغمىدى. ئۇغۇ كېلىنىنى ئەيىپلەپ كەتكىنى يوق، چۈنكى ئۇ تۇغماسلىقنىڭ ھەرقانداق ئايالغا ئەلەم قىلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىگىنى بىلەتتى. بىراق ئۇ بۇ ئەھۋالدىن ئوكۇنەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن مىخىئىچ پەقەت بىرلا پەرزەنت-ئاندىرىنى كوردى، بالىسىنىڭ تۇنجىسىمۇ، ئوتتۇرانجىسىمۇ، كەنجىسىمۇ شۇ ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ

ئالدىدا تۇغۇلغان ئىككى قىزى ئولۇپ كەتكەن ئىدى.

ناستيۇنامۇ ئۇزىنىڭ تۇغمىغانلىقىدىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردى. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا: تۇغماس ئايال ئايال ھېساپلانمايدۇ، بەلكى يېرىم ئايالla بولالايدۇ، دىگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدى. ناستيۇنا ئۆزىدىنمۇ مۇشۇنداق قۇسۇرنىڭ چىقىپ قېلىشىنى، يېنىكلىك بىلەن ياتلىق بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئاياللارنىڭ ياتلىق بولغاندىن كېيىن قانداق كۈنگە قالىدىغانلىغىنى بىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆز ھاياتىدا بولغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشتىن خوشال ئىدى، تاكى بۇ ئىش بېشىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇزىنىڭ قىزلىق دەۋرىنىڭ تولىمۇ قىسقا بولۇپ قالغانلىغىدىن ئەپسۇنلاندى، بۇمۇ تولا ھاللاردا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھۋال. ئاندىرى بىر مەھەل ئۇنى قىزغىن سويۇپ، جىگىرىم دەپ يۈردى. دەسلىۋىدە ئۇلار پەرزەنت كورۇش ئۇستىدە قىلچە ئويلىنىپمۇ قويماي، بىر بىرىدىن ئايرىلماي، ئىنتايىن يېقىن ئوتۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرۈۋەردى، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلەندى. ھەتتا پەرزەنت كورسەك بەختىمىزگە كاشىلا بولۇپ قالارمىكىن دەپمۇ يۈردى. ئەمما كېيىنچە، قەدىمدىن تارتىپ رىئايە قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئائىلە تۇرمۇشىدىكى كونا قائىدە-يوسۇنلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىنمىكىن-تاڭ، بىر خىل تەشۋىش تۇغۇلدى. دەسلىۋىدە ئۇلار ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە ئەنسىرىگەن ئىشقا ئەمدىلىكتە "پەرزەنت كورەرمىزمۇ؟" دەپ

تەقەززا بولىدىغان بولۇپ قالدى. بىرنەچچە ئايمۇ ئۆتۈپ كەت-
تى، ئۇنىڭدىن قىلچە دېرەك بولمىدى، شۇنداق قىلىپ تەقەززا-
لىقتىن تاقىتى تاق بولۇشقا يەتتى، كېيىنچە ئۇ تەقەززالىقى ۋە-
ھىمىگە ئايلاندى. بىر يىل ئۆتۈپلا ئاندىرىنىڭ ناستيۇناغا بولغان
مۇئامىلىسى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى، يوق يەردىن پۇتاق
چىقىرىپ، قوپاللىق بىلەن بىكاردىن-بىكار تىللايدىغان بولۇۋال-
دى، كېيىنچە ھەتتا مۇشت كوتىرىدىغان بولۇپ قالدى. ناستيۇنا
ئېرى نىمە دىسە خوش-خوش دەيتتى، چۇنكى رۇس ئاياللىرى-
نىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇلارغا پۈتۈن ئومرىدە ئۆز تەقدىرىنى بىرلا
قېتىم ئۆزى بەلگىلەش پۇرسىتى بېرىلەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن
بېشىغا كەلگەن تەقدىرگە تەن بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە
ناستيۇنا بۇ ئىشنى ئۆزەمدىن كورۇشۇم كېرەك دەپ قارايتتى.
پەقەت بىر قېتىم ئاندىرى ئۇنىڭغا كايىپ، ھەقىقەتەن ئېغىزغا
ئالغۇسىز سوزلەرنى قىلغاندا چىداپ تۇرالماي: "سەۋەپىنىڭ
كىمدە ئىكەنلىگىنى — مەندىمۇ ياكى سەندىمۇ، بىلىپ بولمايدۇ،
چۇنكى مەن تېخى باشقا ئەرلەردىن سىناپ كورگىنىم يوق"
دەپ جاۋاپ ياندۇرۇپ، ئاندىرىدىن ئولگۇدەك دۇمبا يىگەن ئىدى.
ئۇرۇش باشلىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى ئۇلار تۇرمۇشتا
بىرقەدەر ئىناق ئوتتى، ئىككىيلەن بىر بىرىگە قايتىدىن ئادەت-
لىنىپ قالغاندەك بولدى. ئۇلار بىر بىرىنىڭ مىجەزىنى چۇشىنە-
ۋېلىشقاچقا، ئەر-خوتۇن بولغاندىن كېيىن بىللە ئوتمەي ئىلا-
جى يوق دىگەن قەدىمىي قائىدە-يوسۇنغا بوي سۇنغان ئىدى.

ناستيۇنا ئاندىرىدىن ئانچە كوپ مېھرىۋانلىق كورمىسمۇ، لې-
كىن ئاندىرىنىڭ قاملاشمىغان قىلىقلىرى، قوپاللىقلىرى خېلىلا
ئازايدى. ناستيۇنا شۇنىڭدىنمۇ كوپ خوشال ئىدى، كوڭلىدە،
ئىككىمىزلا تېخى ياش، ئاخىرى نەتىجىسى چىقىپ قالار، دەپ
ئويلايتتى. ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالمىغان بولسىدى، بۇنداق
نەتىجىنى ئەمەلدە كورگەنمۇ بولاتتى، بىراق ئۇرۇش باشلىنىپ
كەتتى، يالغۇز بۇ بىر ئۇمىتلا ئەمەس، بەلكى قانچىلىغان ئۇمىت
كوپۇكتەك يوققا چىقتى.

ئۇرۇش باشلىنىپ بىرنەچچە كۇن ئوتمەيلا ئاندىرى ئەسكەر-
لىككە ئېلىندى. ناستيۇنا ھەسرەتلىنىپ قاتتىق يىغلىدى، بىر
دەم يىغلىغاندىن كېيىن پەس بولۇپ قالدى: بۇ بەختسىزلىككە
ئۇچرىغان يالغۇز ئۇلا ئەمەس ئىدى، بالا-چاقىلىق بولۇپ قال-
غان باشقا ئاياللار ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا
قالماقتا ئىدى. ئۇ ياتلىق بولغان يىللاردىن بۇيان، تۇغمىغانلى-
غىدىن گويا بىرىنچى قېتىم تەسەللى تاپقاندەك بولدى. "راستى-
نى ئېيتقاندا، مەن تەقدىردىن رەنجىپ يۇرمىسەم بوپتىكەن،
تەقدىرىم ناھايىتى جايىدا بولغان ئىكەن، تەقدىر كىشىلەر بې-
شىغا چۇشىدىغان بەختسىزلىكنى ئاللىقاچان بىلگەنلىگى ئۇچۇن بۇ
بەختسىزلىك ئازاۋىغا تەنھا بەرداشلىق بېرىشىمنى ئالدىنئالا
توغرىلاپ قويۇپتىكەن، كېيىنچە، ياخشى كۇنلەر يېتىپ كەلگەن-
دە پەرزەنت كورسەكمۇ، كېچىككەن بولماسمىز. لېكىن ئاندىرى
قايتىپ كەلسىلا بولغىنى" دەپ ئويلىدى. ئۇرۇش ئوتى لاۋۇل-

داپ يېنىۋاتقان كۆنىلەردە ئۇ تامامەن مانا شۇ ئۈمىتتە بولۇپ يۈردى، بۈگۈن ئوتتۇپ ئەتىسى نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدىغان شۇ ۋەھىمىلىك يىللاردا ئەنە شۇنداق ئۈمىت باغلاپ كەلدى.

ئاندىرى جەڭ ئۈستىدە خېلى ئوبدان تۇرغان ئىدى، لېكىن 1944 ـ يىلى يازغا كەلگەندە ئىز ـ دېرىكى يوقاپ كەتتى، ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېگى سىبىرىيە ھەربى دوختۇر - خانىسىدىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتى كېلىپ تەگدى، خەتتە ياردار بولغانلىقىنى، يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېلىشكە رۇخسەت بېرىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى يازغان ئىدى. ناستيونا باشتا ئېرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يېگى سىبىرىيىگە بارماقچى بولۇپ تۇرغان ئىدى، بىراق خەتتىكى گەپلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بېرىش نىيىتىدىن ياندى. ئۇنىڭ ئۆيگە كېلىشكە رۇخسەت بەرگەندىكىن، ئۆيگە جەم بولغان ھەممىدىن تۈزۈك ـــ مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئارزۇسى ئىدى. بىراق ئاندىرى ئىشنى خاتا مولچەرلىگەن، ئۇ كەچ كۈزدە يازغان قىسقىغىنا بىر پارچە خېتىنى: "بولماي قالدى، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدىغان بولدى، دوختۇرخانىدىن چىقىشىمنى ئېيتتى، بىراق ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ" دەپ رەنجىپ يازغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر كەلمىدى.

روژدېستۋو بايرىمى① ھارپىسىدا كەنت سوۋېتىنىڭ رەئىسى كونوۋالوۋ بىلەن چوقۇر نوپۇس ساقچىسى بورداك (كىشلەر ئار-قىسىدىن ئۇنى "قاپاقۋاش" دەپ ئاتىشاتتى) كاردا كەنتتىن ئاتامان كەنتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدى. ئۇلار ئانگارا دەرياسى بويىدىلا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئۇدۇل گۇسكوۋنىڭ ئۆيىگە كەلدى. شۇ چاغدا ناستيۇنا ئۆيدە يوق ئىدى.

— ئوغلۇڭلاردىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى بور-داك گويا مىخئىچنى سوراق قىلىۋاتقاندەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

مىخئىچ ئاندىرىدىن كەلگەن ئاخىرقى ئىككى پارچە خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى. بورداك خەتنى كورۇپ بولغاندىن كېيىن، كونوۋالوۋقا كورسەتتى، ئاندىن كېيىن ئوزىنىڭ يانچۇقىغا تىقتى.

— بۇنىڭدىن باشقا خەت كەلمىدىمۇ؟

— كەلمىدى، — دىدى گاڭگىراپ قالغان مىخئىچ ئاخىرى ئەس-ھۇشىنى تېپىپ، — ئۇنىڭغا نىمە بوپتۇ؟ ئۇ قەيەردىكەن؟

— بىز ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كەلدۇق. ئاندىرى گۇسكوۋنىڭ ئىز-دېرىكى يوق. ئەگەر ئۇ سىلەرگە ئوزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتسا، بىزگە خەۋەر قىلىڭلار. چۈشەندىڭلارمۇ؟

---

① ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمى. — تەھرىردىن.

— چۈشەندۇق.

مىختىچ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. بۇنى ئۇ چۈشىنەلمىگەن-دىن باشقا، سېمىيونوۋنا بىلەن ناستيۇنامۇ چۈشىنەلمىدى.

بىراق كىرىشىشنى بايرىمىدا، قەھرىتان سوغاق بولۇۋاتقان كۈنلەردە، گۈسكوۋ ئائىلىسىگە تەۋە مونچىنىڭ پولى ئاستىدىكى يوشۇرۇن ئورەكتىن بىر پالتا يوقاپ كەتتى.

# 3

— ئۇنۇڭنى چىقارما، ناستيۇنا، بۇ مەن، ئۇنۇڭنى چىقارما.

پەنجىلىرى چوڭ، كۈچلۈك كەلگەن بىر جۈپ قول ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتقىنىچە، ئۇنى ياغاچ كاڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ناستيۇنا يەلكىسىنىڭ ئاغرىغانلىقى ۋە ئوزىنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋايجانلىدى. ھېلىقى غايىپ ئادەمنىڭ ئاۋازى بوغۇق ھەم سەت ئاڭلىناتتى، لېكىن تەلەپپۇزى يەنىلا ئاۋالقىدەك بولغاچقا، ناستيۇنا ئۇنىڭ ئاندرېي ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— نېمە، ئاندرېيمۇ سىز؟! تۇۋا! قەيەردىن كېلىشىڭىز؟

— شۇ يەردىن. گەپ قىلما. مېنى بۇ يەردىكەن دەپ باشقىلارغا ئېيتمىغانسەن؟

— ئېيتقىنىم يوق. ئوزەممۇ سىزنىڭ بۇ يەردىلىگىڭىزنى

بىلمەيتتىم.

ئۇ قاراڭغۇدا ئاندىرىننىڭ چىرايىنى ئېنىق كورەلمەيتتى، توساپ قويۇلغان كىچىك دەرىزە يوچۇغىدىن چۇشۇپ تۇرغان غۇۋا يورۇقتىن ئالدىدا تۇرغان پاخما باش، خىرە كورۇنۇپ تۇرغان كىلەڭسىز قارا كۇلەڭگىنىلا پەرق ئېتەلەيتتى. ئۇ ئاسقىپ، گويا تېخى ھىلىلا قاتتىق يۇگۇرگەندەك، ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى. ناستيۇنانىڭمۇ دېمى سىقىلماقتا، چۇنكى ئۇ دىرارلىشارمىزمىكىن دەپ پەرەز قىلىپ يۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم دىدارلىششى تولىمۇ تۇيۇقسىز بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دىدارلاشقاندىن كېيىنكى بىرنەچچە مىنۇت ۋاقىت ۋە بىرنەچچە ئېغىز سوز خۇددى ئوغرى مۇشۇكتەك دەككە-دۇككە ئىچىدە بولۇپ ئوتتى.

ئۇ ئاخىر قولىنى بوشىتىپ، ئازراق ئارقىسىغا ياندىيۇ، لېكىن يەنىلا ھودۇققان، ئۇزۇك ئاۋازى بىلەن:

— مېنى ئىزدەشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىندا ساقچى بىلەن كاردا كەنتىدىكى كونوۋالوۋ كەلگەن. ئۇلار قېيناتام بىلەن بىرئاز سوزلەشتى.

— دادام بىلەن ئانام مېنى قايتىپ كەلدى دەپ پەرەز قىلىشتىمۇ؟

— ياق. قېيناتام پالتىنى يات كىشى ئوغرىلاپ كەتتى دېيىشىدۇ.

— ئۇنداقتا سەن جايىدا پەرەز قىلىپسەن-دە؟

ناستيۇنا جاۋاپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

— بولكىنى سەن ئېپكېلىپ قويغانمىدىڭ؟

— ھەئە، مەن.

ئۇ بىر پەس ئۈنچىقمىدى.

— بولدى، ناستيۇنا، بىز جەم بولدۇق، جەم بولـدۇق، — ئاندىرى گويا ئۇنىڭ قانـداق جاۋاپ بېرىشـكە تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتقاندەك سوئال تەلەپپۇزىدا تەكرارلاپ قويدى.

— ھازىر ئۆز خوتۇنۇم يېنىدا ئولتۇرغانلىقىمغا ھەقىقەتەن ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئىش ئۆز يولىچە بولغانـدا، بۇ يەرگە كەلمەسلىكىم، ھېچقانداق كىشىگە يولۇقماسلىقىم لازىم ئىدى، بىراق ئۆزەم يالغۇز قىشتىن چىقالمايمەن. سەن بولـكاڭ بىلەن مېنى بۇ يەرگە ئېپكەلدىڭ. — ئۇ يەنە ناستيۇنانىڭ مۈرىسـىنى كۈچەپ بېسىپ ئاغرىتىۋەتتى، — مېنىڭ بۇ يەرگە نـىمە ئىـش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ھەر ھالدا چۈشىنىدىغانسەن؟ چۈشىنەمسەن-يوق؟

— چۈشىنىمەن.

— ئانداقتا قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟

— بىلمەيمەن، — دىـدى ناستيۇنا روھسىز ھالـدا بېشـىنى چايقاپ، — بىلمەيمەن، ئاندىرى، سوراپ يۈرمىسىڭىز.

— سوراپ يۈرمىسىڭىز...... — ئانـدىرى يەنە قاتـتىق ھاسىرىدى، — ساڭا ئېيتىپ قوياي، ناستيۇنا، مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى ھەتتا بىرەر ئىتمۇ بىلمەسلىكى كېرەك. ئەگەر

ئېيتىپ قويىدىكەنسەن، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. سېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمايمەن. بۇ گەپنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە قېچىپ كەتسەڭمۇ ئىزدەپ تاپالايمەن. ھازىر بۇنداق ئىشنى قىلىشتىن قورقۇپ، تەمتىرەپ يۈرمەيدىغان بولۇپ قالدىم، ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن.

—ۋاي، توۋىيەي! نىمىلەرنى دەۋاتىسىز؟!

—سېنى قورقۇتماقچى ئەمەسمەن، بىراق گېپىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. گەپنى يەنە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. ھازىر مېنىڭ بېشىم قېيىپ قالدى، نائىلاج مۇشۇ ئەتراپتا، سېنىڭ يېنىڭدا تۇرىمەن. مەن بۇ يەرگە سېنى دەپ كەلدىم. دادامنى ئەمەس، ئانامنى ئەمەس، سېنى دەپ كەلدىم. مەيلى ئانام ياكى دادام بولسۇن، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى بىلـ دۇرمە......بۇنىڭدىن كېيىن مېنى بۇنداق ئادەم يوق، ئىز- دېرىكى يوقالدى، يېرىم يولدا باشقىلار ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ، جەسىدىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ھەتتا كۈلىنىمۇ كوكىكە سورۇۋې- تىپتۇ دەپ يۈرۈشسۇن. ئەمدى مەن سېنىڭ قولۇڭدا، پەقەت سېنىڭلا قولۇڭدا. لېكىن بۇ ئىشنىڭ سەۋىيىنى بىلەن بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ قالماي دەيدىغان بولساڭ، ئوچۇق گېپىڭنى قىل.

—مېنى ئازاپلاپ نىمە قىلماقچىسىز؟!—دېدى ئۇ ھەسرەت- لىنىپ:—مەن يات كىشىمىدىم؟! خوتۇنىڭىز ئەمەسمىدىم-يا؟! ناستيۈنا ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇراتتى. باياتىن

قىلغان گەپلىرى، كورگەن ـ ئاڭلىغانلىرى، ـــ ھەممىسى ئىلىك ـ سىلىك، ھېچنېمىنى توّيماس گاراخ بولوّپ قالغان بىر ھالەتتە بولوّپ ئوتتى؛ ئوّنىڭ سەزگوّلىرى ئوّيوّشوّپ قالغان، قېتىشىپ كەتكەن ئىدى، ئوّ گويا ئوّزىنىڭ جېنى بىلەن ئەمەس، بەلكى جىددى قوّتىقوّزوّش ئوّچوّن چەتتىن بېرىلگەن ماجال ـ دەرمان بىلەن ياشاۋاتقاندەك ھالەتتە توّراتتى. شوّنداق ھالەتتە توّر ـ غاندا، ۋەھىمە، ئازاپ، تەئەججوّپ، ئەس ـ ھوّش دىگەن نەرسىلەر ئىش ئوتوّپ كەتكەندىن كېيىن ئىزىغا چوّشىدوّ؟ ناس ـ تيوّنا ئەس ـ ھوّشىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئوّنى ئاسىراش ۋەزىپە ـ سىنى پەقەت ئوّنىڭ ۋوّجوّدىدىكى سوغاق قان، موّستەھكەم، ھېچقانىداق ھېسسىياتسىز دىگوّدەك بىرلا ماشىنا ئادا قىلىپ توّردى. ئوّ ئاغزىدا گەپكە جاۋاپ بېرىۋاتقان بولسىموّ، لېكىن ئەس ـ ھوّشى بىر جايىدا ئەمەس، كوڭلى پەرىشان ئىدى، ھەر ـ قاچان شوّم خەۋەر يېتىپ كېلىش موّمكىنچىلىگى بولوّپ توّرغان، ھىجران ئىلكىدە ئوتكوّزگەن ئوّچ يېرىم يىللىق توّرموّشتىن كېيىن، شوّنداق كوّنلەر ئاقىۋەت توّگەپ، ھازىرقىدەك ھالەت مەيدانغا كەلگەن بىر چاغدا، ئاغزىغا كەلگىنىچە شوّنداق سوغاق، تايىنى يوق گەپلەرنى قىلىپ سالغانلىغىنى ئوّزىموّ چوّشەنمەيتتى. ئوّ ئوّزىنىڭ نېمە ئوّچوّن قىسىر قىلىپ قويايموّ دىمەي ئولتوّرۋېرىۋاتقانلىغىنىموّ چوّشەنمەيتتى، راستىنى ئېيتقاندا قىسىرلىشى، ھېچ بولمىغاندا ئاۋال ئېرىنى بىر قوّچاق ـ لاپ، قىزغىن مېھرى بىلەن موّئامىلە قىلىشى لازىم ئىدى،

چۇنكى ئۇ ھەر كېچىسى دىگۇدەك شىرىن خىيال ئىچىدە ئۇنىڭ
بىلەن قايتا دىرارلىشىپ كەلگەن ئىدىغۇ. ھەر ھالدا ئۇز
ئىپادىسىنى بىلدۇرۇشى كېرەك ئىدى.....بىراق ئۇ گويا چۇش
كورۇۋاتقاندەك، يەنىلا ئاۋالقى پېتىچە ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇزىگە
خۇددى يات كىشىدەكلا قاراپ ئولتۇراتتىيۇ، ئۇز ھەركىتىنى
تىزگىنلەشكە ئامال تاپالمايتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇز چۇشىنىڭ
داۋامىغا قاراپ ئولتۇراتتى. مانا بۇ قېتىمقى يۇز كورۇشۇشىنىڭ
پۇتكۇل جەريانىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق-يېرىم كېچە
بولۇپ قالغاندا ئوغرىلىقچە موتچىغا موكۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ، قارشى
تەرەپنىڭ چىرايىنى قىلچىمۇ ئېنىق كورەلمەي، ئۇنىڭ چىرايە-
دىكى ئوزگىرىشلەرنى قارغۇلاردەكلا پەرەز قىلىپ، دەككە-
دۇككە ئىچىدە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئازاپلانغان، ئەس-
ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا پىچىرلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ-ئەر-خوتۇنىنىڭ
قايتا دىرارلىششى مۇشۇنداق سوغاق بىر ھالەتكە چۇشۇپ
قېلىشى قانداقمۇ ئادەمنىڭ ئوكىدا بولۇۋاتقان ئىشقا ئوخشىسۇن،
تاڭ ئاتقان ھامان غايىپ بولۇپ كېتىدىغان، چىدىغۇسىز قارا
باسقان چۇشكە ئوخشاپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق يۇز كورۇشۇشنى
ئەتىكە، ئوگۇنگە، مەڭگۇگە داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە شۇنداق
ئازاپلىق، بەختسىز يۇز كورۇشۇشلەرگە سەۋەپچى بولۇش
مۇمكىن ئەمەس.

ئاندىرى ئېغىر، دىرىلدەپ تىترەۋاتقان بىر قولى بىلەن
ناستيۇنانىڭ چېچىنى سىلىدى. بۇ تۇنجى قېتىمقى مېھرىلىك

يېقىنلىشىش ئىدى. ناستيۇنا تىترەپ كەتتى-دە، نىمە قىلىشنى، نىمىلەرنى دېيىشنى بىلەلمەي تۈگۈلۈپ قالدى. ئاندىرى قولىنى تارتىۋېلىپ، سورىدى:
— كۈنۈگلار قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟
— سىزنى توت كوز بىلەن كۈتۈپ، — دىدى ناستيۇنا.
— مانا ئۇ كۈتكەن كۈنۈڭ كەلدى، كەلدى. قەھرىمان ئۇرۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى. كۈتۈۋال، خوتۇن، باشقىلار ئالدىدا ماختان، مېھمان چاقىر.
بۇنداق سوزلەرنى داۋاملاشتۇرىۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. ئىككىيلەن بىردىنلا تەسىرلىنىپ-ئېرىپ كەتتى، پىكرى چېچىلدى، ھەتتا پىكرى گويا يېشىش ئۈچۈن قەيەردىن قول سېلىشقىمۇ قورقىدىغان دەرىجىدە چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۈنچىقماي بىر ھازا ئولتۇرۇشتى، كېيىن ناستيۇنا ئېسىنى يىغىپ ئېيتتى:
— يۇيۇنۇۋالامسىز — قانداق؟
— يۇيۇنۇۋالاي، — دىدى ئۇ دەرھال ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتكەندەك ماقۇل بولۇپ، — سەن مونچىغا مېنى دەپ ئوت ياقتىڭ، بىلىپ تۇرىمەن. ئېيتقىنا، مېنى دەپمۇ؟
— ھەئە، سىزنى دەپ.
— قاچانلاردا يۇيۇنغانلىغىممۇ ئېسىمدە قالماپتۇ.
ئاندىرى مەشنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۈگىدىكى سۇغا قولىنى تىقىپ كوردى.

ــ سوۋۇپ قالغاندۇ، بەلكىم؟ ــ دىدى ناستيۇنا ئىختىيارسىز هالدا.

ــ ئانچە بەك سوۋۇماپتۇ، بولىدىكەن.

ناستيۇنا ئاندرىنىڭ ئىشىك يېنىدىكى ياغاچ ئاسقۇچىنى سىلاپ تېپىپ، كالتە جۇۋىسىنى ئېلىپ قويغانلىغىنى، ئاندىن كېيىن بوسۇغا يېنىدا پىمىسىنى سېلىپ تاشلاپ، كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىغانلىغىنى ئاڭلىدى. كېيىن غۇۋا، پەرق ئەتكىلى بولىدىغان بەستلىك كولەڭگە ناستيۇناغا يېقىنلاپ كەلدى.

ــ قانداق، ناستيۇنا، ئۇزەم يالغۇزلۇق قىلىدىغاندەك تۇرىمەن، قوپ، دومبەمنى يۇيۇپ قوي.

ئاندرى ناستيۇنانى پولغا باستى. بۇرۇت ـ ساقاللىرى ئۇنىڭ يۈزىگە سانچىلدى، نىمە ئۈچۈنكىن ـ تاڭ، ئاندرىنىڭ بۇرۇت ـ ساقاللىرىدىن ئەيلەنگەن قوي تېرىسىنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇراتتى، ناستيۇنا يۈزىنى ئىختىيارسىز بىر ئۇ ياققا ـ بىر بۇ ياققا قاچۇردى. هەممە ئىش شۇنداق تېز بولۇپ ئۆتتىكى، ناستيۇنا ئەس ـ هۇشىنى تېپىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا، ئۇزىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان هالدا، يەنە هىلىقى ئېتىپ تاشلانغان كىچىك دەرىزە يېنىدىكى ياغاچ كاڭدا هاڭۋېقىپ ئولتۇرغانلىغىنى، ئۇ تەرەپتىكى ياغاچ كاڭدا بولسا ئۇزىگە يېڭىۋاشتىن ئەر بولغان، تونۇشتەك تۇرغان ئەر كىشىنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇشۇلداپ، ئوزى ئۇستىگە شاقىرىتىپ سۇ قۇيۇۋاتقانلىغىنى بايقىدى. ئۇ ئۇزى تەسەللى تېپىۋاتامدۇ ياكى ئازاپ چېكىۋاـ

تامدۇ، بۇلارنى بىلەلمەيتتى، دەرمانسىز، چېكى يوق تەئەج-جۇپ ۋە غۇۋا، چۈشىنىكسىز نومۇسىنىلا ھىس قىلاتتى.
ئاندىرى يۇيۇنۇپ بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.
— سىزگە بىر قۇر ئىچكى كىيىم ئالغاچ كەلسەم بوپتىكەن، دىدى ناستيۇنا. ئۇ ئۇزىنىڭ ياتسىنىپ قالغانلىغىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن سوزلىگىلى گەپ ئىزدەيتتى.
— ئىچكى كىيىم دىگىنىڭ نىمىسى، قۇرۇپ كەتسۇن؟ — دىدى ئۇ، — مىنىڭ نىمىگە جىددى ئىھتىياجلىق ئىكەنلىگىمنى قۇلاق سىلىپ ئاڭلا. ئەتە سەن ئارام ئىلىۋالغىن، ئۇيىقۇڭغا راسا قىنىۋال، مىنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتمەستە، ھىلىقى "تۇلكا"منى① ئوگۇنلۇككە ئىپكىلىپ بەرگىن. ئۇنى ھىلىمۇ ئىشلەتكىلى بولامدۇ؟
— بولىدۇ.
— ئۇ بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا سەرەڭگە، تۇز، شورپا سالىدىغان قازان ئالغاچ كەل. يەنە نىمىلەرنى ئىلىپ كىلىش كىرەك، ئۇزەڭ قاراپ بىقىپ بىرنىمە قىلارسەن. دادامنىڭ يىنىدىن ئاز-تولا مىشەككە قاچىلايدىغان ئوق دورىسى ئىلىپ كەل، لىكىن دادامغا تۇيدۇرۇپ قويما.
— ئۇۋ مىلتىغى توغرىسىدا ئۇنىڭغا نىمە دەيمەن؟
— بىلمەيمەن. ئۇزەڭ بىل. ئەپلەپ-سەپلەپ بىرنىمە قىلار-

---

① ئوۋ مىلتىغىنىڭ ئىسمى. — تەھرىردىن.

سەن.....يەنە بىر قېتىم سەمىگگە سېلىپ قويااي: مېنى قايتىپ كەلدىمىكىن دىگەن گۇمان چىقمىسۇن. ھېچقانىداق كىشىنى گۇمانلاندۇرماسلىق كېرەك! مەن قايتىپ كەلمىسەم، بۇ يەردە بولمىغان بولاي. سېنىڭ بىلگىنىڭلا كۇپايە.....ھازىرچە ئۆزەڭ ئاز ـ پاز بىر نەرسە ئېپكېلىپ مېنى بېقىپ تۇر. مىلتىقنى ئېپكېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزەم گوش تاپالايمەن، بىراق بولكىنى مىلتىق بىلەن ئوۋلاپ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇگۇنلۇككە مەن يەنە كېلىمەن، بۇنىڭدىن كېچىكىپرەك كېلىمەن. ئۆزەڭمۇ بالدۇر كېلىۋالما، باشقىلارنىڭ يېپىگگە چۈشۈشىدىن پەخەس بول. بۇنىڭدىن كېيىن يول يۈرسەڭ ئېھتىيات قىل، پات ـ پات ئارقاڭغا قاراپ قويۇپ ماڭ.

ئۇ ئېغىر ـ بېسىق، سالماقلىق بىلەن سوزلىدى، تەلەپپۇزىنىڭ ئىسسىق مۇھىتتا يۇمشاق چىقىۋاتقانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى، بىراق يەنىلا تاقەتسىزلىك ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۆزىنى زورغا روھلۇق تۇتۇۋاتقانلىغى بىلىنەتتى.

ـــ ئىسسىنىۋالدىم، يۇيۇنۇپمۇ ئالدىم، يەنە تېخى ئامىتىم كېلىپ ئوز خوتۇنۇم بىلەن بىر دەم مۇھەببەتلىشىپمۇ ئاپتىمەن. ئەمدى كېتەي.

ـــ نەگە؟ ـــ دەپ سورىدى ناستيۇنا.

ـــ نەگە دەمسىنا.....خالىغان يەرگە. بىر تۇققان قېرىنداشىمنى ئىزدەيمەن، چىلبورىنى ئىزدەيمەن. شۇنداق، ئۇگۇنلۇككە قىلىدىغان ئىشنى يادىگدىن چىقىرىپ قويماسسەن؟

— يادىمدىن چىقارمايمەن.

— سەن ئاۋال بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىن، ئاندىن كېيىن بىز كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلىدىغانلىقىمىز ئۈستىدە مەسىلىھەتلىشەيلى. شۇنداق بولسۇن، مەن كەتتىم. بىرئاز توختاپ تۇر، ئارقامدىنلا چىقىۋالما.

ئۇ كالتا جۇۋىسىنى شىرىقلىتىپ كىيىۋالدى-دە، شۈك بولۇپ قالدى.

ئۇ بوسۇغا يېنىغا بارغاندا تۇيۇقسىزلا:

— تىرىك يېنىپ كەلگىنىمگە، قانداقلا بولمىسۇن، خوشال بولغانسەن؟ — دىدى.

— خوشال بولدۇم.

— ئانداقتا، مەن سېنىڭ نىمەڭ بولىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭ يوقتۇ؟

— ئۇنتۇغۇنۇم يوق.

— نىمەڭ بولىمەن؟

— ئېرىم.

— توغرا، ئېرىڭ بولىمەن — ئۇ تەكىتلەپ قويدى-دە، چىقىپ كەتتى.

ناستيۇنا بۇ گەپنىڭ تېگىگە تازا دىگۈدەك يېتەلمىگەنلىكتىن بىردىنلا ئويغا چۆمدى: راستىنلا ئېرىممىكىنا؟ بىرەر جىن-ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالمىغاندىمەن؟ قاراڭغۇدا ئېنىق كورگىلى بولامدىكىنا؟ ئالۋاستى ئادەمگە ئوزگىرىۋالسا كۇپ-كۈندۈزدىمۇ

ھەقىقى ئادەمدىن ئايرىۋالغىلى بولماسمىش......ناستيۇنا قائىدە بويىچە كىرىست سىزىشنى بىلمىگەچكە نائىلاج ئۆزى بىلگىنىچە سىزىپ قويدى، ئىلگىرى ئۇگىنىۋالغان ئايەتلەرنىمۇ ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاچقا، دەماللىققا ئېسىگە كەلگەن، كىچە-گىدىن تارتىپ ياد ئېلىۋالغان بىرنەچچە ئېغىز ئايەتنى ئىچىدە ئوقۇدى ۋە ئېرىگە بىۋاپالىق قىلىدىغان، "ئەگەر ئۇ راستىنلا ئالۋاستى بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولماسمىدى؟" دېگەن بىر ئويغا كەلدى-دە، ئۆزىنىڭ بۇ ئوي-خىيالىدىن داڭقېتىپ قالدى.

## 4

ئاندىرى گۇسكوۋ كوڭلىدە ئۆز تەقدىرىنىڭ ئاللىقاچان ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى، ھېچقانداق ئامال قال-مىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئالدىدا يەنە بىر يول بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققا بارماستىنلا پەشۋا يەپ قالىدىغانلىقى، ئارقىغا يېنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى كوزىگە كورۇنۇپ تۇراتتى......ئاندىرى-ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا قايتىدىغان يولى قالمىغانلىقىنى ئويلاپ، تۇتۇرۇقسىز خىياللارنى تاشلاپ، تەقدىردە نىمە بولسا شۇنى كورەرمەن دېگەن نىيەتكىلا كەلگەن ئىدى.

يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى بىرنەچچە كۇن ئىچىدە

ئۆزىنى ئىنتايىن بىئارام قىلغان نەرسە بۇنىڭدىن ئۈچ يېرىم يىل ئىلگىرى بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئالدىنقى سەپكە ماڭىدىغان چاغدىكى ئەھۋال بولدى. ئۇرۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ ئىركۈتسكىغا يېتىپ بېرىپ شى (دىۋىزىيە) تەشكىللەنگەنگە قەدەر جەمى ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. شۇ مەزگىلدىكى ئەھۋاللار جانلىق ھالدا كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، گويا ھەممىسى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشتەك تۇيۇلدى-دە، بۇ ئۇنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى ھېسسىياتنىمۇ ئېسىگە ئالدى، شۇ ھېسسىيات ئەمدىلىكتە تەكرارلىنىۋاتقاندەك بولدى، ئۇ ھازىرمۇ شۇ چاغدىكىدەك بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغانغا ئوخشاش پەرىشان بولدى، ئىستىقبالىغا كۆزى يەتمىدى، بېشىغا كەلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە شۇ چاغدىكىدەك ئىشەنگۈسى كەلمىدى، شۇ چاغدىكىدەكلا غەزەپلەندى، يىتىمسىرىدى، كۆڭلى يېرىم بولدى، شۇ چاغدىكىدەكلا ۋەھىمىگە چۈشتى؛ بۇ شەپقەتسىز، تۇتۇق، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ۋەھىمە، بۇ روھىي ھالەتلەر ھەتتا ھەش-پەش دىگىچە پەيدا بولغان خىياللارمۇ شۇ چاغدىكىگە ئوپمۇ-ئوخشاش ئىدى. بۇلار ئوتتۇرىسىدا پەقەت ناھايىتى چوڭ بىرلا پەرق بار ئىدى: ئەمدىلىكتە بۇلارنىڭ ھەممىسى گويا بولەكچىلا ئۆزگەرگەن، بۇنى ئەتراپتىكى مۇھىت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. قاراڭ، ئۇ يەنىلا شۇ جايدا، ئۆز ۋاقتىدا سەپەرگە چىققان جايدا تۇرۇپتۇ، بىراق ئانگارا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئەمەس، سول قىرغىقىدا تۇرۇپتۇ؛ ئۇ

چاغدا تومۇز بولسا، ئەمدىلىكتە زىمىستان قىش؛ ئۇ چاغدا ئۇرۇشقا ماڭغان بولسا، ئەمدىلىكتە قايتىپ كەلدى؛ ئۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە دەبدەبە بىلەن يولغا چىققان بولسا، ئەمدىلىكتە تەنها ئۆزى ئوغرىلىقچە قايتىپ كەلگەن. تەقدىر ئۇنى چۆگىلىتىپ-چۆگىلىتىپ، ئەسلى جايىغا ئېپكېلىپ قويدى، ئەزرائىل ئەينى چاغدىكىدەكلا ئۇنىڭ يېنىدا گىدىيىپ تۇرۇپتۇ—بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلمەسلىكى ئۈچۈن ئارقا تەرىپىدىن دەل جايىدا تەككۈزۈپ ئوق ئۈزۈشكە ھازىرلىنىپ تۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ئۇ ھازىر چېكىنگەن، تەتۈر تۇرمۇشقا قالغان، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى بىلمەيدۇ، بۇ قېتىمقى تۇرمۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭدا قايتىدىن خاتىرە قالماسلىقى ئېھتىمال.

چاقىرىقتا بىنائەن تۇنجى تۈركۈم ئەسكەرلىككە كىرگەن ئاتامان كەنتىدىكى يەتتە ئەر، شۇ جۈملىدىن ئاندىرى، چاققان بەش ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كەنتتىن ئۆزىغان ئىدى. ئۇزاتقىلى چىققان كىشىلەرنىڭ سانى ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. بىراق ئاندىرى ئۆيىدىلا ئاتا-ئانىسى ۋە خوتۇنى بىلەن خوشلىشىۋالغان ئىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى تۆكۈپ كۆڭلىنى يېرىم قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشىنىڭ، ئۆزىمىنىڭمۇ ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ بىكاردىن-بىكار ھەسرەتلىنىشىمنىڭ ھاجىتى يوق؛ نائىلاج ۋىدالىشىدىغان بولغاندىكىن دەرھال ۋىدالاشقان تۈزۈك، دەپ

ئويلىغان ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە (ئۇنداق ۋاقىت يىراق ئەمەس) جاندىن تۇگىشىشىم مۇمكىن دىگەن نىيەتكە كەلگەچكە، يوقىلاڭ خىياللارغىمۇ بېرىلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرۋازا ئالدىدا ئانىسى، دادىسى ۋە ناستيونا بىلەن قۇچاقلىشىپ بولغاندىن كېيىن ھارۋىغا سەكرەپ چىقىپ، ئاتقا قامچا ئۇرغان؛ ھارۋا ئورنىدىن قوزغالغاندىن كېيىن، ئوزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىغان، تاكى يايلاقتىن ئوتۇپ، ئاتامان كەنتى كوزىگە كورۇنمىگەندىن كېيىنلا ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، باشقىلار يىغلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇنىسىغا سەپ بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئىدى.

ئۇلار كاردا كەنتىدە پاراخوتقا ئۇلگۇرۇپ، ئۇنىڭغا چىقىش-تى-دە، ئېقىمنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ رايون مەركىزىگە يېتىپ باردى. بىر كۇندىن كېيىن يەنە شۇ پاراخوت ئارقىسىغا قاراپ مېڭىپ، رايون بويىچە ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ ئىركۇتسكىغا ئېلىپ ماڭدى. پاراخوت تاڭ سەھەردە ئاتامان كەنتىدىن ئوتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇشقان ئىدى. پاراخوت كەنتتىن خېلى يىراقتىكى چاغدىلا ئۇلار بىرنىمىلەرنى دەپ كالدىرلىشىپ چاقىرغىلى تۇردى، نىمە دەپ چاقىرىشقانلىقىنى ئوزلىرىمۇ بىلمەيتتى، نىمە ئۇچۇن چاقىرىدىغانلىقىنىمۇ چۇشەنمەيتتى. ئاندىرى بولسا ئۇنچىقمىغان، خاپا ھالدا كەنتكە كوز سېلىپ تۇراتتى، ئۇ ئەمدى ئۇرۇشتىن ئاغرىنماي، ئاتامان كەنتىنى

يامان كورۇشكە باشلىغان ئىدى، ئۇ بۇ كەنتنى ئۆزىنى يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان بالايى-ئاپەتنىڭ يىلتىزى دەپ ئويلايتتى. ئۇلار ئاخىر كوزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى: كەنتتىكى بەزىلەر قىرغاقتا يوگۇرۇشۇپ كېلىپ، پاراخوتتىكىلەرنىڭ چاقىرغىنىغا جاۋاپ قايتۇردى، قول ياغلىقى ۋە بوكلىرىنى پۇلاڭلىتىشتى، بىراق پاراخوت قىرغاقتىن تولىمۇ يىراق بولغاچقا ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، نىمە دەپ ۋاقىراۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئاندىرى شۇ قىرغاق-تىكىلەر ئارىسىدا ناستيۇنانى كورگەندەك بولدىيۇ، لېكىن ئۇنى شۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايتتى. ئۇ "نىمە جاپا، بۇنداق قىلچە ھاجەتسىز ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ نىمە جاپا؟ خوشلىشىپ بولدۇق، دىيىشىدىغان گەپلەرنى دىيىشتۇق، بولمىدىمۇ؟! ئۇرۇشتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ،......" دەپ خاپا بولۇپ چېچىلدى. ئۇ ئوزىنىڭ ناستيۇناغا ئوخشاتقان كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ناستيۇنا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرە-لىگەن بولسا ئىدى، ئېھتىمال، كوڭلى ئازراق ئېچىلغان بولاتتى، ئۇ ھىلىقى ئايالىنىڭ ناستيۇنا ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۇچۇن خاپا بولدى. ئۇنىڭ ئاتامان كەنتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرى، يەنى شۇلار بىلەن جۇدالىشىپ، يەنە شۇلار ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىشقا بېرىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسىلەر ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان ئىدى ۋە بۇ ئاچچىغىنى ئۇزاققىچە زادى باسالماي كەلگەن ئىدى؛ ئەنە شۇ غەزەپ

تۈپەيلىدىن ئۇ ئەينى چاغدا كوڭلىدە قەسەم قىلغان ھەمدە شۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇنى ھەر ۋاقىت دىلىغا پۈكۈپ كەلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە شۇ قەسىمى تاسادىپى كېلىپ قالغان پۇرسەت بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ قالدى. ئۇ شۇ قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش ئۈچۈن قايتىپ كەلگىنى يوق، ئەلۋەتتە؛ لېكىن شۇ مىنۇتتا، شۇ قەسىمى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغان بىر چاغدا، ئاندىرى شۇ قەسەمنىڭ قۇرۇق گەپ ئەمەسلىگىنى، ئۇنىڭ گويا جەلپ قىلارلىق، ھەقىقى ئىشەنچىلىك كۈچ بولۇپ، ئۆزىگە يوشۇرۇنچە ياردەم بېرىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدى.

پاراخوت سۇنى يېرىپ، ئېقىمغا قارشى ئۈچ كېچە-كۈندۈز ماڭدى، پاراخوتتىكى ئادەملەر گويا تەرتىپسىز ئالامانلاردەك ئويناپ-كۈلۈپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ، ئەلەم ئىچىدە ھە دەپ كوڭۈل ئېچىشاتتى، چۈنكى ئۇلار ئەركىن ھەم بەختەر ئوتە-دىغان ئاخىرقى بىرنەچچە كۈنلا قالغانلىغىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىشەتتى. لېكىن ئاندىرى ئۆزى يالغۇز بىر يەردە ئولتۇرۇپلا كەلدى، ئۇنىڭ ۋوتكا ئىچىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۇ پاراخوت سەيناسىدا ھەمىشە قوچاققا ئوخشاش ئۆزاققىچە ئورە تۇرۇپ، ئالدى تەرەپكە قارايتتى. بۇ دەل تومۇز ۋاقتى بولۇپ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئاپىئاپ چاقماقتا ئىدى، ئانگارا دەرياسى ئوركەش-لەپ ئاقاتتى، شاقىرىغان ئاۋازى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، تونۇش دەريا قىرغىغى، كەنت، ئاراللار ئىككى ياقتىن ئارقىغا تاشلىنىپ، كوزدىن غايىپ بولۇپ تۇراتتى. ئاندىرى بۇلارنىڭ

ھەممىسنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالالايدىغاندەك ئويلىغان ھامان كۆڭلى بۇزۇلۇپ كېتەتتى ـ دە، پاراخوتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە چۈشۈپ، تەڭتۇشلىرىم بىلەن بىللە بولغىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ، چۈنكى كۆڭلى بۇزۇلغانلار يالغۇز مەنلا ئەمەس دەپ ئويلايتتى. ياكى، كۆدە ـ كۆرپىسىنى بېشىمغا قويۇپ، خاراموش ھالدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، تاكى قوپۇشقا بۇيرۇق چۈشكىچىلىك ئۇخلايمىكىن، دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئۇ پاراخوتنىڭ ئاستىنقى بۆلمىلىرىگە چۈشمەي، ئويغا چۆمگەن، ئازاپلانغان ھالدا داۋاملىق ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇرىۋەردى. ھەسرەت ۋە قايغۇ بىلەن ئۇز قەلبىنى ئازاپلايتتى، ھەسرەتلىنەتتى، ئۇزىگە ئۆچ ئالغىدەتتى، ئۇ ئۇزاقتىقچە قاراپ تۇرىۋەرگەنسېرى شۇنچە ئېنىق، شۇنچە ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر ھالەتتە شۇنى كورەتتىكى، ئانگارا دەرياسىنىڭ سۈيى خاتىرجەم ۋە سوغاق، ئۇزىگە قىلچە كۆڭۈل بولمىگەن ھالدا ئۇدۇل ئېقىپ كېلەتتى؛ دەريا قىرغىقى قاراپ تۇرۇپ كورمەسلىككە سېلىۋالالايدىغاندەك ئۇزىنىڭ ئىككى يېقىدىن ئۇزلۇكسىز ئارقىدا قالماقتا ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى جايلاردا ياشاپ كەلگەن، بىراق بۇ جايلار ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن ۋازكېچىپ، يات ئارىدا ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان باشقا ئادەملەرنى ۋە باشقا بىر خىل تۇرمۇشنى كۈتمەكتە. ئۇنىڭ غەزىسۋى ئورلەيتتى: نىمە ئۈچۈن شۇنچە تېزلا كۆڭلى قالىدىغاندۇ؟ مېنىڭ تېخى كېتىپ بولغىنىم، بۇ يەردىن ئايرىلىپ كەتكىنىم يوققۇ، بىراق مېنىڭ ئۇتمۇشۇم ۋە

كەلگۈسىدىكى بارلىقىم ئەستىن كوتىرىلىپ كېتىپتۇ، يوق ھىسا-
ۋىغا چىقىرىلىپتۇ؛ بۇ ئەھۋال ماڭ، بىرىپ ئول، بىزنىڭ نەزى-
رىمىزدە سەن ئاللىقاچان تۈگەشكەن ئادەم دىگەنلىك ئەمەسمۇ؟!
راستىنلا تۈگەشكەندىمەنمۇ؟......ئاندىرى بۇنىڭغا قوشۇلمايتتى،
ھاياجانلانغان ھالدا زەردە بىلەن ئاۋازىنى قويۇۋىتىپ قەسەميات
قىلدى:

"بىمەنە گەپ! مەن ياشايمەن. سىلەر مىنى تولىمۇ بالدۇر
ئەستىن چىقىرىۋاتىسىلە. قاراپ تۇرۇڭلارچۇ، ھايات قالىمەن.
ئىشقىلىپ سىلەر ھىچ يەرگە قىبچىپ كېتەلمەيسىلەر، مىنىڭ
قايتىپ كەلگىنىمنى كورۇسىلەر."

بىراق ئالدىنقى سەپكە بارغاندىن كېيىن ئۇ بۇنداق ئۈمىتتە
بولمىدى. دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىملىق ئېلىشىشتىلا يارىدار
بولدى، بەختىگە يارىشا يېنىك يارىدار بولدى، ئوق سول
پۇتىنىڭ گوشىنى يىرىپ ئوتۇپ كەتكەن ئىدى. بىر ئايدىن
كېيىن بىر پۇتى ئازراق ئاقسىغان ھالدا قىسمىغا قايتىپ كەلدى.
شۇ چاغلاردا ئولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئارزۇسى قىلچە ئەھ-
مىيەتسىز ئىدى. بۇنداق "ئارزۇيۇڭنى قەدىرلەپ ساقلا، ھەرگىز
ئاشكارىلىما، يامغۇردەك يىغىۋاتقان ئوق ئارىسىدىمۇ ئاشكارىلىما"
دەپ، بەزىدە ئوزىمۇ ئوزىنىڭ مۇشۇنداق ئارزۇسىنىڭ زادى
بار-يوقلۇغىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە يۈرى-
گىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ قويغانلار ئۇنىڭ بىلەنلا چەك-
لەنمەيتتى. ئۇ ئوز ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئولۇمنى تولىمۇ كوپ

كوردى. ھەمىشە ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانـ
لىقىنى، بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن، ھامان بىر
كۈنى ئۆزىگىمۇ نۆۋەت كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بۇ
يەردە، تۇرۇش مەيدانىدا كىشىلەر ھەمىشە تېچ-ئامان تۇرمۇش
كەچۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىمالال ياشاۋېرىدىغانلىقىغا ئەجەپـ
لىنەتتى. ھەر قېتىم كىشىلەرنىڭ دەل-دەرەخ ۋە تاشلارغا
ئوخشاش نەچچە ئون يىللاپ تېچ-ئامان ياشىشىنى ئەقلىگە
سىغدۇرالمايتتى. ۋاقىتنىڭ بۇ يەردە باشقا بىر خىل ئۆلچىمى
بار ئىدى.

ئاندىرى گۈسكوۋنىڭ ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ تۇردى. پەقەت بىر قېتىم ئۇ جەڭ مەيدانىدىن قايتىش ئالدىدا ئېھتىياتسىزلىقىدىن بومباردىمانچىلىققا ئۇچراپ، ئىنتايىن قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، پارتلاش دولقۇنى ئۇنىڭ قۇلىقىنى پۈتۈنلەي گاس قىلىپ قويىدى، بىر ھەپتە دىگۈدەك ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى. كېيىنچە ئاستا-ئاستا ئاڭلاش سېزىمى ئەسلىگە كەلدى. شۇ قېتىمقى سىلكىنىش ئۇنىڭ مىڭىسىدە كۆلكىلىك ھەم دەرتلىك خاتىرە قالدۇردى: دوختۇرخانىدا بۇ گاسنىڭ ئىشتىيى راسا ئېچىلىپ، ياۋايى ھايۋانلاردەك، قوسىقى يەپ تويماس بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دائىم قوسىقى ئېچىپ تۇراتتى، ھەر بىر مىنۇتتىمۇ بىر نەرسە يىگۈسى كېلەتتى؛ ئۇ بەزىدە يىمەكلىك ئىزدەپ، تۈرلۈك كوڭۇلسىز ئىشلارغا دۇچكېلىپ قالاتتى. ئۇ ئۆز ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلىيالمىغاچقا، باشقىلارمۇ

ئاڭلىيالمايدۇ دەپ، تۇيدۇرماي ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ، بىر نەرسە ئوغرىلاپ يېگىلى تۇرغان چېغىدا تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى؛ تاماق نورمىسىنى كۆپەيتىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتىندا، كىشلەر ساقايغان ئاغرىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سوزلىرىگە ئۇزى خالىغانچە جاۋاپ بېرىشەتتى، ئۇ بولسا كوزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ قالاتتى.

ئاندىرى ئۈچ يىل جەريانىدا چاڭغىچىلار يىگى، رازۋېت- كىچىلار لىيەنى، بومبا ئاتار زەمبىرەكچىلەر لىيەنى قاتارلىق قىسىملاردا بولدى. شۇڭا ئۇ تۇرلۇك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئوتكۈزدى: تانىكا گەينىدىن ئاتاكىغا ئوتتى، نېمىسلارنىڭ پىلموتىغا ئۇزىنى ئاتتى، چاڭغا تېيىلىپ كېچىلىرى دۈشمەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، "تىل" تۇتۇش ئۈچۈن ھېرىپ ھالى قالمىغان ھالدا ئۇزاق مۇددەتكىچە قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىپ ھەركەت قىلدى. ئاندىرى جەڭ مەيدانىغا خۇددى ئىشقا چىققانغا ئوخشاش بەخۇدەك ۋە بىمالال كىرىۋاتقان كىشلەرگە زوقلىناتتى، بىراق ئۇزى ئۇرۇشقا كونەلمەيتتى، كونەلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇرۇشقا چامىسىنىڭ يېتىشىچە ماسلىششتىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى. ئۇ جەڭدە باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئوتۇپمۇ كەتمەيتتى، لېكىن ئۇزىنى باشقى- لارنىڭ دالدىسىغا ئېلىپمۇ يۇرمەيتتى، — باشقىلارنىڭ دالدىسىغا ئوتۇۋالغاندا، سەپداشلىرى دەرھال سېزىۋالغان بولاتتى-دە، ئەدىۋىنى بېرەتتى. "رازۋېتكا خاراكتىرلىق ئاختۇرۇش"تا بەش-

ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاختۇرۇش گۇرۇپپىسى نېمىسلار-نىڭ ئاكوپىغا ئېتىلغاندا، ئادەتتە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداق شارائىتتا غەلىبە قىلالمىسا ھالاك بولۇشى كوزگە كورۇنۇپ تۇراتتى، ئەگەر سەل-پەل توختاپ قالسا، ئوزىنى چەتكە ئالسا ئوزىنىڭمۇ، كوپچىلىكنىڭمۇ بېشىغا چىققىدىغان ئىش بولاتتى. رازۋېتكىچىلار ئىچىدە ئاندىرى ئىشەنچلىك سەپداش ھىساپلىناتتى. ھەممىدىن يۇرەكلىك كەل-گەن كىشىلەرمۇ بىخەتەررەك بولۇش ئۇچۇن ھەمىشە ئۇنى ھەمرالىققا تارتاتتى. جەڭدە ئۇ كوپچىلىككە ئوخشاش بولۇپ، باشقىلاردىن ئېشىپمۇ كەتمەيتتى، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ قالمايتتى. ئۇ كۇچلۇك بولغانلىغى ئۇچۇن ئەسكەرلەر ئۇنى قەدىرلەيتتى: ئۇ بويى پاكار، قاۋۇل، ساغلام كەلگەن بولۇپ، ھەمىشە يارىلىنىپ ھۇشىدىن كەتكەنلەرنى ياكى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كورسەتكەن "تىل" لارنى ئوشنىسىگە ئېلىپ ئەپچىللىك بىلەن ئوز ئاكوبىغا ئېپكېلەتتى.

ئاندىرى گۇسكوۋ چاڭغىچىلار يىگىدا ۋەزىپە ئوتەۋاتقىنىدا جەڭ مەيدانى موسكۋا ئەتراپىدا ئىدى؛ باھاردا رازۋېتكىچى بولۇپ يوتكىلىپ، سمولىيانسكى ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ يۇردى؛ پارتلاش زەربىدىن ياردار بولغاندىن كېيىن توپچىلار ليەنىگە يوتكىلىپ، ستالىنگرادتا تۇردى. ئۇ يەردە، دۇشمەندىن يىراق-تىراق تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان توپچىلار قىسمىدا، ئارمىيىمىز ھۇجۇمغا ئوتكەنلىكتىن، ئەھۋال ئانچە جىددى ئەمەس ئىدى.

1943 ـ يىلنىڭ باشلىرى، قىشتا، ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دىگەنىسىرى ھايات قىلىش ئۇمىدى كۈچەيدى ــ بۇنداق ئۇمىت ئەمىدى قورۇنۇش ئىچىدە، يوشۇرۇن ئەمەس، بەلكى ئوچۇق ـ ئاشكارا، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئىپادىلىنىدىغان بولدى. ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا جەڭگە قاتنىششقا باشلىغانلار شۇنچىلا كوپ خەۋپ ـ خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر، چىداپ بۇگۈنكى كۈنگە كەلدى. شۇڭا ئۇلار، تەقدىر بىزگە باشقا كوز بىلەن قاراپ، تورنىڭ بىر تەرىپىنى ئېچىپ قويدى، بىز ھازىرغىچە ئولۇمدىن قۇتۇلۇپ كەلدۇق، ئەزرائىلمۇ بىزدىن ۋازكەچمەي قالمايدۇ دەپ ئوزىنى ئوزى ئىشەندۇرۇشكە تىرىشاتتى. بۇ يەردىكى جەڭ مەيدانىدا تىرىك قالساقلا ياشاپ كېتەلەيمىز دەيدىغان جاننى سىناش مەزگىلى باردەك بولاتتى. بەزىدە، جەڭ توختاپ، كىشلەرنىڭ كوڭلى ئارامىغا چۈشكەن پەيتلەردە، ئاندىرىدا: بۇنىڭدىن كېيىن بېشىمغا بالا ـ قازا كەلمەيدۇ، ھازىرقىغا ئوخشاش ئالدىراي ـ تېنىمەي، بىر ـ بىرلەپ قەدەم تاشلاپ ماڭسام، مۇشەققەت تۈگەپ، ھالاۋەت كورىدىغان، ئېرىشمەن دەپ ئون ھەسسىلەپ چىقىم تارتقان ئاخىرقى كۈنلەرگە ئېرىشەلەيدىغان بولىدۇم، شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك ئاياقلاشقانلىغى جاكالىنىدۇ، ھەممىمىزنى ئويىمىزگە قايتۇرىدۇ، دەيدىغان شىرىن ئىشەنچ پەيدا بولۇپ قالاتتى. بىراق بۇنداق پارلاق ئۇمىتلىك پەيتلەر ئاستا ـ ئاستا كوزدىن غايىپ بولۇپ، ۋەھىمە

يەنە تۇيدۇرمايلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلايتتى: ھەر كۈنى مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان شۇنداق ئۈمىتتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخىرقى مىنۇت-قىچىمۇ يەنىلا ئادەم ئۆلىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتمەكتە ئىدى. بۇ ئادەملەر قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئۇلار تىرىك ئادەملەر ئىچىدىن، ئۆزىدەك، باشقىلاردەك ئادەملەر ئارىسىدىن كەلمەي نەدىن كېلەتتى؟ بۇنداقتا، يەنە قانداق ئۈمىت بولسۇن؟ ئاندى-رى ۋەھىمە بىلەن چۈلغىنىپ، ئىستىقبالىمدا ياخشىلىقتىن يامان-لىق كۆپ دەپ، ئۆزىنىڭ يارىدار بولۇشى، ئەلۋەتتە ئەجەللىك جايىغا ئوق تەككەن ئېغىر يارىدار بولماستىن، ۋاقىت ئۆتكۈ-زۈشكە بولىدىغان يېنىك يارىدار بولۇشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئارزۇ قىلىشقا، ئۇنىڭ يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

لېكىن ئۇ 1944-يىلى يازدا ئېغىر يارىدار بولدى. مەلۇم بىر كۈنى توپچىلار لىيەنى توپلارغا يوپۇغىنى كىيگۈزۈپ يوتكى-لىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن بىرنەچچە گېرمانىيە تانكىسى ئېتىلىپ چىقىپ، ئاندىرىنى ناھايىتى ئېغىر يارىدار قىلىپ قويدى. ئۇ بىر كېچە-كۈندۈز دىڭگۇدەك ھوشىغا كېلەلمەي ياتتى. ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ يەنىلا ھايات قالىدىغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، بولدى، جەڭگە كىرىپ بوپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن جەڭگە باشقىلار كىرسۇن، تارتقان زىيانلىرىم خېلى بىر يەرگە يەتتى، ئۆزەمگە تېگىشلىكىنى قالدۇرماي تولەپ بولدۇم، ئەمدى بەس، يارام قىسقا مۇددەت

ئىچىدە ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئورنۇمدىن تۇرالىغان چاغدا جەزمەن ئۆيۈمگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىدۇ؛ ئوبدان بولدى، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئىشقىلىپ جېنىم ئامان قالدى، دەپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئاندىرى گۇسكوۋ يېڭى سىبىرىيىدىكى ھەربى دوختۇرخانىدا ئۈچ ئايغا يېقىن ياتتى، كوكرىكى زەمبىرەك ئوقى پارچىسىنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئاپىراتسىيە قىلىنغانلىقتىن ئۇزاققىچە ساقايمىدى. ئويىدىكىلەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بىر خالتا ئەۋەتىپ بەردى، كېيىنچە يەنە بىر خالتا ئەۋەتتى. ناستيۇنا ئۇنىڭدىن ئوزىنىڭ يوقلاپ كېلىشىگە ئىجازەت بېرىشنى ئوتۇندى، بىراق ئاندىرى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنداق يول راسخودىنى خەجلەپ يۈرۈش ھاجەتسىز، ئىشقىلىپ كوپ ئوتمەي ئوزۈم ساقىيىپلا ئويگە بارىمەن، دىگەن پىكىرگە كەلدى. شۇ كېسەللەر بولۇمىدىكى ئۇنىڭغا ياندىش كارۋاتلاردا ياتقان بىرنەچچە جەڭچىمۇ ئۇنىڭ پەرىزىگە قوشۇلاتتى، چۈنكى ياردارلار دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن كىملەرنىڭ ئويگە قايتۇرۇلىدىغانلىغىنى، كىملەرنىڭ قىسقا مۇددەت ئارام ئېلىشقا ماڭغۇزۇلىدىغانلىغىنى ۋە كىملەرنىڭ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىدىغانلىغىنى پەرەز قىلالايتتى. "ساڭا ئون كۇنلۇك رۇخسەت بېرىشىدۇ، — دىيىشەتتى ئۇلار ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا ئاندىرىغا، — ئۇنىڭدىنمۇ كەم بولمايدۇ." ئاندىرى: كۇتۇپ تۇرۇڭلار، ناستيۇنا، ئالدىرىما، كۇتۇپ تۇر! دەيتتى. ئىلگىرى ئوزىنىڭ

يوقلاڭ ئىشلارنى بانا قىلىپ ناستيۇنانى رەنجىتكەنلىكىگە زادى ئىشەنگۇسى كەلمەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن دۇنيادا ناستيۇنادىنمۇ ئوبدان ئايال يوق ئىدى.....ئۇيىگە قايتقاندىن كېيىن ئىككىمىز كۆنمىزنى سوزسىز ئوبدان ئۆتكۈزىمىز، كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئوبدان ئۆتىمىز! ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن ھەممىمىز، بولۇپمۇ بىز ئىككىمىز باشقا بىر خىل تۇرمۇشنى، باشقا بىر دۇنيانى كۈتۈۋالىمىز، ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىككىمىز ھېچنىمىنى بىلمەي ئۆتۈپتىكەنمىز، بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولساقمۇ، بىر بىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىكەنمىز، بىر بىرىمىزگە مېھرىمىزنى بەرمەپتىكەنمىز، شۇنداقمۇ بولامدىغان؟!

بىراق ئۇن بىرىنچى ئايغا كىرگەندە، دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان پەيتتە، تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇز يارىسىنى خوشاللىقىدىن يالغۇدەك بولغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەلگەندە، ئۇ، خۇددى تۇلۇمدىن توخماق چىققاندەك، ئۇيىگە ئەمەس، بەلكى قىسمغا قايتىش توغرىسىدىكى بىر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئەسلىدە جەزمەن ئۇيۇمگە قايتالايدىغان بولدۇم دەپ تولۇق ئىشەنچتە تۇرغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق بۇيرۇقنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالماي، خاتا قىلىپ قويغان بولسا كېرەك دەپ، ھەربىي دوختۇرلارنى ئىزدەپ، زوكۇنلىشىپ، چېپچىلىپ، جىدەللەشتى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ سوزىگە قۇلاق سېلىپمۇ قويمىدى.....سىز يەنە ئۇرۇشقا

قاتنىشالايسىز، گەپ شۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گەپ يوق......دوخ-تۇرلار ئۇنى دوختۇرخانىدىن چىقىشقا قىستاپ، ھەربى كىيىم-لىرىنى زورمۇ-زور كىيگۈزۈپ، ھەربى خىزمەت ئوتەش كىنىش-كىسى بىلەن تەمىنات كىنىشكىسىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى......بىرىنىڭ، ئاندىرى گۇسكوۋ، ئوزىڭىزنىڭ توپچىلار لىيەنىگە يېتى-شىۋېلىڭ، ئۇرۇش تېخى ئاياقلاشقىنى يوققۇ......

ئۇرۇش ئوتى ھىلىمۇ يېنىۋاتاتتى.

ئۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىشتىن قورقاتتى، لېكىن ئويىگە بېرىپ كېلىشكىمۇ يول قويماي، جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىۋاتقانلى-غىغا تېخىمۇ بەك نەپرەتلەندى. ئۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن، ناستى-يۇنا ۋە باشقا قوۋمى-قېرىنداشلىرى بىلەن يۈز كورۈشۈشكە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن، ھەتتا ئاخىرقى بىر تامچا قېنى، ئاخىرقى ئارزۇسى بىلەن تەييارلىنىپ قويغان ئىدى. ئۇ مانا شۇ ئارزۇ بىلەن ھايات قالغان، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئىدى، تېنىمدە جېنىملا بولىدىكەن، ئويىگە قايتىمەن دەيتتى، ئويىگە قايتىش ئارزۇسىدىلا يۈرەتتى. ئاتىنى چاپتۇرۇپ-ئويىدە-تىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئاتنىڭ بېشىنى بۇرايدىكەن، ئاتتىن يىقىلىپ كۆكۈم-تالقان بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئوز تېنى ئۈستىدىن ئاتلاپ ئوتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس......ئوز يۈر-تۇمنىڭ بوسۇغىسىغا، سىبىرىيىگە كېلىپ بولغاندا، قايتىدىن ئوق يامغۇرى ئاستىغا، ھالاكەت گىرداۋىغا قايتۇرۇشى قانداق گەپ؟! مۇشۇنداق قىلغىنى توغرا، ئادىل بولامدىكىنا؟! ئويۇمدە بىر

كۈن، راستتىنلا بىر كۈن تۇرۇپ، كوڭلۈمىنى تىنچىتىۋالىغان بولسامىۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانىداق ئىشىقا بۇيرۇسا چىن قەلبىمدىن رازى بولغان بولماسىمىدىم......

ناستيۇنانىڭ يوقلاپ كېلىشىگە قاراپ تۇرۇپ يول قويماسلىغىم تەلۋىلىك ئەمەسمۇ؟! بۇنداق بولۇشنى بۇرۇنىراق بىلگەن بولسام، دوختۇرخانىدىن چىقىشىمدىن ئىلگىرى بىر قېتىم كېلىپ كەت دىمەسىمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇۋالغان بولسام كوڭلۈم خېلى تىنغان بولاتتى. تېخى مېنى ئۇزىتىپمۇ قوياتتى. ئۇزاتقۇچىلىرى بولغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىخىەتەررەك بولىدۇ، چۈنكى ئادەمنىڭ تەقدىرىدە گويا غايىپتىن كۈزىتىپ تۇرىدىغان كوز بولىدۇ، جەڭگە ئاتلانغاندا شۇ كوز، بۇ جەڭچىنىڭ قايتىپ كەلىگەندە جەم بولغىنىدەك ئۇرۇق-تۇققانىلىرى بارمۇ ياكى يوقمۇ، دەپ ئەسلەپ تۇرىدۇ. بىراق ئەمىدىلىكتە ھەمىمە ئىش خۇددى قەستەن مەن بىلەن قېرىشقاندەك بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنىداق بولىۋەرسە، بۇ دۇنىيادا تىرىك قېلىشىم مۇمىكىن ئەمەس. جەڭ مەيدانىغا كىرگەن ھامان ئوق تېگىپ ئولۇشۇم مۇمكىن.

ئاندىرى دوختۇرخانىنىڭ باشلىغىنى ئۇ دۇنيا ھازازۇللىرىغا ئوخشىتاتتى. ئىنسان، خۇددى بوران-چاپىقۇن ياكى مولدۇرنى توساپ قالالمىغانغا ئوخشاشىلا، ئۇنىمۇ ھېچىنىمە قىلالىمايدۇ. ھەممىنى تىزگىنلىگۈچى خۇدا ئوزى خالىغىنىچە بىرەر پەرمان چىقارسىلا، ئىنسانىنىڭ ئۇنى بىجا كەلتۇرمەسلىكى مۇمىكىن

ئەمەس. بىراق مەن، قانداقلا بولمىسۇن، تىرىك ئادەممەنغۇ، نېمىشقا ئۇنىڭغا شۇنچە پەرۋا قىلىپ كېتىمەن؟! دەرۋەقە، ھېچكىممۇ ماڭا ھېچقانداق ۋەدە بەرگىنى يوق، ئۆزەم ئۆزەمنى ئالداپ قويدۇم. لېكىن، بەزىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ كېلىشىگە رۇخسەت بېرىلىدى، مەن بۇنى كورگەن، بەزىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ كېلىشىگە رۇخسەت بېرىلگەنلىكىنى كورگەن تۇرسام، ئۇ باشلىقنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرەلمەسمەنمۇ؟!

راستىنلا قىسمىغا قايتىپ كېتىمەنمۇ؟ يۇرتۇم يېقىن ئەتراپتا، بۇ يەرگە بەكمۇ يېقىنلا بىر جايدىغۇ. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئۆيۈمگە قايتىمەن! تارتىۋېلىنغان ھوقۇقۇمنى قايتۇرۇۋالىمەن. بەزىلەرنىڭ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن يول تۇتۇپمۇ ھېچنېمە بولمىغانلىغىنى، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىمغۇ. ناۋادا ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتەلمىسەمچۇ؟ ئەگەر ئۆتكۈزۈۋېتەلمەي قالسام، بولغىنى بولار. جېنىم تومۇر ئەمەس، ئۈچ يىلدىن كوپرەك جەڭ قىلىپتىمەن، يەنە قاچانغىچە قىلىمەن؟!

ئاندىرى پويىز بېكىتىگە بارغاندىن كېيىن بىر پويىزنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئىككىنچىسىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتى...... ئۇنىڭ كوڭلى تېنىم تاپالمىدى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئۆزىنىڭ بىر يەرگە كېلەلمەي، ۋاقىتنى بىكاردىن-بىكار ئىسراپ قىلىۋېتىشى تېخىمۇ غەزىۋىنى قوزغىدى. ئۇ تەمىنات كىنىشكىسىنى كوتىرىپ نورمىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇچىرەتتە تۇرغاندا، خۇش خۇي، ۋېجىك كەلگەن بىر تانكىچى يىگىت بىلەن كەپلىشىپ

قالدى، بېشىغا پولات قالپاق كىيگەن، قولتۇق تايىغى بار، ئەگرى ئۇلۇك پۇتىغا ناھايىتى قېلىن بىنت ئورالغان بۇ تانكىچى يىگىت شەرق تەرەپكە، چىتاغا بارماقچى ئىدى.

— ئۆزىڭىز نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاندىرىدىن.

— ئىركۇتسكىغا. — ئاندىرى ئۆزىنىڭ قاراپ تۇرۇپ بۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشىنى خىيالىغا كەلتۇرۇپمۇ باقمىغان ئىدى.

— بىللە ماڭايلى، — دېدى تانكىچى خوشال بولۇپ.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى مىنۇتتا ئاندىرى يېڭى تونۇشقان دوستىنى پويىزغا چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ شەرققە ماڭىدىغان پويىزغا سەكرەپ چىقىۋالدى...... بېشىمغا كەلگىنىنى كورەرمەن، ناۋادا تۇتۇلۇپ قالسام، كراسنويارسكىغىلا بارماقچى ئىدىم دەپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن ئىركۇتسكىغا كېتىۋالارمەن. ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر قېتىم ئايلىنىپ كەلسەم، بۇنىڭ كارى چاغلىق، قانداقلا بولمىسۇن ئەپلەپ-سەپلەپ ئوتكۈزۈۋەتكىلى بولار......بەزىدە ئاندىرى ئۆزىنىڭ بۇنداق قارامىلىقىدىن ئىككىلىنىپ قالاتتى، ھەتتا مېنى تۇتۇۋېلىپ قايتۇرۇپ كەتسەكەن دەپمۇ ئۈمىت قىلاتتى. بىراق، قېرىشقاندەك، شۇنداق بىر شارائىتتا يەنە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالدى، ھېچقانداق ئادەم ئالدىنى توسمىدى. پويىز بۇرۇنقى چاغلاردىكىگە ئوخشاشلا تىقما-تىماق ئىدى، يەنە كېلىپ يولۇچىلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىكى ئوكتەم ھەربىلەر بولۇپ، ئۇلارنى تەكشۈرۈش-سۈرۈشتۈرۈش ئۇنچىلا ئاسانغا چۈشمەيتتى.

بىراق پويىز ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن ئىركۇتسكىغا يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئاندىرى ناھايىتى قاتتىق چوچۇدى......داۋاملىق ئالدىغا مېڭىۋېرىدىغان بولسام، قىش پەسلى بولغانلىقتىن بىر كۈن كۈپايىسە قىلمايدۇ، ئىككى كۈندىمۇ يېتىپ بارغىلى بولمايدۇ؛ ئەگەر يېرىم يولدىن قايتىپ كەتسەمچۇ، ئانداقتا دەسلىۋىدە بۇنداق ئويغا كېلىپ، بۇنداق باش ئاغرىتىپ، خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، بۇنداق قارامىلىق قىلىشىمنىڭ نىمە ھاجىتى بار ئىدى؟! بۇ مېنىڭ كىمگە دولا چىقارغانلىغىم؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدى قىسىمغا قايتسام تولىمۇ كېچىككەن بولماسمەنمۇ؟!......ئاندىرى 1942 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەمدىلا رازۋىتكىچىلار لىيەنىگە كەلگەندە ئۆز كوزى بىلەن كورگەن ئاشكارا ئولۇم جازاسىنى ئېسىگە ئالدى: پۇتۇن تۈەن كەگرى كەتكەن ئورمان ئارىسىدىكى دالاغا ئوخشاش بوشلۇقتا سەپ بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىككى ئادەم ئوتتۇرىغا يالاپ چىقىلدى. ئۇنىڭ بىرى جەڭدىن ئوزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قەستەن ئوزىنى يارىدار قىلىۋېلىپ، تېڭىلغان بىر قولىنى مۈرە ـ سىگە ئېسىۋالغان، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى، خېلى ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بىر ئادەم ئىدى؛ يەنە بىرى بولسا پۈتۈنلەي ياش بالا بولۇپ، ئۇمۇ ئويىگە بېرىپ كەلمەكچى بولغان ئىكەن، ئۇ بالىنىڭ كەنتى قىسىم تۇرۇشلۇق جايىدىن ئەللىك نەچچە چاقىرىمچىلا يىراقلىقتا ئىكەن. جەمى ئاران ئەللىك نەچچە چاقىرىم......لېكىن مەن شۇنچىلا يىراق جايىدىن بۇ يەرگە كېلى ـ

ۋالدىم. ياق، ماڭا كەڭچىلىك قىلىشمايدۇ، ئىشنى جازا لاگېرىغا كىرگۈزۈش بىلەنلا توختەتمەيدۇ. كىچىك بالا بولمىغاندىكىن، ئۆزەمنىڭ نىمە قىلغانلىغىنى بىلىشىم كېرەك-تە......

ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىنى قەستەن ياردار قىلىۋالغان ھىلىقى ئادەمگە نەقەدەر نەپرەت، نەقەدەر يىرگىنىش بىلەن كۆز تىككەنلىگى ھىلىمۇ ئۇنىڭ ياددا. ئۇلار ياش بالىغا ئىچ ئاغرىتىشتىيۇ، لېكىن ھىلىقى كىشىگە لەنەت قىلىدى. "ۋاي بەچچەغەر! — دىيىشكەن ئۇلار، — كۆز بويامچىلىق قىلىپ ھەممىمىزنى ئالدىماقچى بولغانلىغىنى قارىمامدىغان بۇ بەچچىغەرنىڭ!"

سەن، ئاندىرى، قايسى جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەدىغان يېرىڭ بار؟ نىمىگە ئاساسەن بىز ئۇرۇش قىلىمىزۇ، سەن بولساڭ بىخىرامان چېپىپ يۈرۈيسەن؟ — ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن مانا شۇنداق دەپ ھوكۇم قىلىشىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن گۇنايىمنى بېكىتىشىدۇ. ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز مەيلىچە ھەركەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، بىراق مەن بولسام ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن يۈرۈۋاتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مېنى ئايىماسلىغى توغان گەپ.

ئاندىرى ئىركۈتسكى ۋاگزالىدا نىمە قىلىشنى بىلەلمەي ئايلىنىپ يۈرگەندە، قۇۋ، كوزى ئوتكۈر بىر ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ ئاندىرىنى قوندۇرۇۋېلىشقا ماقۇل بولۇپ، شەھەرنىڭ يىراقراق سەھراسىدىكى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئاندىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر نەرسىنى چاندۇرمىغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇ بۇ ئەسكەرنىڭ پانا جايى يوقلۇقىنى بىلشۋالغان ئىدى، شۇڭا ئەتىسى ئەتىگىنى ئاندىرىنى يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، لېكىن پاكىز، ئاددى ـ ساددا كەلگەن تانىيە ئىسىملىك گاچا ئايالغا بېرىۋەتتى. ئۇ تانىيەنىڭ ئۆيىدە تامدەك قېتىپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە، توپ ـ توغرا بىر كۈن ئولتۇردى، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللىقانداق جايلارغا قېچىپ كېتىشكە ھەر زامان ھازىر بولۇپ تۇردى. ئەتىسىمۇ يەنە بىر كۈن ئولتۇردى، كېيىنچە كەتمەي تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئۆيدىكىلەر ۋە ئالدىنقى سەپتىكىلەر دېرىكىمنى ئالالمىسۇن دەپ، يۈز بېرىپ قالىدىغان ئەھۋالدىن ئۆزىنى بىر مەھەل مۇشۇ يەردە چەتكە ئېلىپ تۇرماقچى بولدى.

گاچا ئايال تانىيەنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ ئەڭ چېتىدە بىر ياغاچ ئۆيى بار ئىدى. دوختۇرخانىدا تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان بۇ ئايال بىر كۈندە ئىككى قېتىم ــ ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى ــ دوختۇرخانىغا چاپاتتى، ئەسكى لاتىغا ئورالغان پارچە بولكىلارنى ۋە ئەينەك كومزەككە قاچىلانغان شوۋىگۇرۇچ ياكى شورپىلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ياخشى يېرى ــ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىزاھات بېرىش، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش ھاجەتسىز ئىدى؛ تازىمۇ قىزىق ئىش، ئاندىرىنىڭ تەگرى سوزلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغان بۇ ئايالغا ئۇچراپ قېلىشى تولىمۇ جايىدا ئىش بولۇپ، كوڭلىگە تازا ياققان ئىدى. بىلىش كېرەككى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىگە

دىگۈچىلىكمۇ ھېچقانداق سوزى يوق ئىدى. بەزىدە ئۇ ئىلىك-سىلىك بولۇپ قالاتتى-دە، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېپقالغانلىغىنى، نىمە ئىش قىلىشقا كەلگەنلىگىنى، ئۆزىنى بۇ يەرگە نىمىنىڭ جەلپ قىلغانلىغىنى ئاڭقىرالماي قالاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ئۆزىنىڭ دەسلەپ پويىزغا قاراپ باسقان ھەر بىر قەدىمى، پويىزدا ئۆتكۈزگەن ھەر بىر سائىتى پەيدا بولاتتى، پەيدا بولغاندىمۇ شۇنداق ئېنىق، شۇنداق جانلىق پەيدا بولاتتىكى، كوڭلى بىئارام بولۇپ، ئازاپ ئىچىدە ئورتىلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخىچە قۇتۇلۇپ كەتمىگەن، ئېسىگە كېلەلمىگەن ئىدى. بەزىدە قىمىر قىلىپمۇ قويماي بىر يەرگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالاتتى؛ بەزىدە بولسا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ، يۈرىگىدىكى دەرت-ئەلەمنى باسماقچى بولاتتى؛ كىچىككىنە ياغاچ ئۆي گۆرسۈلدىگەن ئاياق زەربىدىن تەۋرەپ كېتەتتى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ بۇلۇڭدىن-ئۇ بۇلۇڭغا يۈگۈرگىنى ئىدى، ھەرقانچە قىلسىمۇ كوڭلى ئارامىغا چۈشمەيتتى. نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، ئۇ توساتتىنلا ھەم ئۆزىدىن يىرگىنىپ كېتەتتى، ھەم ئۆزىدىن ئاغرىناتتى، مۇشۇنداق شارائىتتا يەنە سان-ساناقسىز چاتاق ئىشلارنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىغىنى ئېنىق بىلەتتى.

شۇنداق ھىسسىيات، تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، شۇنداق تۇيغۇ، ئۆزىگە قوللانغان شۇنداق پوزىتسىيە ناھايىتى

ئۇزاق بىر مەزگىل ئۇنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ كەلدى.

تانىيە ئاز ئۇچرايدىغان مۇلايىم، كويۇمچان ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گاس، گاچا بولۇپ قالغانلىقىدىن قىلچە ھەسرەتلەنمەيتتى، خۇدادىنمۇ، بەندىدىنمۇ ئاغرىنمايتتى، يالغۇزلۇقىدىنمۇ زارلانمايتتى. ئاندىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە شۇنچە ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ياكى بىرەر نىمىدىن ئاغرىنغانلىقىنى كورمىدى. چىرايىدىن كوڭلى يايرىغانلىقى بىلىنمەيتتى، بىراق خاتىرجەملىك مېھرىۋانلىق يېغىپ تۇراتتى، ھەرقاچان كۇلۇمسىرەشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. گاس، گاچا كېسەللىكە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشى گويا جازالانغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئارام بېرىش ئۇچۇن بولغاندەك تۇراتتى. ئاندىرى دەسلەپتە، ئۇ مېنىڭ تېگى-تەكتىمنى بىلىدۇ، بىلگەنىنىڭ ئۇستىگە ماڭا ھەسداشلىق قىلماقتا، دىگەن ئويدا بولدى. ئاندىرى يەنە شۇنداقمۇ ئويلايتتى: ئۆزىنىڭ تانىيەنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۆز رايىچە بولغان ئىش ئەمەس، بەلكى بىر قول ئۇزىگە ئىشارەت قىلىپ، ئۇزىنى بۇ يەرگە باشلاپ قويغان بولسا كېرەك. بىراق ئۇنى بۇ يەرگە ئېپكېلىپ نىمە قىلدىكىنا؟ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچىمۇ ياكى بىلدۇرمەستىن قەدەممۇ-قەدەم بەربات قىلماقچىمۇ؟

تانىيە ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، كومزەككە قاچىلانغان، لاتىغا ئورالغان نەرسىلىرىنى بىر-بىرلەپ چىقىرىپ، ئاندىرىنىڭ

ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇراتتى-دە، ئۇنىڭ غىزا يېيىشىگە ھەيران بولغان، خوشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئاندىرى قوسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۆرىسىنى ئەرنىڭ مۆرىسىنى قاققاندەك ئاستا قېقىپ قويۇپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى. تانىيە بۇنداق قوپال مېھرىۋانلىقتىن ھوزۇرلىنىپ، تەمتىرەپ كېتەتتى-دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ مەڭزىگە يېقىپ، ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلىشقا باشلايتتى، لېكىن ئاندىرى چۈشەنمەيتتى. تانىيە تىت-تىت بولۇپ، ئون بارمىقىنى توختىماي ھەركەتلەندۈرۈپ ئىشارەت قىلاتتى، ئاندىرى تەشۋىشلەنگەن ھالدا بېشىنى چايقاپ، باشقا ياققا قارىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن تانىيە ئاندىرىنى پەرىشان قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش نىيىتىدىن كېچىپ، قولىنى ناماقۇل بولغان ھالدا ئۇنىڭغا سوزاتتى.

تانىيە ئاستا-ئاستا ئاندىرىغا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قول ئىشارەتلىرىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويدى. ئۇ ئاندىرىغا قول ئىشارىتى بىلەن گەپ قىلغاندا خۇددى بالىلارغا تىل ئۆگەتكەنگە ئوخشاش مېھرىۋانلىق ۋە سەۋرچانلىق كۆرسىتەتتى. لېكىن ئاندىرى گاس، گاچىلارنىڭ بۇنداق ئىشارەتلىرىدىن بىزار بولغاچقا، ئىلاجىنىڭ بېرىچە ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇزاققىچە تۇرۇۋەرگۈسى كەلمىدى. كېچىسى تانىيە يېقىن سۇۋۇشۇپ كەلگەندە ئاندىرى ھەققەتەن ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ، ھەممە ئاياللار مۇشۇنداق شارائىتتا

مۇڭىنى توكۇۋاتقاندەك مۇڭلىنىپ، قىستاۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى ۋە قىزىقسىنغان ھالدا دىمىنى ئىچىگە سىلىپ جىم تۇرۇپ ئاڭلاپ، بۇنىڭ ئوزىنىڭ خاتا تۇيغۇسى ئىكەنلىكىنى بايقايتتىيۇ، لىكىن يەنىلا بىر خىل يامان پىكىردىن، يەنى تانىيە گاس، گاچا ئەمەس ئىكەن، ئۇ شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىكەن دىگەن ئوي-خىيالدىن خالى بولالمايتتى.

بىراق ئاندىرىنىڭ ئوزىمۇ ھازىر ئوزىنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ قالغانلىغىنى بىلمەيتتى. چۇنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئورنى يوتكەلگەن، ئاستىن-ئۇستۈن بولۇپ كەتكەن، ئوزى گويا مۇئەللەق ئىسىلىپ قالغاندەك بىر ھالغا چۇشۇپ قالغان. ئۇ ئەسلىدە بىرنەچچە كۇنلا ئويىدە تۇرۇپ كەلمەكچى ئىدى، نەتىجىدە يىرىم يولدا يا ئالدىغا ماڭالماي، يا ئارقىغا قايتالماي تۇرۇپ قالدى: ئەسلىدە ناستيۇنانى سىغىنغان ئىدى، نەتىجىدە تانىيەنىڭ يىنىغا كىلىپ قالدى. باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا زادى جۇرئەت قىلالمايتتى. ئەپلەپ-سەپلەپ ئوتكۇزۇۋىتەي دىسە، ئوتكۇزۇۋىتەلمەيتتى؛ پۇشايمان قىلاي دىسە، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالمايتتى.

ئاردىن بىر ئاي ئوتكەندىن كىيىن ئۇنىڭ سەۋرى-تاقىتى قالمىدى. بىشىغا ئولۇم كەلسىمۇ مەيلى دەپ ئالغا قاراپ ماڭماقچى بولدى. يىرىم كىچىدە، تانىيە دوختۇرخانىدا تازىلىق قىلىۋاتقاندا، ئاندىرى ئۇنى تاشلاپ قىچىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئارقىسىغا قايتىدىغان يولى قالمىغان، پەقەت بىرلا يول —

ئۇيگە قايتىش يولىلا قالغان ئىدى.

ئاندىرى ئىركۈتسكىدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن دىققەت-ئېتىۋارى بىلەن ئالدى-كەينىگە قاراپ ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندۈزلىرى يول بويىدىكى كەنتلەردە كوزگە كورۈنۈشنى مەنئى قىلدى، ھەر خىل كىشىلەرگە يولۇقمايمەن دىگىلى بولامدۇ دەيسىز؟ ئۇ كۈندۈزلىرى كەنتتىن يىراق جايلاردىكى بۇز يەرلەردە، قىشلايدىغان كىچىك ئۇيلەردە ياكى قۇرۇق ئوت-چوپ دوۋىلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ھەر يانغا قارايتتى، بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى كورگەن هامان قورقۇپ، ئىچىدە تىللايتتى، توڭلاپ لاغىلداپ تىترەپ كەتسە، ئوز ئوزىنى قاغايتتى؛ تۈندە، كائىنات جىمجىتلىققا چوككەندە ئۇچقاندەك ئوز يولىغا راۋان بولاتتى، بەختىگە يارىشا، كۈندۈز ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، ھەش-پەش دىگىچە ئوتۇپ كېتەتتى.

ئۇ ئاخىر كىرىشنى بايرىمى مەزگىلىدىكى قەھرىتان سوغاق بولۇۋاتقان بىر كېچىسى ئاتامان كەنتىگە يېتىپ كەلدى. تاغ قاپتىلىدىكى ئىگىزلىكتە تۇرۇپ، چارچىغان، قېلىن قار شولىسىدا چاقىيىپ هالى قالمىغان كوزىنى مەھەللىدىكى ئويلەرنىڭ ئىككى تەرەپكە قىيىشىيىپ تۇرغان ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان ئوگزىلىرىگە بىر قۇر يۇگۇرۇتۇپ چىقتى. ئۇ ئوز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە بولىدىغان ھىسسىياتنى ھىس قىلالمىدى، بۇنى ھىس قىلىشقا ھەپىلىسمۇ يوق ئىدى. ئۇ يەردە بىر دەم تۇرغاندىن

كېيىن دەريا بويىغا چۈشتى. بۇ يەردىكى تىك يارنىڭ تۈۋىنىدە كەنتنى كورگىلى بولمايتتى. ئۇ ئانىگارا دەرياسىدا قېتىپ كەتكەن مۇز ئۈستىدىن ئوتۇپ ئوز ئويىگە تەۋە مونچا ئىشىگى ئالدىغىچە باردى. مونچا ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپلا يەرگە ئوزىنى تاشلىدى-دە، خۇددى ئولۇككە ئوخشاش قىمىر قىلىپمۇ قويماي ئۇزاققىچە ئوڭدىسىغا ياتتى.

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، پۈتلىرىنى ئاران سورەپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ ئانگارا دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ مۈرىسىدە چاڭغا بار ئىدى، بېلىگە قىستۇرۇلغان پالتا پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

ئاندىرى گۇسكوۋ ئاندىرىيېۋ ئىكىنزارلىغىدىكى، ئوستەڭ بويىغا يېقىن بىر جايغا سېلىنغان، قىشتا كېرەك قىلىنىدىغان كونا ئوينى ئوزىگە پانا قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان ھېچكىم تېگىپ باقمىغان مەشكە ئوت يېقىپ، ھەربىر سۇدانىدا بىرئاز چاي قايناتتى، قانچە كۈنلەپ بورىگە ئوخشاش ياۋايى تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئىسسىنىۋالدى. لېكىن ئارىدىن يېرىم سائەت ئوتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى، ئوزىنىڭ پۇت-قوللىرىدىن پۈتۈن ئەزايىنىڭ ئاجايىپ قاتتىق تىترەۋاتقانلىغىنى بىلدى. ئوزىنىڭ بۇنچىلا تىترەپ كېتىشىگە ئۇزاقتىن بۇيان ئىسسىنال-مىغانلىغى، ئەمەلىيەتتە بىردىنلا ھەددىدىن زىيادە ئىسسىنىپ

كەتكەنلىكى سەۋەپ بولغان بولۇشى مۇمكىن؛ ياكى نېرۋىسى جىددىيلىشىپ كېتىپ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە روھىي ھالىتى جايىغا چۈشۈشكە، ھەر مىنۇت كوزىنى چەكچەيتىپ، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇش زورۇرىيىتى تۈگەپ ئارام ئېلىشۋېلىشقا ئىمكانىيەت يار بېرىشكە كېچە-كۈندۈز تەقەززا بولغانلىقى، ئەمدىلىكتە شۇ پەيتىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكى سەۋەپچى بولغاندۇ، بەلكىم.

ئۇ ئىركۇتسكىدىلا ئاتامان كەنتى ئەتراپىدىكى بىرەر جاينى ئۆزەمگە پانا قىلسام بولار دەپ ئويلاپ يۈرگەن چېغىدىلا، قىشلايدىغان مۇشۇ ئۆينى تاللىۋالغان ئىدى. بۇ ئۆي ناھايىتى ئوبدان جايغا سېلىنغان بولۇپ، ئۇرنى تاغ ئارقىسىدىكى چوڭقۇر جىلغىدا ئىدى، كېچە-كۈندۈز توختىماي مەشكە ئوت ياققان تەقدىردىمۇ، تۈتۈنى كورۈنۈپ قالمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىرنەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى جايدىلا بىر ئوستەڭ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە توڭلىغان مۇزدىن ئوتكەندە، ئاياق ئىزلىرى قالمايتتى.

نىمە ئامال بار دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى ئەنە شۇ شەرتلەر ئىدى. ئارىنى ئانگارا دەرياسىنىڭ ئايرىپ تۇرغانلىقىنىڭ ناھايىتى مۇۋاپىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلىش ھاجەتسىز، بۇ يەرگە بۇرۇنقى چاغلاردا كەلگۈچىلەرمۇ يوق دىيەرلىك ئىدى، ئەمدى تېخىمۇ كەلمەسلىكى تۇرغان گەپ، زادى ھېچكىم كەلمەيدۇ. ھەتتا قاتناش بەلگىسىگە

قارايدىغانلارنىڭمۇ ئارالـدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كېلىشىگە ئىـش
چىقمايتتى، چۈنـكى پاراخوتـلار ئۇلار تەرەپتـكى كەڭ ئېـقىن
بىلەن قاتنايتتى.

ئاتامان كەنتىنىڭ ئېتىزلىرى ۋە يايلاقلىرى ئەزەلدىن دەريا-
نىڭ ئۇ قېتىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى، شۇ يەردىكى يەر-زىمىن-
مۇ يېتىپ ئاشاتـتى. ئوۋ ئوۋلاش، بېـلىق تۇتۇش دېگەنـدەك
قوشۇمچە ئىشلارمۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، كەنت ئەتراپىدا بولاتتى.
كەنتلىكلەر لېنا دەرياسى بويىغا ئوتتىدىغان رايوندا مەيلى ياۋايى
هايۋان ياكى ياۋا مېۋە-چېۋە بولـسۇن، دەريانىڭ ئۇ قېتىـغا
قارىغاندا مول دەپ هېساپلـىغاچقا، دەريادىن ئۆتۈپ بۇ جايغا
ئانچە كېلىپ يۈرمەيتتى. كەنتنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەريا ئوتتۇرى-
سىغا جايلاشقان ئارالغا بەزىلەر ھەقتەقتەن ئوت-چۆپ ئورۇشقا
باراتتى، ياۋا مېۋە-چېۋىلەرنىمۇ يىغىۋالاتتى، شۇڭا بۇ ئارال
ئوت-چۆپ ئارىلى دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىدى.

ياپونىيە-روسىيە ئۇرۇشى پارتـلاشـتىن ئىلـگىرىلا ئاندىرى
سۆۋ ئىسىملىك بىر كوچمەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ روسىيەدىن
ئاتامان كەنتـىگە كەلـگەن. تۇت ئەتراپـىنى بىر قۇر كۆزدىن
كەچۈرۈپ چىققاندىن كېـيىن، ئۇنىڭ ئانـكارا دەرياسـىنىڭ بۇ
قېتىدىكى يەرلەرنى تەسەررۇپ قىلىشقا تاللىۋالغانلىقى يەرلىك
دىخانلارنى تازىمۇ ھەيران قالدۇرغان. ئۇمۇ ئاتامان كەنتىدىكى-
لەرگە ئوخشاشـلا ئۆيـىنى كەنت ئىـچىگە سالـغانۇ، دەريانىڭ
بۇ قېتىغا كېلىپ بوز يەر ئاچقان. ئۇنىڭ ئارتۇقچە كۆچ سەرپ

قىلىپ دەرەخ يىلتىزلىرىنى قومۇرۇشى ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى ئورمان ئارىسىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بوش يەر بۇ جايدا قانچىلىك دېسەڭ شۇنچىلىك تېپىلاتتى.

ئۇ تېخى تىلىنمىغان ياغاچلار بىلەن قىشلىق ئىككى ئۆيمۇ سالدى، بىرىنى ئۇستەڭ بويىغا ئوت-چۆپ ئورىدىغان ئوتلاقلا يېقىنراق بىر جايغا، يەنە بىرىنى دوڭگە، ئالدىنقى ئۆيدىن تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا سالدى-دە، ئىگىلىك يارىتىشقا كىرىشىپ كەتتى ۋە بۇ ئىش ئاجايىپ جايىدا ماڭدى.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، كىشىلەر ئاندرى سوۋېنىڭ ئىسمىغا ئاساسەن بۇ جاينى ئاندرىنىڭ ئىگىنزارلىغى دەپ ئاتايدىغان بولدى.

ئاندرى سوۋې كولخوز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن؛ ئۇنىڭ بىر ئوغلى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشقا① كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەن؛ يەنە بىر ئوغلى 1930-يىلى باي دېھقان قىلىپ بېكىتىلىپ، مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن باشقا جايغا سۈرگۈن قىلىنغان. دېمەك، كوچمەن ئاندرى سوۋې ئاخىر يېڭى ئاچقان بوز يېرىدە يىلتىز تارتالمىغان.

ئۇنىڭ يەرلىرى، ئالدىن مولچەرلەنگىنىدەك، كولخوز

---

① بۇ يەردە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — تەھرىردىن.

تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى. بۇ بىرنەچچە گىگىتار يەرنى دەپ ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرى تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن شۇنچە يىراق يەردىن ئادەم ئەۋەتىشتىن قانچىلىك نەپ تەگسۇن؟! يەنە تېخى سىيالكا، كومبايىنلارنىمۇ ئانگارا دەريا-سىدىن ئۆتكۈزۈش ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالايىتەن بىر كېچىك كېمىسى تەييارلاش ئەرزىمدۇ؟

ئەمدى ئاندىرى گۇسكوۋ ئاندىرى سۆيگەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى كېرەك، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ھەرقايسى جەھەتلەر-دىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان، بىخەتەر، ئىشەنچ-لىك پانا جاي قالدۇرۇپ كەتكىنى ئوبدان بولغان ئىكەن.

ئەگەر ئۇ ئۇمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تاغ باغرىدىكى بۇ قىشلىق ئۆيدىن ياز كەلگىچىلا پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغ ئۈستىدىكى ھىلىقى كىچىك ئۆيگە كوچۇشكە ياكى قونالغۇ قىلغۇدەك باشقا جاي ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى، شۇنداق قىلغاندىلا بېلىقچىلارنىڭ ياكى چېپىپ يۈرۈشنى ياخشى كورىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر خىيال بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قاراپ بېقىشىدىن ساقلان-غىلى بولاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەتىسى تاغ ئۈستىدىكى قىشلايدىغان ھىلىقى كىچىك ئۆيگە بىر قېتىم بېرىپ بېقىش، ھازىر ئۇنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى كورۇپ بېقىش قارارىغا كەلدى......
چاغقام بار. ئاۋال ئۇستەڭنى بويلاپ يۇقۇرى ئېقىمغا قاراپ

ماڭسام، ئۇنىڭدىن كېيىن چاڭىغا بىلەن بىر ئاز ئەگرى يولنى بېسىپ ئۆتسەم، ئۇ تەرىپىدىن كىچىك ئۆيگە يېتىپ بارالايمەن؛ ياشاش كويىدا بولغاندىكىن، ھەر ھالدا بىرەر تەرەددۇت قىلغىنىم، ئۇ يەردە ئىمىلەرنىڭ بارلىقىغا قاراپ بېقىپ، يېڭى تۇرمۇشۇمنى قانداق باشلاش ئۈستىدە ئويلىنىپ قويغىنىم تۈزۈك. بىر ئوۋ مىلتىغى بولغان بولسا، ھەممىدىن ياخشى بولغان بولاتتى. ناستيونانى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك، باشقىلارنى ئىزدەپ يۈرگىلى بولمايدۇ. يالغۇز ئوزەمگە تايىنىپ ياشىشىم مۇمكىن ئەمەس......

ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا بۇلارنى ئويلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ھۆججۈمغا ئۆتكەن سوغاق تىترەكمۇ ئاز-پاز پەسەيدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەشكە ئازراق ئوتۇن سېلىپ قويدى-دە، تاختاي ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، تاكى ئەتىسى تاڭ سەھەر-گىچىلىك پەقەت ئويغانماي بىر كېچە-كۈندۈز ئۇخلىدى.

## 5

كەچقۇرۇن، زايوم سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى، ھېچ-قاچان بۇ يىلقىدەك بۇرۇن سەپەرۋەر قىلىنمىغان ئىدى. ناستيونا بەتتەخەجىلىك قىلىپ ئىككى مىڭ رۇبىلىق زايوم سېتىۋالدى. كەنت بويىچە پەقەت ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچلا شۇنچىلىك سېتىۋ-

ۋالغان ئىدى. بىراق ھەممىگە مەلۇمكى، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ-
نىڭ پۇلىنىڭ ھەددى-ھېساۋى بولمىغاچقا، باشقىلار ئۇنى
ئىننوكىنتى چەندازا دەپ ئاتىشاتتى. لېكىن ناستيۇنا زايومغا
تولىگۇدەك شۇنچە كوپ پۇلنى قەيەردىن تاپىدىكىنا، بۇنى
ئۇنىڭ ئوزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. مىخئىچ كېسەلگە گىرىپتار
بولۇپ قالغانلىقتىن، ئېھتىمال كېسەل بولۇپ قالدىم دېگەن
بانا بىلەن يىغىنغا ناستيۇنانى قاتناشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن.
بىراق نىمە يىغىن ئېچىلىدىغانلىغى، قانداق مەسىلىلەر سوزلىنى-
دىغانلىغى ئالدىن ئۇقتۇرۇلمىغان ئىدى. ناستيۇنا ھاپىلا-شاپىلا
بولىدۇ، شۇنچىلىك سېتىۋالاي، دەۋەتتى. مەخسۇس خادىم ئۇنى
تەقدىرلىدى، يۇرتداشلار ئۇنىڭ شۇنچىلا كوپ زايوم سېتىۋېلى-
شىدىن ھەيران قالدى، ناستيۇنانىڭ ئوزىمۇ ئوز غەيرىتىدىن
قورقۇپ كەتتى. لېكىن، "ئېيتقان سوز—ئاتقان ئوق" دېگەن
گەپ بار. ناستيۇنا ئوز گېپىدىن يېنىۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمىدى.
بىراق ئۇنىڭ كوڭلىدە بىر غايىپ ئاۋاز "توغرا قىلدىڭ" دەپ
دەردىگە يەتكەندەك، تەسەللى بېرەتتى. ئۇنىڭ شۇنچىلا سانىنى
ئېيتالىغانلىغىغا قارىغاندا، ئاللىقانداق كۇچنىڭ ئۇنىڭ شۇنداق
دېيىشىگە تۇرتكە بولۇۋاتقانلىغى، ئۇنىڭ ھەرگىز ئاغزىغا كەلگى-
نىچە دەپ قويمىغانلىغى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ ئوز ئېرىنىڭ
گۇنايىنى زايوم سېتىۋېلىش يولى بىلەن ساقىت قىلماقچى
بولغاندۇ، بەلكىم......ئۇ شۇ چاغدا ئېرىنى خىيالىغا كەلتۇرۇپ
ئولتۇرمىغاندەك قىلاتتى، نامەلۇم كىشى ئۇنىڭ ئورنىدا غايىپتىن

ئويلاپ قويغان بولسىمۇ ئېھتىمال.

ئۇ ئويگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن زايوم سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى گەپلەرنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا مىخئىچ دەرھال:

— ھە، قانچىلىك سېتىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككى مىڭ رۇبلىلىق.

ياغاچ كاڭ ئۈستىدە بىر نەرسە رېمونت قىلىپ ئولتۇرغان قېيناتىسى مىخئىچ ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپلا قولىدىكى ئىشلىرىنى تاشلىدى-دە، بېشىنى كوتىرىپ، ئىشەنمىگەن ھالدا سورىدى:

— نىمە بولدىڭىز، قىزىم، مەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— نەدىكىنى......

— ئالجىپ قالدىڭىزمۇ؟ پۇلىڭىز بارمىدى-يا؟ يوشۇرۇن يىققان پۇلىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— ياق.

— ئۇنداق بولسا نىمە دەپ شۇنداق قىلدىڭىز؟ پۇلنى قەيەردىن تاپماقچى بولۇۋاتىسىز؟ مېنى ياكى ئۇنى...... — ئۇ بېشى بىلەن كاڭ ئۈستىدە ياتقان سېمىيونوۋناغا ئىما قىلىپ قويدى، — سېتىۋەتمەكچى بولدىڭىزمۇ نىمە؟ لېكىن بىزنى بىكارغا بەرسىڭىزمۇ، ھېچكىم ئالمايدۇ.

— ئۇلار بۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى، غەلىبە ئۈچۈن ئېلىڭلار دەيدۇ.

— غەلىبە ئۈچۈن......

سېمىيونوۋنا كاڭ ئۈستىدە شىپىر-شىپىر قىلىپ بىر پەس قىمىرلىغاندىن كېيىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى:

— نىمە، نىمە دەيدۇ ئۇ؟

— ئۇ بىزنى بېيىپ كەتتىڭلار، نۇرغۇن پۇل يىغدىڭلار، پۇلنىڭ كوپلۇگىدىن قويغىلى جاي تېپىلمايۋاتىدۇ دەۋاتىدۇ.

ناستيۇنا چىملىدىق ئارقىسىدىكى ئوزىنىڭ يېرىم ئېغىز ئويىگە قاراپ ماڭدى، بۇ جاي ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن ئاندىرى ياتىدىغان جاي بولۇپ، كارۋىتى ھىلىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ناستيۇناغا مەلۇمكى، مىخئىچ چېچىلىسىمۇ، چېچىلىپ، چېچىلىپ بىر پەستىن كېيىن تىنچىپ قالاتتى؛ قېينانىسى بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسا، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئەيىپلىگەن، كەم-كۇتىسىز بىرەر ئايدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كوپرەك ۋاقىت تىللىغان بولاتتى...... ئۇنىڭ بىلەن كارىم نىمە! بۇ پۇلنى ئىشقىلىپ تولەپ بولىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھالدا بىرەر ئامالنى قىلارمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق يىغىن كېيىنمۇ يەنە ئېچىلىدۇ...... بىراق مۇشۇنچىلا كوپ زايوم سېتىۋالغانلىغىم ئۈچۈن ئەتە كاردا كەتتىگە بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم، بۇ ئىككى مىڭ رۇبلى قولۇمدىكى كوزىر بولۇپ قالدى، مۇبادا بۇ ئىككى مىڭ رۇبلى بولمىغان بولسا ھەممە ئىش سۇغا چىلاشقان بولاتتى.

ئۇنىڭ مولچەرى دىگەندەكلا توغرا بولۇپ چىقتى. يىغىندىن

كېيىن كولخوز رەئىسى نىستورنىڭ زايوم سېتىۋېلىش ئەھۋالىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى كوردى — بىر مەھەل توۋەنلەپ كەتكەن سان يەنە ئۆرلىگەن، كوپچىلىك نىستورنى يەرگە قارىتىپ قويمىغان ئىدى، — شۇڭا ناستيونا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى-دە، بۇ قېتىمقى يىغىندىكى ئەتىۋارلىق ئادەم ئاھاڭىدا:

— نىستور ئىلئىچ، — دېدى ئۇ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ھەتتا ئۇنىڭ پەملىسىنىمۇ ھورمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، — ئەتە كىم مەخسۇس خادىمنى چانا بىلەن ئاپىرىپ قويىدۇ؟

نىستور ئۇنىڭغا قۇۋلۇق بىلەن كوزىنى قىستى-دە، ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ ۋاقىرىدى:

— ھوي مەخسۇس خادىم، ماڭا قارىڭا! بىزنىڭ بۈگۈنكى زەربىدارىمىز ئەتە ئۆز رازىلىقى بىلەن سىزگە ھەمرا بولۇپ كاردا كەنتنى ئايلىنىپ كەلمەكچى. قانداق، قارشى تۇرمايسىزغۇ دەيمەن؟

مەخسۇس خادىم بۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، بۇ ھارغىن چىراي، يادىڭغۇ، پاكار، ئانچە كېلىشمىگەن ئەر كىشى بولۇپ، چاچلىرى پاخپىيىپ تۇراتتى، ئۇ ناستيوناغا سەپسالغاچ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن سوزلىدى:

— قانداق ئەر قارشى تۇرىدۇ دەيسىز؟ بۇنداق ياخشى يول باشلىغۇچى چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىدى.

نىستور يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ:

— بىراق ئىش پۈتكەندىن كېيىن بۇنى قايتۇرۇۋېتىڭ جۇمۇ، — دىدى ۋە ناستيۇناغا قاراپ كوزىنى قىسىپ قويىدى، — بۇنى يېنىڭىزدا بەك ئۇزاق تۇتۇپ قالماڭ، بىلىسىزغۇ دەيمەن، بىزنىڭ بۇ يەردە ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ.

ناستيۇنا ئەته كاردا كەنتكە بارىدىغان بولدى. ئۇنىڭ تېخى بۇ خەۋەرنى مىخئىچقا ئېيتىپ قويۇشىغا توغرا كېلەتتى......

بىراق، بۇ خەۋەرنى ئەته ئەتىگەن ئېيتسامۇ بولار، بۇگۈنكى ئىككى مىڭ رۇبلىنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ. ۋاي خۇدا- يىم، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق تۇرمۇش كەچۈرەرمەن؟! ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلار؟ قانداق قىلار؟

......ئۇلار تۇنجى قېتىم يۈز كورۇشكەنىدە كېلىشۋالغان كېچىسى ناستيۇنا ئۇۋ مىلتىغىنى ئاندىرىغا ئاپىرىپ بەردى. ئۇ يەنە بىرقانچە دورا قاچىلانغان مىشەكمۇ تاپتى، بىراق مىخئىچ- تىن ئېشىپ قالغان ئوق-دورا يوق دىيەرلىكلا بولغاچقا، مىڭ تەستە ئاران ئىككى-ئۈچ مىشەك جايلىيالىدى. بۇ بەكمۇ ئاز ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاندىرىمۇ شۇنداق دىدى، لېكىن ئۇ كەنتتە- كىلەردىن ئوتنە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، چۈنكى باشقىلار بۇنى دەرھال قېيناتىسىغا ئېيتىپ قويسا، قېيناتىسى گۇمانلىنىپ قالغان بولاتتى. بۇ كەنت تولىمۇ كىچىك بولغاچقا، تۇنۇگۈن كىمنىڭ ئويىگە كىمنىڭ ئازراق تۇز سوراپ بارغانلىقىنى، كىمنىڭ ئويىدە بولكىنىڭ ئوبدان پىشۇرۇلماي قېلىپ، كىمنىڭ ئويىگە بېرىپ ئوتنە ئالغانلىقىنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر بىلىپ

تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناستيونا مىخىنچتىن يوشۇرۇنچە قازناقتىكى قوزۇققا كىيىم بىلەن يوگەپ ئېسىپ قويۇلغان ئوۋ مىلتىغىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى؟ ناۋادا قېيناتىسى ئوۋ مىلتىغىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، سۈرۈشتۈرگىلى تۇرسا قانداق بولۇشىنى كىم بىلسۇن. بۇ ئىش ئۈستىدە ناستيونانىڭ ئويلاپ قويغىنىمۇ كەلمىدى.

ئاندرى بۇ قېتىم مۇنچىدا پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەمدەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ناستيونانى قورقۇتۇپمۇ يۈرمىدى، بىرەر شەپىنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا تىترەپ كېتىدىغان ئىشمۇ بولمىدى، پەقەت چىرايىنى غەم باسقان، قەلبىنى ھەسرەت چولغىۋالغان ھالدا ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. ئۇ ھەتتا بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. ناستيونا ئۇنىڭغا شۇنداق ئىچ ئاغرىتتىكى، ھوكۇرەپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئاندرى ماڭار ۋاقتىدا گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى:

— بوشنالىساڭ ئاندرىيېۋ ئىكىنزارلىغا، تاغ باغرىدىكى قىشلىق كىچىك ئۆيگە بېرىپ مېنى تاپقىن. مەن شۇ يەردە بولىمەن. — كېيىن تىترىگەن ئاۋازى بىلەن ئۆتۈندى، — كەلگىن جۇمۇ، ناستيونا. مەن سېنى كۈتىمەن. لېكىن بىرەر ئىتىمۇ سېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى كۆرۈپ قالمىسۇن.

مەخسۇس خادىمنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كەنتتىكىلەر ناستيوناغا بىر ياخشى ئات — كولخوز رەئىسى نىستور ئۆزى

ھارۋىغا قوشىدىغان كارىكا ناملىق ئاتنىسى — بېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رەئىس مەخسۇس ئىشلىتىدىغان، ئارقا يولەنچۈكى ئېگىز كەلگەن چانىسىمۇ بېرىشتى. ناستيۇنا ئاتنى چانىغا قوشۇپ، چانا ئىچىگە بىرئاز پاخال تاشلىدى-دە، كارىكىنى مەخسۇس خادىم قونغان ىستورىنىڭ قوراسىنىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كەلدى. ىستورىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەمدىلەتىن ناشتا قىلىشقا تۇتۇنغاچقا، كېيىن ئورۇن-كۆرپىسىنى ئېپكېلىشكە بېرىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، چانىنى ھەيدەپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

مىخئىچ شۇ كۈنى ئەتىگىنى ئورۇندىن قوپقاندا، ناستيۇنانىڭ باشقا يەرگە خىزمەت بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولدى. ئۆيدىكى كىرسىن تۈگەپ كەتكەچكە، مىخئىچ ئۆزى قارايدىغان ئاتخانىدىن ئىككى قېتىم ئوغرىلىقچە قۇتىغا توكۇپ ئېلىپ كەلگەن؛ يەنە بىر قېتىم ناستيۇنا ئىلاجسىزلىقتىن كىرسىن چىرىغىنى كوتىرىپ نادكانىڭ ئۆيىگە كىرسىن تىلەپ بارغان ئىدى. سەرەڭگە، تۇزمۇ تۈگەپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە توقاچ سوپۇن سېتىۋېلىش ئۈمىدىمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇنىڭغا كوزى يەتمەيتتى، چۈنكى سوپۇن خېلى ۋاقىتتىن بۇيان تېپىلمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ھەممە ئادەم ئۇزاقتىن بۇيان نائىلاج شۇلتا بىلەن كىيىم يۇيۇپ كەلگەن ئىدى. 1920-يىلى پارتىزان گاۋرىلا ئافاناسىيېۋىچ كىچىك دۇكاندار ئايال سىمانى كاچكۇلغا تاشلاپ ئولتۇرۇۋەتكەنىدىن باشلاپ ئاتامان كەنتىدە مىخچىلىك نەرسىنى سېتىۋالىدىغان جايمۇ

يوق بولۇپ، يىگانە چاغلىق نەرسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھارۋا بىلەن كاردا كەنتكە بېرىشقا توغرا كېلەتتى.

ناستيۇنانى مىخئىچنىڭ مۇنداق بىر تاپشۇرۇغى ئىنتايىن خوشال قىلدى:

— قىزىم، ئۇ يەرگە بارغاندا ئوۋچىلىق جابدۇقلىرى دۇكىنىدا مىلتىق دورىسى ۋە چاچما ئوقنىڭ بار-يوقلۇغىغا قاراپ باقسىڭىز، قاچاندىن باشلاپ مىلتىق ئېتىپ باقمىغانلىغىم يادىمدا قالماپتۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئاز-پاز ئوق-دورا ساقلاپ قويۇش كېرەك. باش ئەتىيازدا كوكتاتلىقتا جەرەن كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

مىخئىچ قازناقتىن كىرىسىن قاچىلايدىغان بىر قاچا ئېلىپ چىقتى، ئۇزىنىڭ ئەستىرىمۇ-تېشىمۇ ئىت تىرىسىدىن قىلىنغان جۇۋىسىنى ناستيۇنانىڭ ئايىغىغا تاشلىدى:

— بۈگۈن يېنىپ كېلەلەيسىزمۇ؟

— ناتايىن. دۇكانلار تاقىلىپ قالمىغان بولسا، ئۈلگۈرەلەيسەم......

— بوپتۇ، بوپتۇ. بۈگۈن يېنىپ كېلەلمىسىڭىز ئەتە كېلەرسىز. — ئۇ يەنە كوڭلىدىن كوتىرىلمىگەن ھىلىقى ئىشنى يەنە تىلغا ئالدى، — تۈنۈگۈن تاڭ سەھەردىلا كېتىپ قالغان بولسىڭىز تازىمۇ ئوبدان بولاتتىكەن. ئۇنداقتا ئىككى مىڭ رۇبلىنى بوينۇمغا ئېسىپ قويمىغان بولاتتىڭىز. بۇنىڭ بىلەن ئويناشقىلى بولامدۇ؟ ھە، قىزىم، نىمىشقا ئۈنچىقماي تۇرۇۋالسىز؟ تۈنۈگۈنمۇ ئۈنچىقمىغان بولسىڭىز، ياكى تىلىڭىزنىڭ يېرىمىنىلا

چىقىرىپ، ئازراق دىگەن بولسىڭىز جايىدا بولغان بولاتتى، ئەمدى ئېغىز ئاچالىغان بولاتتىڭىز. بوپتۇ، بوپتۇ، يولىڭىزغا مېڭىڭ، خۇدايىمغا ئامانەت، مېڭىڭ. ئۇ يەرگە بارغاندا سوۋېتكە كىرىپ ئوتۇڭ، ئاندىرى توغرىسىدا خەۋەر بار-يوقلۇغىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ. ئوتەر يولىڭىزدا پوچتىخانىغا قاراپ بېقىڭ. ئۇ يەردە بىرەر پارچە خەت ياكى ئالاقە قەغىزى ساقلىنىپ ياتقاندۇ، بەلكىم.

سېمىيونوۋنا كاڭ ئۈستىدە بىر پەس غوتۇلدىدى:

— ئەگەر مەن بولسامدىم، ھەرنىمە دىسمۇ ئوزەم يالغۇز باشقىلارنىڭ ئېرى بىلەن بىللە بىر يەرگە بارمىغان بولاتتىم. يەنە كېلىپ بۇ ئاي-بۇ كۇنلەردە. ئاھ خۇدا! ئوزەڭ بار! ئادەمنىڭ ياخشىسى ئەر خەقتىن ئوزىنى قاچۇرىدۇ. — سېمىيونوۋنا تىلىنى چايناپ، غوتۇلدىشىنى داۋاملاشتۇردى، — ھىم، ئۇ بىرنىمە يول ئۈستىدە چاندا ئوز قىنىدا ئولتۇرۇۋەرمەس، ھىم! ئۇ جەزمەن ناستيۇناغا سۆۋۇشىدۇ.

— بولدى، بولدى، خوتۇن، كەلسە-كەلمەس خىياللاردا بولما؛ — دىدى مىخئىچ ئۇنى توساپ، — يېتىشكىنى يېتىۋەرگىن، ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە. ئەندىشە قىلىدىغان ئادەمنى تازىمۇ تېپىپسەن-دە، ناستيۇنادىن ئەندىشە قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟!

مىخئىچ ئاقكوڭۇل ئادەم ئىدى. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، ناستيۇنانىڭ بۇ بىرقانچە يىللىق تۇرمۇشى قانداق ئوتەتتىكىن-تاڭ. سېمىيونوۋنا ئۇنى قەستەن بەنت قىلىۋالاتتى، ئەمگەككە ۋە

ئوي ئىشلىرىغا سالغاندىن باشقا چاغلاردا بىر قەدەممۇ نېرى كېتىشكە يول قويمايتتى. ئەمىلىيەتتە، كەنتتە ئاياللارنىڭ يۈرد-گىگە ئوت كەتكۈزگۈدەك كىم بار دەيسىز؟ پۈتۈن كەنتتە پەقەت ئۇتتۇرا ياشلىق بىرلا ئەر ـــ تۇتقاقلىق كېسلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان نىستورلا قالغان ئىدى، ئۇنى كېسەللىك تۇپەيلىدىن ھەتتا ئۇرۇشقىمۇ ئەۋەتىشمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنى ئۇنىڭ-دىن پەقەت كوزىنى ئۈزمەيتتى، چىڭ يۆگەنلەپ يۈرەتتى. مىخئىچ ھەممىشە ناستيۇنانى: " بارغىن، بالام، بارغىن، ئايال-لارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، مۇڭدىشىپ كوڭلۇڭنى ئېچىپ كەلگىن. سەن ياش، بىز قېرىلار بىلەن بىللە بولسۇەرسەڭ زېرىكىپ قالىسەن" دەپ تالاغا قوغلايتتى.

مىخئىچ ئاقكوڭۇل ئادەم ئىدى، بىراق پات ئارىدا ئۇمۇ ناستيۇنا بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ قالىدىغاندەك بولۇپ قالدى. ناۋادا ھېلىقى "تۇلكا" ناملىق ئوۋ مىلتىغىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنداق ياكى مۇنداق نەرسىلەر-نىڭمۇ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ سۈرۈشتۈرگىلى تۇرىدىغان بولسا، ناستيۇنا زادىلا جاۋاپ بېرەلمىگەن بولاتتى. ئوغرىغا ئارتىپ قويۇش بىلەنمۇ ئىش پۈتمەيتتى، ئەكسىچە، ئىش تېخىمۇ يوغىناپ كېتەتتى، تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ھەممە يەرنى ئاختۇرغىلى تۇرسا، بەزىلەر ئالدىدا چېنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى: ئوغرى نىمە ئۈچۈن كۆسكوۋ ئائىلىسىنىڭلا نەرسىسىنى ئوغرىلايدىغاندۇ؟ ئوز ئىچىدىن ئوغرى چىقىپ قالغا-

مۇ ـ قانداق؟ ئۇنداق بولمىسا قانداق نەرسىنىڭ قەيەردە قويۇل-
غانلىقىنى قانداق قىلىپ شۇنچە ئېنىق بىلىدۇ؟...... ئاندىرىمۇ
قايتىپ كەلگەنلىكىمىنى داداممىغا ھەرگىز تىنىپ سالىما دەپ
تاپىلىغان. مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىن زادى قانداق قۇتۇلغىلى
بولىدىكىن ـ تاڭ...... بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، سېمىيو-
نوۋنا چوڭ بىر بولكىنىڭ يوقالغانلىقىنى سېزىپ قالىدى، ئۇنى
ناستيۇنا ئاندىرىنىڭ يېنىغا ئىككىنچى قېتىم بارغىنىدا ئالغاچ
بارغان ئىدى. ناستيۇنا نائىلاج نادكىغا ئوتىنە بەردىم دەپ
قويغان ئىدى. بىراق بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئەپلەپ-
سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولار؟

شۇڭا ناستيۇنا كاردا كەنتكە بېرىشقا ئالدىراپ كەتكەن
ئىدى. ئۇ بىر يۇڭ پوپايكىنى ئايرىم بىر بوخچا قىلىپ قولىغا
ئېلىۋالدى، يۇڭ پوپايكىنى كىشىلەر ياراتماي قالسا دەپ، ھەر
ئېھتىمالغا قارشى قىممەتلىك، كوركەم كەلگەن، ئورىنبۇرگدا
ئىشلەنگەن يەنە بىر كۆلرەڭ كەمزۇلنىمۇ ئېلىۋالدى، ئۇنى
ئاندىرى ئۇنىڭغا تويىدا ئېلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى
نەرسىنى ئۇنىغا تېگىشكىلى ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئاندىرىغا بىر
چېلەكتەك ياڭيۇنى ئوغرىلىقچە ئاپىرىپ بەردى، لېكىن ئۇندىن
ئېلىۋېلىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى كات ساندۇقتىكى ئۇنمۇ ئازغىنا
قالغان ئىدى. ئېرىگە ئۇن ئاپىرىپ بەرسە ناھايىتى ياخشى
بولاتتى: ئۇ قازان نېنى سېلىپ، باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلاش-
تۇرۇپ يېگەن بولاتتى. ناستيۇنا يۇڭ پوپايكىسىنى ئۇنىغا

تېگىــشىدىغان چاغدا، ئاھالە تارقاقلاشــتۇرۇشتا كەلــگەن مارۇسا ئۇچۇن تېگىشىپ بەردىم دەپ قويالايتــتى. كاردا چوڭ كەنت بولغانلىقى ئۇچۇن ئىشنى ھېچقانداق ئىزنىــسىنىمۇ قالــدۇرماي جوندىۋەتكىلى بولىۋېرەتــتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تازىسىمۇ جايىدا كېــلىپ قالغان يېرى شۇ ئىدىكى، بۇ يۈك پوپايىــكىنى ناستيۇنا بۇلتۇر قىش مارۇسادىن تېگىشىۋالغان ئىدى. شۇڭا قىلچىلىكمۇ چانىمايتــتى. پۈتــكۈل ئۇرۇش مەزگىــلىدە مارۇسا ۋە ئۇنىڭ بىرتالاي باللىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەنە شۇنداق ئەسكى-تۈسكى كىيىملەر بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقانلىقى كاردىلىقــلارغا مەلۇم ئىدى.

ئۇلار خېلى كېچىكىپ، ۋاقىت خېــلى بىر يەرگە بېرىپ قال-غاندا يولغا چىقتى. كىرىشىشنى بايرىمى جەريانىدا بولغان قەھ-رىتان سوغاقنىڭ زەھىرى ئاجىزلاپ كەتــكەن، سەھەردە يەنىلا سوغاق بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھاۋا ئېچىلىپ، يەر-جاھان ئىل-لىشقا قاراپ مېڭىپ، كىشىگە كۈندۈزى تېخــىمۇ ئىللىپ كېتىدى-غانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كاردا كەنت چېتىگە چىقىشى بىلەنلا بىر خىلدا يورغىلاپ ماڭدى. چانا پۈختا چىڭدالغان يولدا خۇددى مۇز ئۈستىدىكىدەكلا غىرىلداپ تېز باراتتى، ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان دالىدا نەمــخۇش، كوكۇش تۇمان كوتىرىلگەن، كوز يېتىدىغان بوشلۇقتا سانسىزلىغان سۇس سېــرىق نۇرلار گاھ چاقنايــتتى، گاھ كوزدىن غايىپ بولاتتى. قاخــشال ئاق قېيىن شېخىدا بىرنەچچە ئالا قاغا خۇددى مىكىيانلارغا ئوخشاش قانتىنى

كېرىپ، ئۇنچىقماي پەيلىرىنى تۈزەيتتى. ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەر ئىللىق قۇياش نۇرىدا بىخىرامان نەپەس ئالاتتى. باھار تېخى خېلى يىراقتىكى گەپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىر يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

ناستيۇنا ئورۇمە جۇۋىنى مەخسۇس خادىمنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى-دە، ئالدىغا كۆز تىككەن پېتى چانا بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالدى. ئات تۇيىغى چاپچىتقان قار يۈزىگە چاچرىغاندا كۆزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قوياتتىيۇ، لېكىن ئارقىسىغا قاراپ ئولتۇر-مايتتى. گويا ئالايتەن ناستيۇنانى دەپ پەسىل تەرتىۋىگە قارىماي مۇددەتتىن ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن، باھاردىن ئاز-پاز دېرەك بېرىپ تۇرىدىغان بۇ كۈنلەردە چانىنى مۇشۇنداق ئۇچقانىدەك ھەيدەپ مېڭىش — ئۇنى ھەم ھاياجانغا سالاتتى ھەم تاقىتىنى تاق قىلاتتى، ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرايدىغانلىد-غىغا قارىماي، ھەتتا ئۆز رايىغا خىلاپ كېلىدىغانلىقىغا قارىماي، ئىش قىلىشقا ئالدىرايتتى. شۇمۇ يېتەر، تۇخۇم باسقان مىكىيان ئۇۋىسىدا يېتەرلىك ياتتى. ئالغا، ناستيۇنا! قورقماي ئالغا بېسىۋەر، ناستيۇنا! سېنىڭ ھازىرقى شاتلىقىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان شاتلىق، ھەسرىتىڭ باشقىلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. دادىل بولغىن-دە، ئالدى-كەينىڭگە قاراپ دەككە-دۈككىگە چۈشمەي، ئېتىڭنى قامچىلاپ ئالغا بېسىۋەر.

مەخسۇس خادىم ئۇنى ھە دەپ گەپكە تۇتاتتى، ئۇ كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماي ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا بىرەر ئېغىز گەپ

قىلىپ قوياتتى. كوپ ھاللاردا شۇنداق ئەرلەرمۇ ئۇچراپ قالىدۇكى، قارىماققا ئادەمدەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمىلىيەتتە ھەقىقى ئەر ئەمەس، مېڭىسى يامان غەرەز بىلەن تولغان. بۇ ئەر ئەنە شۇنداق بىرىنىمە ئىدى، ئۇ ئۆزى كوڭلىدە ئەڭ ياخشىسى ئاياللارنى ئۆزىگە زايومغا ھېساپلاپ بېرىۋەتىسكەن دەپ ئويلايتتى. ئۇ سوز قىلىسا خۇددى ئوكسۇپ يىغلىغانغا ئوخشاش سوزلەيتتى، يۈزى تولا يۆيۈلۈپ ياغاقلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئومرىدە قانچە قېتىم يۇغانلىغىدىن قەتئى نەزەر، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ماي، كىر داغلىرى ئاۋالقىدەكلا ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ساقلىنىپ قالغان، بەزى جايلىرى ئوتمە ـ توشۇك بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئەسكى لاتىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇلار دالىنىڭ چېتىگە يېتىپ كېلىشتى، چانا بىر ئوستەڭدىن ئوتكەندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى قەدىمي شەمشادزارلىققا كىردى. بۇ يەر قاتتىق جىمجىتلىققا چوككەن، شامالدىنمۇ قىلچە ئەسەر يوق ئىدى، كاركىنىڭ تاراسلىغان ئاياق تىۋىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. گايىدا دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلار چۈشۈپ قات ـ قات قار پەردىسىنى ھاسىل قىلاتتى، يول ئۈستىدە بىر بىرىگە كىرەلىشىپ كەتكەن ئۇچلۇق دەرەخ شاخلىرى ئاستا تەۋرىنىپ قوياتتى. بۇ يەردىكى ھاياتنىڭ تولۇق كورۈنۈشى ئەنە شۇ ئىدى.

بىراق بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە مەخسۇس خادىم كۇتولمىگەن يەردىن بىشەملىك قىلغىلى تۇردى. ئۇ ئولتۇرۇپ كېتىۋ

ۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ناستيۇنانىڭ ئارقا تەرىپىدىن كاپ قىلىپ پۇتلىرىغا ئېسىلدى - دە، پۇشۇلدىغىنىچە ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتتى. ناستيۇنا شارت قىلىپ ئارقىسىغا ئورۇلدى - دە، ئۆزىنى بوشىتىۋېلىپ — ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنچىلىك ماھارىتى بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى، — ئۇنى چاندىن قارغا ئىتتىرىۋەتتى؛ كاركا ئورۇكۇپ كېتىپ تېخىمۇ تېز يورغىلاشقا باشلىدى، ناستيۇنا ئۇنى توساپمۇ قويمىدى: مەخسۇس خادىم قولىشىپ قالغان پەيلىرىنى بوشاشتۇرۇۋالسۇن، ئىنچىكە پۇتلىرىدىكى قان تومۇرلىرىنى يۇرۇشتۇرۇۋالسۇن......ناستيۇنا ئېرى ھايات تۇرۇپ ئۈچ يېرىم يىل قۇرۇق ئوتتۇن كەبى تۇل خوتۇن بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئەرلەرگە ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ كوڭلىنى بەرمەيتتى، مەڭگۇ بەرمەيدۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېرىمۇ قايتىپ كەلدى، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ناستيۇناغا تەسەللى بېرىدۇ، بۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ئۇنىڭ ئېرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟!

مەخسۇس خادىم ھاسىراپ - ھومىدىگەن ھالدا چانىغا يېتىشىۋالدى، ئۇ تېخى قىلچىمۇ چۇشەنمەي، ناستيۇنانىڭ قارشىلىغىنى ناز قىلغانلىقى دەپ ئويلاپ، ھە دەپ كوزىگە كىرىۋالدى. ناستيۇنا نائىلاج ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويغاندىن كېيىنلا، ئۇ بىزىرىپ پەس كويىغا چۇشتى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئوتكەندىن كېيىن، گويا ئېسىنى تاپقاندەك، ئۆز خوتۇنىنى ماختىغىلى تۇردى، بالىلىرى ئۇستىدە توختالدى. ناستيۇنا، بۇرۇنلا شۇن-

داق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم بولدى-دە، كاركىنى قامچىلاشقا باشلىدى.

ئۇلار قاش قارىيىشتىن بۇرۇن كاردا كەنتكە يېتىپ كېلىشتى، خۇداغا شۇكرى، سودا دۇكانلىرى تېخى تاقالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەلەيمۇ تازا ئوڭدىن كەلدى: دۇكاندا كىرسىنمۇ، ئوق-دورىمۇ تېپىلدى، ئەڭ مۇھىم نەرسە شۇ ئىدى، ناستيۇنا بۇ ئىككى نەرسە بىلەنلا مىخشىچ ئالدىدا ئۆز گېپىنى ئوتكۇزەلەيتتى. ئۇ شۇ زامان قېيناتىسىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بانىسىنى تاپتى، ئۇنىڭغا :"بارغان كۈنۈم كىرسىن ئالالىماي قېلىپ، نائىلاج دۇكاندىكىلەرنىڭ باشقا يەردىن يوتكەپ كېلىشىنى كۈتتۈم" دېمەكچى بولدى. بۇنداق سەۋەپ-بانىغا رەددىيە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناستيۇنا سوپۇن ئالالمىدى، بىراق سەرەڭگە ۋە تۇز ئالالىدى. ئۇ دۇكانغا ئوبدان سەپسېلىپ شام بارلىغىنى كورۇپ قالدى-دە، ئۇنىڭدىن بەشنى سېتىۋالدى — بۇ شاملارنىڭ قەيەردىكى چېركاۋدىن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ناستيۇنا تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ يېزا ئىستىمال كوپىراتىۋىدا شام سېتىلىپ باققىنىنى بىلمەيتتى، بىراق بۇ يەردە بولسا بىراۋلارنىڭ زاكازى بويىچە تەييارلاپ قويغاندەك، تىزدۋېتىلگەن ئىدى، رەڭگى ئوزگىرىپ قارىداپ كەتكەن، ئوزىمۇ مايماق-سايماق بولۇپ كەتكەن بولغاچقا خېرىدارسىز تۇرۇپتۇ. ئۇ شامنىڭ ئۇچىنى ئويگە ئېلىپ كەتمەكچى، ئىككىسىنى ئاندىرىغا قالدۇرماقچى بولدى. "ئېرىم زورۇر تېپىلغاندا ياندۇرار، بەزىدە

ئۆي يورۇسا كۆڭۈلمۇ جايىغا چۈشىدۇ".

"بىر ئىش ئوڭدىن كەلسە ھەممىسى ئوڭدىن كېلىدۇ" دېگەن ماقال بار. ناستيۇنا قاش قارايغاندا يۇڭ پوپايكىسىنى يېرىم پۇت ئۇنغا ئوڭۇشلۇق تېگىشىۋالدى، ھېلىقى كەمزۇلنى بوخچىدىن چىقىرىپ ئولتۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشاللىغىدىن قاراڭغۇ چۈشۈشكە قايتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشقا كىرىشتى، ھېلىمۇ ياخشى ئۆزىنى تۇتۇۋالدى-دە، نىيىتىدىن ياندى. كېچىسى ئۇخلا-ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىغىدا يېتىپ، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كاركىنىڭ بوغۇزنى كورۇسلىتىپ چايناۋاتقانلىغىنى، قەھرىتان سوغاقتا مۇزلاپ كەتكەنلىكتىن ئۈزلۈكسىز سىلكىنىپ، پۇتلىرىنى يەڭگۈشلەۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ بىر ھازا تىركىشىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، كاركىنى چانىغا قوشۇپ، ئۆزىنى قوندۇرۇۋالغان ئۆي ئىگىسى — ئۆزى تونۇيدىغان بىر جەڭچىنىڭ ئايىلى — بىلەن خوشلىشىپمۇ قويماي، چانىسىغا ئاتقا بىر كۈن يەتكۈدەك يەم-خەشەك سېلىۋېلىپ يولغا چىقتى. ھەتتا بىرەر ئىتمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاۋاپ قويمىدى، غەرق ئۇيقۇدا قېتىپ قالغان كەنتتىن قىلچە ئۈن-تىۋىش چىقمىدى.

ناستيۇنا ئەڭ ئاخىرقى بىر رەت دېخان ئۆيلىرىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاتنىڭ بېشىنى ئوڭغا، ئانگارا دەرياسى تەرەپكە بۇرىدى. كاركا، ئۆيگە قايتقان يول تۈپ-تۈز ئىدىغۇ، دېگەندەك ھېچنىمىنى چۈشەنمەي توختاپ قالدى. ناستيۇنا

ئاچچىغى كېلىپ، چۆلۈۋۈر بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. ئۇ تونۇگۇنكىدەك بىر خىل تاقەتسىزلىك، بىئارامىلىق ئىلكىگە ئۆتكەن ئىدى، بۇنداق تاقەتسىزلىك تۇپەيلىدىن گويا ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەندەك، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى، چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كارىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ھىلىقى تەرەپكە قاراپ تېز يۈگۈرگۈسى كېلەتتى. ئۇ ئانىگارا دەريا سىدىن ئاتنى قوغلاپ ئۆچقاندەك ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغانلىغىنى، ئاتنىڭ دەريا يۈزىدە تۇتقان مۇز كاۋاكلىرىدا پۈتنى سۇندۇرۇۋالىدىغانلىغىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا دەريادىن ئۆچقاندەك ئۆتۈپ كېتىشكە ئاتنى ھە دەپ قامچىلايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ كورۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ رىبنايا كەنتىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سالماقتا، يۈرەكىنىڭ سېلىشىغا ئەگىشىپ بەدىنىمۇ يەم-خەشەكنى يېيىپ تۇرغان جۇۋا ئۈستىدە ھە دەپ سىلكىنەتتى. ئۇ ئۈزلۈكسىز تولغىنىپ، چۆلۈۋۈرنى پولاڭلىتىپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان، كىشى چوچۇغۇدەك بەزى سوزلەر بىلەن توختىماي ۋاقىرايتتى: تېز چاپ، تېز! ......ئىلاجى بار تېزراق چاپ، بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىڭنى ئايىماي قانچە تېز چاپساڭ شۇنچە ياخشى!

ئۇ رىبنايا كەنتى ئارقىسىغا تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىنلا كارىكىنىڭ چۆلۈۋۈرىنى ئاستا تارتتى-دە، مېڭىشىغا قويۇۋەتتى. ئەمدى ئۇ يەرگە ئانچە ئۇزاق قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ باياتىنقى

ئەسەبىيلىكى توساتتىن ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولۇپ، ئىچى بوشاپ قالدى. كوكسىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرى پىژىلداپ كويۇشكە باشلىدى. نىمە ئۇچۇن شۇنداق بولۇۋاتقانلىغىنى ئوزىمۇ چۇشەنمەيتتى.

ئاستا-ئاستا سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان تۇن قاراڭغۇسىدىن تاڭ يورۇشقا ئاز قالغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

ناستيۇنا چانا هەيدەپ كېتىۋېتىپ: ناستيۇنا، يالغان گەپ قىلىشنى ئۇگىنىۋالدىڭ، ئوغرىلىق قىلىشنىمۇ ئۇگىنىۋالدىڭ. بىراق بۇ تېخى بىسمىللاسىغۇ، ناستيۇنا، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتەرسەن؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنىلا ئوزىنى گۇناكار دەپ هىس قىلمايتتى، گۇناكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپمۇ قىلمايتتى، بۇلارنىڭ زادى قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىغىغا كوز قىرىدىلا قاراپ قويغۇسى كېلەتتى.

ئۇ كارىكىنى توختىتىپ، يېتىلگەن پېتى مۇز قېتىپ كەتكەن دەريادىن ئوتۇپ، قىرغاقتىن يىراقتا سوزۇلغان جىلغىغا ئېلىپ كەلگەندە تاڭمۇ يورۇپ قالغان ئىدى.

# 6

— هەي، سالام سىزگە، — دىدى ناستيۇنا ئېهتىياتچانلىق بىلەن كۇلۇمسىرەپ سالاملىشىپ.

ئاندىرى ئۇنىڭ بۇ چاغدا كېلىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرۈپ باقمىغان ئىدى. چانىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنىمۇ، ناستيۇنانىڭ ئات چۇلۋۇرىنى چانا شوتىسىغا ئالدىراپ-تېنەپ چىگىپلا، ئاتنى ئۇستەڭ بويىدا قالدۇرغاندىن كېيىن ئاستا بېسىپ قىشلىق ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشىنىمۇ ئاڭ-لىمىغان ئىدى. ئۇ كالتا جۇۋىسى بىلەن بېشىنى چۈمكىگەن پېتى ئۇخلاۋاتاتتى. ناستيۇنا ئىشكنى ئاچقاندىن كېيىنلا، ئۇ ئاندىن گويا پارتلاش دولقۇنى تەسىرىدىن تاختاي توشەكتىن ئىرغىتىپ تاشلانغاندەكلا ئاران تەستە پۇت تىرەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا ناستيۇنا سالاملاشقان مىنۇتتا چاچلىرى پاخپايغان، يۈزى مەينەتلىشىپ كەتكەن ئاندىرى ئۇنىڭ ناستيۇنا ئىكەنلىكىگە ئانچە ئىشەنمىگەن هالدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇزىنىڭ ناستيۇنا ئالدىدا شۇنچە ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ پەرىشان بولدى.

ناستيۇنا مانا مۇشۇ قېتىمدىكى ئۇچرىشىشتىلا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كورەلىدى: ئۇ يەنىلا ئەينى يىللاردىكىدەك قوپال بولۇپ، گەۋدىسى سەل-پەل ئۇلۇغ تەرەپكە قىيسىپ تۇراتتى، بۇرنىمۇ يەنىلا شۇ ئەينى يىللاردىكى ئاسيالىقلارغا خاس ياپىلاق بۇرۇن ئىدى، توشۇكى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان بۇرنى ئورناشقان كەڭ يۈزىنى قاپ-قارا، بۇدرە ساقاللار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كوزلىرى گويا تەرسا ئادەملەرنىڭ كوزىدەك تىكىلگەن ئىدى. كېلىدىكى ئۇچلۇق بۇغدىيىكى

گويا قېيىقتەك ئىگىز-پەس داۋالغۇپ تۇراتتى. ئۇ ياداپ كەتكەن، سولغۇن چىراي بولۇپ قالغان: بىرئاز دۇمچىيىپ قالغاندەك كورۇنەتتى، بىراق روھىي چۈشكۈنلۈكتىن ئەسەر يوق ئىدى — ھىلىمۇ زېھنى ۋە كۈچ-قوۋۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى كورۇنۇپ تۇراتتى. كىمكى ئۇنىڭغا چېقىلىدىغان بولسا، دەرھال قول ياندۇرۇپ، ھەرقانداق زەربىگە زەربە بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدىغاندەك تۇراتتى. ناستيۇنانىڭ ئوزىگە تونۇش بولغان، بىر بىرىگە تايىنىپ ياشاپ كەلگەن ئىبرى دەل ئەنە شۇ ئىدى. بىراق ئۇ يەنە ئوزىگە شۇنداق ناتونۇش چۈشىنىكسىز تۇيۇلاتتى، ھازىر بۇ ئوزىنىڭ ئۇنىڭغا نىمە دەيدىغانلىغىنى، ئۇنىڭدىن نىمىنى سورايدىغانلىغىنى ئەزەلدىن بىلىدىغان، ئوزى بۇنىڭدىن ئۈچ يېرىم يىل ئىلگىرى ئۇزىتىپ قويغان كىشى ئەمەس بولۇپ تۇيۇلاتتى.

— قارىماسىز، — دىدى ئۇ يەنىلا ئاۋال گەپ باشلاپ خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، — سىزنى بۇ يەردە قانداقراق ئوتتۇۋاتىدىكىن دەپ يوقلاپ كەلدىم. ئەندىشە قىلماڭ، مېنى ھىچكىممۇ كورمىدى، مەن كاردا كەنتىدىن بۇ يەرگە كېلىپ بولسامىمۇ، سىز تېخىچە قاتتىق ئۇخلاۋاتىسىز، سىزنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئىشلىتەرمىكىن دەپ ئاز-تولا بىر نەرسە ئالغاچ كەلدىم.

— ھازىر مېنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالمىغان كۈنۈم يوق، — دىدى ئۇ ئاخىر ناستيۇنانىڭ كېپىگە ئۇلاپ.

ئۇ پاختىلىق شىم ۋە يۇڭ پايپاق كىيىۋالغان ئىدى. ناستيۇنا

مانا شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يۈزىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئۇششۇك تېگىپ قارىيىپ يارا بولۇپ قالغانلىغىنى كوردى. ئۇ بارا-بارا ئۇزىنى توختىتىپ پىمىسىنى كىيىپ مەشكە ئوت يېقىشقا كىرىشتى. ناستيۇنا ئىشىك ياقىقا قاراپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئۇ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى-دە:

— نەگە؟— دەپ سورىدى.

— ھە، ئېپكەلگەن نەرسىلەرنى ئېپكىرىۋېلىشىمىز كېرەك-تە، تالادا توڭلىتىپ نىمە قىلىمىز.

— تۇرۇپ تۇر، بىلىپ چىقايلى.

ئۇلار بىر قاچا كىرسىنىلا چانىدا قالدۇرۇپ، باشقا نەر-سىلەرنى ئويگە ئېپكىرىۋالدى. ئاندىن كېيىن كاركىنى ئوستەڭ-نىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى دوقال ئارقىسىغا ئاپىرىپ چانىدىن چىقاردى-دە، ئالدىغا بىرنەچچە قوچاق قۇرۇق ئوت تاشلاپ بەردى. ئۇلار بەئەينى ناتونۇش كىشىلەردەك "تۇت" ياكى "ئەپكە" دىگەنگە ئوخشاش ئەڭ زورۇر بولغان بىر-ئىككى ئېغىز گەپنىلا ئارىلاپ قىلىپ قويغاندىن باشقا، بىر بىرى بىلەن گەپلەشمىدى. ناستيۇنا تېخىچە ئۇنىڭغا قانداق يېقىن-لىشىشنى، نىملەرنى دىسە جايىدا بولىدىغانلىغىنى بىلمەيۋاتاتتى؛ ئۇچۇ؟ ئۇمۇ ئۇزىنىڭ ھىلىقىدەك ئالاقزادىلىك ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگىنىگە تېرىككەنلىكتىنمىكىن ياكى دەسلەپتە ئۇزلىرىنى بىر بىرىگە چاتقان رىشتىنى تېزدىن چىگىتىشقا تېخى بەل باغلىيالمىغانلىقتىنمىكىن، ئەيتاۋۇر ئېغىز ئاچمايتتى،

مۇشۇ يىللاردىن بۇيان بۇ رىشتىنىڭ ساق تۇرغان-تۇرمىغانلىغىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز.

ئۇلار ئاتنى جايلاشتۇرۇۋاتقان چاغدا، ئوي مەشكە يېقىلغان ئوت تەپتىدىن ئىسسىپ كەتكەن ئىدى، ناستيۇنا چاپىنىنى سېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاق قارىغاي شاخلىرى سېلىنغان توشەككە ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا: ياق، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ كوڭلى ئارامغا چۈشىدىغان بىرەر ئىش قىلىشىم، بىرەر چارە تېپىشىم، خالىغىنىمچە ئاللىقانداق يوقىلاڭ بىر ئىشنى بانا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشىم لازىم، دىگەن ئوي بىلەن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئويگە ئېلىپ كىرىپ ئىشىك يېنىدا قويىغان ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئورۇمە جۇۋىسى ئىچىدىن ياستۇق قېپىغا قاچىلانغان بىر خالتا ئۇنىنى چىقاردى-دە، ماختانغان ھالدا ئېيتتى:

—قارىڭا، كاردا كەتتىدىن سىزگە ئۇن تاپقاچ كەلدىم. قازان نېنى سېلىپ يەرسىز.

ئۇ گەپ قىلماي، بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتىپلا قويدى.

—بۇ قانداق گەپ ئوزى؟ —دىدى ناستيۇنا ئاچچىقلاپ— ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلغىنىڭىز نىمىسى؟ لام-جىم دەپمۇ قويمايسىزغۇ! مەن تېخى سىزنى خوش بولۇپ كېتەر دەپ، يېرىم كېچە بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ھە دەپ بۇ ياققا چېپىپتىمەن. قايتىپ كەتكىنىم تۇزۇك ئوخشامدۇ؟

— كەتكىلى قويمايمەن!

ناستيۇنا ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئېيتقان چاغدىكى كەسكىن جىددى ئەلپازىغا، ئۇزىگە ئىشەنگەن ھالدا قىلغان توك كېپىنىڭ ئۇرامىغا قاراپ، ئېرىنىڭ ئۇزىنى كەتكىلى قويمايدىغانلىغىنى، قانداقلىكى بولمىسۇن كەتكىلى قويمايدىغانلىغىنى چۈشىنىپ، ئاندىرىنىڭ يېنىغا باردى-دە، بىر قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى خۇددى قارغۇنىڭ ئاللىقانداق بىرنىمىنى سىلاپ-سىپاشتۇرغىنىغا ئوخشاش سىلاپ قويدى.

ئاندىرى بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى-دە، چىرايى تاتارغان ھالدا:

— مېنى راستىنلا كەلگىنىمگە خوشال بولمايۋاتامدىكىن دەپ قېلىۋاتامسەن؟ بۇنىڭدىن خوشالمەن، ناستيۇنا، ئىنتايىن خوشالمەن! بىراق ھازىر مەن ئالدى بىلەن خەقنىڭ مېنىڭ خوشال بولۇشۇمنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىغىنى، كوڭلۇمدىكى خوشاللىقنى ئىزھار قىلغۇچىلىكى بار-يوقلۇغىنى بىلىپ بېقىشىم كېرەك، — دىدى.

ناستيۇنا بېشىنى ئۇنىڭ كوكرىگىگە قويدى:

— توۋا! نىمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟ مەن يا يات ئادەم بولمىسام، ئىككىمىزنىڭ بىرگە ئوتۇپ كەلگىنىمىزگە توت يىل بولۇپ قالدى، بۇنى ئاز ۋاقىت دىگىلى بولامدۇ؟

ئاندىرى جاۋاپ بەرمەستىن، ئۇنىڭ بىلىكىنى ئاستا تۇتۇپ قويدى-دە، قولىنى بوشاتتى. بىراق ناستيۇنا بۇنىڭدىن

ئانـدىرىنىڭ ئۆزىـگە دەرھال يول قويىدىغانـلىقىنى بايـقىدى.
قاراڭ، ھەتــتا ئۇنىڭ بىشىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، قىيسايغان
مۇرىــسى تەرەپــكە تاشلانــدى.....پەقەت ناستــيۇنانىڭ ئۆزىلا
ئۇنىڭ بوشىشىپ كەتــكەنلــىكىنى بىلــدۈرىدىغان ئىشەنچلىك
ئالامەتــنى بىلەتــتى. ئىلــگىرى ناستــيۇنا مانا مۇشۇ ئالامەتــكە
ئاساسەن ئۇنىڭ كەيــپىــياتى توغىرىــسىدا ھۆكۈم چىــقىراتتى.
ئەگەر ئۇ بېشــىنى بىر يانــغا قىيسايتىــدىغانــلا بولسا، نىــمە
دېگۈلۈك كەلسە دەۋرىسەڭ، چاخــچاق، ھەزىل قىلــغۇلۇك كەلسىمۇ
قىلىۋەرسەڭ، ھەممىسىنى كەچۈرەتتى، ھەممىسىگە ماقۇل دەيتتى،
بەلكى ئۇنــداق شوخلۇقنى ئۆزەڭدىنمۇ بەكرەك ئاشۇرۇۋېتەتتى
بولاتــتى. يەنە كېلىپ بىر ھازاغىچە شوخــلۇق قىلىۋالــمىغىچە
بولدى قىلمايتتى. شۇنداق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تېخىچە بۇرۇنقى
ئاندىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ساقــلىنىپ قالغان ئىدى. ناستيۇنا
ئۇنىڭغا قاراپ نازلىنىپ كۈلۈپ قويىدى. بۇ ناستيۇنانىڭ ئۇنىڭ
جاۋاۋىنى مېھرى-مۇھەببىتىنى تەلەپ قىلىدىغان تەبەسسۇمى ئىدى.
— مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم سىزنى ئېنىق كورۈۋېتىمەن. بىر
تۇتام ساقال قويۇۋېلىپ غەلىتە بولۇپ قاپسىز، — دېدى ناستيۇنا.
— قانداق غەلىتە؟

— ھەم، تۇرقىڭىزدىن خۇددى...... — ئۇ پىخىلــداپ كۈلۈپ
كەتتىيۇ، لېــكىن شۇ ھامان لېۋىنى چىڭ چىشلەپ كۈلــكىسىنى
توختاتــتى، — ئالۋاستىغا ئوخشاپ قاپسىز. مونــچىدىكى چاغــدا
ئۆزەمــنىڭ زادى كىم بىلەن — سىز بىلەنــمۇ ياكى ئالــۋاســتى

بىلەنمۇ ــ بىرگە بولۇۋاتــقانلىقىمنى ئۇقالمايلا قالدىم. ئىچىمدە:
"ئېرىم ئۇچۇن نومۇسۇمــنى ساقــلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئالــۋاستى قولىدا كەتكۈزۈپ قويدۇممىكىن" دەپ ئويلاپ قالغانتىم.
ــ ئۇ ئالۋاستى قانداقراقكەن؟
ــ ئۇمۇ بولــدىكەن، ئەمــما ھەرقانــچە قىلــغان بىلەن ئۇز ئېرىمگە يەتمەيدىكەن.
ــ تازىــمۇ قۇۋلىشىپ كېتىپسەن، بۇ، ھىچــكىمنىڭ چىشىغا تەگمەي دىگىنىڭــمۇ؟! كېلەركى قېتىم ماڭا بىر ئۇستۇرا ئالغاچ كەلگىن. بۇ پاخماق ساقالــلىرىمنى چۈشۈرۈۋېتەي.
ــ نىمىشقا؟
ــ ئالــۋاستىغا ئوخــشاپ يۈرمەي. ــ ئۇ بۇ گەپــتىن كېيىن يەنە ئۇز نىيىتىدىن يېنىۋالدى، ــ ھە، ياق، چۈشۈرمەيلا قوياي، چۈشۈرمەي، ئوزەمگە ئوخشاپ قالماسلىــقىم ئۇچۇن ساقىــلىمنى قويۇۋېتەي. يەنىلا ئالۋاستىغا ئوخشىغىنىم تۇزۇكتەك قىلىدۇ.
ــ توۋا! قۇرۇق گەپكىلا بېرىلىپ، ــ دىدى ناستيۇنا تۇيۇق ــسىز ئېســكە ئېلــىپ، ــ ئېــرىمــگە بىر نەرسە يــگۈزمىگــىنىم نىمىسى؟ ــ ئۇ بۇنى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن يادىدىن چىقىرىپ قويــغان ئىدى، ئەمــلىيەتــتە ئۇلار تېخى تۇزۇكــكىنە ئىــكــكى ئېغىز مۇڭدىشىۋالمىغان ئىدى. ــ ھەي، مەندەك خوتۇن بولغىچە! خېلىدىن بۇيان تاياق يىمىگەنلىكىم كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ.
ئاندىرى ناستيۇناغا زەڭ قويۇپ قاراپ، ھىم دەپ قويدى ـ دە، سورىدى:

— بىر كىم ئۇرمىدى دەۋاتامسەن نىمە؟
— شۇنداق بولمايچۇ.
— زېرىكىپ قالدىڭمۇ؟
— شۇنداق بولمايچۇ. ماڭا ئەقىل ئۆگەتتىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى. بولدى، ئولتارسىڭىزچۇ، مانا ھازىر يەيدىغان نەرسىلەرنى كەلتۈرىمەن.
— ھىچ بولمىغاندا ئازراق چاي قايناتساقمىكىن، — دىدى ئاندرىي ئېسىگە ئېلىپ.
— قايىنىتىڭ، قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغىنىڭىز نىمىسى، سىزنىڭ بۇ يېرىڭىزدە سۇمۇ يوقمىدى-يا؟
ناستيۇنا ئۆزىنىڭ خوجايىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇنى قىل، بۇنى قىل دىيەلىگەنلىگىدىن، ۋاقىتلىق بولغان بولسىمۇ، ئىنتايىن خوشال ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئاندرىينى ئىشقا سالمايتتى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىستائەت قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىغىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئاندرىينى مەشكە ئوتۇن سېلىشقا، ئوستەڭدىن سۇ ئېپكېلىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بوخچىسىنى ئاچتى-دە، يوغان بىر قارا بۇغداي بولكىسىنى ۋە چوڭ بىر پارچە كالا مېيىنى چىقاردى، كالا مېيىنى سېميونوۋنا كۆزدە ئاندرىيغا ئاتاپ ساقلاپ قويغان ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇلار ئاندرىينىڭ دەم ئېلىشقا كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى، دەم ئېلىشقا كېلىشى يوققا چىققان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمقى خوراپىي ئۆرپ-ئادەت بويىچە، شۇ قېتىمقى جەم بولۇشقا

تەييارلانغان نەرسە تېخىچە ئىشلىتىلمىگەن ئىدى، چۈنكى بۇ نەرسىلەر يەپ كېتىلىدىغان بولسا، قايتا جەم بولىغىلى بولماس. مىش. تەخمىنەن بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ناستىيۇنا بۇ كالا مېيىنى ئويلىمىغان يەردىن كورۇپ قېلىپ، بىر لاتىغا ئوراپلا قازاناقنىڭ ئېرىقى بۇلۇڭىدىكى تاختىۋېشىغا يوشۇرۇپ قويىغان، "كىمنىڭ ئېسىۋىسى بولسا شۇ يىسۇن" دەپ، تۇنۇگۇن ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭ يېرىمىنى كېسىپ ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدىكى، يەنە بىر يەردە تېخى ئويدە ئىشلەنگەن بىر شىشە ئاق هاراقمۇ يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىدى، بۇ هاراقنىڭ شىشىگە چاڭ-توزاڭلار قونۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاندىرى دادىسىنىڭ بوسۇغىسىغا شۇنداق قەدەم قويۇشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن — هەممەيلەن كېچە-كۈندۈز ياد ئېتىپ تۇرغان ئاندىرى ئۈچۈن — قەدەھ كوتىرىش پەيتى يېتىپ كەلگەن بولاتتى.

ناستيۇنا تېخى ئۇرۇش پارتلىماستا، مەلۇم بىر كۈنى كىنودا (بۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىنى ئۇ ئومرىدە پەقەت ئۈچ قېتىم كورگەن ئىدى) شەهەرلىك بىر خوتۇننىڭ ئوز خۇدىنى يوقاتقان هالدا كويىدىغان ئېرىگە قانداق ياخشى كورۇنۇشىنى بىلەلمەي، بەئەينى كېچىك بالىغا تاماق يىگۈزگەنگە ئوخشاش ئوز قولى بىلەن بىر نەرسە يىگۈزۈۋاتقانلىقىنى كورگەن ئىدى. ئەمدى بۇ ئىش يادىغا يەتكەندە، ئوزىدىمۇ بىر خىل جىددى، ئىلگىرى كورۇلۇپ باقمىغان ئاجايىپ ئوي پەيدا بولۇپ قالدى- دە، كالا مېيىنى ئاندىرىنىڭ ئاغزىغا ئوز قولى بىلەن كاپامىلاپ

سېلىپ قويغۇسى كېلىپ كەتتى، يىراق ئاندىرى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمىدى. ناستيۇنا بىر ئىزا تارتتى، بىر خوشال بولدى. چۈنكى شۇنىڭ بىلەن، ئۇ باياتىنقىدەك تارتىنىپ ئولتۇرماستىن ئالغا قاراپ قەدەم تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار چاينى بىرلا نەرسە بىلەن — ھەربى سۇدانىنىڭ ئاغزى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. ئاندىرى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ناستيۇنا سۇدانىنىڭ ئاغزىنى قولىغا ئېلىپ چاي قۇيۇپ ئىچتى ـ دە، يەنە ئاندىرىغا قايتۇرۇپ بەردى. نىمە ئۈچۈنكىن ـ تاڭ، ناستيۇنا شۇنچىلىك ئىشتىنىمۇ ئەس ـ ھۇشىنى يوقىتىپ قويدى.

ناستيۇنانى بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئەس ـ ھۇشىدىن مەھرۇم قىلاتتى ھەم دەككە ـ دۈككىگە سالاتتى. مەيلى ئوتتۇردىن يېرىلغان ياغاچلار پول ئورنىدا بولۇشچە قويۇپ قويۇلغان، تورۇسى ئاللىقاچان قېيىپ قالغان، تۈزۈك رەندىلەنمىگەن تاختايلىرى قارىداپ كەتكەن، ئومچۇك تورلىرى بىلەن تولغان بۇ قىشلىق كونا ئۆي بولسۇن، ياكى دەرىزە سىرتىدىكى ھېچقانداق كىشىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن، قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان، تاغ ئۈستىدىن قار كوچكۇنىدەك غۇلاپ چۈشكەن قار دۆۋىسى بولسۇن، مەيلى بۇگۈن ئاخىر كۆپ ـ كۈندۈزدە چىرايىنى ئېنىق كورگەن، لېكىن ھەرگىز ئۇنىڭلىق بىلەن چۈشىنىش ئۇڭايراق بولۇپ قالمىغان، ئوز يېنىدا ئولتۇرغان ئاندىرى بولسۇن، ياكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كوتىرىلىپ

كەتكەن بۇ قاقاس تاغ ـ دالىغا قانداق قىلىپ ۋە نىمە ئۈچۈن كېلىپ قالغان ئۆزى بولسۇن ـ قىسقىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھەم ھاياجانلاندۇراتتى، ھەم ۋەھىمىگە سالاتتى. ھەر قېتىم ئۇز خىيالى بىرئاز چېچىلغان ھامان، ئاندىرنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا تەئەججۇپلىنەتتى؛ ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئىنتايىن كوپ ئويلانغاندىن كېيىنلا ئېسىگە ئالالايتتى. مانا شۇنداق قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن ئۇز ئەكسىگە كېلەتتىيۇ، ئەمما يەنىلا كوڭلىنى تىنىدۇرالمايتتى. شۇڭا ھەرقاچان بۇنداق ھالەتنى قايتا يوقىتىپ قويماسلىققا تىرىشاتتى. شۇنداق، بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى خىيالدىكى ياكى چۈشتىكى ئەھۋالغا ئوخشاپ تۇرامدۇ؟!

بۇ ئەھۋاللار ناستيۇناغا گويا تېپىشماق بولدى: ئۇ بەزىدە كوز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ سەۋرىچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرسىلا ۋاقتىنىڭ ئوتۇشى بىلەن تەڭ ياخشىلىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى؛ ئەمما بەزىدە يەنە ھەممە نەرسە ئۆزىگە خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ، قورقىنىدىن تەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ كۆلكىگە زورلاپ، قورققانلىقىنى چاندۇرمايتتى، ئەتە نىمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ كوپ يىللاردىن بۇيان پۈتۈن ۋۇجۇدى يايرايدىغان ۋە ئارام ئالىدىغان بىردىن ـ بىر كۈنى ئىدى.

تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئاندىرىغا كۆپرەك قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ئازغىنىلا بىر نەرسە يېدى. تاماقتىن كېيىن ئوتقا قاقلىنىۋەرگەنلىكتىن پۈتۈن ئەزايى بوششىپ كەتتى-دە، ئىختىيارسىز ئەسنەپ تۇتتى.

— ئويدىكىلەر مېنى كاردا كەتتىدە دەپ يۈرىدۇ، مەن بولسام بۇ يەردە ئولتۇرۇپتىمەن، — دېدى ناستيۇنا باش ئايغى يوقلا سوز باشلاپ، — ئۇلار ئۇقۇپ قالسا ئىشنىڭ تېرىلغىنى شۇ.

ئاندىرى جاۋاپ بەرمىدى.

ناستيۇنا ئۇرۇمە جۇۋىسىنى توشەك قىلىپ سېلىپ پۈتىدىكى پىمىسىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى-دە، قوللىرىنى كېرىپ يېتىۋالدى. ئاندىرى شىرە ئالدىدا ئولتۇرغان پېتى ئۇنىڭغا كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا بىر قاراپ قويدى، ناستيۇنا ئاندىرى بىلەن چېقىشماقچى بولۇپ، گويا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدەك كوزىنى يۇمۇپ لام-جىم دېمەي يېتىۋالدى. بىراق ئاندىرى يېنىغا كېلىشى بىلەنلا ناستيۇنا چاققانلىق بىلەن ئۇرۇلۇپ ئالدىغا ئىڭىشكەن پېتى تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى-دە، بويىغا يەتكەن قىزلاردەك شوخلۇق بىلەن سورەن سالدى:

— ماڭ نېرى، ئانى تاپما، سېنى تونۇمايمەن.

— نىمە، نىمە؟

— ماڭ نېرى، ئانى تاپما، سېنى تونۇمايمەن.

— قارا سېنى!

ئاندىرى ناستيۇنانىڭ نازلىنىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا

قاراپ ئېتىلىۋىدى، ئۇ شارت قىلىپ ئۆزىــنى چەتــكە ئالدى ۋە ئۇلار بۇنىڭدىن خېلى-خېلى بۇرۇن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈر-گەن تۇنجى يىلدىكىگە ئوخشاشلا ئويناشقىــلى تۇردى. ۋاھ، ئۇ چاغدا ئۇلار تازىمۇ كوڭۇللۇك ئوينىشىپ، ئوينى بېشىغا كىيەتـ-تى. ناستيۇنا بوش كەلمەيتتى، ئاسانلىقــچە باش ئەگمەيتــتى، ھەمىــشە ئانــدىرىــنى ھــاردۇرۇپ قارا تەرگە چومۇلــدۇرۇپ، كەچۈرۇم سوراتتۇراتتى. بىراق بۇ قېتىم نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، ئۇنىڭ كۆچىنى سىــناپ باقاي دىمەيــلا، قولــىنى قويۇۋەتــتى. ئاندىرى ناستيۇنانىڭ نىــمە ئۈچۈن شۇنــداق قىلىدىغانــلىقىنى ئۆزىنىڭ ئوي-پىكرى بويىچە چۈشەندى-دە، بېشــىدىن ئىش ئۆتمىگەن يىگىتلەردەك تاقەتسىزلىك بىلەن شاپاشلىغىلى تۇردى. ناستيۇنا ئۇنىڭ كوڭلىگە تېگىپ كەتمىسۇن دەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن توستى:

—ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېــلىڭ، ئانــدىرى، بۇنــچىلا ئالــدىراپ كەتمەڭ. مېنىڭ مۇھەببىتىم قىسىر بايــتالغا ئوخــشاپ قالــدى، بوغۇز بەرمىگىلى نەۋاق، ئۇنى قىينىماڭ، قىستىماڭ.

ئۇ بوي سۇندى، بۇ ئەزەلدىن كورۇلۇپ باقــمىغان ئەھــۋال ئىدى. ئۇنىڭ ناستيۇناغا ھەم مۇلايىم، ھەم كويۇمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، رايىــغا بېرىــشى، ھەر بىر نازۇك ئارزۇســىنى چۈشىنىپ يېتىشى ناستيۇنا ياتــلىق بولغانــدىن بۇيانــقى تۇنجى ئىش بولدى.

ناستيۇنا توشەكتە ياتقىنىچە ئارام ئېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ گويا

ئېرى بىلەن ئەمەس، بەلكى يېقىنلىششقا ھەققى بولمىغان باشقا ئەر بىلەن بىرگە بولۇۋاتقانىدەك، ھەم ئىززا تارتتى، ھەم بۇ ئىش ئۆزىگە كۆلكىلىك تۇيۇلدى. لېكىن بۇ تۇيغۇ ناھايىتى تېزلا غايىپ بولۇپ، ئاستا-ئاستا مۇگدەك باستى. شۇ مىنۇتتا ئۇ گويا باياتىنقى ئاجايىپ موجىزە تۇپەيلىدىن، ئۆزىنى بۇنىڭدىن خېلى كوپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھازىرقى جايغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان يەردە تۇرغاندەك، يەنە كېلىپ يەككە-يىگانە ئەمەس، نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، ئاندىرى بىلەنمۇ ياكى باشقا بىرسى بىلەنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنى ئېنىق كورمىگەن بولسىمۇ ھەر ھالدا ئاندىرى بىلەن بىللە تۇرغانىدەك ھىس قىلدى ۋە ئاندىرىدىن باشقا بىرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

ئۇ ئاندىرىغا بىرنىمىلەرنى دىيىشكە، قىزغىن يۇرەك سوزلىرىنى ئېيتىشقا ئىنتىلدىيۇ، ئەمما دەماللىققا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، ئوتتۇنگەن ھالدا ئېيتتى:

—قاراپ باقايچۇ، قەيەرلىرىڭىز يارىدار بولدىكىن......

ئاندىرى كوينىگىنىڭ تۇگمىسىنى يېشىپ، كوكرىگىنىڭ بىرقانچە يېرىدىكى سۇس قىزىل تاتۇقنى كورسەتتى. ناستىيۇنا ئېھتىياتچانلىق بىلەن سىلاپ قويدى.

—ۋاي، بىچارە...... ئۇلار ئوقنى ئۇلىسۇن دەپلا ئاتقانكەن-دە...... سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىمۇ، ھىلىمۇ ئاغرىمدۇ؟

—ھازىر خېلى ساقىيىپ قالدى، بەزىدە سىقىراپ ئاغرىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر ياققان كۇنلەردە، ھەر

ھالـدا تېـنىمـگە بىر نەرسە سانـچىۋاتقانـدەك بىرئاز بىـارام بولىمەن.

باياتىن، تېخى بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرى ئۇ ئۇزىـنىڭ نىمە ئۈچۈن ۋە قانداق قىلىــپ بۇ يەرگە كېـلىپ قالغانلىـغىنى چۈشىنەلمىگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا تۇغۇلغىنىدىن تارتىپلا مۇشۇ ئوي ئىچىدىن جاي ئالغاندەك، ئەزەلدىن باشـقا ھېچقانـ داق جايـدا بولۇپ باقمىغانـدەك بولۇپ قالـدى. ھېـلىمۇ سەل ئېسىگە ئالالايدىغانلىكى باشـقا بىر خىل تۇرمۇشتىـكى ئىشـلار، گويا ئۇڭـتەي-توڭـتەي بولۇپ كەتـكەن مالـماتاڭ چۈشـكە ئوخشاش، بار-يوقنىڭ ئارىلىغـدا گاھ كوزگە كورۇنۇپ، گاھ كوزدىـن غايىـپ بولاتـتى. ئۇ تەرەپـتە ئادەم ئۇرۇش، ئولۇم ۋە بالايى-ئاپەت ھېلىمۇ بارمىـدۇ؟ ئۇلار قايىـسى چاغلاردىكى ئىش بولغىيـدى؟ ياكى ئۇنـداق ئىش زادىلا بولۇپ باقـمىغان بولغىيدى، بەلكىم؟ قىشلىق كىچىك ئويـىنىڭ قىـرتىق ھاۋاسى، پانى دۇنياغا خاس بولمىغان جىمـجىتـلىق ئۇنىڭ ئۇيقۇسـىنى كەلتۇردى، ئۇ تۇرلۇك دەرت-ئەلەم ۋە ھېـرىش-چارچاشـنى ئۇنتۇپ، بىخىرامان خاتىرلىق قوينىدا مەس بولغان ھالدا، ئارام تاپقان پۇت-قولـىنى راھەتلىـنىپ سۇنۇپ، ئۇنچىقـماي، ئۇيقۇ باسقان كوزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ ياتاتتى.

ــ ناۋادا ئۇخلاپ قالسام، ئاچچىغىـڭىز كەلـمەس؟ ــ دىدى ئۇ پەس، شىرىن ئاۋازى بىلەن.

ــ ئۇخلاۋەر، ئۇخلاۋەر.

ئاندىرى جەينىڭگە تايىنىپ سەل كوتىرىلىپ، ئۇنىڭغا سەپ-سېلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قىش ئاپتۇسىدا پىشىپ-قىزىرىپ كەتكەن يۇمۇلاق يۈزىدىن مېھرىۋانلىق يېغىپ تۇراتتى، ئۇيقۇغا پاتقان چىرايىدا غەم-قايغۇسىز تەبەسسۇم ئەگىپ يۈرەتتى. مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ چىرايى بىرئاز سارغىيىپ، يىرىكلىشىپ، قىزلارغا خاس ئالدىراقسانلىقى ۋە قىزىقىشلىرى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكەن (ئەمىلىيەتتە ئاندىرى ئۇيدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنلا يوقىلىشقا باشلىغان ئىدى)، ھەرقانداق ئىشنى كورسىلا: "پاھ، ئەجەپمۇ قىزىققۇ، كېيىن قانداق بوپتۇ؟" دەپ ئولتۇرىدىغان ھەۋەسلىرىمۇ پۈتۈنلەي غايىپ بولۇپ كەتكەن ئىدى. شىرىن چۈشلىرى ئاخىرلىشىپ قالغان، ئۇ بارلىق سىرلىق نەرسىلەرنىڭ تېگى-تەكتىنى ئالالىغاچان بىلىۋالغان، ناۋادا يەنە ئالالىغانداق نەرسىلەرگە تاسادىپى ئەجەپلىنىپ قېلىشى مۇمكىن دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدىكى ئادەتلىرىنىڭ قايتىدىن تەسىر كورسەتكەنلىكىدىن، بۇ يەرگە تولىمۇ ئالدىراپ كەلگەچكە بارلىق نەرسىلەرنى ئېنىق كورۇشكە ئۇلگۈرەلمىگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ناستيۇنانىڭ چاپىنىنىڭ كوكسىدىكى تۈگمىسى يېشىلگەن جايىغا قويۇلغان قوللىرى ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى بىلەن تەڭ بىر كوتىرىلىپ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى، بارماقلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى، ئاندىرى بۇ قوللارنىڭ ئىششىپ، يىرىكلە-

شىپ كەتكەنلىكىنى كوردى، ئىش قىلىش تۇپەيلىدىن شۇنداق بولغانلىقىنى بىلدى. ئېغىر، تۇراقلىق نەپەسلىرىدىن ئىسسىق، شىرىنغىنا ھور چىقىپ تۇراتتى.

ئاندىرى ناستيۇنانى ئاۋايلاپ قۇچاقلاپ، باغرىغا چىڭ باستى-دە، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەم ئېنىق، ھەم يېقىملىق ھالدا دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتاتتى، ناستيۇنانىڭ يۈرىكىنىڭ ھەر بىر سوقۇشى ئاندىرىغا خىرە-شىرە، يۈرەكنى مۇجۇيدىغان ئالاقزادىلىك كەلتۈرەتتى، بۇ ئالاقزادىلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى، ئۇ بۇ ئالاقزادىلىكنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى، نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يېتىۋەرگۈسى كەلمىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا توشەكتىن چۈشتى، ئاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ناستيۇناغا ئاستا قاراپ قويدى. "ئۇخلاۋەر، ئۇخلاۋەر". ئاندىرى ئوزىنىڭ نىمە ئۇچۇن توۋەن ئاۋاز بىلەن شۇنداق دىگەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى ئۈمت قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماسلىقىدىن، ئۇنىڭ دىيىشى ۋە قىلىشى ئېھتىمال بولغان بارلىق سوز-ھەركەتلىرىنى ئاڭلىماي، كورمەي قېلىۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ بىئارام بولدى. ئاندىرىنىڭ يۈرىكى ناھايىتى تېزلا سوۋۇپ، سىقىلىپ كەتتى، بىرەر ھەركەتكە مېھرى-مۇھەببەتكە تەقەززا بولدى.

ئۇ ئوي سىرتىغا چىقىپ ئىختىيارسىز كوزلىرىنى يۇرۇشتۇر-
دى — يورۇقلۇق ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ كوزلىرىنى چاقاي-
تىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا تاغ چوققىسىدا تۇرغان قۇياش گويا
بۇ يەرگە چۇشۇپ قالغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. قىلىن قاردىن
ئىسسىق هور كوتىرىلىپ ئالتۇن نۇرلار چاقنايتتى، تەسكەي
تەرەپتە بولسا خىرە، كوكۇش نۇرلار چاقناپ تۇراتتى. باهارغا
ئوخشاش ئىللىق هاۋادىن خۇش بۇي هىدلار كېلىپ تۇراتتى.
لەمپىدىكى مۇزلار ئېرىشكە باشلىغان، غۇژمەك ئەپلىسىن دەرىخى
شاخلىرى قەددىنى رۇسلىغان، دەرەخ تۇۋىدىكى بىرمۇنچە
يەرنىڭ قارلىرىمۇ ئېرىپ، تاپ-تاقىر يەر مانا مەن دەپ چىقىپ
قالغان ئىدى.

ئاندىرى هاۋادا دېمى سىقىلغاندەك پۇشۇلداپ تىناتتى، ئۇ
ئالدى بىلەن ئاتنى سۇغاردى، ئاندىن كېيىن بىرەر تاسادىپى
ئەهۋالنىڭ بار-يوقلۇغىغا قاراپ بېقىش ئۇچۇن ئانگارا دەريا-
سىنىڭ بويىغا باردى. لېكىن ئالاقزادىلىگى تېخىچە بېسىلمىدى.
ئۇ دەل مانا هازىر، دەل مۇشۇ پەيتتە، ئوزىنىڭ كالۋالىغىدىن،
مەلۇم بىر مۇهىم، قايتا تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىنى يوقىتىپ
قويۇۋاتقاندەك، ئوزى ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدىغان، يوقىتىپ
قويۇلغاندىن كېيىن ئىككىنچى تاپالمايدىغان بىر نەرسىنى
يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالدى.

ئۇ ئويگە يېنىپ كىرگەندە، ناستيۇنا تېخىچە قاتتىق ئۇخ-
لاۋاتاتتى. ئۇ بىر چاغدا ئولتۇرغۇسى كەلمەي، ناستيۇناغا

ياندىشىپ ياتتى-دە، بېشىنى ئۇنىڭ كوكرىگىگە چىڭ چاپلە-
ۋالدى، تولىمۇ چىڭ چاپلىشۋەتكەنلىكتىن دېمىنى ئالالماي،
نېرىراق يوتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. ناستيۇنا ئۇخلاۋېتىپ بىر
قولى بىلەن سىپاشتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تاپتى-دە، چاچلىرىنى
سىلاشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاندىرى دەرھال ئارام
تاپقاندەك بولدى. ئۇ كوزىنى يۇمۇپ، يەلكىسىدە ناستيۇنانىڭ
ئوزىنى قۇتقۇزغان قولىنىڭ تۇرغانلىغىنى، ئوزىنىڭ ئاستا
يىقىراپ ئايلىنىپ، ئىللىق، بىپايان بوشلۇققا قاراپ ئۇچۇپ
كېتىۋاتقانلىغىنى تەسەۋۇر قىلدى. بۇنداق تۇيغۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇغا
كېتىشىگە ياردەم بەردى، دەرۋەقە، كوپ ئوتمەيلا ئۇنى
مۇگدەك باستى.

ئۇلار تەڭلا ئويغاندى. ناستيۇنا كوزىنى ئېچىپ ئاندىرىغا
قارىۋىدى، ئۇمۇ بىر سىلكىنىپ ئويغىنىپ كەتتى. ناستيۇنا
ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇپ قويدى.

دەرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن شولىسى ئاللىقاچان
بوسوغىغا يوتكەلگەن. دېمەك، كۈن قايرىلغان ئىدى.

— تازىمۇ تاتلىق ئۇخلاپتىمەنا، — دېدى ناستيۇنا، —
قاچان كۈپ-كۈندۈزى مۇشۇنداق تاتلىق ئۇخلىۋالغىنىمنى
بىلمەيمەن، سىز بىلەن بىللە بولغاچقا مۇشۇنداق تاتلىق ئۇخ-
لىغان ئوخشايمەن. سىزگە قارىساملا، يېنىمدا تۇرغان كىشىنىڭ
ئوزىڭىز ئىكەنلىگىڭىزگە زادى ئىشەنگۈم كەلمەي قالىدۇ.
قارىمامسىز، چۈشۈمدە بۇنىڭغا ئىشىنىپ ئىنتايىن چوڭ تەسەللى

تېپىپتىمەن، كوڭلۇم جايىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئۇلار ئويغانغاندىن كېيىن، قايتىدىن يۈز كورۈشكەندەك، تەئەججۇپلەنگەن، تەقەززا بولغان هالدا بىر بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى، ناستيۇنا قوپۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئاندىرى تۇتۇۋالدى، ناستيۇنا بۇنىڭدىن خوش بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار گەپلىشىۋېلىشتىن زادىلا خالى بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن هە دەپ ئارقىغا سۈردى.

# 7

— ئەگەر مەن ئۇ چاغدا شۇ يەرگە قايتىپ كەتكەن بولسام، شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بولاتتىم. بۇ—راست گەپ. مەن باشقىلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالماي، هارامزادىلىك قىلماي، شۇنچە ئۇزاق بەرداشلىق بېرىپ، ئارقا-ئارقىدىن نۇرغۇن جەڭگە قاتناشتىم. ئەمدىلىكتە قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىش قىلىپ قويدۇم، مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويدۇم. بۇ ئىش ئۇچۇن مېنى بوش قويۇپ بېرىشمەيدۇ. بىراق نىمە ئامال بار دەيسەن؟ قىلىدىغاننى قىلىپ قويۇپتىمەن، ئەمدى ئوز ئورنىغا كەلتۇرەي دىسەممۇ كەلتۇرەلمەيمەن.

ئۇ كوزىنى يۇمغىنىچە ياتاتتى، مۇشۇنداق هالەتتە گەپ

قىلىشى ئۇزىگە بىرئاز ئارام بېرەتتى. لېكىن ئۇ گەپنى، دەر-دىنى چىقىرىشقا جاي تاپالماي قالغان كىشىلەردەك، ئۇزىنى بېسىۋالالمايدىغان غەزەپ-نەپرەت بىلەن قىلاتتى.

— سىزنىڭ، سىزنىڭ يۈرىگىڭىز قانداق بولۇپ شۇنداق قاپتەك بولۇپ قالدىكىنا؟ — دەپ سورىدى ناستيۇنا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، — بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، قانداقچە شۇنداق يۈرەكلىك بولۇپ قالدىڭىز؟

— بىلمەيمەن، — دىدى ئۇ بىر دەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن جاۋاپ بېرىپ. ناستيۇنا ئۇنىڭ راست گەپ قىلىۋاتقانلىغىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. — چىداپ تۇرالمىدىم. سىلەرنى بەكمۇ كورگۇم كېلىپ كەتتى، تولىمۇ بەك سېغىندىم، مۇشۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمىدى، ئالدىنقى سەپتە بولغان بولسام قېچىپ كەتمەستىم. بىراق دوختۇرخانىدا يۈرتۇم يېقىن ئەتراپتىكىدەكلا تۇيۇلدى. ئەمما نەدە يېقىن ئەتراپتا بولىدۇ دەيسەن؟ پويىزغا چىقىپ شۇنچە كوپ ماڭدىم.....قىسمىغا قايتقان بول-سامۇ بۇنچە ئۇزۇن ئەمەستى دىگىنا. قېچىش نىيىتىممۇ يوق ئىدى، بولغۇلۇق بولغاندىن كېيىن، قىسمىغا قانداق قايتارمەن؟ قايتىپ ئۇزەمنى ئولۇمگە تۇتۇپ بەرگەندىن كورە بۇ يەردە ئولگىنىم ياخشىراق دىگەن ئويغا كەلدىم. ئەمدى نىمە دەيتتىم! ھەممىسى ئۇزەمنىڭ شورى!

— ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار كەچۈرۈم قىلىۋېتەر: — دىدى ناستيۇنا ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

— ياق، ئۇلار بۇنداق ئىشنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ. بۇنداق ئىش توغرا كەلگەندە، بىر ئادەم ئېتىپ تاشلانغاندىن كېيىن يەنە تىرىلدۈرۈلغان بولسا، باشقىلارنىڭ قايتا شۇنداق قىلىشقا پېتىنىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئېتىپ تاشلاشتىن يانمايدۇ. تەقدىرىم پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن غەم يەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. مەن يول بويى: «يۇرتۇمغا يېتىپ بارغاندا ناستيونا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغانلىقىمنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنىمەن، ئەسلىدە، ياشاشقا، ئۇبدان تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بولاتتى، لېكىن مەن بىكاردىن-بىكار ئۇنى ئازاپقا قالدۇردۇم، ئۆزەممۇ مۇشۇنداق تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدىم، دەپ ئويلاپ قالدىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، نېمە ئۈچۈن ياشاۋېرىشكە بولمايدىكەن؟ ئىككىلىمىزمۇ ياپ-ياش، كۈچىمىزگە تولغان، ئىككىمىزنى خۇدا قوشقان. تازا كوكۇللۇك ياشىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما مەن ئۇنداق قىلماي، قېرىشقاندەك ئۆز مەيلىمگە بېرىلىپ، ئۆزبېشىمچىلىق قىلىپ قويدۇم. تازىمۇ ھاماقەتكەن-مەن. ئۆزەممۇ بۇنىڭ تازىمۇ ھاماقەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، ھەر ھالدا ئۈچىغا چىققان دوت ئەمەسمەنغۇ، ئاز-پاز ئەقلىممۇ بار، لېكىن پەيلىمدىن يانالمىدىم. مەن ئەسلىدە: «ئىككىمىزنىڭ ئىستىقبالى بار، ئۇبدان ئۆتۈپ كېتىمىز، مېھرىمىزگە قانىمىز، ۋاقىت دېگەن ئۇزاق، دەپ ئويلىغان ئىدىم. مانا ئەمدى تازا ئىستىقباللىق بولىدىغان بولدۇق، مەن ئە-

لىدە“ يۇرتۇمغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ناستيۇنا بىلەن دىدار-لىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا گۇنايىمغا تونۇا قىلىپ، مېنى يامان ئادەم ئىكەن دەپ قالماسلىقىنى سورارمەن، ئاندىن دادام بىلەن ئانامنى تۇيدۇرماستىن كورۇۋېلىپ قار ئۇگكۇرىگە ئوزەمنى ئاتارمەن، ياۋايى يىرتقۇچ هايۋانلار كۇچىنى ئايىماي، قىلچە ئىز-دېرىكىمنى قويماي پاك-پاكىز يىغىشتۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم. مۇشۇنداق سەن بىلەن بىللە بولۇشۇمغا قىلچە ئۇمىت باغلىمىغان، ھەتتا ئۇنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئىدىم. ماڭا بۇ ئامەت نەدىن كەلدى؟ ئەتىلىكىمگە كوزۇم يەتمەيدىغان بۇگۇنكى كۇنگە قالمىغان بولسام، قەيەرگە بارسامۇ سېنى گوھەردەك ئالقىنىمغا ئېلىپ كوتىرىپ يۇرگەن بولاتتىم.

— دىگەن گېپىگىزنى قارىڭا، — دىدى ناستيۇنا سوز قىستۇرۇپ.

بىراق ئاندىرى ئۇنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى:

— توختاپ تۇرغىن، گەپنى باشلاپ قويغاندىكىن، ھەممىسنى دەۋالاي، بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت بولماي قېلىشى مۇمكىن. ئەمدى ئۇنى-بۇنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز، ھاجەتسىز. بار گەپنىڭ ھەممىسىنى دەۋىتەي. قۇلاق سېلىپ تۇرغىن. مەن ئەسلىدە يۇرتۇمغا كېلىپ بىرنەچچە كۇن تۇرۇپلا كەچۇرۇم قىلىشىڭلارنى ئوتۇنۇپ بولغاندىن كېيىن مەڭگۇلۇك ۋىدالاشماقچى ئىدىم. بىراق ئەمدىلىكتە كوپرەك ۋاقىت ياشىغىم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ، يازغىچە تۇرۇپ بېقىپ ئاندىن بىرنىمە دەرمىز.

يازنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەڭ ئاخىرقى رەت كورۈۋالاي. قىسقىسى، مېنى ئىزلەپ تاشلىسىمۇ مەيلى. بۈگۈن سەن كوڭلۈمگە سۇ بەردىڭ، يۈرەك سوزلىرىمنى قالدۇرماي توكتۇم. — ئۇ يوتىلىپ كېتىپ، بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان سىرىق سۇنى يۇتتى - دە، بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. — مەن ئۈچۈن تېخىمۇ كوپ ئىش قىلىپ بېرىشىڭ هاجەتسىز، ناستيۇنا. هىلىمۇ هەم ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭ. يەنە بىرنەچچە ئاي تاقەت قىلىپ، سىر ساقلاپ بەرگىن، ۋاقتى كەلگەندە مەن ئۆلۈپ كېتىمەن. بىراق سەن ۋاقتىنچە سەۋرى - تاقەت قىلىپ تۇرغىن. مەن ئۈچۈن كوپ ئازاپلارنى چەكتىڭ، بۇنىڭغا يەنە تاقەت قىلىپ تۇرغىن.

ناستيۇنانىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇسى، ئۇنى ئەيىپلىگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن نىمە ئۈچۈنكىن - تاڭ، ئېغىز ئاچقۇسى كەلمىدى. ئاندىرىغا ئورتاق بولغان بىر خىل ئازاپ ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ ئېغىز ئاچقۇزمايۋاتاتتى. ئاندىرى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىز ئاچمىغانلىقىنى كورۇپ، يەنە ئوز سوزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى:

ئىككىمىز بۇنىڭدىن كېيىن خەق ئالدىدا هەتتا بىر كۈنمۇ بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان بولدۇق، قاچان مېنى سېغىنساڭ، ئىچىڭ ئاغرىسا، شۇ چاغدا كېلىشەرگىن. كېلىشىڭنى توت كوزۇم بىلەن كۈتىمەن. خەلق ئالدىدا ئاشكارا يۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس، دېمىسىم ئۇزۇلەي دەپ قالغان هالەتتىمۇ مۇمكىن

ئەمەس. باشقا ئىشنىڭ كارى چاغلىق، بۇ ئىشنى جەزمەن ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرىمەن. كەلگۈسىدە باشقىلارنىڭ ساڭا، دادامغا، ئانامغا ھوتۇت ـ پوتۇت دېيىشىنى خالىمايمەن. باشقىلارنىڭ مېنى قانداق يوشۇرۇندىكىن دەپ پەيىمىغا چۈشۈ-شىنى خالىمايمەن. باشقىلارنىڭ گەپنى شاخلىتىپ، «ئۇ ئاقچىدى، كوكچىدى» دەپ يۈرۈشىنىمۇ خالىمايمەن، — ئۇ ئورنىدىن قوزغى-لىپ توشەكتە ئولتۇردى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى، — قۇلاق سال، ناستيۇنا، ھەرقانداق چاغدا، مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ھېچقانداق كىشىگە مېنىڭ قايتىپ كەلگەن-لىكىم توغرىسىدا مەڭگۈ ئېغىز ئاچما، ھەرقانداق كىشىگە دەپ يۈرمە. تىنىپ سالساڭ، ئولۇپ كەتسەممۇ تىلىڭنى ئۈزۈۋالىمەن.

— نېمە بولدىڭىز، ئاندىرى؟ نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى ناستيۇنا قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن ئاندىرىغا ئوخشاش ئولتۇرۇپ. ئەمدىلىكتە ئۇلار مۆرىدىشىپ، جەينىكىنى جەينىكىگە تەككۈزگەن ھالدا ئولتۇرۇشتى. ناستيۇناغا ئاندىرىنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىۋات-قانلىغى كوكرەك بوشلۇغىدىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— مەن سېنى قورقۇتۇۋاتقىنىم يوق. قانداقمۇ سېنى قور-قۇتۇپ يۈرەي، ناستيۇنا؟! سەن مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىن-بىر بەختىم ۋە تەسەللىيىم. بىراق، شۇنى ئېسىڭدە تۇت، مەڭگۈ ئېسىڭدە بولسۇن: مەيلى مەن ئولۇپ كېتەي ياكى تىرىك يۈر ي، بۇ ئومرۇمدىكى بەختسىزلىكلىرىمنى، تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىمنى ئۇنتۇپ قالغۇچى بولما. كەلگۈسىدە بۇلارنىڭ

ھەممىسى ئاياقلاشقاندا تۇرمۇشۇڭنى قايتا قانداق ئورۇنلاشتۇر-
ساڭ مەيلىڭ. جەزمەن قايتا ئورۇنلاشتۇرغىن، سەن تېخى ياش-
شىڭ كېرەك. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ناھايىتى ئوبدان كۆن ئېلىپ
قالساڭ، باشقىلارنىڭ ئۆزەڭگە كەلتۈرگەن بەختىڭگە مىننەتدارلىق
قىلىش ئۈچۈن، تاقەت قىلىپ تۇرالماي سەرگۈزەشتىلىرىڭنى
تولۇق سۆزلەپ بېرىشىڭمۇ مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ بۇ ئىشىمنى
تىلغا ئالمىغىن. مېنىڭ ھەققى ئەھۋالىمنى پەقەت يالغۇز
ئۆزەڭلا بىلىپ قال، باشقىلار قانداق پەرەز قىلغۇسى كەلسە
شۇنداق پەرەز قىلىۋەرسۇن. ئۇلارغا ھەرگىز ھە-ھۇ دېيىش-
كۆچى بولما.

ئاچچىغىڭىزغا بەس كېلەلمەي ماڭا مۇشۇنداق گەپلەرنى
قىلغۇدەك مەن قانداق يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمەن،
ئاندىرى؟ — دەپ سورىدى ناستيۇنا، ئۇ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىن
نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى. ئاغزىدىن چىقىپ
كېتىپ قالغان بۇ سۆز پۈتۈنلەي ئايال خەقنىڭ ئادەت سۆزى
بولۇپ، ئۇنى ئاغرىنىپ ئېيتتى دېگەندىن كۆرە، يىغلىنىپ ئېيتتى
دېگەن تۈزۈك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزىنىڭ ئاھاڭى ئاجايىپ
مۇڭلۇق ئىدى. بىراق بۇنى ئاندىرى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال
بولدى، بۇ سۆز ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىتائەتمەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رەتتى. بۇنىڭدىن بۇ تامامەن خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

— ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلغىنىڭ يوق.
ئاچچىغىڭ كەلمىسۇن، بۇ ھاجەتسىز. سېنىڭ بۇنى چۈشىنى-

دىغانلىغىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. ھەممىسىنى توغرا چۈشىنىسەن. كېلەر قېتىم مەن بۇ گەپلەرنى يەنە دەپ يۈرمەسمەن. بىراق ھازىر گەپنى ئېنىق ئېيتىپ قويىمىغان بىلەن بولمايدۇ. ئۆزەمنىڭمۇ ھازىر نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىغىمنى، نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىغىمنى بىلمەيمەن. ھايات تۇرغان كىشى ئۆزەم بولماي باشقا بىر ناتونۇش كىشىدەك تۇرىدۇ. ئۇ كىشى مېنىڭ پوستۇم ئىچىگە كىرىۋېلىپ، زورلۇق بىلەن ماڭا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقاندەك، مەن ئۇنىڭغا بۇرۇلماقچى بولسام، ئۇ قېرىشقاندەك يول قويماي زورمۇ-زور سولىغا بۇرۇلۇشقا قىستايدۇ! ھەي، بولدىلا، ئىشقىلىپ كۆڭۈم ئاز قالدى.

—ئادەمنى قورقىتىدىغان گەپلەرنى قىلىۋەرگىنىڭىز نىمىسى......

—قورقما، سېنى قورقۇتۇۋاتقىنىم يوق، ئۆزەمنى قورقۇتۇۋاتىمەن. بىراق ئۆزەمنى قورقۇتۇپ ئولتۇرۇشمىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولمايدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا ئىچىمنى بوشىتىۋالدىم، دەيدىغاننى دەۋالدىم، تاپىلايدىغانلىرىمنى تاپىلىدىم، بۇنىڭ بىلەن يەڭگىللىشىپ قالغاندەك بولدۇم. قېنى، ئەمدى دەيدىغىنىڭنى دە.

—نىمە دىسەم بولىدىكىن......

—ئانام قانداق تۇرىۋاتىدۇ، ئورنىدىن تۇرالايدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟

—بۇ بىر يىلدىن بۇيان دىگۇدەك كاڭدىن چۈشمەي ياتتى.

غىزاغا تۇتۇش قىلغانىدىلا ئورنىدىن تۇرىدۇ. مېنىڭ خېمىر بولدۇرالىشىمدىن خاتىرجەم بولالىماي ئۆزى قول تىقىمىغىچە ئۇنىمايدۇ. بولۇپمۇ پىشۇرۇشنى ئومرۇم بويىمۇ ئۆگىنەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

— دادام ھېلىمۇ ئات بېقىش مەيدانىدا ئىشلەمدۇ؟

— شۇنداق، ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، ئۇلار ھەممە ئاتنى ئولتۇرۇپ قويىغان بولاتتى. پەقەت شۇ قېيناتاملا ئاتقا كويۇنىدۇ. تەن سالامەتلىكىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. ھاسىراپلا يۈرىدۇ، ھېرىپ ھالى قالمايدۇ. ئۇنى ئاز دىگەنىدەك، مەن ئۆلۈشكۈن ئۇنى قاخشىتىپ قويدۇم.

— قانداق گەپ؟

— زايوم سېتىۋالمايمەنمۇ. دەماللىققا ئەقلىمدىن ئېزىپ ئىككى مىڭ رۇبىلىلىق زايوم ئالىمەن دەپ سېپتىمەن. ئىچىمدە: "بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، پۇلنىڭ تېخى قەيەردىلىكىنى بىلمەي تۇرغاندا ئىچى ئېچىشقۇدەك نىمىسى بولسۇن" دەپتىمەن. بىراق ئۇ بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىچاڭلاپ كەتتى. ماڭا قانداق تەئەددى قىلغانلىغىنى سوزلەپ يۈرمىسەممۇ بولار،— دىدى ناستيۇنا خىجىللىق ئىچىدە كۈلگىنىچە ئاندىرىغا بىر قاراپ قويۇپ.

— سەن ھازىرچە بۇ ئىككى قېرىنى تاشلاپ قويۇپ يۈرمىگىن،— ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ چىرايىنى تۇردى-دە، بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى،— ئانام ئېھتىمال ئۇزاققا بارمىسا

كېرەك. يوشۇرۇن بىر جايغا موكۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى بىر قېتىم كورۇۋېلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلاي.

— كېيىنچە قانداق قىلارمىز، ئاندىرى؟ — دېدى ناستيۇنا قورۇنغان هالدا. ئۇ ئوزى سورىغان بۇ سوئالدىن قورقۇپ كەتتى، ئۇلار سىزنى كۇتۇۋاتىدۇ، توت كوزى بىلەن كۇتۇۋاتىدۇ. سىزنى دەرهال خەت يېزىپ ئوزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتار دەۋاتىدۇ. بىراق ئۇرۇش ئاياقلاشقان هامان ئۇلار يەنە قانداق ئويلاردا بولۇپ قالار؟ ئۇلارنىڭ ئۇمىدى تامامەن سىزدە ئەمەسمۇ.

— ئۇمىت، ئۇمىت...... — ئاندىرى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوينىڭ ئىچىدە ئۇ ياندىن - بۇ يانغا ماڭغىلى تۇردى، — ئۇلار ئۇمىت قىلغۇدەك هېچنىمە يوق، شۇنداق، هېچنىمە يوق. بۇنى مەن باياتىن ئېنىق دەپ ئوتتۇم. ئوزەمنىڭ قەيەردە بولغانلىقىم هەققىدە ساڭا بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي. مەن داۋالانغان دوختۇرخانىدا بىر كاپىتانمۇ ياتقان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ يارىسىنى ساقايتىپ بولۇپ، گوۋانامىسىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى، ئۇنىمۇ قىسمىغا قايتىشقا بۇيرۇشقان ئىدى. ئەتىسى ئاشۇ گوۋانامىلارنىڭ پوچتا ساندۇغىغا تاشلاپ قويۇلغانلىقى، كاپىتاننىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ نەگە كەتتى؟ بۇنى خۇدامۇ بىلمەيدۇ، يا بىراۋلار ئۇنىڭ هەربى كىيىمى، پۇل - پېچىكى ۋە ئوزۇق - تۈلۈگىگە كوزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇۋەتكەنىدۇ؛ يا بولمىسا ئۇنىڭ ئوزى ئۈن - تىنسىز يوقىلىپ، بىر يەرگە يوشۇ-

رۇنۇۋالغانـدۇ. ئىشـقىلىپ مۇشۇنداق بىر كىشى بولۇپ ئۆتكەن، بىراق ھازىر ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ. بۇنى كىمدىن سورايسەن؟ ھازىر سان-ساناقسىز ئادەمـلەرنى تاپقىلى بولمايۋاتقاندا بىر كاپىتان دىگەن نىمكەن ئۇ. بەزىـلەر ئاسمان-دا، بەزىـلەر يەردە، بەزىـلەر بۇ ئالەمـدە ئازاپ چەكـمەكتە، بەزىلەر يوشۇرۇنۇۋالدى، بەزىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ كىـم ئىكەنلى-گىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى — ھەممە نەرسە مالىماتاڭلىـشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئۈچـىنى نەدىـن تاپقىلى بولـسۇن دەيـسەن. ئۆزەمـمۇ شۇنداق: بۇ دۇنـيادا باردەكمۇ قىلىمەن، يوقدەكـمۇ تۇرىمەن. قانداق خىيالـلاردا بولغۇڭ كەلسە شۇنداق خىياللاردا بولىۋەر. ياشىنىپ قالـغان دادام بىلەن ئانام ئۇزاق كۈتۈپ يۈرمەيـلا ئۇ دۇنيادا مەن بىلەن دىدارلىشىـدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار بىلەن ئوبدان مۇڭدىشىۋالارمەن، ئۇ يەردە ئۇرۇش يوقـتۇ، بەلكىم. ھالبۇكى بۇ يەردە، مەيلى ئاجىزلار ياكى كۈچلۈكلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ باغلايـدىغان بىرلا ئۈمىدى بار، يەنى ئۆزىگە ئۆزى ئۈمىت باغلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۈمىت باغلىغۇدەك ھىچكىمى يوق.

ناستيۇنا بىرنەچچە ئېغىز رەددىيە بېرىپ قويماقچى بولدىيۇ، لېكىن بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئاندىرى سەل جىم تۇرغانـدىن كېيىن بىرئاز تىنىم تېپىپ، يەنە ئۆز سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قايسى خىل ئەھۋال ياخشـراق بولار: ئوغلـىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئولتۇرۇلگەنلىكىدىن ئېنىـق خەۋەر تاپقىـنى ياخـشىمۇ ياكى ھىچنىمىنى بىلمىگىنى ياخشىمۇ؟ بۇنى تېخى بىلىپ كېتەل-

مىدىم. خوتۇنلار ئۆز تەقدىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشقا تەشنا بولسا كېرەك. بۇ جەھەتتىمۇ ئۇلارنى ئەيىپلىگىلى بولمايدۇ: ئۆزەڭ هايات تۇرال-مىغاندىكىن، ئۇلارنىڭ ئوبدان كۈن ئېلىشىغا يول قويۇشۇڭ، ئۇلارنىڭ بەختىگە زامىن بولماسلىقىڭ كېرەك-تە. ئانىلارچۇ؟ قانچىلىغان ئانىلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپماي كۆزىنى ئېتىۋېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە رازى، ئانىلار ئوغلىنىڭ جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان تەقدىر-دىمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىشنى خالىمايدۇ. ئوغلىنىڭ قەيەرگە كۆمۈل-گەنلىكىنى كۆرستىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئوغلىنى يەرلىككە قويغان يولداشلار خەت يېزىپ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. مەن باشقا بىر ئادەم بولۇپ ئۆزگىرىپ ئاتا-ئانامنى كۆرەلمىگەندىكىن، ئۇلارنىڭ ماڭا ئاز-پاز ئۈمىت باغلاپ تۇرغىنىمۇ تۇزۇك، كۆز يەتمىگۈدەك ئۈمىت بولسىمۇ هەر هالدا ئۈمىتتە.— ئۇ ناستيۇنا تەرەپكە بۇرۇلۇپ قولىنى بىر شىلتىدى-دە، سۆزىنى داۋام-لاشتۇرۇۋەردى،— بولدىلا، بۇ گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتاي. ئورنۇڭدىن قوپقىن، چاي ئىچىۋالايلى. يولغا چىقىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى. كېتەمسەن؟ ئېھتىمال تۇرۇپمۇ قالارسەن؟

— قانداقمۇ تۇرۇپ قالغىلى بولسۇن؟

— يەنە كېلەمسەن؟

— كېلىمەن، ئاندىرى، يەنە كېلىمەن. چانا تاپالمىسام پىيادە

بولسمۇ كېلمەن. ئەمدى يولنى بىلىۋالدىم.

— كەلگىنىڭ كەلمىسە كەلمىگىن. بۇنداق ئىشتا زورۇقىلى بولمايدۇ. بەرداشلىق بېرەلەيمەن، بۇگۇن بىللە بولغانلىقىمىز خېلى ئۇزاقىچە كوڭلۇمگە ئەرمەك بولىدۇ.

ناستيۇنا تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى:

— ۋىيەي، سىزگە ئوق-دورا ئالغاچ كەلگەن ئىدىم، ئۇنى يەنە ئېلىپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن.

ئۇ توشەكتىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۇشتى-دە ئىشىك يېنىدىكى ھىلىقى بىر دوۋە نەرسە ئارىسىدىن ئىككى ماتا خالتىنى چىقاردى، ئۇنىڭغا مىلتىق دورىسى ۋە چاچما ئوق قاچىلانغان ئىدى.

— يېرىمىنى سىز توكۇۋېلىڭ، قالغان يېرىمىنى قېيناتامغا ئالغاچ باراي. ئۇ ماڭا ئالغاچ كەلگىن دېگەنتى.

— بۇنىڭ يېرىمى ماڭا يېتىدۇ؛ — دېدى ئاندىرى خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئىككى خالتىدىكى نەرسىنى ئالدىراش قولىغا ئېلىپ، — بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھاياتلىق يولۇم ئېچىلدى. ئەمدى ئالۋاستى كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ قورقمايدىغان بولدۇم. ماڭا شۇنداق ياخشى نەرسىلەرنى ئېپكەلگىنىڭنى قارىغىنا. سەن بارلىقىڭنى ماڭا بېغىشلىدىڭ، ھەي، ناستيۇنا، سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى خوتۇنۇمسەن-دە! — ئاندىرى ئۇنى شاققىدە قۇچاقلىۋېلىپ ئاستا ئىگىز كوتەردى، ناستيۇنا تىركىشىپ چىقىراپ كېتىۋىدى، ئاندىرى دەرھال ئېھتىياتچانلىق

بىلەن يەرگە قويۇپ قويدى-دە، ئۆز ئۆزىچە سۆزلىدى، — مۇشۇنداق خوتۇنۇم بولغاندىكىن، ئوغرىلىقچە كامارغا كىرىۋالماي، كىشىلەر ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا كۈن ئېلىشىم كېرەك ئىدى.

— قاراڭا سىزنى! — دېدى ناستيۇنا ئۇنىڭ نىمىلەرنى دەپ غودۇڭشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالماي ئۆزىچە ھاياجانلانغان ھالدا، — قورقىتىپ جېنىمنى ئالغىلى قىل قالدىڭىز! بۇنداق قۇچاقلىشىڭىزغا كونىلىمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەن.

— دائىم كېلىپ تۇرساڭ كوندۇرۇپ قويىمەن.

— مېنىڭغۇ ھەر كۈنى كېلىپ تۇرغۇم بار.

— ئەمىسە نېمىشقا كەلمەيسەن؟

بۇ قېتىمقى پۈتۈن بىر كۈنگە يەتكەن، ئەمما يەنىلا شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلغان ئۇچرىشىش ئاياقلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئالەمنى قاراڭغۇچىلىق قاپلىغان، ئۆي بۇلۇڭىدىن دىماققا ئاچچىق ئۇرۇلۇۋاتقان نەمنىڭ تەپتى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى، قېيىپ قالغان تورۇس گويا تېخىمۇ پەسلەپ كېتىۋاتقاندەك، تېخىمۇ لىڭشىپ ئورۇلۇپ چۈشەي دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە شۇنچىلا سىرلىق، شۇنچىلا تەكتىگە يەتكۈسىز بولۇپ كۆرۈنەتتىكى، كىشىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كېتەتتى. پاراڭ ئاستا-ئاستا جىمىدى.

ئۇلار ئالدىراپ بىرئاز چاي ئىچىشتى، ئاندىرى ناستيۇنا ئازراق بىر نەرسە يەۋال دەپ چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ماي سۈركەلگەن بولكىنى تەمىنى تېتىمىغان ھالدا يېدى. چاپىنىنى

كىيىپ بولغان چاغدا ئاندىرى ئۇنچىقمىغان هالدا ئۇنىڭغا يۇپ-يۇمۇلاق، پاقىراپ تۇرغان بىر نەرسىنى تەڭلىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇششاق كوزلەرگە ئوخشىغان پاقىراپ تۇرغان كىچىك چىكىتلەر بار ئىدى. ناستيۇنا چوچۇگەن هالدا ۋاقىراپ تاشلىدى:

—ۋىيەي، بۇ قانداق غەلىتە نىمە؟

—هە، ناستيۇنا، بۇ دىگەن سائەت. مەن ئوز قولۇم بىلەن بىر نىمىس ئوپىتسەرنىڭ قولىدىن يىشۋالغان. ئولۇكنىڭ قولىدىن ئەمەس، تىرىك ئادەم قولىدىن يىشۋالغان. بۇنىڭ ماڭا كىرىگى يوق، ساڭا لازىم بولىدۇ. ناۋادا ئۇنى سىتىۋىتىدىغان بولساڭ هەرگىز تولىمۇ ئەرزان سىتىپ قويمىغىن: بۇ ئوبدان سائەت، شۋىتسارىيىنىڭ، ئىككى مىڭ رۇبلى چىقارمىغىچە سىتىۋەتمە. بۇ تىخى شۇنچىلىك پۇلغىمۇ ئەرزان كىتىدۇ.

—ۋاي خۇدايىمەي، قولىغا ئىلىشقىمۇ قورقىدۇ كىشى بۇنى.

—تۇتە. بۇنىڭدىن باشقا ساڭا بەرگۇدەك بىر نەرسەم يوق.

ئاندىرى ئۇنى ئانگارا دەرياسى بويىدىكى يول ئىغىزىغىچە ئۇزىتىپ باردى. چاندا ئۇنى قۇچاقلىغان پىتى قىمىر قىلماستىن بىر پەس تۇردى، ئاندىن كىيىن كارىكىغا بىر قامچا سالدى-دە، ئوزى قارىغا سەكرەپ چۇشۇۋالدى. ئاندىرى ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كىتىۋاتقان قارا چىكىتتىن ئۇزاقىچە كوزىنى ئۇزمەي داڭقىتىپ قالغان پىتى تۇرىۋەردى، چىرايىمۇ تامدەك قىتىپ قالغان، خىيالى پەقەت "هەي، شۇمۇ كۇن بولدىمۇ......" دىگەن گەپكىلا كىلىپ توختاپ قالغان ئىدى.

......ناستيۇنا چانىنى ھەيدەپ، يول بويى يىغلاپ ماڭدى ــ ئۇنىڭ يۈرىكى پارە-پارە بولۇپ كەتكەن ئىدى، بىراق نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئازاپلىنىدىغانلىغىنى ھازىر ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەيتتى. يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان ھەر بىر ئازاپقا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەيتتى ــ ئۇنى خىرە-شىرە ھەم پۈتۈن ئەزايىغا تۇتاشقان بىر خىل ئالاقزادىلىك چەمبەرچەس چىرمىۋالغان ئىدى. بۇ گويا شىبكەر ۋە توز تەگمۇ-تەك سىلىنغان چاينى بىراقلا سومۇرۇپ ئىچىۋەتكەندە، ئادەمنىڭ بارلىق ئىچكى ئەزالىرى بىردىنلا قورۇلۇپ، بۇرۇختۇم بولۇپ، تاتلىق-ئاچچىق دىگەندەك خىلمۇ-خىل تەملەرنىڭ بىردىنلا يۈرىكىنى قاپلىغانلىغىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئازراق تاتلىق تەمنى تېتىا-تېتىمايلا شاكىراپ تەم دەرھال شىرىن تەمنى بېسىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھەسرەت قاپلاپ، سوڭەك-سوڭگىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

قانچە يىللاردىن بۇيان ناستيۇنا كەنتكە، ئويىگە ۋە ئەمگەككە بەنت بولۇپ كەلدى، ئۇ مومىن ئايال بولۇپ، ھېچقاچان سىزىلغان سىزىقتىن چىقمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدىكى، بەزى نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بولغانلىغىدىن چۈۋۇلماي پۈتۈن بولۇپ كەلگەن. بىراق ئەمدى ئاغامچا تۇيۇقسىز بوشاپ كېتىۋاتىدۇ، پۈتۈنلەي يېشىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاللىقاچان بوشاپ كەتتى. ۋاقىتى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى بولسىلا

قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلالايدىغان، بارماقچى بولغان يېرىگە بارالايدىغان بولۇپ قالىدى. بىراق نەگە، نىمە ئىش قىلغىلى بارسۇن دەيسەن؟ ئۇ نوختىلىنىپ يۇرۇشكە ئاللىقاچان كونۇپ قالغان، ماسلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا بىرەر يەرگە بېرىپ كېلىشكە بەل باغلىغان تەقدىردىمۇ ھېچ يەرگە بارالمايتتى، بارىدىغان يەرمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ قانداقمۇ ئالاقزادە بولمىسۇن؟ ياق، ئاغامچىنى يېشىپ تاشلىغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنى چېگىتىپ قويۇپ، كېيىنچە قانداق بولىدىغانلىغىغا قاراپ بېقىش كېرەك. ئۇ تەقدىرنىڭ ھوكمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، شۇڭا ھازىرمۇ يەنىلا ئەسلىدىكى دائىرىدىلا ئايلىنىپ يۇرمەكتە، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ ئۇ گويا يەنە دائىرە سىرتىدىكى ئادەمدەك باشقىلارنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۇرۇۋاتقانلىغىغا چەتتىن سالقىن قاراپ تۇراتتى، ئۇزى كەچۇرۇۋاتقان تۇرمۇش بولسا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشمايتتى، خۇپپيانە ئىدى، شۇڭلاشقا كوزنى يوغان ئېچىپ كوپرەك ئېھتىيات قىلىشقا، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېپقالغان گەپنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كورۇشكە، ئىشنى ھەسسىلەپ تىرىشىپ قىلىشقا، ئۇيقۇنى يېرىم ھەسسە ئاز ئۇخلاشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە بۇنداق قىلغاندا قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىغىنى ئالدىنئالا بىلىپ تۇرسىمۇ نەيرەك ئىشلىتىش، گەپنى قاچۇرۇپ ئەپلەپ-سەپلەپ ئوتكۇزۇۋېتىش، يالغان-ياۋداق سوزلەر بىلەن كىشلەرنى ئالداشقا توغرا كېلەتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېرىنىڭ كۆن كورۇشى ئۇچۇن بولۇۋاتاتتى.

"ئىنسانلىقى بولىدىكەن، گۇنا ئۆتكۈزىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ئىنسان ئەمەس. بىراق ئۇنداق گۇنانى ئۆتكۈزگىلى بولسۇنمۇ؟ ئاندىرى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ناھايىتى روشەنكى، بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ بۇ جاراھىتىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ، مەڭگۈ ساقايتقىلى بولمايدۇ. بۇنداق گۇنانى ئۇ ئۆز زىممىسىگە ئالالمايدۇ. ئۇنداق بولسا ئەمدىلىكتە قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭ بىلەن ئادا-جۇدا تۇگىشىپ كېتىشىم كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشى بىلەن كارىم يوق يۈرۈۋېرىمەنمۇ؟ ئۇنىڭ يۇرتقا قايتىپ كېلىشىدە مېنىڭمۇ گۇنايىم باردۇ، بەلكىم؟ يوق، لېكىن يوق دېگىنىم بىلەنمۇ بار. ئۇنىڭ يۇرتقا قايتىپ كېلىشىگە شۇنچە تەقەززا بولۇشىغا ئاساسەن مەن سەۋەبچى بولمىدىممۇ؟ ئۇنىڭ مەڭگۈ كورۇشەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگىنى، ۋىدالىشالماي قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىگىنى مەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھەتتا ئاتا-ئانىسىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئىزدېرىگىنى ئۇقتۇرماي، ماڭا ئۇقتۇردى. ئۇ مەن بىلەن بىرنەچچە كۈن بىرگە ئۆتۈش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم مۇددىتىنى ئارقىغا سۈرگەندۇ، بەلكىم؟ ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ئۇنى قانداقمۇ تاشلىۋېتەلەيمەن؟ ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى تارازىغا ئالماشتۇرۇپ، ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭغا سېلىپ، ئۆزىگە پايدا-مەنپەئەت تېگە-تەگمەسلىكىنى ئولچەپ باقىدىغان پۇتۇنلەي ۋىجدانسىز

كىشىلەرلا ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇ ناتونۇش يامانلىقتا ئۇچىغا چىققان كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇز مەيلىمچە كارىم يوق يۇرسەم بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئاندىرى ئۇز ئېرىم-دە، ئىككىمىزنى ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق بالايى-ئاپەتكە دۇچكەلگەندە ھەمنەپەس بولسۇن، بىر بىرىگە تايىنىپ ياشىسۇن دەپ خۇدا ياكى تۇرمۇش بىشىمىزنى بىر يەرگە قىلىپ قويغان. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ تەرەپتە ياشاۋاتىدۇ. ئاندىرى بولسا بۇ تەرەپتە. ئاھ، خۇدا، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟!»

ناستيۇنانىڭ كوڭلى بىئارام، پەرىشان بولدى، خۇددى ئىچى قۇرۇقدىلىپ، گويا، بىر تەرەپتىن سوغاق ھاۋاسى كىشىنى چاقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزىگە جەلىپ قىلىدىغان، ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى بوش-بىكار بولۇپ قالغان، ھەر بىر خىيال ئۇنىڭ ئىچىدە جاراڭلىق سوئال ساداسىنى پەيدا قىلىدىغان بىر ئۇيگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

## 8

ئاندىرى گۇسكوۋ كۇندۇزلىرى مۇمكىن قەدەر قىشلىق كىچىك ئۇيدە تۇرمايدىغان بولدى. بۇ يەرگە بىرەر ئادەمنىڭ كېلىپ قېلىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئېھتىياتچان بولغان

تۇزۇك دەيتتى. ھەر قېتىم تالاغا چىققىش ئالدىدا ئۇزىنىڭ بىر نەچچە پارچە ـ پۇرات لازىمەتلىك نەرسىسىنى توشىگى تېگىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېيىلغان تال ـ چۇۋىقلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئوزى قالدۇرغان ئىزلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوچۇرۇپ تاشلايتتى ـ دە، ئوۋ مىلتىغىنى ئېسىپ چاڭغا تېيىلىپ، مۇزلاپ كەتكەن ئوستەڭنى بويلاپ يۇقۇرى ئېقىمغا قاراپ يۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئادەتتە ئوڭ تەرەپتىكى يەرلەرگە قەدەم قويمايتتى، چۇنكى ئۇ يەر رىبىنايا كەنتىگە بىرقەدەر يېقىن ئىدى، سول تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغان بولسا، ئوتتۇز چاقىرىم دائىرىسىدە ئادىمىزات يوق ئىدى.

ئورمانلىقتىكى قارلار ئېرىشكە باشلىغان ئىدى، تېزرەك تېيىلىشقا بولمايتتى، بىراق ئاندىرى ئورمان ئارىسىدىكى بوشـ لۇققا كەلگەندە بىر قات مۇز تۇتۇپ قالغان قارلىقتا خۇددى مۇز ئۇستىدە تېيىلغانغا ئوخشاش تېزلىك بىلەن تېيىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئۇچقاندەك، ئەركىن ـ ئازادە، يەردىن سەل كوتىرىلىۋاتقان ـ دەك تېيىلىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭدا: ئالغا، ئالغا، ئازاتلىققا قاراپ ئالغا، ئەركىنلىككە قاراپ ئالغا، يىراق جايغا قاراپ ئالغا، دەككە ـ دۇككە ئىچىدە يۇرۇش، موكۇنۇش ھاجەتسىز بولغان، ھەممە شەيئىلەر ئوز تەبىتى بويىچە ئەركىن ـ ئازادە ياشايدىغان جايغا قاراپ ئالغا دىگەندەك ھوزۇر ۋە خوشاللىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى.

ئىپتىدائى ئورمان ئاق قار ـ كوك مۇزدا قەد كوتىرىپ تۇراتتى،

قېلىن قار دەرەخ شاخلىرىدىن چۈشكەن قار پومزەكلىرى بىلەن بۇلغانغان، قارنىڭ يۈزى يىڭنە يوپۇرماقلار بىلەن تولغان ئىدى. ئورمان تېخى ئويغانمىغان، يەنىلا خاموش تۇراتتى، ئەمما قارىغاي شاخلىرى ئاستا-ئاستا يۇقۇرىغا قاراپ بوي سوزماقتا ئىدى. ياپ-يالىڭاچ بولۇپ قالغان ئاق قېيىن دەرەخلىرىمۇ كۆركەملىشىپ قالغاندەك تۇراتتى، سويۇلۇپ چۈشكەن قېيىن قوۋزاقلىرى ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چۈچۈمەل دىۋىرقاي ھىدلىرىنى تارقاتماقتا ئىدى. قىش گويا ئاق بىلەن قارا رەڭ دۇنياسى بولۇپ، شەمشاد بىلەن ئاق تېرەكلەرمۇ قارىماققا ئوخشاشلا قاپ-قارىدەك تۇراتتى. بىر ھەپتىدىن بۇيان ھاۋا ئوچۇق بولۇپ بەرگەچكە، ئاق بىلەن قارا رەڭنىڭ پەرقى ئىنتايىن روشەنلەشكەن: ھەر بىر ئوي-دوڭغۇل يەرنىڭ قىياپىتى تېخىمۇ ئوچۇق، روشەن، يېقىملىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. شامال بىكاردىن-بىكار چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ئەمدى ھاۋادىن ياكى يەر يۈزىدىن قار ئۇچقۇنلىرىنى توزۇتالمايتتى. يىغىلىپ قالغان قار يەر يۈزىگە چىڭ چاپلىشىۋالغان، بۇ يەر شۇ قارنىڭ ئۆزىنىڭ دەپنە قىلىنىدىغان جايى ئىدى. قار تېخى يەنە ياغىدۇ، بىر-ئىككى قېتىم بىلەن چەكلەنمەيدۇ. خۇدا ئۆز ئىلكىدە ساقلاپ قويغان قارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كوز-كوز قىلماي قويمايدۇ، قار يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا ئەسلىدىكى قار گىلىمى ئۈستىدىن جاي ئالىدۇ، قارلىقتا توغرىسىغا يېقىلغان دەرەخلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن سۇ تامچىلىرى تامچىپ تۇراتتى.

ئاندىرى دەرەخ بىلەن قاپلانغان قىيپاش قاپتالىنى بويلاپ خېلى ئۇزۇن تېپىلغاندىن كېيىن باشقا بىر جىلغىغا يېتىپ كەلدى-دە، بۇ جىلغىنى بويلاپ ئانگارا دەرياسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئانگارا دەرياسى مانا شۇ يەردىن ئوڭغا قاراپ بۇرۇلاتتى، يىلمۇ-يىل لاتقا تاشلاپ كەلگەچكە بۇ يەردىكى دەريا قىرغىقى بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەتراپتىكى دەريا قىرغىقى ئىنتايىن مۇنبەت بولۇپ، خۇش بۇي كوركەم ئوت-چۆپلەر ۋە شىرنىلىك مېۋىلەر بىلەن تولغان ئىدى. بەزىبىر رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەينى يىللىرى بۇ ئەتراپتا بىر تاتار كەنتى بولغان ئىكەن، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر-تاڭ، تاتارلار بۇنىڭدىن خېلىلا بۇرۇن ياقا يۇرتتىكى دەريا بويىدىن تاللىۋالغان بۇ يەرلىرىنى تاشلاپ، ئۆيلىرىنى كويدۇرۇۋېتىپ كېتىپ قالغان ئىكەن. بۇ ئىشنىڭ زادى بولغان-بولمىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، بىراق شۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئەمگەكتە قالدۇرغان ئىزلىرى—دەرەخ كەسكەن جايلارنىڭ، ئېتىز-ئېرىقلارنىڭ، ئوت-چۆپ ئورۇش مەيدانلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى ھېلىمۇ ئانچە-مۇنچە پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

ئاندىرى دەريا قىرغىقىنى بويلاپ ماڭدى—ياق ئايىغى بىلەن مېڭىپ ئەمەس، چاڭغا بىلەن تېپىلىپ، مۇز تۇتۇپ كەتكەن قارلىقتا ئانگارا دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغا قاراپ ماڭدى.

بۇ يەردىمۇ ئېھتىيات قىلىشقا، پەخەس بولۇشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ھەددىدىن تاشقىرى دەككە-دۈككىگە چۈشۈش

ھاجەتسىز ئىدى. بۇ يەر ھېچكىمنىڭ ئىگىلىگىدە بولمىغان بىكار يەر، بىر رايوننىڭ ئاخىرى ئىدى، يەنە بىر رايون بولسا تېخى بۇ يەردىن باشلانمىغان ئىدى، ئىككى مەمۇرى رايونغا قاراشلىق ئاھالىلەر ئۆزئارا تونۇشۇپمۇ كەتمەيتتى. مىللىق ئېتىلىسلا ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەر ئاگلاپ، قارشى تەرەپتىكىلەر ئاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتى؛ يۇقۇرى ئېقىمدا ئولتۇرۇش- لۇق ئاھالىلەر تۆۋەن ئېقىمدىكىلەر ئاتقان بولسا كېرەك دەيتتى، تۆۋەن ئېقىمدىكى ئاھالىلەر بولسا يۇقۇرى ئېقىمدىكىلەر ئاتقان بولسا كېرەك دەيتتى. بۇ يەردە، پەقەت بۇ يەردىلا ئاندىرى ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىغا ئىجازەت بېرەتتى.

قىرغاقتا تۇرۇپ ئۇ بىرنەچچە تېكىننى ئىككى كۈن كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ تاش ئارال ئارقىلىق ئانگارا دەرياسى- دىن توغرا كېسىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىگىنى ئىككى قېتىم كوردى. ئۈچىنچى كۈنى بۇ ئارالغا كېلىپ، ياۋا ئۆشكىلەر كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان، بەكمۇ تىك ئەمەس، تۆۋەندىكى ئېقىمغا يۈزلىنىدىغان دوقمۇشتا بىر يوشۇرۇن ئورۇن تەييارلىدى. بۇ يەردىن ئىككى قىرغاقنى ئېنىق كورگىلى بولاتتى: سول قىرغاق بۇ يەرگە يېقىن، ئوڭ قىرغاق يىراقتىراق ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇ يەر كۆزىتىشكە ئەپلىك بىر جاي ئىدى، يەر بېغىرلاپ ھۇشتىتىشقا خۇشتار قار-شۇۋىرغان بۇ يەردە قىلچە توساقسىز، ئۆزى خالىغىنىچە ئەزۋەلەيتتى. ئاندىرى شامالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئارال ئوتتۇرىسىدىكى تەگداشسىز چوڭ قەدىمى

قەۋرىستانلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان قاتمۇ-قات تىك چوققىلىق تاشلىقتا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر ئاراشتىن يان تەرەپكە سوزۇل-غان، غارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئوڭكۈرنى كوردى، بۇ ئوڭكۈردە ھىلىمۇ گۇلخان قالدۇقلىرى بار ئىدى. ئاندىرى توت ئەتراپنى بىر قۇر كۈزىتىپ، ھاڭ-تاڭ قالغانلىقىدىن "ھىم!" دەپ قويدى-دە، ئاۋازىنى چىقىرىپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ تىلەپمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بۇنداق بىر جاينىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى قىلچە خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. بۇ ئوڭكۈر-دىن قانداق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى نىمە قىلىش ئۈستىدە ئويلى-نىپ ئولتۇرمايلا، بۇنىڭ ئوزىگە پايدىسى تېگىدىغانلىقى توغرىسىدا ھوكۇم چىقاردى.

ئاندىرى گۇلخان يېقىپ، ئىسسىنىۋالدى. ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن بۇگۇنكى ئوۋدا ئىش ئوڭدىن كەلمىسە قىشلىق ئويگە قايتىپ كەتمەي، مۇشۇ يەردىلا تۇنىمەكچى بولدى. "بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق تۇرسا، پۇتلىرىمنى قىناپ نىمە قىلىمەن؟ ئەمدى تاش ئارالدىنمۇ پانالىنالايدىغان بولدۇم، يەنە كېلىپ بۇ جاي نەقەدەر ئوبدان پانالىق جاي-ھە! كېچىسى قەھرىتان سوغاقنىڭ ئادەمنى چېقىشى تۇرغان گەپ. بىراق گۇلخان يېقىپ قويسامىلا بولغىنى. ئىلگىرىمۇ بەزىلەر بوران-چاپقۇندىن ساقلىنىش ئۇچۇنمىكىن ياكى ئادەملەردىن ئوزىنى چەتكە ئېلىش ئۇچۇنمىكىن، ئىش قىلىپ بۇ جاينى ئوزلىرىگە پانا قىلغان ئىكەن. ئادەملەردىن ئوزىنى چەتكە ئېلىش ئۇچۇن

بۇ يەردە پانالانغان بولسا كېرەك. بولمىسا بۇ جايغا كېلىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ قارىداپ، قېتىشىپ كەتكەن كۆللەرنىڭ كوپلۈكىنى قارىغا، بۇنىڭدىن بۇ ئادەمنىڭ بۇ يەردە بىر كېچىلا تۇرمىغانلىغى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بىراق بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىكى ئىش بولسا كېرەك. كورۇنۇپ تۇرۇپتىكى، مەن ھولچىلىك مەزگىلگە دۇچكېلىپ قالغاندەك، ئۇمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك يامان ھاۋاغا دۇچكېلىپ قالغان بولسا كېرەك.»

ئۇ — ئاندىرى، نىمە ئۇچۇن ئىلگىرى بۇ تاش ئارالغا كېلىپ قاراپ باقمىغان بولغىيدى؟ ئارال كوز ئالدىدا تۇرسىمۇ، لېكىن كېلىش پۇرستىنى قولدىن بېرىپ قويغان ئىدى. ئۇ قانچە قېتىم دەريادىن ئوتكەندە كوزلىرىنى چوڭ ئېچىپ بۇ ئارالدىكى تىك يار، چوڭقۇر ھاڭلارغا قاراپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرگە كېلىپ قاراپ بېقىشنى خىيالىغا كەلتۇرۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭچە بۇ يەر كىشىلەرنىڭ ساياھەت قىلىش زوقىنى قوزغىيال-مايدىغان قاقاس ئارال بولۇپ، بۇ يەردە تىك دەريا قىرغىغى، ئاجايىپ-غارايىپ تاشلاردىن باشقا، يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغايلا بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ بۇنداق قىياپىتى باشقىلارنىڭ زوقىنى قوزغىشىمۇ ناتايىن ئىدى.

ئاندىرى تاش ئارالدا تۇنەپ، خوشال بولۇپ قالدى. چۇنكى ئۇ ئوتكۇردە گويا ئۇيۇلتاش ئىچىگە جايلىشىۋالغاندەك، ئۇيۇلتاشنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كىرىۋالغاندەك پانالىناتتى، بىرەر كىشىنىڭ بىر تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇ قۇرۇق شاخ-شۇمبىلارنى يىغىپ ئوت يېقىپ ئورنىنى ئىسسىتتى-دە، ئادەتتىكى چاغلار-دىكى دەككە-دۈككىدىن قۇتۇلغان، شۇنىداقلا باشتىن-ئاياق ئۇزىگە يېپىشۋالغان ھەتتا چۈشىدىمۇ پەسەيمەيدىغان ھىلقىدەك ھەددىدىن تاشقىرى ئالاقىزادىلىكتىن خالى بولغان ھالىدا ناھايىتى ئىسسىق، ناھايىتى خاتىرجەم ئۇخلىدى.

ئەتىسى سەھەردە ئۇ ھىلقى دوقمۇشقا يېتىپ كەلگەندە خېلى ۋاق بولۇپ قالغان ئىدى. ھايال بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەپ شۇ يەردە ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەربىي سۇدان بىلەن چاي قايىنتىشقا توغرا كەلدى. چاي ئىچكەندە سۇدانىمۇ لېۋىنى كويدۇردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قەھرىتان سوغاق بولۇۋاتقان ئوڭكۇر سىرتىغا چىقىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى......

يەر بېغىرلاپ چىقىۋاتقان قار-شۇۋىرغان توختاپ قالغان ئىدى، لېكىن سوگەكتىن ئوتۇپ تۇرىدىغان ئىزغىرىن شامال ھىلىمۇ تۇيدۇرماي، ئالدىرىماي شىمال تەرەپتىن سوقماقتا ئىدى. تاڭ سەھەردىلا بىرئاز تۇتۇلۇپ قالغان ھاۋا ھايۋانلارنىمۇ، ئادەم-لەرنىمۇ ئېھتىياتچان قىلىپ قوياتتى، ھاۋا شۇنىداق ئۇزگىرىپ تۇرغاندا، تېكىمۇ يىراق يەرلەرگە بېرىشقا پېتىنالمايتتى. ئاندىرىغا تاغ قىرىنى بويلاپ ئاستا ئارقىغا يېنىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ يەردە بىرەر تىيىنغا ئۇچراپ قالسىمۇ بىرنىمە دەپ بولمايتتى.

ئۇ نىمە قىلىش كېرەكلىگى توغرىسىدا ئويلىنىپ، كەينىگە

بۇرۇلۇپ، سول قىرغاققا قاراپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ئۈچ تېكىنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى تىرەپ تىك قىرغاقتىن پەسكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالدى. شۇ، ئەنە شۇ، كىشىنىڭ مەسـ لىگىنى كەلتۈرىدىغان تېكىلەر ئەنە شۇ. ئاندىرى بىر توپ يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغاينىڭ ئارقىسىغا چېكىنىپ باردى ـ دە، ئوۋ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى. تېكىلەرنىڭ پۇتى پات ـ پات قېتىپ كەتكەن قارغا پېتىپ قالاتتى. ئۇلار تەستە ۋە مەزمۇت دەسسەپ تۇرالمىغان هالدا سەكرىشىپ دەريا شاخاپچىسىدىن ئوتۇپ ئۇدۇل ئاندىرى تەرەپكە قاراپ كېلىشتى. قىزىق ئىش، نىمە ئۇلارنى بۇ يەرگە كېلىشكە جەلپ قىلىدىكىن؟ ئېهتىمال، ئۇلار هېچقايسى تەرەپتە پانالانغۇدەك جاي تېپىلمايدىغان خەتەرلىك ئوچۇق دالاغا چىقىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئۇزلىرىنىڭ تەشۋىشلىك روهىي هالىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئاۋال ئورمانلىققا كېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغۇسى كەلگەندۇر؟!

تېكىلەر بىر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغىنىچە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى. ئاندىرىغا ئۇلارنىڭ بالىمان ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خورتىلداپ پۇرقۇشلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار دوقمۇشقا يۈز مېتىردەك قالغاندا، شۇنداق، كوپ دېگەندە يۈز مېتىردەك قالغاندا، نىمە ئۈچۈنكىن ـ تاڭ، چوچۇپ قالدى، يول باشلاپ ماڭغان تېكە توساتتىن نىشاننى ئوزگەرتىپ، ئارالدىن دەرياغا قاراپ چاپتى. ئاندىرى دەرهال ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىۋېتىپ، ئەڭ ئارقىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان تېكىنى تەڭلا ئاتقان ئىككى

پاي ئوقى بىلەن سوقۇۋالدى، ئۇ جېنىنىڭ بېرىچە بىر ئۇخچۇپ، ناھايىتى ئېگىز سەكرىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالدىغا ئەمەس، بىر تەرەپكە، يەرگە يىقىلدى.

ئاندىرى بۇ تېكىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ تېخى جان ئۈزمىگەن ئىدى. ئۇ چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە پۇت ئېتىپ، قارلارنى ئوز تېنى ئاستىغا يىغىۋاتاتتى، كوزلىرى قانغا تولغان، بېشىنى پات-پات كوتىرىپ قويۇپ يەنە تاشلىۋەتتى. ئوز يولىچە بولغاندا، ئاندىرى ئۇنى دەرھال بوغۇزلىۋېتىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ بۇنداق قىلىپ ئولتۇرماي، بەلكى بىر چەتتە بۇ ھايۋاننىڭ ئولۇش ئالدىدا قانداق ئازاپلىنىپ جان تالىشىۋاتقانلىقىغا كوز سېلىپ تۇردى: تېكە پات-پات تۈگۈلۈپ، بىر دەمدىن كېيىن يەنە ئوزىنى تاشلىۋېتەتتى، كېيىن يەنە تېپىرلايتتى، بېشىنى قارغا ئۇراتتى. ئاندىرى تېكىنىڭ ھەر بىر ھەركىتىنى قالدۇرماي كورۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. تېكە جان ئۈزىدىغان ئاخىرقى مىنۇتتا ئۇ ئۇنى ئاستاغىنا كوتىرىپ، كوزلىرىگە قارىدى، تېكىمۇ كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئاندىرىغا قارىدى. ئاندىرى ئۇنىڭ لىپىلداپ تۇرغان كوز قارچۇغىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئوزىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۇچ پىرسەنت ئادەمنى، يەتتە پىرسەنت ئالۋاستىنى ئەسلىتىدىغان چاچلىرى پاخپايغان تەلەتى يىرگىنىشلىك چىكىتتەك بىر چىراي ئەكسىنى كوردى.

ئۇ تېكىنىڭ كوزىدە بۇ تېپىرلاشنىڭ قانداق ئەكس ئېتىشىنى

ئېسىدە قالىدۇرۇش ئۈچۈن، تېكىننىڭ جان ئۈزگەن چاغدىكى ئاخىرقى تېپىرلىشىنى كۆتۈپ تۇردى، بىراق بۇنى كورەلمىدى. ئۇنىڭغا تېكىننىڭ كوزى جان ئۈزگەن دەقىقىدە قېتىپ قالغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى.

ئاندىرى بەزىدە تاغ ئۈستىدىكى قىشلىق ئويگىمۇ باراتتى. ئۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ئويگە قارىغاندا مۇستەھكەم، كەڭرەك ئىدى. تاغ ئۈستىدىكى قىشلىق ئوي گويا مەڭگۈلۈك ئىمارەتتەك تىك تويىلىككە تىلىنمىستان ياغاچ بىلەن سېلىنىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلار ئاللىقاچان چوللىشىپ، ياۋا ئوت-چوپلەر بىلەن قاپلانغان ئىدى، بىراق ئويىنىڭ يېنىدا، ئاندا-ساندا ئوسكەن بىر قاتار ئاق تېرەك كەينىدە يۇمۇلاق كەلگەن، كىشى كوڭلىگە ئارام بېغىشلايدىغان ئورمان ئوتتۇردىسىدىكى بوشلۇق بار ئىدى. بىر كۈنى ئاندىرى چوڭقۇر خىيالغا چومگەن چاغدا، كوڭلىگە تۇيۇقسىز: "مۇشۇ يەرگە، ئاق تېرەكلىك بىلەن ئورمان ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق تۇتىشىپ تۇرىدىغان جايغا دەپنە قىلىنىسام بولغان ئىكەن. بۇ يەرنىڭ تۇپرىغى قۇرغاق، مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن، دەرەخ شاخلىرىدىن يۇپۇر-ماقلار توكۇلۇپ تۇرىدىكەن، قۇش-قاناتلار كەلگۈسىدە چۇمەن-لىككە ئۇچۇپ كېلىشىپ خۇش ئاۋازدا سايرىشىدۇ، قىشلىق ئويمۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ساقلايدىكەن" دىگەن ئوي كەلگەن ئىدى.

ئويىدە مەش يوق ئىدى (قاچانكىن-تاڭ، بىر كىشى ئۇنى

چۈۋۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە قارىماي دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىشلىق ئۆيگە يوتكەپ كەتكەن ئىدى)، بۇنداق قىلغىنىمۇ ياخشى بولغان ئىكەن، ئۇنداق بولمىسا ئاندىرى قەھرىتان سوغاقتا بەرداشلىق بېرەلمەي مەشكە ئوت يېقىپ قويغان بولاتتى ـ دە، ئاتامەن كەتتىدىكلەر تاغدا تۇتۇن چىقىۋاتقانلىغىنى كورۇپ قالغان بولاتتى. ھاۋا ئىللىغاندىن كېيىن ئۇ بۇ يەرگە يوتكىلىپ كەلمىسە بولمايدىغان چاغدا، مەشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ يەردە پەقەت بىر كۈن تۇراتتى، مۇزلىغىلى تۇرغان ھامان ھەركەت قىلسىلا، ئوت قالىمىسىمۇ ئىسسىپ كېتەتتى. يەنە كېلىپ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان ھاۋا بارا ـ بارا ئىللىشقا باشلىغان. قۇياش نۇرى ئادەمنى خېلى كويدۇرىدىغان، جۈۋىمۇ ئارتۇقچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئانگارا دەرياسىنىڭ مۇزلىرى ئېرىپ، شاۋقۇن سېلىپ ئېقىش ئالدىدا تۇراتتى، بىراق ئاندىرىنىڭ ئوتۇگىمۇ، ئىچ كويىنىگىمۇ يوق ئىدى.

ئاندىرى بۇ يەرگە كېلىش بىلەنلا ئىمىشقىمۇ ئوزىنىڭ دوتلىشىپ قالغانلىغىنى، تاغ باغرىدىكى قىشلىق ئويدە تۇرغان ۋاقتىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا گويا باشقا ـ باشقا ئىككى ئادەمدەك بولۇپ قالغانلىغىنى ھىس قىلدى، ئاندىرىنىڭ كوڭلى ئۇ يەردە خاتىرجەمرەك بولۇپ، خېلى كونۇپ قالغان، بىر كۈنى ئۇنى قىلسا، يەنە بىر كۈن بۇنى قىلىپ دىگەندەك كۈن ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇ

يەردە ئۇ: قانداق قىلسام بولار؟ ئەتە نەگە بارارمەن؟ ھىلقى نەرسىنى قانداق قولغا چۈشۈرەرمەن، ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككىنچى نەرسىنچۇ؟ نىمە بىلەن قوساق تويغۇزارمەن؟ دىگەندىن باشقا نەرسە ئۈستىدە باش قاتۇرمايتتى. ئۇ كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى. بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى، پەقەت بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى يۈز بەرگەن ئىشلارنىلا ئېسىگە سېلىۋېلىپ، كوز ئالدىدىكى مۇشۇنداق كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىغا چۈشكەن، ھايات قالساملا مەيلى دەيدىغان تۇرمۇشتىن كوڭلى ئەمىن تېپىپ كەلگەن ئىدى. بىراق بۇ يەرگە كېلىش بىلەنلا بۇنداق ھىسسياتتىن قىلچە ئەسەرمۇ قالماي، ھەممىشە چەكسىز ھەسرەتكە چوكىدىغان بولۇپ قالدى، بەزى ھاجەتسىز ئوي-خىياللار ھە دىسىلا كوڭلىگە كېلىۋالاتتى، ئۇنىڭدىن ھىچقانداق قىلىپمۇ قۇتۇلالمايتتى، ھالبۇكى، ئوزى چەكلىگەن، ئۇن قۇلۇپ بىلەن قەلب دەرۋازىسى ئىچىگە قاتتىق بەنت قىلىۋەتكەن، ئاللىقاچان ۋاقتى ئوتكەن ئەخمىقانە پۇشايمان ئۇنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ بەكرەك دولقۇنلايتتى ۋە ئۇنى قاخشىتاتتى.

ئەمىلىيەتتە ئۇ يان-بۇ يان ئويلانغۇدەك نىمە بولسۇن دەيسىز، ئوزىنى بىھۇدە قىيناپ نىمە جاپا؟ جەيىنەك ئېغىزغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن چىشلىگىلى بولمايدۇ.

نىمىشقىدۇ بۇ تەمسىل ئۇنىڭ يادىغا يېتىپ قالدى-دە، بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنىڭ جەيىنىگىنى قايرىپ، چىشلىيەلىسەم

ئەجەپ ئەمەس دەپ، پۈتۈن كۆچىنى ئايىماي بوينىنى سوزۇپ چىشلىمەكچى بولدى، بىراق بوينى تولغىنىپ ئۈزۈلەي دەپ قالغان بولسىمۇ چىشلىيەلمەي، ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. كوڭلىدە: "تەمىنى توغرا ئېيتىلىپتىكەن" دەپ كېرىلىپ كەتتى. دىمەك، بۇنىڭدىن ئاندىرىدىن بۇرۇنمۇ بەزىلەر چىشلەپ باققان بولسىمۇ، چىشلىيەلمىگەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

بۇ يەردە ئۇ ئۆز ئۆزىدىن نەپرەتلىنەتتى ۋە ئۆز ئۆزىدىن قورقاتتى، ئۆزى ئۆچۈن ھەسرەت چېكەتتى، قانداق قىلغاندا ئۆزىنى تېخىمۇ بەكرەك ئازاپلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، قانداق قىلغاندا پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۆز ئۆزىنى ئەيىپلىگەن ھالدا: "ھىم، قاراپ تۇر، ۋاقتى-سائىتى يېتەي دەپ قالدى، ئەجىلىڭ توشاي دەپ قالدى!" دەپ تەھدىت سالاتتى، ئارقىدىنلا ۋەھىمە باسقان ھالدا: "ھەقىقەتەن ۋاقتى-سائىتى يېتەي دەپ قالدى، ھەقىقەتەن ئەجىلىم توشاي دەپ قالدى! ئۇنىڭ قانداق ئەجەل ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېغىزغا ئالمايلا قوي! ئۇ چاغدا ئورنۇڭدىن قايتا تۇرۇش خام خىيالدا بولما، زادىلا ھوشۇڭغا كېلەلمەيسەن " دېگەن خىياللاردا بولاتتى.

ئۆزىدە بۇنداق ئەخمىقانە غەرەزنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا نىمە سەۋەپ بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۇنىڭغا ئۆزۈنى كوزلەپ سېلىنغان بۇ قىشلىق ئۆي سەۋەپ بولدىمىكىن، ياكى ھىلىقى ئەتراپتىكى گۈللەپ ياشنىغان، كىشى كوڭلىگە ئارام

بېغىشلايدىغان ئوبدان جاي، يەنى ئورمانلىقتىن ئانگارا دەريا-
سىنى قاپلىغان چەكسىز مۇز كوزۇنۇپ تۇرىدىغان ئاتامان كەنتى
ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرمۇ يىراقتىن كوزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان
جاي سەۋەپ بولدىمىكىن، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. بىراق
ھەر هالدا ئاللىقانداق بىر سەۋەپ ئۇنىڭغا تەسىر كورسىتىۋاتاتتى.
ئازاپ سېلىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن ئۇ زادىلا قۇتۇلالمايۋاتاتتى.

بىراق دەل مۇشۇ سەۋەپ ئۇنى لەززەتلىك راھەت-پاراغەتكە
ئېرىشىش يولىدا جىنايەت ئوتكۈزۈشكە جەلپ قىلىۋاتقاندەك،
بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى.

ئاندىرى تېگىنى تۇنجى قېتىم ئۇۋۇلىۋېلىپ بىر ھەپتە ئوتكەن-
دىن كېيىن يەنە شۇ تاش ئارالدا ئىككىنچىسىنىمۇ ئېتىۋالدى.
ئۇنى چاڭغا بىلەن سورەپ تاغ باغرىدىكى قىشلىق كىچىك ئويگە
ئېپكېلىپ قاراڭغۇدا سويدى-دە، گوشىنى پارە-پارە قىلىپ،
تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئوگزىگە تاشلاپ، لەمپە ئاستىغا تىقىپ
قويدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىشكنى شۇنداق ئېچىپلا داڭقېتىپ
تۇرۇپ قالدى: بىر كۆلرەڭ چوڭ ئىت تۇيۇقسىز بوسۇغا يېنىدىن
سەكرەپ قوپۇپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتقان پېتى ئۇنىڭغا تىكىلدى.
ئاندىرى ئۇنىڭ بورە ئىكەنلىكىنى دەرھال ئويلاپ كېتەلمىدى.
ئۇ ھەم ئۇزۇن بوي، ھەم ئورۇق بولۇپ، يۇڭلىرى ئادەتتە
تۇك تاشلايدىغان چاغلاردىكىگە ئوخشاشلا ھۇرپىيىپ، پاخپىيىپ
تۇراتتى، بورە ئاندىرىغا ھۇرپىيىپ قاراپ تۇراتتى، ئۇ دەرھال

ئوۋ مىلتىغىنى قولىغا ئالدىيۇ، لېكىن يەنە ئوزىنى بېسىۋېلىپ ئوق ئۈزمىدى. بۇ كاداك قېرى بورە بەتلەنگەن مىلتىقتىن ئوزىنى چەتكە ئېلىپ، تاغ ئارىسىغا قاراپ قاچتى، بىراق مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، توختاپ ھۇۋلاشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بورە ھەر كۈنى كەچتە ئوي ئەتراپىدا پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاندىرىغا ھۇۋلاشنى ئۆگىتىپ قويدى.

بۇ بورە ھەمىشە ئوي ئارقىسىغا ئوتتۇۋېلىپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك سۇرلۇك ئاۋازدا سوزۇپ-سوزۇپ ھۇۋلايتتى. بۇ ئاۋازدىن دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئوڭى ئوچەتتى، بۇ ئاۋاز، بەئەينى قاپ-قاراڭغۇدا ۋالىلداپ كىكىرتەككە تەگلەنگەن ئوتكۈر تىققا ئوخشايتتى. ئاندىرى بۇ يىرتقۇچنى قاچۇرۇشقا ھىچقانداق ئامال قىلالمىغانلىقىدىن بەكمۇ بېشى قاتتى، شۇنىڭ بىلەن مەلۇم بىر كۈنى قەھرى-غەزىۋىگە چىدىماي، ئىشكىنى قىيپاش ئېچىپ قويۇپ بورىنى دوراپ ھۇۋلاپ تاشلىدى. بۇ ئاۋازدىن ئوزى قاتتىق چوچۇپ كەتتى، چۈنكى ئوزىنىڭ ئاۋازى بورىنىڭ ھۇۋلىشى بىلەن ئاجايىپ ئوخشىشىپ كەتكەن ئىدى. بىراق بۇنىڭمۇ ھىچ ۋەقەسى يوق، بۇ ئەسلى مەنىسىدىن: "بورە بىلەن بىر بولساڭ ئۇنىڭ ھۇۋلىشىنى ئۆگىنىسەن" دىگەن بىر ھەقىقەتنى ھىساپلاپ بەردى، خالاس. "بۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنى قورقۇتۇپ

قويسام بولغۇدەك" دەپ ئويلىدى ئاندىرى دەرت-ئەلەم ئىچىدە ۋە ئوچ ئېلىش ھىسسىياتى بىلەن.

ئۇ بورىنىڭ ھۇۋلىشىغا زەڭ قويۇپ قۇلاق سالدى ھەممە بىر خىل تاقەتسىزلىك، خوشاللىق ۋە ئەسەبىلىك بىلەن ئۆزلۈكىدىن جۇر بولۇپ ھۇۋلىدى، كېيىن بورە تېخى ئۇنىڭ توغرا ھۇۋلىيالمىغان تەرەپلىرىنى تۈزىتىپمۇ قويدى. ئاندىرى كېچە-كېچەلەپ ھۇۋلاۋېرىپ، كېكىرتىكىنى بېسىپ تۇرۇپ، بېشىنى ئارقىغا تاشلىغاندا ئۆز كانىيىدىن چىقىۋاتقان ھەددىدىن ئارتۇق خىقىراشلارنى تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىغىنى پەيدىن-پەي چۈشىنىۋالدى. ئۇ ئاخىر سۈرلۈك، ھەقىقى بورە ھۇۋلىشىنى ئۆگىنىۋالدى، قانداق قىلغاندا ئۇنى ئەكس سادا پەيدا قىلىپ سامادا جاراڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىغىنى چۈشىنىۋالدى.

بورە ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي بۇ قىشلىق ئويدىن ۋاز-كەچتى. ئاندىرى ئەمدى بورە بولمىسىمۇ ھۇۋلىيالايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بەزى چاغلاردا بەكمۇ ئىچى پۇشۇپ كەتكەندە، گويا ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىپ، لەززەتلىنەلەيدىغاندەك، ئىشكنى ئېچىپ قويۇپ، ئېپتىدائى ئورمانلىققا قاراپ سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق ھۇۋلاپ قويىدىغان بولدى.

ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى، ھەتتا خېلى يىراقتىكى ھەممە نەرسە-لەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھۇۋلىشىنى ئاڭلاپ قېتىشىپ قالغاندەك جىمجىت بولۇپ كەتكەنلىكىگە زەڭ قويۇپ قۇلاق سالاتتى.

# 9

ئۈچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماكسىم ۋولوگژىن ئاتامان كەنتكە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن تۇنجى جەڭچى ئىدى. مۇبادا پېتىر لۇكوۋنىكوۋمۇ بۇنىڭ ئىچىدە دەپ سانىلىدىغان بولسا، ماكسىم تۇنجىسى بولالمايدۇ، پېتىر ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىلا ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن ئىدى، بىراق ئۆيىگە ئۆلۈمىنى كۈتۈشكە قايتۇرۇلغان ئىدى، ئۇ تەپ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، تالا-تۈزگە چىقىپ باقماي، كارۋاتتا ئىككى ئاي ئازاپلىنىپ ياتقان ئىدى. مەريەم ئانا بايرىمى ئوتۇپ، ئېتىزلىق ۋە كوكتاتلىقتىكى ئىشلار بېسىقىپ تۇرۇشىغا پېتىر ئۈن-تىنسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ ياقا يۇرتلاردا قالماي ئۆز يۇرتىدا يەرلىككە قويۇلۇشى ئەڭ چوڭ ئامەتى بولۇپ ھېساپلىناتتى.

ماكسىم بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، ئۇ يارىدار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېتىپ قالماي، ئۆيىدە قالسا بولىۋېرەتتى. ئاتامان كەنتى قايناپ كەتتى. ھازىر يارىدارلارنى ئۆيىگە قايتۇرغاندىكىن، دىمەككى، باشقىلارمۇ ئۇزاققا قالماي، پات ئارىدىلا ئارقا-ئارقىدىن قايتىپ كېلىدىغاندەك

تۇراتتى. مۇھىمى باشلامچى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋېرىدۇ، بىراق نەق گەپنى قىلىدىغان بولساق، قايتىپ كېلەلەيدىغانلارمۇ ھېچقانچە دىگۇدەك قالمىغان ئىدى. ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ھەرقانداق ئىشنى ئىنچكە، توغرا ھىساپلاشنى ياقتۇراتتى، ئۇ رەقەم بىلەن تامامەن كەنتتىكى ئەرلەر تەقدىرىنىڭ نەقەدەر بەختسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرەتتى: ئىككى ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى - فىنلاندىيە ئۇرۇشىدىلا مەڭگۇ كەلمەسكە كەتتى، بۇ قېتىم يەنە ئون سەككىز ئادەم ئالدىنقى سەپكە كەتكەن ئىدى، بۇلارنىڭ بىرى (ماكسىم ۋولوگژىن) ھايات بولسا كېرەك، يەنە بىرى (پېتىر لۇكوۋنىكوۋ) ئوز قەۋرىسىدە مەڭگۇلۇك ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتتى، ئەرلىرىنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئون ئۇقتۇرۇش تۇل ئاياللار قولىدا تۇرۇپتۇ؛ باشقىلار تېخىچە ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. ھىساپ ناھايىتى ئاددى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كەنتمۇ كىچىك، بۇنى بارماق بىلەنمۇ ھىساپلاپ چىققىلى بولىدۇ.

شۇ كۇنى ناستيۇنا، نادكا ۋە لىزا ۋولوگژىنا ئامباردا ئۇرۇق-لۇق قالدۇرۇلغان ئارپىلارنى ئاشلىق سورۇش ماشىنىسى بىلەن سورۇۋاتاتتى. چۈشلۇك تاماقتىن كېيىن نىستور ئۆزىنىڭ كاركا ئاتلىق ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى يېتىپ كېلىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تىك تۇرغۇزدى - دە، قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ھەي لىزا! دەرھال ئېتىمغا مىن دەيمەن، دەرھال! ئاڭلىدىڭمۇ؟ ماكسىم قايتىپ كەلدى! — دىدى.

لىزا ئۇنىڭ يېنىدىن ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم داجىپ چىرايى تاتىرىپ چىقىراپ سالدى-دە، ھوكۇرەپ يىغلاپ كەتتىكە قاراپ چاپتى. شۇ چاغدا ئاتامان كەنتى لەرزىگە كەلگەن ئىدى. ئامبار سېلىنغان تاغ چوققىسىدىن باللارنىڭ ۋە ئىتلارنىڭ تاغ قاپتىلىنىڭ يۇقۇرىراغىدىكى كەنت چېتىگە ۋولوگژىنىنىڭ ئويىگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىغى، ھەتتا بوۋايلارنىڭمۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇكدىاشقاچ ئىككى-ئۈچتىن بولۇپ شۇ ياققا قاراپ يول ئېلىشقانلىغى كورۇنۇپ تۇراتتى. نىستور يەنە ئېتىنى ئۈچقاندەك چاپتۇرۇپ يول بويى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ، ئالىقاياقلارغا غايىپ بولدى، بۇ كەنتتىكى خاتىرجەمسىزلىكنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى، كىشىلەر ئالدىراپ-تېنەپ يول بوشىتاتتى، كاركا مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، توختىماي چاپچىيتتى ۋە كىشنەيتتى، بىراق ھازىر ھېچكىممۇ نىستورنى توسالمايتتى، ئۇ پات-پات ئوق چىقىرىپ بىر دەم ئۈچقاندەك ئاتامان كەنتىنىڭ بۇ تەرىپىگە يېتىپ كەلسە، بىر دەم يەنە ئۈچقاندەك ئۇ تەرىپىگە كېتىپ قالاتتى.

— بۇمۇ ئۇنىڭ جەڭ قىلغىنىغا ھىساپ ئىكەن-دە، دىدى نادكا غەزەپ بىلەن، — خۇددى جياڭجۇندەك قىلىق قىلىغىنىنى قارىمامدىغان.

ئۇ ئاشلىق قاچىلانغان تاغار ئۈستىگە لاسسىدا ئولتۇرۇپ، باياتىنقىغا ئوخشاشلا غەزەپ بىلەن، كېيىنچە ئاستا-ئاستا غەمكىن ئۈمىتسىزلەنگەن ئاھاڭ بىلەن:

— مېنىڭ ھېلىقى لامزەللەم ھايات قالالماپتۇ.....نىمە ماڭا تىكىلىپ قارايسەن؟ شۇنداق ئەمەسمىدى-يا؟ — دىدى ئاچچىغىغا بەس كېلەلمەي، ئۇزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ناستيۇنانى ئەيىپلەپ، — ماڭا بىر توقاي بالىنى تاشلاپ قويۇپلا ...... باتۇر-لارچە قۇربان بولدى. ئۇغۇ باتۇرلارچە ئۇلۇپمۇ، بىراق بۇنىڭ-دىن كېيىن مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟ مەن ئۇلارنى باقسمەن-مۇ؟ — نادكا بېشى بىلەن ئۇي تەرەپكە قاراپ ئىشارەت قىلدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇچ بالىسى بار ئىدى، ئارقىدىنلا ئۇ ھوكۇرەپ يىغلىۋەتتى، كوز يېشىدا توپا-چاڭ قونۇپ كەتكەن يۇزىنى يۇدى، — شۇنچە كوپ بالىلارنى سورەپ يۇرسەم، ئەمدى مېنى كىم ئالىدۇ؟ مەن تېخى ئەمدى يىگىرمە يەتتە ياشقا كىردىم. يىگىرمە يەتتە يېشىمدىلا تۇگەشتىم، ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولدۇم. بۇ ئۇلگۇر دۇنيا ھەممە ئۇرۇق-پۇرۇغى قالماي قۇرۇپ كەتسۇن!

شۇ كۇنى ئۇلارنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى، ئۇلار سورۇلغان ئارپىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ئوز ئويلىرىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئامبارچىغا ئامبارنىڭ ئىشىگىگە قۇلۇپ سېلىپ قويۇشنى تاپىلىدى.

ناستيۇنا ئويىگە كېلىپ سېميونوۋنانىڭمۇ ئىسسىق كاڭ ئۇستى-دىن پەسكە چۇشكەنلىگىنى كوردى. ئۇ دىڭگوسلاپ، پات-پات ۋاي-ۋايلىغان حالدا، ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سورىگىنىچە ئۇ يان-بۇ يان مېڭىۋاتاتتى. مىخئىچ كوڭلى ئارامىدا بولمىغان، خۇددى بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك پەرىشان بولغان

ھالـدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مېڭىۋاتاتتى. مىخئىج ناستيونانى كورۇپ ئىنتايىن خوشال بولۇپ:

— ماكسىم ۋولوگژىنىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىز-مۇ؟ — دېدى.

— ئاڭلىدىم.

— ئۇيگە باردىڭىزمۇ؟

— ياق.

— بارسىڭىز بولاتتى.....ئاندىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئازدۇر-كوپتۇر خەۋىرى باردۇ، بەلكىم.

—ئۇزلىرى بارسىلا بولارمىكىن، ئاتىسى، — دېدى سېمىيونوۋنا غودۇڭشىغىنىچە، — ئۇزلىرى بارسىلا بىرەر نەتىجە چىقىرىپ كېلەتتىلە. بۇنداق ئىشنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇنى ئەۋەتسەك گەپ سورىيالماي قۇرۇق يېنىپ كېلىدۇ.

— ئۇ يەرگە بارسا گەپ سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ نىمە گەپ بولسا ئۇنىڭ ئوزى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— ھىم. ئۇنداق بولسا مەيلىڭلار.

ناستيونا سىزىپ قالدى: يېقىندىن بۇيان ئاندىرىنىڭ ئىز-دېرىكى بولماي كەتكەندىن كېيىن، مىخئىچ باشقىلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئات بېقىش مەيدانىدا كىشىلەردىن ئوزىنى چەتكە ئالغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. بىراق قايتىپ كەلسىلا ئويدىن چىققۇسى كەلمەيدىغان، بوۋايلار بىلەن تاماكا چېكىشكەچ مۇڭدىشىپ كېلىشكە

تېخىمۇ بارغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، بەزى چاغلاردا بەزىلەر ئۇيگە ئولتۇرۇپ چىقايلى دەپ كەلگەندىمۇ كوپ ھاللاردا ئۇنىچىقمايتتى. مۇگدىشىش داۋامىدا ئوزىنىڭ ئازراق ئېغىز ئېچىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۇچۇن گويا باشقىلارنىڭ گېپىنى ماقۇل كورۇۋاتقاندەك پات ـ پات بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. بەزى چاغلاردا ئوزى يالغۇزمۇ خىيال بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى، بىر جۇپ نۇرسىز كوزىنى ھاڭۋاققان پېتى ئالدى تەرەپكە تىكەتتى. كاللىسىدا زادى نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، قانداق يەكۇنلەرنى چىقارغانلىقىنى ئوزىنىڭ بىلىپ كېتىشىمۇ ناتايىن ئىدى، بىراق ئالىلقانداق كوڭۇلسىز بىر ئىش يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىغىغا خىرە ـ شىرە ھوكۇم چىقىرىپ، ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى بىگۇمان كۇتمەكتە ئىدى.

بۇ يىل مىخئىچ توپ ـ توغرا ئاتمىش بەش ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇن يۇقۇرىغا قايرىلغان بۇرۇتلىرى ھازىر سالپىيىپ، قىزغۇچ قوڭۇر رەڭگە كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىخئىچنىڭ پۇتۇن چىرايى شۇنداق ياداڭغۇ، شۇنداق ھارغىن كورۇنەتتىكى، مەيلى ئۇخلىشى ياكى ئارام ئېلىشى بولسۇن، ئۇنىڭغا تېتىكلىك بېغىشلىيالمايتتى. بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ ھەمىشە قامىتىنى تىك، راۋرۇس تۇتۇپ يۇرەتتى، بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ ماڭاتتى. ئەمما بۇ بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ گېرمانىيىگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتىلا يارىدار

بولغان پۈتىنى سورەپ يول مېڭىشى بارغانسېرى قىيىنغا چۈشى-
دىغان بولۇپ قالغان ئىدى، كوپ چاغلاردا ئۇلتۇرا-ئۇلتۇرمايلا
دەرھال بېشىنى توۋەن سېلىپ، كوزىنى يۇمۇپ تاماكا ئىسىدا
نابۇت قىلىنغان پۈتۈن ئىچكى ئەزاستىنى لەرزىگە سېلىپ شۇنداق
قاتتىق يوتىلىپ كېتەتتىكى، ھەممىشە تىنىقى تىنىقىغا يەتمەي
قالاتتى. سېميونوۋغا ئۇنىڭ يوتىلىۋېرىشىدىن بىزار بولۇپ، كاڭ
ئۇستىدە ياتقان پېتى، يوتىلىۋەرمەڭ، دەپ ۋاقىراپ كېتەتتى،
بىراق ئۇ پەرۋامۇ قىلماي يەنىلا يوتەلگىنى يوتەلگەن ئىدى.
شۇنداق يوتىلە-يوتىلە ھويلىغا چىقاتتى-دە، ھەممىشە بىرەر
ئىشقا مەلىكە بولۇش تۇپەيلىدىن يوتىلمۇ ئىختىيارسىز ئاستا-
ئاستا پەسلەپ قالاتتى، بىراق تىنىقىدىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە
يەنىلا قاتتىق گىژىلدىغان ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. ئەمما كوپىنچە
چە مەسلىكنى ھاراق بىلەن يەشكەندەك، زەھەرنى زەھەر بىلەن
يەڭگەندەك، يوتىلىنى يەنىلا تاماكا بىلەن باساتتى. شۇنداق
قىلغانسېرى تېخىمۇ قاتتىق يوتىلىپ كېتەتتى، بارغانسېرى
بەرداشلىق بېرەلمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ئۇنى پۈتۈپ كەتكەن،
قاپىقىغا گويا ئاللىقانداق بىر ئېغىز نەرسە ئېسىپ قويۇلغاندەك
كوزلىرى يۇمۇلۇپ قالغان، ئورۇقلۇقتىن ياڭاق سوڭىكى چىقىپ
قالغان يۈزى تېخىمۇ سوقچاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. بىر
يىلدىن بۇيان مىخىئىچ كورۈنەرلىك ھالدا ئورۇقلاپ كەتتى.
ناستيۇنا ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى
يادىغا كەلتۈرگەن ھامان قاتتىق غەمگە چومەتتى.

— بىرىپ كېلىڭ، قىزىم، بىرىپ كېلىڭ،— دېدى مىخئىچ ناستيۇنانى ئالدىرىتىپ، مەن يەنە ئات بېقىش مەيدانىغا بارمىسام بولمايدۇ.

ناستيۇنا ۋولوگژىنىڭ ئويىگە يالغۇز بېرىشنى خالىمىغانلىق- تىن نادكىنىڭ يېنىغا چاپتى. نادكا ئاۋالقىدەكلا بالىلىرىغا ئاچچىقلاۋاتاتتى. ئېرى قۇربان بولۇشتىن بۇرۇن بويىدا قالغان كەنجى قىزى لىتكا تېخى باياتىن تاياق يېگەنلىكتىنمىكىن پولدا ئولتۇرغان پېتى بار ئاۋازى بىلەن قاتتىق يىغلاۋاتاتتى؛ پىتكا كارۋات يېنىدا ئېسەدەۋاتاتتى؛ تۇنجى ئوغلى رودكا بويىنىنى تولغاپ دەرىزە سىرتىغا قاراپ تۇراتتى. نادكا تار ئاشخانىدا چىنە-قاچىلارنى جاراقشىتىپ يۇيۇۋاتاتتى، بەزىدە بالىلىرىنى "جىم بولۇش!" دەپ ئۈنلۈك تىللاپ قوياتتى.

— بىر يوغان بولكىنى ئەسلىدە ئىككى كۈن يەپ تۇرارمىز دېۋىدىم، قايتىپ كېلىپ قارىسام ھەممىسنى يەپ قويۇشۇپتۇ،— دېدى نادكا ناستيۇناغا ھال ئېيتىپ،— ھىم، قوساق دېگەن تېگى يوق ھاڭمىكەن، شۇنداقمۇ بولامدۇ. بۇ ھورۇنلار بولكىنىمۇ تاپالايدىكەن، تېپىۋالسا ئاچكوزلۇك بىلەن قويماي يېۋېتىدىكەن تېخى، نىمىشقىمۇ كېلىغا تۇرۇپ قېلىپ ئولۇشمىدىكىنا، مانا ئەمدى سەنلەرنى تويغۇزۇپ قوياي: ھازىردىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە مەندىن بىرەر بوردا بولكا ئېلىپ يەيمىزمىكىن دەپ خىيال قىلىشما. يىغلىما دەۋاتىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟— ئۇ يەنە لىتكىغا قاراپ چالۋاقىدى،— مېنى قاخشىتىپ ئولتۇرمەكچى سەن-

غۇ، پەخەس بول، ھىلى كوزۇڭگە كورسىتىپ قويىمەن بىكا! قوسىغىنى تويغۇزۇۋىلىپ تۇرۇپمۇ گويا ئۇۋال قىلىپ قويغاندەك ھۇقۇيتۇپ يىغلاپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. ئەستا! نىمىشقىمۇ بۇرۇنراق بىشىڭنى يىيىشمەيدىغانسەن؟ بۇنىڭدىن كىيىن سەن-لەرنى نىمە بىلەن باقىمەن، نىمە بىلەن؟ بىر كاتلا ئۇنۇم قالدى، شۇ تۇگىسە ھىچنىمە يوق، كىيىنچە ھەممىمىزنى بىر تاغارغا سولاپ ئانگارا دەرياسىغا تاشلىۋىتىشكە توغرا كىلىدۇ. مەن ئىككى قىتىم يىغلاپ يۇرۇپ ئاران شۇنى ھەل قىلغان، ئەمدى زادى بەرمەيدۇ. ئۇلار ئاز-پاز گەپ يىسىمۇ مەيلىدىغۇ، ئۇنىڭ ئۇس-تىگە ماۋۇ ھاماقەتنى دىمەمدىغان، — دىدى نادكا قولى بىلەن رودكىنى كورسىتىپ، — يىشىمۇ خىلى چوڭ بولۇپ قالدى، ئاز-راق غەرەز ئۇقسا بولاتتى، — نەدىكىنى، پەقەت گىلىغا يىيىش-نىلا، ئانىسىنى ئالداشنىلا بىلىدۇ. مەن بولكىنى ئۇزەمنى دەپ تىقىپ قويۇپتىمەنمۇ، ئۇزەمنى دەپ تىجەپرەك يەيلى دەۋاتىمە-مەنمۇ؟ سەنلەرنى دەپ، سەنلەردەك تويمىغۇر ھورۇنلارنى دەپ، ئەتىمۇ يەيدىغان نەرسە بولسۇن، ئاچلىقتىن ئولۇپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمايمەنمۇ. سەنلەر تىخى ماگا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىسەن، بۇنداق بولىۋەرسە بىر-بىرلەپ ئولۇشسەڭمۇ مەيلى، كارىممۇ يوق.

— ئانگارا دەرياسىنىڭ مۇزى ئىرىپ دەپ قالدى، مەن بىلىق تۇتالايمەن، — دىدى رودكا دەرىزە تۇۋىدە غودۇڭشىپ.

— ئاغزىڭنى يۇم! ھىم، بىلىق تۇتارمىش تىخى، تۇتقان

بىلىقلىرىڭنى بولتۇر بىر ئويلۇك بىر يىل يەپمۇ تۈگىتەلمىگەن ئىدۇق، بۇ يىلمۇ يەنە شۇنىڭ بىلەن قوسىغىمىزنى توقلىۋالارمىز. بۇنچىلا كوپ بىلىق قىلتىرىقلىرىنى نەگىمۇ سىغدۇرارمىز دەپ بىشىمۇ قىتىپ كىتىۋاتىدۇ. بولدى قوي، ئازراق گەپ قىل، ئاڭلاشقا قۇلىغىم يوق، ھۇ ئاناڭنى، بۇ بىلىقچى قاياقتىن پەيدا بولۇپ قالدىكىنا. سەنچۇ، ئانىگارا دەرياسىدىن ئەمەس، قازناقتىن بىلىق تۇتۇشقا خىلى ئۇستا.

ناستيۇنا ئۇنىڭ سوزىنىڭ مىڭ تەسلىكتە بىلىگە تەپتى:

— ماڭا، نادكا، ماكسىمنى يوقلاپ كىلىلى، قايتىپ كەلگەن ئەرلەر قانداقراق بولۇپ قالدىكىن، قاراپ بىقىپ ئاندىن ئويگە يىنىپ كىلەيلى.

— ئۇنى يوقلاپ نىمە قىلىسەن؟ كوڭلۇڭنى يىرىم قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ بەختىگە قانچە ئۇزاق كوز تىكسەڭمۇ ئوزەڭنىڭ بولۇپ قالمايدۇ.

— نىمە، بارمامسەن؟

— بوپتۇ، بارسام باراي، تۇرۇپتۇر. بۇلارنىڭ ئويدە خاتىرجەم قىپقىلىشى ئۇچۇن ئوينى ئاز-پاز يىغىشتۇرۇپ قوياي، — ئۇ رودكىغا قاراپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى: — قىقىپ قويغان قوزۇقتەك بىر جايدا تۇرىۋەرمەي ئوتۇن ئىلىپ كىر، مەشكە ئوت ياق. غىپپىدە تىكىۋىتەرمەنمىكىن دەپ خىيال ئەيلىمە. قاياققا تىكىۋەتسەم بولىدىكىن دەپ غەمگە چوككىنىنى قارا بۇنىڭ. بۇگۇن پۇتۇن بىر ئاخشام ئويدە بولىسەن. بۇنىڭغا باشقا گەپ

سىغمايدۇ. ھېچقايسىسىڭ ئۇيىدىن بىر قەدەم نېرى كېتىشمە،
ھەتتا بېشىڭنى دەرىزىدىن چىقىرىشقىچمۇ بولما.

لىتكا ئانىسىنىڭ سىرتقا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىنى
بايقاپ يالۋۇرغىلى تۇردى:

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بارىمەن ئالغاچ بارغىن، ئالغاچ
بار.

ئانىسى ئاشخانا ئىشىگىدىن ساپلىقىنى چىقىرىپ قورقىتىپ
قويۇۋىدى، لىتكا ئېسىنى تېپىپ جىم بولۇپ قالدى.

— كوردۇڭمۇ؟ مانا مۇشۇنىڭ بىلەن سالىمەن. سېنى ئولتۇرۇپتۇر
دىگەندىكىن يۇۋاشلىق بىلەن ئولتۇرۇپتۇر. مەن بىلەن بىللە
بارغىڭ كېپقاپتۇ تېخى. سەنلەرنى يات خەقىنىڭ ئالدىغا ئالغاچ
بېرىپ يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ يۈرمەيمەن. خەقنىڭ بالىلىرى دىگەن
بالىدەك يۈرىدىكەن. بۇلارچۇ؟ نىمىشقىكىن ـ تاڭ، بىر بىرىدىن
ئۆتۈپ كەتكەن تەخەيلەر، بېشىمغا چۈشكەن بالايى ـ ئاپەت.
ھەي! بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قانداق بولۇپ كېتىدىكىن ـ تاڭ؟
ھېچ بىلمىدىم! بىرەر ئادەم ئىلاجىنى ئېيتىپ بېرەلىگەن بولسىمۇ
ئوبدان بولاتتى.

ناستيۇنا لىتكىنى پەگادىن ئېلىپ كارۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ
قويدى. بۇ قىزچاق ئورۇقلۇقىدىن كىشىگە ئېغىرلىقى يوقتەك
بولۇپ تۇيۇلاتتى، ئۇ كارۋاتقا يېنى تېگىشى ھامان تۈگۈلۈۋېلىپ
توختىماي ئېسەدەشكە باشلىدى، ۋىجىك ئۇستىخىنى ئېسەدەش
ئارقىسىدا تىترەيتتى. ئۇ كوزلىرىنى يۇمۇپ، كوڭلىدە بۇگۈن

ئۆزىگە ھېچقانداق خوشلۇقنىڭ نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئۇخلىۋېلىش، تا تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇخلىۋېلىش لازىملىقىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى. ناستيۇنا لىتكىنىڭ چاچ-لىرىنى سىلاپ قويۇۋىدى، بۇ قىزچاق بۇنداق كۆيۈمچانلىقتىن تەسىرلىنىپ تېخىمۇ قاتتىق ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ناستيۇنا قىزچاق يېنىدىن كېتىپ قالدى.

نادكىنىڭ بالىلىرىنى مۇشۇنداق غەزەپ بىلەن ئەيىپلىشىنىڭ ھېچقانداق ماخشىغۇچىلىكى يوق، ئەلۋەتتە. بىراق بۇنىمۇ ئۇنىڭ-دىن كۆرۈشكە بولمايتتى. ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇنلا ئۇ ئاغزى يامان، ئۇرۇشقاق ئايال ئىدى، شۇڭا قېينانىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالماسلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. قېينانىسى ئۇنىڭ ھە دېسىلا چىچاڭشىپ كېتىدىغان مىجەزىنى يامان كۆرەت-تى، شۇڭا نادكا بىلەن ۋىتا باشقا ئۆي تۇتۇپ تۇرمۇش كەچۈ-رۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. نادكىنىڭ ئەسلى ئۆيى لېنا دەريا-سى ئەتراپىدا ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ يەردە ياقا يۇرتلۇق ھېساپلى-ناتتى. ئۇنىڭ ۋىتا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكى ئىدى، چۈنكى ۋىتا ئىشچان، سالماق ۋە ئاقكۆڭۈل ئادەم بولۇپ، سۇس ئېقىش چاچلىرى ھەمىشە پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. نادكا ئۇنى ھەرقانچە تىللاپ كەتسىمۇ ھەمىشە كۈلۈمسىرىگىنىچە تۇرىۋېرەتتى. بەزىدە ۋىتا بىزار بولۇپ كەت-كەندە نادكىنى قوپاللىق بىلەن كاپ قىلىپ تۇتۇپ قۇچاقلىۋا-لاتتى-دە، كۆرەككە ئوخشايدىغان يوغان ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ

كاسسسىغا ئاستاغىنا ئۆرۈپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن نادكا
ئاچچىغىدىن يېنىپ خوشال بولۇپ كېتەتتى. ئەملىيەتتىمۇ نادكا
جىدەل خۇمارلاردىن ئەمەس ئىدى. ناھايىتى ئاغزى يامان،
تىللاشقا ئامراق ئىدى، خالاس. نادكا قەيەردە پەيدا بولسا شۇ
يەردە جەزمەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۈلكە ۋە قىزىق چاخچاق سادا-
لىرى ياڭراپ كېتەتتى. كوپىنچە يەنىلا ئۇ ئاخىر زىيان تارتىپ
قالاتتى، بىراق ئۇ بولمىسا ئويۇنمۇ قىزىمايتتى. مۇبادا ئۇرۇش
پارتلاپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشى،
باللىرى ۋە ۋەتانىڭ يېنىدا مۇلايىم بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر
ئۇرۇش پارتلاش ھارپىسىدىلا مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. بىراق
ئۇرۇش، شۇنىڭدەك ۋەتانىڭ ئۇرۇش باشلانغان يىلى قىشتىلا
قۇربان بولۇشى نادكىغا كۆتۈلمىگەن ھادىسە بولغانلىقى تۇرغان
گەپ. شۇڭا ئۇنىڭ باغرى قاتتىق بولۇپ قالغان. ئۇ ۋەتانى
سېغىنىپ قاتتىق ئېچىندى. ئۇنىڭ يىغا-زارىنى ئاڭلىغان كىشى-
لەرنىڭ پۈت- قوللىرى مۇزلاپ، قانلىرىمۇ ئۇيۇشۇپ قالاتتى.
ئۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا يەڭگىگەن بولۇپ، ھەممىشە باشقىلار ئۇنى
بالىسىنى ئەمدۈرۈشكە ھەيدەيتتى. نادكا تۇرۇپ ئورمانلىققا
كىرىپ كەتسە، تۇرۇپ دەريا بويىغا بېرىۋالاتتى. ئاتامان كەن-
تىدىكى يۇرتداشلار ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالارمىكىن دەپ بەكمۇ
ئەنسىرەشكەن ئىدى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتۇپ كەتتى.
نادكا بىرمۇنچە دەرت-ھەسرەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ،

كېيىن يەنە ئىشقا چۈشتى، خامان تېپىپ پۇل تېپىپ باللىرىنى بېقىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئۈمىت باغلىغۇدەك ھېچكىشىسى يوق ئىدى. قېينانىسى ئۇنى يامان كورەتتى، ئۇنىڭ باللىرىنىمۇ ياقتۇرمايتتى. نادكا ھەرقانچە ئامال قىلىپ باققىنى بىلەنمۇ كىرىمى چىقىمىغا يەتمەيتتى. ئۇ بەلگىلىمە بويىچە قۇربانلار ئائىلە تەۋەسىگە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ئاشلىقنى قىشتىلا پۈتۈن-لەي ئېلىپ بولغان ئىدى. ئىنچىكە ھساپ-كىتاپ قىلىپ، ھەر بىر كۈننى ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېتىشمەيتتى. مەيلى كىيىم-كېچەك ياكى يىمەك-ئىچمەك جەھەتتە بولسۇن، ئوز تۇرمۇشىنى قامدىيالمايتتى. باللىرىنىڭ ھەممىسى ۋىتاغا ئوخشاش سۇس ئېقىش چاچلىق بولۇپ، كەم سوز ئىدى. ئۇرۇش ۋە نادكىنىڭ چۈس مىجەزى ئۇلارنى تېخىمۇ يۇرەكسىز، گەپ ئاڭلايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئوزىمۇ بۇنداق ھايات تۇرالىشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۈچ بالا ھەمىشە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، كوچىغا تەلمۈرۈپ قاراپ، ئانىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئورە تۇرۇشاتتى. ئاقكوكۇل كىشىلەر بۇ جاپاكەش يېتىم باللارغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ئۇلارنى كورسىلا باغرى سېرىلىپ كېتەتتى، ھەمىشە بەزىلەر رودكىنى چاقىرىۋې-لىپ، ئۇيلىرىگە ئاپىراتتى-دە، قولىغا بىر نەرسىلەرنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى، رودكا ئالغىلى ئۇنىمايتتى. ناستيۇنامۇ نادكىنىڭ باللىرىغا ناھايىتى ئامراق ئىدى. بولۇپمۇ كىچىك قىزنى ياخشى كورەتتى. بىراق يېقىنقى بىرقانچە ھەپتىدىن

بۇيان ئۇز دەردى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنى ئۇنتاي دەپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ئەمىدىلىكتە ناستيۇنا ئېسەدەۋاتقان نادكىنى كارۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇۋاتقىنىدا ئىختىيارسىز ئىچى سېرىلدى.

ئۇ نادكىنى كۆتۈۋاتقان چاغدا گۇگۇم چۈشۈپ قالغان ئىدى. كۈندۈزى ھاۋا بىرئاز ئىللىغاندا ئېرىگەن قارلار قايتىدىن دەرھال قېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا خوشاللىق بىلەن غىسىلداپ تۇراتتى. كەنتنىڭ تاغ قاپتىلىدىكى ئۆيىلەن يەرلىرى گويا ھېچقانداق ئادىمزات يوقتەك جىمجىتلىقتا چوكىكەن ئىدى، پەقەت بىرنەچچە ئۆيدىنلا پىلىلداپ تۇرغان ئاجىز چىراق نۇرى كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئىتلارمۇ ۋولوگژىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشۋالغان بولۇپ، ئۇ يەردىن پات-پات كوكۇللۇك ھاۋشۇغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باللارنىڭ ئويۇن-كۈلكە، ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىمۇ قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى. ناستيۇنا بىلەن نادكا كوپچىلىكنىڭ ۋولوگژىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى قۇتلۇقلاۋاتقان ھاياجانلىق ھىسسىياتىنىڭ تەسىرىدە ئىختىيارسىز ھالدا رەتلىك قەدەم تاشلاپ، ئۇنچىقماي، راۋرۇس ماڭدى، بۇ ئۇرۇشقا كەتكەنلەرنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتىن، دوزاق كەبى جەڭ مەيدانىدىن تۇنجى قېتىم قايتىپ كېلىشى ئىدى. قايتىپ كەلگۈچى گويا بىر ئەلچى، ئۇ بارلىق ئەرلەر نامىدىن: "ۋاقتى بولاي دەپ قالدى، ئاياللار، ۋاقتى بولاي دەپ قالدى. ئۇزاققا بارماي

ھەممە نەرسە ئايال بولىدۇ: بەزىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىدىن مەھرۇم بولۇپ ھوكۇرەپ يىغلايدۇ، يەنە بەزىلەر خوشاللىغىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالىدۇ. مەيلى قانداقلىكى بولمىسۇن، بارلىق كىشىلەر بىرلىكتە يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويىدۇ" دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ۋولوگژىنىنىڭ ئۆيى مېھمانلار، دوست-يارەنلەر بىلەن لىق تولغان، ۋاڭ-چۇڭ ئەۋجىگە چىققان ئىدى. تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان ئون پىلىكلىك ئىككى كىرسىن چىرىغى ئازادە مېھمانخانا ئۆيىگە سېلىنغان داستىخاننى يوپ-يورۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. ماكسىم توردە ئولتۇراتتى، ئۇ ئورۇقلاپ، قارىيىپ كەتكەن، چاچلىرى مەھبۇسىنىڭكىدەك قىسقا قىلىپ ياسالغان ئىدى، يوغان كوزلىرىدىن ھارغىنلىق ۋە بەخت ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بىنىت بىلەن تېڭىلغان ئوڭ قولى داكىدا بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان ئىدى، سول تىزىدا ئالتە ياشلىق قىزى ۋىركا دادىسىنىڭ ھەربى كىيىمىگە قادالغان مېداللارنى جاراڭشىتىپ ئويناۋاتاتتى. ۋولوگژىنىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، ۋىركا كەنجىسى ئىدى. نادكا ئاۋال ماكسىمنىڭ ئالدىغا باردى-دە قول ئېلىشتى:

— قايتىپ كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

ناستيۇنامۇ نادكىنىڭ ئارقىسىدىن باردى:

— قايتىپ كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

بىرلەشتۇرۇپ قويۇلغان ئىككى شىرە ئەتراپىغا تىزىلغان بەندىڭلەردە بوۋايلار بىلەن ئاياللار سىغدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى؛

ماكسىمنىڭ ئوڭ يېقىدا ئولتۇرغان غەرق مەس نىستور تالا مۇشۇكى ئوي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ دېگەندەك شۇ ئورۇنغا ئوتتۇۋې-لىپ، ماكسىمنىڭ ئاتىسى يىغىم بوۋايىنى بىر چەتكە چىقىرىپ قويغان ئىدى. سول ياقتىكى ئورۇن لىزاغا قالدۇرۇلغان بولسـ-مۇ، لېكىن ئۇ ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا چېپىپ ئۇلگۇرەلمەيۋاتاتتى. لىزا شاتلىنىقا چومگەن ئىدى ـ ئادەتتىكى چاغلاردا تاتىراڭغۇ كەلگەن، قايغۇ باسقان چىرايىدىن ھازىر شاتلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، خوشاللىقىدىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقان قەلبىنى ئىزھار قىلىپ تۇرغان كوز-لىرىدىن شاتلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، ھەتتا ئاچ كوك رەڭ-لىك چاپىنى ئىچىدىكى ساڭگىلاپ قالغان كوكسىدىنمۇ شاتلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، قىسقىسى ئۇنىڭ كوكۈلىسىدىن تاپىنىغىچە شاتلىنىقا چومگەن ھېچ يېرى قالمىغان ئىدى. لىزا ناستىيونا بىلەن نادكىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدا قەلبىدىكى شاتلىقنى باسالماي قالدى ـ دە، ئۇلارنى ئوز يېنىغا تارتىپ ئاستا پىچىرلىدى:

ـ تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ ھېچنىمىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. ئۇچىمىز بىللە بۇغداي سورۇۋاتاتتۇق. سورۇۋاتاتتۇق...... ـ

لىزا ئېسەدەشكە باشلىدى، بىراق بىر دەمدىن كېيىنلا پاراققىدا كۈلۈۋەتتى ـ دە، قېچىپ چىقىپ كەتتى.

ماكسىم ئۇلارغا ـ ناستيونا بىلەن نادكىغا كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇلار ماكسىمنىڭ توپ ـ توغرا ئۇدۇلىدا،

يىراقتىن ئوزئارا قارىشىپ ئولتۇراتتى. ناستيوُنا يەرگە قارىۋېلە-
ۋاتقاندا ماكسىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هەي، ناستيوُنا. هېلىقى كىشىڭىزنى قاچان كوُتۇۋالىسىز؟

ناستيوُنا ئەندىكىپ كېتىپ بوينىدىن قوُلىغىچە قىزىرىپ كەتتى؛ ئوُ مۇمكىن قەدەر ئوزىنى تونۇتىۋېلىش ئوُچوُن، بېشىنى كوتەرمەيلا دەرھال جاۋاپ بەردى:

— كورۇشكە كوزۇم يەتمەيدۇ، ئوُ ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ......

— كىم يوقىلىپ كەتتى، ئاندىرىمۇ؟

— ئوتكەندە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئىسكەن......ئوُمۇ ياردار بوپتىكەن. كېيىنچە قايتىپ كېتىشكە بوُيرۇپتۇ، يەنى ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كېتىشكە. — ناستيوُنا سوزلەۋېتىپ، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ سوُرۇشتۇرۇش نەزىرى بىلەن سەپ-سېلىۋاتقانلىقىنى هىس قىلدى، — شوُنىڭدىن باشلاپ ئوُنىڭ خەت-خەۋىرى بولمىدى، بىلمىدىم......هېچنىمىنى بىلمىدىم.

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ، تېپىۋالىسىز،

— شوُنى دىمەمدىغان......دىگەندەك ئىز-دېرەكسىزلا يوقى-لىپ كېتىپتۇ. — دىدى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ پات-پات ناستيوُ-ناغا قاراپ قويغاچ سوز قىستۇرۇپ، — تەكشۇرۇش، سوُرۇشتۇ-رۇشكە ئادەم كېلىشتى. شوُنىڭدىن هېچقانداق يەردە ئوُنىڭ ئىسمى يوقلوُغى كورۇنوُپ تۇرۇپتۇ.

— يىېرىم يولدا باشقا قىسملار ئوز قاتىرىغا تارتىپ كەتكەن

بولسا كېرەك، بۇنداق ئەھۋاللار ئىنتايىن كوپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە هازىرقى كۈندە ھەممە خەت-چەكلەر دىگەن يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلمەيدۇ، — دىدى ماكسىم ناھايىتى چوڭ ئىشەنچ بىلەن.

ئۇ شۇنداق ئىشەنچلىك سوزلىدىكى، نىمىشقىدۇ ناستيۇنامۇ ئاندىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ھەقىقەتەن بىلمەيدىغاندىكىدەك دەرھال خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان لىزا بىر دەمدىلا شۇنچە كوپ سەي قورۇپ شىرەلەرگە پەۋەس تىزد- ۋەتتى. توخۇ بۈگۈن ئولتۇرۇلغەن ئىدى، ئەلۋەتتە؛ لېكىن تۇزلانغان بېلىق يازدىلا چېلىغىنچە ساقلاپ قويۇلغان، ئۇنى ئېرى كەلگەندە ھاردۇق ئېشى قىلىپ بېرىشكە ئالايىتەن قەدىرلەپ ساقلاپ قويغاندەك قىلاتتى. ئويدە ئىشلەنگەن ئۈچ لېتىر ئاق هاراقمۇ مۇشۇ مەقسەتتە ساقلاپ كېلىنگەن بولۇپ، ھىدى شۇنداق كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇنىڭ بىر يىل ياكى ئىككى يىللا ئېچىتىلمىغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆتىدىغان جان-جىگەرلىرى بولغانلىكى ئايالىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىشاتتى: ئۇلار ئوز قوساقلىرىنى ئاچ قويۇشقا، بالىلىرىنىمۇ ئاچ-توق قويۇشقا رازى ئىدىكى، جان-جىگەرلىرىنىڭ ھاردۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان يىمەكلىكلەرگە ھەرگىز تەگمەيتتى. بىراق نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تولىسى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن شۇ يىمەكلىكلەرنى ھەسرەتلىك كوز يېشىنى ئېقىتقان ھالدا ئېلىپ چىقىشىغا توغرا كېلىپ قالاتتى! بولتۇر كۈزدە ئاگافىيە سوموۋا

ئوغلىنىڭ قۇربان بولغانلىغى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ، بىرقانچە كۈن ئۆكسۈپ يىغلاپ يۈردى. كېيىن ئاياللارنى ئۆيىگە قىچقىرىپ ھاراق بىلەن كۆتۈۋالدى، ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان كىشىلەر دۇنيادا ھاراق دەيدىغان بىر نەرسىنىڭمۇ بارلىغىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ئىدى. ئۇ تېخى يەنە پوشكال سالدى، مۇراببا تەييارلىدى ھەممە ھەر خىل-ھەر ياڭزا زاكوسكا راسلىدى، شۇنداق قىلىپ مەرھۇم ئوغلىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بەردى. ئەمدىلىكتە ئاز-تولا ئەسلەيدىغانلا بولساق، بۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ يالغۇز ئاگافىيە بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىغىنى بايقايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەقدىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كىملەرنىڭ بېشىغا يەنە شۇنداق بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈرىدىغانلىغىنى مۆلچەرلەش قىيىن. بۈگۈنگە قەدەر پەقەت لىزالا بىكاردىن-بىكار كۈتۈپ تۇرمىغان بولۇپ چىقتى.

لىزانىڭ كۆپچىلىككە ئۈزلۈكسىز ھاراق قۇيۇشى زىياپەت كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. نىستور باشلامچىلىق بىلەن ناخشا ئېيتىماقچى بولاتتىيۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا جۆر بولمايتتى، نىمىشقىكىن-تاڭ، ھېچكىممۇ ئۇنى ئىلىك ئالمايتتى. بىرنەچچە بوۋاي زىياپەت شىرەسىدىن تۇرۇپ كېتىپ تامغا يۆلەنگەن پېتى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇلار لىزا سۇنغان ھاراقنى قولىرىغا ئېلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرمايلا ئوزئارا سوقۇشتۇراتتى. ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ماكسىم-

نىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تەمكىن ھالدا ئامېرىكا مەسىلىسى ئۇستىدە خېلى- چۈشەنچىگە ئىگە بولغان پاراڭغا چۈشتى. ئۇ ئامېرىكىدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئۇ يەردە قاچان ئىنقىلاپ بولىدىغانلىقى ئۇستىدە سوزلەپ بەردى. ماكسىم ئىلاج- سىزلىقتىن جاۋاپ قايتۇرۇۋاتاتتى. ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ بولۇپمۇ ئىنقىلاپقا ئائىت مەسىلىلەر ئۇستىدىكى بىلىمىنىڭ ماكسىمغا قارىغاندا كوپ چوڭقۇر ئىكەن- لىكى كورۇنۇپ تۇراتتى. ۋىركا دادىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرغان پېتى مۈگدەشكە باشلىدى، لىزا ئۇنى ياتقۇزۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ۋىركا دادىسىغا ئېسىلىۋېلىپ ھە دەپ قىقىرد- غانلىقتىن، نائىلاج ئۇنىڭغا تەگمەيلا قويدى. بەزىلەر ماكسىمنىڭ جاراھىتىنى سورىۋىدى، ئۇ شۇ زامان بايان قىلىشقا كىرىشتى، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم بايان قىلىشى بولمىسا كېرەك، ئەتە- مالىم. — دوختۇرخانىدىكى چېغىمدا، — دىدى ئۇ، — دوختۇر- خانىدىكىلەر قولۇمنى كېسىپ تاشلىماقچى بولۇشتى، لېكىن مەن قوشۇلمىدىم، سول قولۇم بولغان بولسىمۇ مەيلىدىغۇ، بىراق بۇ ئوڭ قولۇم-دە، كەم بولسا بولمايدۇ، ئۇ كېسىپ تاشلانسا كەم-كۇتىسىز مەجرۇھ بولۇپ قالىمەن، ئەمما ھازىرمۇ بۇ قولۇمنى ئاۋايلاشقا توغرا كېلىدۇ.

نادكا بىر رۇمكا ئاق ھاراقنى گۈپ قىلىپ ئىچىۋەتتى-دە، كويۇنگەن ھالدا سورىدى:

— ئۇنداقتا، بۇ قولىڭىزنى.....بىر ياققا مىدىرلىتالامسىز؟

— قاياققا مىدىرلىتاي؟ نىمىشقا مىدىرلىتىمەن؟
— ۋايەي، كېچىسى پۇتلاشمامدۇ؟
— ماكسىم كۇلۇپ كەتتى:
— پۇتلاشقۇدەك بولسا لىزا ئۇنى كېسىپ تاشلايدۇ.
— نادكا، بۇنداق گەپنى قىلىپ يۇرسەڭ مەن سېنى كولخوزدىن قوغلىۋېتىمەن، — دېدى نىستور كورەڭلىگەن هالدا كۇلۇۋېتىپ.
— نېرى ئۇتەپ تۇرۇڭ! هىم، قوغلىۋېتەرمىش تېخى! ئۇزىڭىزنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشىڭىزدىن ئېهتىيات قىلىڭ، — دېدى نادكا ئاچچىغىغا بەس كېلەلمەي. لېكىن كوڭلىگە يامان نىيەت پۇكمەي پەقەت ئۇنى قورقىتىپ قويماقچىلا بولغاندەك تۇراتتى، — قاراپ تۇرۇڭ قېنى، ئەرلەر قايتىپ كەلسە كورىدىغىنىڭىز بار. يېتەر ئەمدى، بىزگە بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ، ئۇزى خان-ئۇزى بەگ بولۇپ هوكۇم سۇرگىنىڭىزمۇ يېتەر، زەپمۇ دەۋران سۇرۇۋالدىم دېمەڭ بۇگۇن، يەيسىز جەزمەن بېشىڭىزنى ئاخىر بىر كۇنى.
— مەن سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىن ئۇزى خان-ئۇزى بەگ بولۇۋېلىپ هوكۇم سۇردۇممۇ؟ — دېدى نىستور ئازار يېگەندەك بولۇپ، — قېنى جاۋاپ بېرىپ بېقىڭلارچۇ، ئاياللار! مېنىڭ ئۇزى خان-ئۇزى بەگ بولۇۋېلىپ هوكۇم سۇرگەن يېرىم بارمۇ؟
ئاياللارنىڭ هېچقايسىسى ئۇنچىقمىدى.
— گېپىڭىزنى قارىڭا، — دېدى ۋاسىلىسا روگوۋا نىستورغا

يان بېسىپ.

كەنتتىكىلەر ئۇنى پەرى ۋاسىلىسا① دەپ ئاتىشاتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇستىخانىلىق كەلگەن بۇ سېمىز ئايال بىرەرسەرمۇ ئېتىدىن چۈشمىگەن، ئاۋازى ھىلىمۇ شۇنداق بوم ھەم پەس چىقاتتى.

— نىمەمىگە قارايتىڭىز؟! نىمەمىگە قارايتىتىڭىز؟! دىگىنىم ئەمىلىيەت ئەمەسمىكەن؟

— ئاغزىمغا كېپقالدى دەپ ھەممە گەپنى دەۋەرگىلى بولمايدۇ، نادكا، — دىدى پەرى ۋاسىلىسا گىدەيگەن پېتى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ، — ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن جەڭچى بوسۇغىدىن ئاتلا-ئاتلىمايلا ئۇنى مازاق قىلىۋاتىسەن.

— بۇ قانداق مازاق بولسۇن؟ ئۇ بۇگۈن كېچە جەزمەن كىرپىك قاقماي خۇدىنى يوقاتقان ھالدا، ئىككىمىز ئېيتىپ بەرگەن چوچەكنى ئاڭلاپ، لىزانى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىر قوللا ئاز-پاز يارىلانغان بولسىمۇ، باشقا نەرسىلەرنىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىگىنى بىلىشىڭىز كېرەك-تە.

ماكسىم يەنە كۈلۈپ كەتتى، بوۋايلارمۇ يوتەلگەچ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئۇزەم بىلىمەن، — دىدى نادكا داۋاملىق ھۇجۇمغا

① پەرى ۋاسىلىسا — گۈزەل ۋاسىلىسا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ رۇس خەلق چوچەكلىرىدىكى شەخس.

ئوتۇپ، — مەندىن قورقۇۋاتىسىز، ۋاسىلىسا قورقۇشقا ھەقلىقسىز، ھەقلىقسىز، گاۋرىلارىڭىز قايتىپ كەلسە بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا جەزمەن ئۆزەمگە قارىتىۋالىمەن، مەن سىزدىن ياش، ماڭا تەڭ كېلەلمەيسىز.

— گاۋرىلادىن، — دىدى ۋاسىلىسا تەنە قىلىپ، — ئىنتايىن خاتىرجەممەن.

— تازىمۇ قىزىق گەپ بولدى، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ خاتىر-جەم بولالايسىز؟ ئۇ پەيغەمبەرمىدى؟

— پەيغەمبەرغۇ ئەمەس، بىراق ھەرگىز سىزگە كوزى چۈش-مەيدۇ. ياخشى قۇشنى ياراتماي، ئۇنىڭ ئورنىغا سېغىزخاننى ئالماشتۇرۇپ نىمە قىلىدۇ؟ سىز دىگەنچۇ، ناھايىتى بىر سېغىز-خان، ئەتىدىن-كەچكىچە ۋاتىلداپ يۈرگىنىڭىز يۈرگەن.

— ۋاي ۋۇي، قاراڭلار! ئۇنىڭ ئوخشىتىشىنى! — دىدى نادكا ھاياجانلانغان ھالدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي، — بوپتۇ مەنغۇ سېغىزخان بولاي، بىراق ئۆزىڭىز قانداق ياخشى قۇش؟ پۈتۈن ئەزايىڭىز قاپ-قارا، شۇ بىر خىلدا قاق-قاق قىلىپ سايرايدىغان قۇش ئەمەسمۇسىز؟

— ياق، نادكا، — دىدى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ گەپكە قوشۇق سېلىپ، ئۇنىڭ قوڭۇر بۇرۇتىدىن قۇۋلۇق كۈلكىسى يېغىپ تۇراتتى، — ۋاسىلىسا ھول خىشقا دەسسىتەلمەيسەن، ئۇنىڭ ئۇلى دىگەن ئاجايىپ مۇستەھكەم. گاۋرىلا ئالدىنقى سەپتىن خالىتىنى ساڭا ئەۋەتمىگەن-دە، قانچە خالتا ئەۋەتتى؟ بۇ يىل

بەشنى ئەۋەتتىغۇ دەيمەن؟ — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ۋاسىلىسادىن سورىدى، — ئۇنىڭدىنمۇ جىقراقتۇ، بەلكىم؟

— سانىماپتىمەن، — دېدى ۋاسىلىسا ئىزا تارتقان ھالدا گەپ ياساپ.

— ئۇ ھەتتا خالتىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپمۇ باقمىدى، — دېدى نادكا مەسخىرە قىلىپ، — ئۇلارنى ئورۇنىدۇق ئورنىدا قوڭىغا قويۇپ ئولتۇرىدۇ.

— ئۇلارنى قانداق قىلىدىغانلىقىم ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— نادكا غەيرەتكە كېلىپ قالدى، ئۇنى توساش ئاسانغا چۈشمەيتتى.

— لىزا، سەن ھېلىقى قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىدىن قانچە خالتا تاپشۇرۇۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى نادكا.

— بىرنىمۇ تاپشۇرۇۋالمىدىم.

— مەن بولسامتىم، خالتا ئەۋەتمىگەن ئەرنى ئىشىكتىن كىرگىلى قويمايتتىم، سەن بىر ئەقلى-ھۇشى يوق ھاماقەت قۇشمۇ نىمە؟ خوشال بولۇپ كەتكىنىڭنى قارىغىنا تېخى.

— ماڭا ھېچقانداق خالتىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى لىزا ئەختىيار ھالدا كۈلۈمسىرەپ، — مەن بۇگۈن كالىنى سوياپلى دېدىم. بۇنىڭغا قېيناتام كۈۋا، ھاردۇق چېيى ھاردۇق چېيىغا ئوخشى-سۇن، كالىنى سوياپلى دېدىم. ئۇلار سويغىلى ئۇنىمىدى. مەن بارلىق توخۇلارنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي بوغۇزلاپلى، توخۇنى

ئىككىنچى كوزۇم كورمىسۇن دىدىم. ئۇلارنىڭ ھەتتا توخۇغىمۇ كوزى قىيمىدى. ئەمىلىيەتتە خۇدايىم ئوز پانايىدا ساقلىسىلا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولاتتى، پەقەت ئەر-خوتۇن بىر يەردە بولالىسىلا بولىغىنى ئەمەسمۇ. ئەگەر مىنى يالغۇز تاشلاپ قويغان بولسا ئولۇپ كەتكەن بولاتتىم، ھايات يۇرەل-مەيتتىم. ئەلەمدىن ئولەتتىم، بولمىسا ئوزەمنى ئولتۇرۇۋالاتتىم.

— گىپىرگچە، ئەلەمدىن ئولىدىكەنسەن-دە؟ — دەپ سورىدى نادكا قوپاللىق بىلەن غەرەزلىك ھالدا.

— ئەلەمدىن ئولەتتىم، ئەلەمدىن ئولەتتىم.

— بولمىسا ئوزەگنى ئولتۇرۇۋالارمىدىڭ؟

— ھەئە.

— ئوزەگنى ئوخشاتقىنىڭ نىمىسى لىزا؟ — نادكا گىپىنى ھەر ھالدا سىلىق باشلىغان بولسىمۇ، لىكىن شۇ زاماتلا يەنە تاقەت قىلىپ تۇرالىماي قالدى، ئاچچىغىدا ھەتتا ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى-دە، ئاخىر كوگلىدىكى سوزنىڭ ھەممىسىنى توكتى، — نىمە، بۇ گىپىگچە بولغاندا، مەن، كاتىرىنا، يەنە ۋىرا، كاپىتو-لىنا — ھەممىمىز ئوزىمىزنى ئولتۇرۇۋىلىشىمىز كىرەككەن-دە؟ شۇنداق دىمەكچىمۇ سەن؟ مەنىلا ئوز ئىرىمنى ھەممىدىن بەك سويىمەن، ئىرىمنىڭ قايتىپ كىلىشىنى ھەرقانداق كىشىدىنمۇ بەك تەقەززالىق بىلەن كۇتىمەن دەپ ھىساپلامسەن؟ سىنىڭچە، ئوز جىگەر-باغىرىمىزدىن ئايرىلىپ قىلىشىمىزنى ئوزىمىزدىن كورۇشىمىز كىرەكمۇ؟ بىز چەككەن بۇ ئازاپنى سەن چىكىپ

كورمىگەنـدىكىن، بۇنـداق چىرايـلىق گەپـلەرنى قويۇپ قوي، لىزا، ئۇزىنى ئۆلـتۈرۈۋېلىشقا كەلـسەك مېنىڭ قولۇمىمۇ تىترەپ قويمايدۇ، بىراق بالىلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئېرىم دۇنيادا بالىلارنىلا قالدۇرۇپ كەتتى، قانداقچە ئۇلارنىمۇ نابۇت قىلغىلى بولسۇن؟ قەلبىمىزدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ياغاچقا ئوخشاش پۈچۈلۈنۈپ كويۇپ قايتا ئازاپلانمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، كويۇپ قوماچ بولۇپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرلەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيسەن-دە......سەن ئەمدى يەنە ئايالىق تۇرمۇشىنى، خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى كەچۈرەلەيدىغان بولدۇڭ، ئىككىڭلار باخاش ئېتىشىپ، بىر بىرىڭلارغا كويۇنىسلەر. مەن بولسام ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن ناھايىتى بىر ئەمگەك كۈچى، ھەممە ئىشنى ئۇزەمنىڭ قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ، بالا-چاقىلارنى باقىدىغانلا ئادەممەن، خالاس. ئوزەمنى ئالىقاچان تۇگەشكەن ئادەم دىسەمۇ بولىدۇ، بۇگۇنكى كۇنگە قالىدىغانلىقىمنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ئۇز ۋاقتىدا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ئوينىۋالاركەنمەن، ئۇنداقتا قانداقلا بولمىسۇن ئەسكە ئالغۇدەك بىرەر نەرسە ساقلىنىپ قالغان بولاتتى، بىراق مەن ھەممىشە كېيىنچە بىرنىمە دەرمىز، كېيىنچە بىر گەپ بولار دەپ كوڭۇللۇك تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ كويىدىلا يۇرۇپتىمەن، بىراق ئاخىردا ھەممە نەرسە بىكارغا چىقتى. ھازىر ئۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئېسىمگە كەلمەيدۇ، بۇنداق ئەسلىمىدىن زادىلا قۇتۇلالمايۋاتىمەن. باشقا ئەسلىملىرىم پۇتۇنلەي توزۇپ كەتتى، قۇرۇپ

كەتتى، تۇگىدى.

— ۋىيەي، مېنى ئەيىپلەپ كەتمەڭلار، ئۇنداق دىمەكچى ئەمەستىم، — دىدى لىزا دەرھال ئەپۇ سوراپ.

— سېنى ئەيىپلەپ نىمە قىلىمەن؟ تەلىيىڭ شۇنداق ئۇڭدىن كەلگەندىكىن بىز ئۇچۇنىمۇ بولىسا ئوبدان كۇنۇڭنى ئالغىن. بىراق ئېھتىيات قىل، ناۋادا ئوبدان كۇنۇڭنى ئالمايدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن كورمە. ساڭا ئىچ ئاغرىتمايمەن، ساڭا گەپىنىڭ راستىنى ئېيتىۋاتىمەن. ئوزەم بىرىنچى بولۇپ ئۇلۇڭنى كولايمەن. بىزنىڭ ئەرلىرىمىز ئۇ تەرەپتە ئولۇپ كەتتى، بۇنى بىزدىن كورگىلى بولمايدۇ. بىزدە گۇنا يوق، شۇنداقمۇ، ماكسىم؟ ئېيتىپ بېرىڭا.

— شۇنداق، بۇنى سىلەردىن كورگىلى بولمايدۇ.

— مانا، توغرا ئېيتتىڭىز. بىزنىڭ تەقدىردىن ئاغرىنىشىمىز ئورۇنلۇق. ھازىردىن باشلاپ تاكى ئولگۇچىلىك ئوز تەقدىرىمىزدىن ئاغرىنىمىز. بىراق، ئوزەڭچۇ، لىزا، تەقدىرىڭدىن ئاغرىنىدىغان ھېچنىمە يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار مېھرى-مۇھەببەت ئىچىدە كۇن ئوتكۇزسەڭلارلا بولغىنى، ھەممە ئىش ئوزەڭلارغا باغلىق. ئۇنداق بولمايدىكەن، قۇلاق سالغىنكى، بىزنى — مېنى، بۇنى، ماۋۇنى، ئاۋۇنى نۇقۇپ تۇرۇپ: "مۇبادا تەقدىر سىلەرگە ماڭا ئىچ ئاغرىتقانغا ئوخشاش ئىچ ئاغرىتقان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا كوڭۇللۇك تۇرمۇش كەچۇرۇشۇڭلار ناتايىن. ئەرلىرىڭلار قايتىپ كېلىدىغان كۇن ئەمدى

كەلمەيدۇ“ دەپ يۇرمىگىن. بۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان بولساڭ قۇلىغىمىزغا كىرمەيدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

ئىشىك تاراقىقىدا ئېچىلىپ كەتتى-دە، بىر توپ باللار چۇقۇراشقىنىچە ئويگە ئۇسۇپ كىرىشتى. لىزا ئالدىراپ-تېنەپ ئۇلارنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولۇۋىدى، ئۇلار تەڭلا چۇقۇرۇشۇپ كەتتى:

— ئۇنىڭغا تېخى بېرىلمىدى، ئەنە، ئۇنىڭغا.

— ئۇ ئەمدى كەلدى.

— سىز تېخى ئۇنىڭغا بەرمىدىڭىز، ماكسىم تاغا.

باللار رودكىنى شىرە يېنىغا تۇرتۇپ ئېپكېلىشتى، نادكا ئوغلىنى كورۇپلا چالۋاقاپ كەتتى:

— نەدىن ئۇنۇپ چىقتىڭ؟ مەن ساڭا نىمە دەپ تاپىلىغان-تىم؟ نىمە دىگەنتىم؟ يوقال كوزۇمدىن!

رودكا ئورنىدىن قوزغالماي، كوزلىرىنى يوغان ئاچقان پېتى قىزغىن، ئازاپلىق، ئىلتىپاتقا ئېرىشىش ئۇمىدىگە چومگەن نەزىرى بىلەن ماكسىمغا تىكىلدى. ماكسىم بۇنى كوردى-دە، قىزنىنى يەردە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— رودكا دىگەن سەنمۇ؟ — دىدى ماكسىم بوغۇق تىترەڭگۇ ئاۋازى بىلەن.

رودكا دەرھال بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىدى.

— ھە، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ — ماكسىم ئوغۇل بالا ئالدىغا باردى-دە، يارىلانمىغان قولىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قول

ئېلىشتى. — قاراڭلار، بويى ئۇسۇپتۇ، چوپ-چوڭلا بولۇپ قاپتۇ. يارايسەن. نىمە ئۇچۇن شۇنچىلا كىچىكىپ كەلدىڭ؟ — ئۇ تاختىدىن بالىلارغا بەرگەن گۈل چىقىرىلغان تاتلىق پىچىنىدىن ئېلىپ رودكىغا سۇندى. رودكا ئۇنى ئالدى. — قارا، مانا شۇنچىلىكلا سوغىتىم بار، باشقا ھېچنىمەم يوق، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلارسەن، كىچىك بۇرادەر، يەپ باق، ئەتە كۈندۈزى ۋاقتىڭ بولسا كەلگىن، مۇڭدىشارمىز. قارىغىنا، بۈگۈن ۋاقتىم يوق. ئەتە كېلەمسەن؟

رودكا يەنە بېشىنى لىڭشىتتى-دە، ئىشىك ئالدىغىچە چېكىنىپ باردى. بالىلار توپ-توپى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، چۇقۇراشقان پېتى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

— قاراڭلار، شۇنچىلا چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى، — دېدى ماكسىم قايغۇ ۋە ھەسرەت بىلەن ئۇز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ئۇلار بارغانسېرى چوڭ بولىدۇ، — دېدى نىستور خوشال بولغان ھالدا گەپنى ئۇلاپ، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ، ھەمىشە باشقىلارنىڭ كېيىنگە گەپ ئۇلىمىسا تۇرالمايتتى. — ھەتتا ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولماقتا.

— ئۇرۇش ئاياقلىشاي دەپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى لىزا توساتتىن، — ئۇزىڭىز، قەدىردانىم، جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن. ئېيتىپ بېقىڭا، يەنە قانچە ۋاقت كۈتىمىز؟

— ئۇرۇش سەن ئۇچۇن ئاياقلىشىپ بولدى، — دېدى نادكا

تووٴەن ئاۋاز بىلەن غوتۇلداپ.

بىراق لىزا بۇنى ئاڭلاپ قىلىپ، ئازار يىگەنىدەك بولۇپ ئېيتتى:

— نىمىشقا ئۇرۇش مەن ئۇچۇن ئاياقلاشقان بولىدىكەن؟ ئۇ قايتىپ كەلسىلا ھەممە ئىش سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ دىمەكچىمۇ؟ گېپىڭىنى قارىغىنا. كوپچىلىكنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى بىلەن كارى بولماي ئوزىلا ئوبدان كۈن ئېلىش كويىدا بولىدىغان ئۇنداق ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەسمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزىنىڭ كوز ئالدىدىكى ئىشلارنىلا كورىدىغان تەنھا ئادىللىك كەنتتە تۇرۇۋاتقىنىم يوق، مەنىمۇ ئادەملەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۇرۇمەن - دە.

— ئاياقلىشاي دەپ قالدى، ئايالىلار، ئاياقلىشاي دەپ قالدى، — دىدى ماكسىم جاۋاپ بېرىپ، — بىزنىڭكىلەرنىڭ ئاللە-قاچان گېرمانىيە زىمىنىغا قەدەم قويغانلىغىدىن خەۋىرىڭلار بار. ئۇلارنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز.

— چېكىنىدۇرۇۋەتمەسمۇ؟ گېرمانىيىلىكلەر موسكۋا ئەترا-پىغىچە كەلگەن چاغدىمۇ قوغلىۋەتتۇققۇ.

— چېكىنىدۇرۇپ؟ — ماكسىم كوزلىرىنى قىسىپ، قەددىنى رۇسلاپ، گويا ئوزىلا كورەلەيدىغان يىراق بىر جايغا قاراۋاتقان-دەك، ئالدى تەرەپكە قوزغىلىپ قويدى. يۈزى بىلىنەر-بىلىنەمەس تارتىشىپ كەتتى. — ياق، چېكىنىدۇرەلمەيدۇ، لىزا. مېنىڭ بىر بىلىگىملا قالغان بولسىمۇ قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە بارىمەن.

بىر پۇتىلا قالغانلارمۇ، قول-پۇتلىرىدىن ئايرىلغانلارمۇ قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە بارىدۇ. بىزنى ھەرگىز چېكىندۈرەلمەيدۇ. شۇمۇ يېتەر، ھەرگىز چېكىندۈرەلمەيدۇ. ئۇلار بىزنى سەل چاغلىغان.

— تونت يىل بولدى، يەنە قاچانغىچە سوزۇلار؟ — دېدى ۋاسىلىسا بېشىنى چايقاپ، — ئۇرۇش سوزۇلۇۋېرىپ بىز ئارقا سەپتىكىلەرنىمۇ قىيىنتىپ قويىدى.

— ھېچ قېرىغانىدەك تۇرمايسىزغۇ؟! — دېدى نادكا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي.

— ئەستاغپۇرۇللا، نادكا..... كىممۇ بىر ساۋاپلىق ئىش قىلىپ، تىلىگىنى ئازراق كېسىپ قىسقارتىپ قوياركىن-تاڭ؟ ھەممە ئادەم رەسمىي ئىش ئۈستىدە گەپلىشىۋاتسا، سەن ھە دەپ ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىسەنغۇ.

— مۇشەققەت دېگەننى بولۇشىچە تارتتۇق، — دېدى لىزا گەپنى گەپكە ئۇلاپ، شۇنداقمۇ، ئاچا-سىڭىللار، مۇشەققەتنى بولۇشىچە تارتتۇقمۇ دەيمەن؟ بۇ مۇشەققەتلەر يادىمغا كەلسىلا ئازاپلىنىپ كېتىمەن. كولخوزغا ئىشلەشتە باشقا گەپ-سوزىمىز يوق، ئۇ ئۆز ئىشىمىزنىڭ ئىشى. بىراق قار يېغىشتىن بۇرۇن زىرائەتنى ئەمدىلا يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا دەرھال قارغا قارىماي دەرەخ كېسىشكە بۇيرۇشتى. دەرەخ كەسكەن چاغدا چەككەن جاپانى ئۆلگىچىمۇ ئۇنتۇپ قالماسمەن. يول دېسە يول يوق؛ ئات دېسە ئاتىمۇ ھېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ، چانىنى سورىيالمايۋاتقان.

بىراق ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلمىغان بىلەن بولمايتتى. چۈنكى بىزنىڭ سىپىمىز ئەمگەك سېپى، ئالدىنقى سەپتىكى ئەرلەرگە مەدەت بېرىمىز. دەسلەپكى بىر ئىككى يىل ئىچىدە بالىمىز ھەر-قانچە كىچىك بولسىمۇ تاشلاپ قويۇپ باردۇق...... بالا-چاقىسى بولمىغانلار ياكى چوڭراق بالىلىرى بارلار ئۈستىدە ئىغىز ئېچىپ ئولتۇرۇش تېخىمۇ ھاجەتسىز. ھەممىنىڭ بېرىشىغا توغرا كەلدى. ناستيۇنا ھەر يىلى قىشتا تولۇق باردى. ھەتتا مەنمۇ بالىلارنى قېيناتامغا تاشلاپ قويۇپ ئىككى قېتىم باردىم. ئۇ چاغلاردا كېسىلگەن دەرەخلەرنى، ھەر بىر كۆپ مېتىر ياغاچنى ئارقا-ئارقىدىن ماشىنىغا قاچىلاپ دۆۋىلەپ قويغاندىن كېيىن يەنە تېخى يېنىمىزغا بىردىن كالتەك ئېلىۋېلىپ چانىغا چىقاتتۇق. كالتىكىمىز بولمىسا بىرەر قەدەممۇ يول باسالمايتتۇق. ھەممىشە يا قار دۆۋىسىگە دۈچكېلىپ قالاتتۇق، يا ئالدىلقاندىق باشقا قالايـ-مىقانچىلىقلار چىقاتتى. ئۇ چاغلاردا، ئاچا-سىڭىللار، چانىنى قاردىن ناھايىتى تەسلىكتە چىقىراتتۇق؛ بەزىدە چىقىرىۋالاتتۇق، بەزىدە ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ چىقىرالمايتتۇق. مەن بۇ گەپلەرنى ھەرگىز قارىسىغا دەۋاتمايمەن، بۇنىڭغا ناستيۇنا گۇۋا: ئۇزاقى يىل قىشتا مېنىڭ ھېلىقى بايتىلىم ئۇچقاندەك تاغ باغرىغا قاراپ ئېتىلدى، دوقمۇشتا ئىش بۇزۇلدى-دە، چانىمىز قارغا پېتىپ قالدى، قىڭغىيىپ كەتتى، بايتالمۇ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. مەن چانىنى قوپۇرغا بىلەن قاردىن چىقىرىشقا شۇنچە تىرىشىپ كورگەن بولسامىمۇ زادىلا چىقىرالمىدىم. ھېرىپ

ئولەمجان بولۇپ قالدىم-دە، يول بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا ناستيونا ئارقامدىن يېتىپ كېلىپ قالدى. مەن بولسام هوكۇرەپ يىغلاۋاتاتتىم، كوز ياشلىرىم بۇلاقتەك ئېقىۋاتاتتى.— لىزا كوزلىرىگە ياش ئالدى.— ئۇ ماڭا تازىمۇ ئەسقىتىپ، جاننى چىقىرىشىپ بەردى، ئىككىمىز بىرلىكتە يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋەردۇق. بىراق مەن هەرقانچە قىلساممۇ هەسرىتىمنى بېسىۋالالماي، يىغلىغىنىم يىغلىغان ئىدى.— لىزا شۇلارنى ئويلاپ كوڭلى يېرىم بولۇپ ئىختىيارسىز هالدا ئوكسۇپ يىغلاپ كەتتى.— يىغلا، يىغلا، كوز ياشلىرىمنى هەرقانچە قىلغان بىلەن توختىتالالمىدىم. زادىلا توختىتالالمىدىم.

— لىزا! لىزا!— ماكسىم ئۇنى سوزدىن توساپ قويىدى.

— ئەمدى گەپ قىلماي، سويۇملۇكۇم، ئەمدى گەپ قىلماي، ئېسىمنى بىرئاز يوقىتىپ قويۇپتىمەن. سىلەر مۇڭدىشىۋېرىڭلار، ئەمدى گەپ قىلماي،— ئۇ ئاشخانىغا كىردىيۇ، لېكىن شۇ زاماتلا يېنىپ چىقىپ يەنىلا شىرە چېتىدە ئولتۇرۇۋالدى.— ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى زايومىمۇ بار دىگىنا،— ئۇ زايومنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا هاياجانلىنىپ كېتىپ، هە دەپ سوزلىگىلى تۇردى،— باش ئەتىيازدا ئېشىپ قالغان ياغىيۇلارنى كاردا كەنتىگە ئاپىرىپ، بۇنىڭ پۇلى بىلەن سېتىۋالغان زايومنى تولىيەلىسەكلا بولغىنى، ئالدىنقى سەپكە ياردىمى تېگىدىغانلا بولسا هەرقانچە بولۇپ كەتسەكمۇ مەيلى، دىگەن ئۇمىتتە ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە سېتىپ بەردۇق. بۇنىڭ ئۇ يەردىكى جان-جىگەرلىرىمىزگە هەر هالدا

ئازدۇر-كوپتۇر ياردىمى تېگىپ قالار، بىز بۇ يەردە قانداقلا بولمىسۇن ئەپلەپ-سەپلەپ ئوتەرمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە قارىتىپ مىلتىق-زەمبىرەك ئاتىدىغانلارمۇ يوق، دەپ ئويلىدۇق. بۇ بېشىنى يەيدىغان گېرمانىيە ئىبلىسلىرى ئۇ ئالەمگە بارغاندىمۇ ئوبدان كۈن كورمەيدۇ. مۇشۇلار ئۈچۈن، چەككەن ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى چاناپ قىيما-چىيما قىلىۋېتىش كېرەك.

— ئەجەپمۇ چۈشىنەلمەي كەتتىم، بۈگۈن ئىچىمىزدىن قاي-سىمىزنىڭ — مېنىڭمۇ ياكى سېنىڭمۇ — تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ئېرى قايتىپ كەلدىكىنا؟ — دەپ سورىدى نادكا ئارقىسىغا ئورۇ-لۇپ لىزادىن.

— مېنىڭ ئېرىم قايتىپ كەلدى، نادكا، مېنىڭ، ئەمدى ۋاتىلدىمايمەن.

— بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇگىتەي-توگىتەي بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دىدى مەسلىكتىن كوزلىرى خىرە-شىرە بولۇپ قالغان نىستور زەردە بىلەن غودۇڭشىپ، — قانداق ئادەم-لەر بۇ! ئەرلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ناخشا بىلەن ئۇزىتىپ قويى-دۇيۇ، قايتىپ كەلگەنلىگىنى كۈتۈۋالغاندا، ئەكسىچە، ھازا قىلىۋاتقاندەك بولۇۋېلىشقىنىنى قارىمامدىغان. نادكىنىڭ گەپلى-رىنى كوپ ئاڭلاپ كەتتۇق، ناخشا ئېيتايلى.

نادكا قىمىرلاپ قويدىيۇ، لېكىن بىر نەرسە دىيىشكە ئۇلگۇ-رەلمەستىنلا لىزا ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان پېتى ھاياجان ئىچىدە

كوز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن "كاتيۇشا" ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا جۆر بولدى. ھەممىدىن ئاۋال جۆر بولغانلار ئىچىدە ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ بار ئىدى. تام تۇۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقان بىرنەچچە بوۋاي پىچىرلىشىپ مۇڭدىشىۋاتاتتى. ۋاسىلىسامۇ جۆر بولدى، ماكسىممۇ جۆر بولدى، نىستور قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ دىرىژورلۇق قىلدى. نادكا كىچىككىپرەك جۆر بولغان بولسىمۇ، يەنىلا خورغا قاتناشتى، بىراق كېيىن بىردىنلا توختاپ قالدى ـ دە، بېشىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترىگەن ھالدا ھوكۇرەپ يىغلىۋەتتى. لىزا ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن مۈرىسىنى قۇچاقلىغان ھالدا "كاتيۇشا" ناخشىسىنى تېخىمۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ۋىرا ئارلوۋامۇ نادكىغا ئەگىشىپ ھوكۇرەپ يىغلاپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ناخشا يەنىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. نادكا شىرە ئۈستىدىن بېشىنى كوتىرىپ، ناستيۇنانىڭ ئالدىدا تۇرغان رۇمكىنى ئېلىپ، بىراقلا ئىچىۋەتتى ـ دە، كوز ياشلىرىنى سۈرتۈپمۇ قويماي داۋاملىق ناخشا ئېيتقىلى تۇردى.

ناستيۇنا چاندۇرماي جىم تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغىمۇ، يىغلىشىغىمۇ، كوپچىلىك بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىشىغىمۇ بولمايتتى. بىراق بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ ھەرگىز بۇنداق قىلمايتتى. ناستيۇنا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇنىڭ ھېچ-قايسىسىنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇنداق قىلىشقا

ھوقۇقى يوقلۇغىنى چۈشەنگەن ئىدى. مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن، ھەممىسىدە ئالدامچىلىق ۋە ياسالمىلىق قىلىشقا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقىلارنىڭلا گەپ-سوزلىرىنى ئاڭلاشقا ۋە ھەركەتلىرىنى كۈزىتىشكە، ئاۋايلاپ ھېچقانداق ئىشتا چاندۇرۇپ قويماسلىققا، باشقىلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىماسلىققا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى، لېكىن ئەمدى كېتىپ قېلىشتىمۇ خىجىل بولاتتى. بۇ يەردە، كىشىلەر ئالدىدا تۇرغان بارلىق كىشىلەر، مەيلى بەختىيار، خوشاللىققا چومگەن لىزا بولسۇن ياكى ئۆيگە ئۆيلىنىشكە يەردىن قايتىپ كېلىپ، جان-جىگەرلىرى بىلەن قايتىدىن يۈز كورۇشۇپ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان، كوزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ كەتكەن ماكسىم بولسۇن؛ مەيلى كوڭلى ئارامىدا بولمايۋاتقان، بىر كۈن ئىچىدىلا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن نىستور بولسۇن ياكى زىرەك، بىلىملىك، ھەممە ئىشتىن باشقىلاردىن بۇرۇن خەۋەر تېپىش كويىدا يۈرىدىغان كولخوز بوغالتىرى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ بولسۇن، مەيلى ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىغان، قەتئىي، بەخۇدۇك ھالدا تۇرمۇش يولىغا قەدەم تاشلىغان ۋاسىلىسا بولسۇن ياكى ساددا كەلگەن، ئاغزى ئىتتىك نادكا بولسۇن—بەرىنىڭ سوز-ھەركەتلىرى سەممىي ۋە ئوچۇق-يورۇق ئىدى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىلقاندىن بىر ئىشنى يوشۇردى دىگەن تەقدىردىمۇ (ئادەم ئۆزىنىڭ ئالىلقانداق بىرەر ئىشنى يوشۇرماسلىغى مۇمكىن

ئەمەس) ئۇ ئىلاجىسىنىڭ يوقلۇغىدىن شۇنداق بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرغىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئۇششاق-چۈششەك شەخسى ئىشلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. ھالبۇكى، ناستيۇنا يوشۇرۇۋاتقان مەخپىيەتلىك، ئىمىشقىكىن-تاڭ، كوپچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۆزىنى كوپچىلىك ئالدىدا خىجىللىقتا قالدۇرۇۋاتاتتى، مەيلى قانداق مەقسەت بىلەن بولسۇن، بۈگۈن كەچتە بىرىلگەن ھاردۇق چېيىغا كەلگەن ھەر بىر ئادەم ئالدىدا، جۈملىدىن نادكا، ۋاسىلىسا، ھەتتا لىزالار ئالدىدا خىجىللىقتا قالدۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەنى بۇ مەخپىيەتلىك ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، نادكىنى ئۇلار ئارىسىدىن چىقىرىۋەتمەكچى ئىدى. كىشىلەر تېخىچە ئۇنى ئۆز كىشىمىز دەپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان ئۇلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولغان ناتونۇش ئادەم بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ قايغۇسى ۋە خوشاللىغىغا نىسبەتەن ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ۋە ناخشىسىغا خالىغانچە قوشۇلۇپ كېتىشكە پېتىنالمايدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

نادكا نىمە دىگەن قۇۋ، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىتادىن ئايرىلىپ قالغانلىغىنى "مەندىن كوركىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى دۈشمەن ئوقى ئاستىدا قازا تاپقان" دەۋاتقىنىنى قاراڭ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق دىيىشتىكى، مۇشۇنداق سوئال قويۇشىدىكى سەۋەپ دەل ئۆزىنىڭ گۇنايىنى ھىس قىلغانلىغىدا. گەرچە ئۇ ئۇنىڭ يەنى شۇ گۇنايىنىڭ قەيەردە ئىپادىلەنگەنلىگىنى قىلچە چۈشەنمىسىمۇ،

ئوزىنىڭ ۋىتاغا قانداق چارە-ئاماللار بىلەن ياردەم بېرىدىغان-لىغىنى بىلمىسمۇ، لېكىن ئوز گۇنايىنى ھېس قىلغان ئىدى ھەم بۇنىڭ ئۇچۇن ئازاپلىنىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ دۇئا-تىلاۋىتى-نىڭ جايىدا قىلىنمىغانلىقىدىنمۇ، ۋىتانى سېغىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئەنسىرىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىنمۇ-يا؟ نېمە ئۇچۇن لىزانىڭ ئېرى قايتىپ كېلىدۇيۇ، ئۇنىڭكى قايتىپ كەلمەيدۇ؟ نېمە ئۇچۇن ۋاسىلىسا ئۇرۇش ئاياقلاشماستىنلا ئوز گاۋرىلاسىنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ؟ گاۋرىلا قايتىپ كېلىدۇ، — ۋاسىلىسا بىلەن گاۋرىلادەك كىشىلەر ھامان يامانلىقنى ياخشىلىققا بۇرىۋېتەلەيدۇ، — ھەممە ئادەم قىرىپ تاشلانغان تەقدىردىمۇ ئىككىسى قېپقېلىپ ئارام خۇدا ياشاۋېرىدۇ. نېمە ئۇچۇن شۇنداق بولىدۇ؟ ياق، بۇ يەردىمۇ ئاياللارغا باغلىق مەلۇم نەرسىلەر بار، قەدىمدىن تارتىپ ئاياللار مۇشۇنداق تاپقىلى بولمايدىغان سىرلىق تېپىشماقنىڭ ئازاۋىنى تارتىپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇلار بۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇمىدىدە بولۇپ كەتمىگەن بولىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېچىپ تاشلاش يولىدا تىرىشىپ كەلدى. نەتىجىدە ھەر قېتىم بىھۇدە ئاۋارە بولدى، مۇشۇنداق قىلىپ ئەسىرلەر ئارقىسىدىن ئەسىرلەر ئوتتى، ھەر بىر ئايال ئوز تۇيغۇسىدىن، ساددا، ئەسەبى ۋە ئىشەنچسىز دۇئاسىدىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر بولدى، مۇبادا مۇنداق دۇئاسى ئىجا-ۋەت بولماي قالسا، ئۇلار يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان گۇنايى

تۆيغۇسى ئىچىدە ئازاپلىنىپ ئولەتتى.

ناستيۇنامۇ ئاندىرى كەتكەنىدىن كېيىن تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى مەلۇم دەرىجىدىن ئالغاندا ئۆزىگە باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئىشىنەتتى ھەم "ئۆزەم ئۈچۈن ياشاۋاتقان، ئۆزەمگە كوڭۇل بولۇۋاتقان، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىمۇ ئۆزەم ئۈچۈنلا بولۇۋاتقان بولمىسۇن يەنە" دەپ ئەنسىرەيتتى، "تۇت، ناستيۇنا، ئېپكەت، بىراق ھېچقانداق ئادەمگە كورسەتكۈچى بولما" دەپ قايتىپ كېلىشىنى قارىمامدىغان. "مەن كىشلەر ئارىسىدا غېرىپسىنىپ قالدىم، تامامەن غېرىپسىنىپ قالدىم، ھېچكىم بىلەنمۇ سىردىشالمايمەن، ھېچكىمىگىمۇ دەرت-ئەھۋالىمنى ئېيتالمايمەن، ھەرقانداق ئىش بولسا ئۆز ئىچىمگىلا يوشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كېيىنچۇ، كېيىنچە قانداق قىلارمەن؟ قانداق قىلغاندا ئۇنى بالايى-ئاپەتتىن قۇتقۇزارمەن؟ قانداق ياشىغاندا، ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بەرگەندە ئاندىن يېڭىلىشىپ قالمىغىلى، قىيىن ئەھۋالدا قالمىغىلى بولار؟ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدا قانداق ئەھۋال يۈز بەرسۇن، ئۆز گۇناھىمدىن قېچىشىم تەس."

ناستيۇنا ئۇن-تىنسىز شىرە يېنىدىن ئايرىلىپ، غىپپىدە كوچىغا چىقتى. يېرىم كېچە بولۇپ قالغان، بالىلارمۇ، ئىتلار ئۆز ماكانىغا قايتىشقان ئىدى. پۈتۈن كەنتنىڭ توپىلىكىنىڭ باغرىدىكى ئۆيمان تەرىپى قاپ-قاراڭغۇدا جىمجىتلىققا چوككەن ئىدى. ناستيۇنا يوپ-يورۇق يورۇپ تۇرغان، ناخشا

ساداسى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىۋاتقان ۋولوگژىنىڭ ئويىنىڭ دەرىزىسى تۈۋىدە يەنە بىر دەم كوردى ـ دە، ئانگارا دەرياسىغا بارغىلى بولىدىغان خىلۋەت كوچىغا بۇرۇلدى. كىشىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىرئاز يەككىلىنىش قالغاندەك بولدى، ئۇ ئوزىنى ئوزى ئەيىپلىگەن ھالدا بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: "قارىمامدىغان، قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم ـ ھە، بۇرۇن كوڭلۇمنى ياساش كويىدا ھەمىشە كىشىلەر ئارىسىغا باراتتىم، ئەمدىلىكتە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىلەردىن ئوزەمنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قالدىم. يۈرىكىمدىكى ئازاپ تۇيغۇسى ئالدىقاچان بىخۇت بولۇپ قالدى، بىراق نىمىشقىكىن ـ تاڭ، نەپەسلىرىمگە ناله، ھەسرەتلىك ھەم قايغۇلۇق ناله ھەمرا بولۇۋاتىدۇ" دەپ خۇرسىندى. ناستيۇنا پۈتۈن كوكسىنى تولدۇرۇپ سۈمۈرۈپ بىر نەپەس ئېلىپ، ئوزلۈكىدىن پەيدا بولغان نالىسىنى ئاز ـ پاز باستى ـ دە، مۈزلاپ كەتكەن دەريا يۈزىدە قىرغاقنى بويلاپ تووەندىكى ئېقىمغا قاراپ ماڭدى. يول بويى كاچكۈللاردىن بىر ـ بىرلەپ ئاۋايلاپ ئوتتى، ئۇ ئوز يولىدا كېتىۋېتىپ، ئۇدۇل ـ دىكى قىرغاققا، تەنها ئارال ئارقىسىدىكى خىرە ـ شىرە كورۇنۇپ تۇرغان جىمجىت پۈچماقىقا پات ـ پات قاراپ قويااتتى، ئۇ يەردە ئاندىرى يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى: ناستيۇنا ئۇنىڭ شۇ يەردە، شۇنچىلىك يېقىن جايدا ئىكەنلىكىگە ھەم ئىشىنەتتى، ھەم ئىشەنمەيتتى. كوزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئوز تەپەككۇرىنى تىزگىنلىيەلمەي قالدى ـ دە، گويا باياتىنقى، بۇنىڭدىن بىر

منۋت ئىلگىرى كورگەن ئاڭلىغان ۋە ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى پەرەز بولۇپ تۇيۇلدى: "ماكسىم قايتىپ كەلدى، ئاندىرى قېچىپ كەلدى دېگەن نىمىلەرنىڭ ھەممىسى پەرەز بولسا كېرەك، يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ئەھۋاللارنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېتىپ راستىمكىن دەپ قالغان ئوخشايمەن" دەپ ئويلىدى. ناۋادا ئۇ ھازىر ئاندىرىيېۋ ئىكىنىزارلىقىغا بارغان بولسىدى، جەزمەن ھېچكىمنى تاپالمىغان بولاتتى. بىراق بۇ چۈشتىكىدەك دەقىقە كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئوتۇپ كەتتى-دە، پەقەت ئۇمىتسىزلىك ۋە "بۇ ھەرگىز پەرەز ئەمەس، ھەممە ئىش ئاشۇنداق" دېگەن تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ رەھىمسىز پاكىتلا قېپقالدى.

ناستيۇنا ئوز ئويى ئالدىدىكى قىرغاققا كېلىپ، تىك قاشقا چىقىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاندىرىيېۋ ئىكىنزارلىقىغا قارىۋالدى-دە، ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئويىگە يېنىپ كەلدى. ئۇ تېخى مىخشىچىقا ماكسىمنىڭ ئاندىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋىرى يوقلۇغىنى ئېيتماقچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇ توغرىلىق ھېچنىمىنى بىلمەيتتى. بىراق ئۇ ئەس-ھوشنى يوقىتىپ قويغان تەقدىردىمۇ بۇنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا بولمايتتى.

# 10

چۈشتىن ئىلگىرى ناستيۇنا تالاغا چىقىش تەرەددۇتىنى قىلىپمۇ باقمىغان ئىدى. بىراق چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاندا هاۋا بىردىن ئۆزگىرىپ كەتتى-دە، شۇرىغان چىقىشقا باشلىدى. سوغىدىكى سۇنىڭ تۈگەپ قالغانلىقى، هاۋا تېخى تامامەن ئەسەبىلىشىپ كەتمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرهال ئانگارا دەرياسىدىن سۇ ئېپكېلىۋېلىش لازىملىقى تۇيۇقسىزلا ناستيۇنانىڭ يادىغا كېلىپ قالدى. شىددەتلىك بوران ئانگارا دەرياسىنى بويلاپ گۈركىرەۋاتاتتى. يۇقۇرقى ئېقىمدىن كېلىۋاتقان شۇرىغان غەزەپ بىلەن هۇشقىيىتىپ، نەمخۇش، چاپلاشقاق قارلارنى، كوككە دولقۇنلاۋاتقان شىددەتلىك لاي ئېقىنىدەك، تۆۋەندىكى ئېقىمغا قاراپ ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ناستيۇنا يەر-زېمىننى قاپلاپ كەتكەن قار-شۇرىغان ئىچىدە غايىپ بولغان ئۇدۇلدىكى قىرغاقتا ئادىتى بويىچە شۇنداق بىر قارىۋىدى، كوڭلىگە دەرهال: "هازىر دەل ئۇدۇلدىكى قىرغاقتا بىرىپ كېلىشنىڭ ئوبدان پەيتى ئىكەن، هېچكىمنىڭ كوزىگىمۇ چېلىقىپ قالمايمەن" دىگەن ئوي كېلىپ قالدى. بۇ ئوي كوڭلىدىن يالت قىلىپ ئوتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قىزىقتۇردى: "راستىنلا بارسام نىمە بوپتۇ؟ هېچنىمىگە قارىماي

بىرىپ باقايمۇ-يا؟ بۇنداق ياخشى پۇرسەت يەنە قاچانلاردا كېلىدۇ دەيسەن؟" ئۇ سۇنى كوتەرگەن پېتى ئالدىراپ-سالدىراپ يېنىپ كېلىۋېتىپ، تاقەتسىزلىكىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى. ئۇ بېرىش قارارىغا كېلىپ بولغان ئىدى. بىر دەملىك ئويغا ئاساسەن چىقىرىلغان بۇ قارارلار ئۇنىڭدا بىر خىل ئالاقزادىلىك، شاتلىق ۋە ھېچنىمىگە قارىماسلىق ھىسسىياتىنى تۇغدۇردى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھەرقانداق ئادەم كېلىپ توسسىمۇ ئۇنى ئالداپ قويۇپ ئۇدۇلدىكى قىرغاققا كېتىپ قالىدىغاندەك تۇراتتى.

بىراق ئۇنى توساپ قويىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى: مىخمۇچ ئات بېقىش مەيدانىدا، قېينانىسى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا كاڭ ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ناستيۇنا كوزىنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئورنىدىن بىر چېلەك ياڭيۇ ئېلىپ چىقتى-دە، قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىنىڭ كەچتە يەنە ياڭيۇ پىشۇرىمىز دەپ ئورنىدىن ئېلىپ چىقىپ يۇرمەسلىكى ئۈچۈن بىر قىسمىنى قازانغا، قالغان ھەممىسىنى بىرزىنت خالتىغا توكتى. ئاندىن كېيىن قازناققا كىرىپ ئالىلبۇرۇن يوشۇرۇپ قويغان كىچىك بىر خالتا نۇقۇتنى ئېلىپ چىقتى، يەنە بولكىنىڭ يېرىمىنى كېسىۋالدى. بولكا ساپ-سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇقۇت ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلغان ئىدى-پۈتۈن كەنت ھازىر نۇقۇت دۇنياسىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، نۇقۇت ئۇنى تارتىش ساداسى ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى يېقىندا كولخوزنىڭ تۇيۇقسىزدىن سېخىلىقى تۇتۇپ كېتىپ، ئون سېنتنېردەك نۇقۇتنى كولخوزچىلارغا تەقسىم

قىلىپ بەرگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئائىلىلەر ئوقۇت بولكىسى يەيدىغان، ئوقۇت يامىسى ئىچىدىغان، ھەر ۋاقىتلىق غىزادا ئوقۇت چاينايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ناستيونا بىر دەمدىلا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالدى: ئەتىگەن كىيگەن ئوتۇكىنى سېلىپ تاشلاپ، پىمىسىنى، تىۋىت-لىك ئىپىز پوپايكىسىنى سېلىپ تاشلاپ ئۆزۈن تىۋىتلىك كالتا چاپىنىنى كىيىۋالدى-دە، ئىزا تارتقان ھالدا ئەينەككە قاراپ قويدى. ئانگارا دەرياسىدىن تىۋىتلىك ئىپىز پوپايكىسىنى كىيىپ ئوتكەن بولسا تېخىمۇ قولايلىقراق بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئېرى بىلەن يۈز كورۇشۇشكە رەتلىكرەك ياسىنىپ بارغۇسى كېلىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئېرىنىڭ ئۇنىڭ كىيگەن كىيىملىرىگە كوز سېلىپ يۈرۈشى ناتايىن ئىدى. ئېرى ئۇ يەردە ئۇنى باشقا بىرەرسى بىلەن سېلىشتۇرۇپمۇ يۈرەلمەيتى. ئەمما ئۇنىڭ ئوزىگە نىسبەتەن يارامىلىق كىيىملىرىنى كىيىۋالسا كوڭۈللۈكرەك، ئوزىنى رەتلىك-پاكىز تۇتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئادەتتىكى كۈنلىرى كىيىدىغان كىيىملىرى بىلەن بىللە ئەمگەكنىڭ ئېغىر يۈكىنى، ئەمگەكنىڭ جىنازىغا ئوخشاش قوتۇلۇپ بولمايدىغان ئېغىر يۈكىنى چورۇپ تاشلىۋەتتى. بۇ ئېغىر يۈك ئاستىدا ئوزەڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭ — ئايال ئىكەنلىكىڭ ياكى ئەمەسلىكىڭ، قېرى ئىكەنلىكىڭ ياكى ياش ئىكەنلىكىڭ، كوڭلۈڭدە قانداقراق ئوي-پىكرىڭ بار ئادەم ئىكەنلىكىڭ — ئېسىڭدە قالمايتتى، قىسقىسى، شۇ يۈك ئاستىدا

ھېچنېمىنى ئېسىڭدە تۇتالمايتتىڭ، پەقەت ھە دەپ ئىشلەشنىلا، كۆچەشنىلا بىلەتتىڭ. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن ناستيونا كەچقۇرۇن ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن پاكىز كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇنى ئانچە ئۇزۇن كىيىپ يۈرەلمەسلىكى بىلەنمۇ ھىساپلىشىپ ئولتۇرمايتتى، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ياشلىقى ۋە گۈزەللىكىنى بىلىنەر-بىلىنمەس ھىس قىلالايتتى. بۇ ئىككى خىل بايلىق — ياشلىق ۋە گۈزەللىك ھەش-پەش دېگىچە يوقاپ كېتىدۇ، ئۇلارنى يوشۇرۇن ساقلىغانسېرى، ئاز ئويلىغانسېرى تېز يوقاپ كېتىدۇ. ناستيونا ھەر قېتىم كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرەر نەرسىنى چېقىپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك، ھەممىشە ئاۋايلاپ يول يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گويا ئۆزى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بىر سىرنى كۆچىنىڭ بىرىنچە ئوبدان ساقلاۋاتقاندەك، بۇ سىرنى ئاچىدىغان ۋاقىت تېخى يېتىپ كەلمىگەندەك، تېخىمۇ مولايىملىق، تېخىمۇ مېھرىۋانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. ھەر قېتىم مانا شۇنداق پەيتلەردە ئۇرۇش، نامراتلىق ۋە تەنھالىقتىن روھسىزلىنىپ كەتمەي، كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تىرىشىپ قەدىرلەپ، ھەممىگە تەييارلىنىپ قوياتتى. ناستيوناغا يىللارنىڭ ئادەمنى قېرىتىپ ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقى، كۈتۈلنى بولسا تېخىمۇ بالدۇرراق قېرىتىپ زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقى ئايان ئىدى — ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. قانچىلىغان كىشىلەر قاۋۇل، كۆچلۈك كەلگەن

بولسمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس بولغان تەبىئى ھىسسىيات بىلەن ئىنسانىيەتكە ئورتاق جىنسى تەلەپنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. بۇ كىشىلەر توشەكتىن جاي ئالـغان تەقدىردىمۇ بەئەيـنى غىزا شىرەسى ئالدىدا ئولـتۇرۇپ قوسىغىنى توقلىـۋالسا كۇپايە قىلـ غاندەك، يوشۇرۇن ئولتۇرمايدىغان، ھەممەيـلەن بىردەك ئىنتىـ لىدىغان ھىلىقىدەك ھوزۇرلىنىشتىن باشقىنى ئىزدىمەيدۇ. ئۇلار مەيلى كۆلسۇن ياكى يىغلىسۇن، ھامان توت ئەتراپىغا، باشقىـ لارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆلگەن، يىغلىغانـلىغىنى ئاڭلىغان ـ ئاڭـلىـ مىغانلىغىغا ياكى كورگەن ـ كورمىگەنلىگىگە قاراپ قويىدۇ، ھەتتا بىر تامچا يېشىنىمۇ بىھۇدە توكۇشنى خالىمايدۇ. بۇ كىشلەرنىڭ يۈرەك تارىسى ئەمدى جاراڭلىمايدۇ، ئۇنى ھەرقانـچە چەككەن بىلەنمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت سىگدۇرۇلگەن بۇنداق تىترەكنى ھەم چۇشەنـمەيـدۇ، ھەم ئۇنـىڭغا جاۋاپ قايـتۇرمايـدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق تىترەككە جاۋاپ قايتۇرغۇدەك يۈرەك تارىسىدىن بىرەر ـ سىمۇ قالمىغان، چۇنكى بۇنىڭ ۋاقتى ئوتۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كوڭلى ئاللىقاچان زەئىپلىشىپ شەپقەتسىز بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئوزىمۇ ئەمـدى باشـقىـلارنىڭ يۈرەك تارىـسىنى چېـكەلمەيـدىغان بولۇپ قالـغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالـغا چۇشۇپ قېـلىشـىدىكى سەۋەپ، دەسلەپـكى چاغلاردا، ئوزىنىڭلا غېمىنى قىلىشقا ماھىر بولمىـغانلىغىدا ھەم شۇنداق قىلىشنى خالىمىغانلىغىدا، نەتىجىدە ئۆزلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، يوقىتىپ قويۇپ، زادى يادىغا ئالمايدۇ، زادى

تاپالمايدۇ.

ناستيۇنا ئۇن مىنۇتقىمۇ يەتمەيلا يولغا چىقىش تەييارلىقىنى تۈگىتىپ بولدى، بىراق ئۇزىگە گويا بۈنى توپ-توغرا بىر سائەت قىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى — بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇدۇلدىكى قىرغاقتا بىرىشقا نەقەدەر تاقەتسىزلىك بىلەن ئىنتىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى بىر دىزىنت خالتىنى ئېلىپ ئۇچقان-دەك كوچىغا چىقتىيۇ، لېكىن چىقىۋاتقان قاتتىق بورانغا ماسلىشە-ۋېلىش ئۈچۈن شۇ زامان ئورنىدا جىم توختىدى ۋە ئالدىراپ-تېنەپ توت ئەتراپقا سەپسېلىشقا باشلىدى. كوپرەك ئېھتىيات قىلغانلىق زىيىنى يوق، شۇڭا ئۇ موزاي ئېغىلىغا بارىدىغان يول بىلەن مېڭىش قارارىغا كەلدى: ناۋادا بىرەر ئادەمگە تاسادىپى ئۇچراپ قالغاندىمۇ شىددەتلىك شۇۋىرغان چىقىۋاتقان مۇشۇن-داق ئۇسال كۈنگە قارىماي مونچىغا ماڭدىم دىگەن بانانى تېپىش كەملىك قىلاتتىمۇ. مونچا ئەتراپىدا قويۇن قارلارنى پۇقۇرتۇپ ئۇچۇرۇپ توختىتىماي پىقىراپ، يەر-جاھاننى قاراڭغۇلۇققا چوكتۇرگەن ئىدى، ھەتتا شۇنچە يېقىن يەردىكى ئويلەرنىمۇ ئېنىق كورگىلى بولمايتتى. ناستيۇنانىڭ كوڭلى جايىغا چۈشۈپ، بىراقلا مۇز قاپلىغان دەريا يۈزىگە بېرىۋالدى-دە، ئۇڭغا بۇرۇ-لۇپ دەريا يۈزىنى توغرا كېسىپ ئوتكەن مۇز ئۈستى يولىغا قاراپ ماڭدى. مانا شۇندىلا ئۇ ئۇشتۇمتۇت بۇ يولنىڭ شۇۋىر-غاندا كومۇپ تاشلىنىش ئېھتىمالى بارلىقىنى، قارغۇلارچە مېڭىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ھازىرقى ئەھ-

ۋالدا قارغۇلارچە مېڭىش خەۋپلىك ئىدى: شۇۋىرغان ئەزۋەلەپ كەتكەن مۇشۇنداق پەيتلەردە، هايال ئۆتمەيلا ئادەم يولدىن ئېزىپ، ئۆدۆلدىكى قىرغاقنى تاپالماي قالاتتى. ئادەمنى بوران قاياققا ئۇچۇرۇپ كېتىدىغانلىغىنى بىلىپ بولمايتتى. بۇنداق چاغلاردىكى بوران ئادەمنى هەممىشە هە دەپ تىك موللاق چۇشۇرەتتى، ئوچۇرۇپ كېتەتتى، نىشان تېپىشىڭغا ئىمكان بەرمەيتتى. بەختكە يارىشا، يولنى هىلىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى، يول پومزەك-پومزەك مۇز دوۋىلىرى ئالدىدىلا قار بىلەن كومۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن كوپىنچە جايلارنىڭ قارلىرى بىر تەرەپتىن پاك-پاكىز ئۇچۇرۇپ كېتىلگەن ئىدى.

ناستيۇنا ئۇدۇل تەرەپتىن يۈز-كوزلىرىگە ئۇرۇلۇۋاتقان شۇۋىرغاندا نەپەس ئالالماي قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن، ئېڭىشىپ، بېشىنى ئىچىگە تېقىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بوران، گويا ئەسەبىلەشكەن تاشقىن سۇ توختىماي ئوركەشلەپ كېلىۋاتقاندەك، هە دەپ چىقىۋاتاتتى، بوراننىڭ هۇشقىيىتىشى گويا تۇرخۇندىن چىقىۋاتقاندەك قاتتىق هەم سوزۇلۇپ ئاڭلىناتتى، شۇنداق بولسىمۇ گۇكىرەۋاتقان بوران ئىچىدە ئىككىنچى بىر خىل سادانى — ۋىژىلداۋاتقان شۇۋىرغاننى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇچ ماڭدام نېرىدىكى نەرسىنى كورگىلى بولمايتتى، توت ئەتراپ يورۇق بولسىمۇ، لېكىن نۇرمۇ تۇمانغا ئوخشاش خىرە ئىدى هەممىدە ئۇ گويا ئۇچقاندەك، ئاستىن-ئۇستۇن بولۇۋاتقاندەك، تۇرۇپ ۋالىلدىسا، تۇرۇپ خۇنۇكلىشىپ قالاتتى.

سىلىق، چوخچىيىپ تۇرغان مۇز پارچىلىرى غاراسلايتتى. قار يومزەكلىرى مۇز پارچىلىرىغا ئۇرۇلغان ھامان ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن بوران چېچىلغان قار ئۇچقۇنـ لىرىنى ئۇچۇرۇپ ئالغا ئېلىپ كېتەتتى.

بۇنچە شىددەتلىك شۇۋىرغان نەدىن كەلدىكىنا؟ ناستيۇنانىڭ ئەسلىشىچە، ئىلگىرىكى يىللىرى بۇنداق مەۋسۇمدە بۇنداق شىددەتلىك شۇۋىرغان چىقىپ باقمىغان ئىدى، ئەتىياز كىرىپ ئۇچىنچى ئايمۇ ئوتۇپ كېتەي دەپ قالغان مۇشۇنداق چاغدا شۇۋىرغان چىقىشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى.

ئۇ يولنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىگىلى تۇردى، لېكىن ھازىرچە يول تېپىپ مېڭىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىكە يول ھامان ئۇنىڭ سول يېقىدىن چىقىپ قالاتتى. بوران ناستيۇنانىڭ ھەرقانچە تاقابىل تۇرۇشىغا، بوران يونۇلۇشىگە قاراپ نىشاننى ھەرقانچە توغرىلاپ تۇرۇشىغا قارىماي، ئۇنى جاھىللىق بىلەن تۇۋەندىكى ئېقىمغا قاراپ ئېلىپ كەتتى. ناۋادا يولدىن ئېزىپ قالسا قاياقـ لارغا ئۇچۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. ئەمدىلىكتە چانا ئىزلىرىنى پەرق ئېتىشمۇ بارغانسېرى قىيىنىغا چۇشۇۋاتاتتى. چانا ئىزىنىڭ كوتىرىلىپ تۇرغان قىسمى ئۇزلۇكـ سىز كېڭىيىپ، ئاخىر باشقا قىسىملىرىغا ئوخشاشلا تۇپ-تۇز بولۇپ قېلىپ، ئىگىز-پەسلىكنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايۋاتاتتى. ناستيۇنا يول بويىدا مۇزغا چاپلىشىپ قالغان تۇتام-تۇتام قۇرۇق ئوت-چوپنى ئىزدەيتتى، يەر مەدىگى شەكلىدە توگۇلاپ

قالغان ئاق تىزەكلىرىنى ئىزدەيتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوت-چۆپ ئۇرۇش ئارىلىدىن ئەينى چاغلاردا قۇرۇق ئوت-چۆپ يوتكىگەندە يول بويلاپ قېپقالغان نەرسىلەر ئىدى. ناستيۇنا شۇ بەلگىلەرگە ئاساسەن ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىدى. دەسلەپتە كالۋالىق قىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا ئېتىلىپ يۈرۈپ، ناھايىتى تېز ئارىدىلا ماغدۇرىدىن كەتتى، ئېغىر بىرزىنت خالتا قوللىرىنى ئاغرىتىۋەتتى. شۇۋىرغان ئۇرۇۋەتكەنلىكتىن نەپەس ئالالماي قالدى، يىمىسى قارغا چوڭقۇر پېتىپ، قار بىلەن قاپلاندى، رومال ۋە چاپىنى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى، شامال سوغەك-سوغەكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سوغاق شامال بولماستىن، بەلكى جەنۇپ شامىلى ئىدى، شۇنداق جەنۇپ شامىلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىۋېشى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن ئىدى. قەھرىتان سوغاق شامال ياخشىمۇ ياكى مۇشۇنداق نەمخۇش جەنۇپ شامىلى ياخشىمۇ بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

ناستيۇنا ئارالنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن سول تەرەپكە ئىنچىكىلەپ سەپسالدى، ئارال تەرەپكە ئۆتۈۋالسىلا ئىش ئاسانغا توختايتتى، چۈنكى ئارالنىڭ ئۇ تەرىپى تار ئاچال ئىدى، تۈپ-تۈز مېڭىۋەرسىلا قارشى قىرغاققا يەتكىلى بولاتتى، ناستيۇنا ئۇ يەرگە يېتىپ بارالماي قالارمەنمىكىن دەپ ھەرگىز ئەنسىرىمەيتتى، قارشى قىرغاق بىر ياققا قېچىپ كەتمىگەندىكىن، بېرىشنىغۇ باراتتىيۇ، لېكىن قىرغاققا يېتىپ بارغاندا جىلغا

قەيەردىكىن دەپ قىياس قىلىپ ئاۋارە بولۇپ، ئۇ ياندىن-بۇ يانغا ئىزدەپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، قىرغاققا چىقىدىغان جاينىڭ جىلغىغا يېقىن بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى. شۇنچىلا قاتتىق قار-شۇۋىرغانغا قارىماي تاغ ئېشىپ، سۇ كېچىپ يۈرگەنلىكىدىن قىلچىمۇ پۇشايمان قىلمىدى. ئۇ ئۇ يەرگە بارىدىغان بولغانلىقتىن خۇددا ئۇنى ئۆز پانايىدا ئاسراپ، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ، شۇنچە قاتتىق قار ياغدۇرغاندۇ، بەلكىم. نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، ئۇ بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ پىمىسىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، سىقىراپ ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، كۆزلىرىنى ھوزۇرلىنىپ يۇمۇپ ئارام ئالىدىغان قۇرغاق ھەم ئىسسىق بىر جاينىڭ بولۇشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى. — بۇ گويا ئەپسانىلەردىكىگە ئوخشاش، تولىمۇ يىراق جاي بولۇپ كۆرۈنەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىر يولدىن ئېزىپ قالدى، يولنى ھىچقانداق قىلىپمۇ تاپالمىدى. ئايىغى ئاستىدىكى ھەممە نەرسە چىرمىشىپ ئالغا قاراپ يوتكىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بورانغا قارشى مېڭىش قارارىغا كەلدى، شۇنداق قىلغاندا ئاخىر قارشى قىرغاققا يېتىپ بارغىلى بولار، قىرغاققا چىقىۋالسامىلا ئۇستەڭنىڭ ئورنىنى پەملىۋالالايمەن، ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئاللىقانداق بىر جايدىن باشقا يەردە ئەمەس دەپ ئويلىدى، بىراق يولدىن ئېزىپ قېلىشى قانداقلىكى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاپ ئىدى. ئۇ قورققانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇۋال بولغانلىقتىن ۋە چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

نىمشقىكىن ـ تاڭ، ئاۋازىنى بولۇشىچە چىقىرىپ: "ئاندىرى!" دەپ توۋلىۋەتتى. ئەگەر ئۇ ئاندىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قالار دېگەن ئۈمىتتە بولغان بولسا، تولىمۇ ئەقىلسىزلىق قىلغان بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى بوران بىلەن يوگىشىپ توۋەن-دىكى ئېقىمغا كېتىپ قالاتتى.

ئۇ يەنە خېلى ئۇزاق يول ماڭدى ئۇزىنىڭ قاياققا كېتىۋات-قانلىقىمۇ ئۇنىڭ تۇزۇك ئېسىدە قالمىغان ئىدى، بىراق ئۇ بىر قېتىم بېشىنى كوتەرگەندە، تۇيۇقسىزلا بېشىنى دەرھال ئېچىگە تېقىۋېلىشىنىڭ ھاجەتسىز بولۇپ قالغانلىقىنى، بورانىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەندەك تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ ئارقىسىغا قارىدى: ئارقىسىدا بوران ھېلىمۇ ئەزۋەلەپ چىقىۋاتاتتى، بۇ يەردە بولسا ئالىلىقاندىداق بىر نەرسە بىلەن توسىلىپ، ئاللىقانداق بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ، يەنە بىر ياققا بۇرۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ناستيۇنا يەنە بىرنەچچە ماڭدام ماڭا ـ ماڭمايلا دەريا قىرغىقىنى كوردى. بۇ كىچىك ئارال ئەمەس، قۇرۇقلۇق ئىدى، ناستيۇنا ئۇزى سەزمىگەن ھالدا كىچىك ئارال-دىن ئوتۇپ كېتىپ قالغان ئىدى. "خۇداغا شۇكرى، ھەر ھالدا ئانگارا دەرياسىدىن ئوتۇۋاپتىمەن، ئەمدى ئاندىرىيېۋ ئىكىنزارلى-غىنى تېپىۋالاي" دەپ ئويلىدى ئۇ. دەريا قىرغىقىنىڭ بۇ يېرى كامالچە شەكلىدە ئىدى. ناستيۇنا شۇنىڭغا ئاساسەن، خاتىرىسىدە قالغان كىچىك ئارال ئارقىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەر قويۇق ئوسۇپ كەتكەن تىك دوقالنىڭ ئۇزىنىڭ سول تەرىپىگە ئوتۇپ

قالغانلىقىنى بايقىدى. بوران يولنى توساپ قويغان دەل مۇشۇ تىك دوقال بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن قارىغاندا ناستيۇنانىڭ مولچىرى توغرا بولۇپ چىققاندەك تۇراتتى، ئۇ دەريا قىرغىقىنى بويلاپ تۆۋەندىكى ئېقىمغا قاراپ مېڭىش كېرەك ئىدى. ئەمدى-لىكتە ھەر ھالدا كۆزلىگەن نىشانغا يىراق قالمىغان ئىدى. تاغدىكى قارىغاي شاۋقۇنى ئېنىق ۋە لېكىن تۆۋەن بولۇپ، قىپ-يالىڭاچ بولۇپ قالغان ئاق قېيىن بىلەن ئاق تېرەكلەر دوقالدىن ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن توپ-توپ يولغا كىرىۋال-غان دەريا بويىدىكى كىچىككىنە چوپلۇكتە ئىغاڭلايتتى. ناستيۇنا ئوڭغا بۇرۇلماسلىققا تىرىشاتتى، ئوڭ تەرىپىدە بوران ھىلىمۇ گۆكىرەۋاتاتتى. بوران ئۇنى ئارقىسىدىن ئالغا ئىتتىرەتتى، پۇتلىرى بوراننىڭ ئىتتىرىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمىگەنلىكتىن يول بويى پۇتلىشىپ كېلىۋاتاتتى، بىر قېتىم يىقىلىپمۇ چۈشتى. ئىككى تال ياڭيۇ بىرىزىنت خالتىسىدىن قارلىققا دوملاپ چۈشۈپ كەتتى، نىمىشقىكىن-تاڭ، ئىختىيارسىز پەيدا بولغان كۆڭۈل غەشلىكىدىن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، قارلىققا توڭلاپ يېتىۋەرسۇن دەپ تېرىۋالغۇسى كەلمەي قالدى.

ئۇ يول مېڭىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ھىلىقى ئۇستەڭدىن ئۆتۈپ كەتكىلى تاس قالدى. بەختكە يارىشا شۇۋىرغاننىڭ بىر تەرەپكە قاراپ شىددەت بىلەن سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋاقتىدا سىزىپ قالدى-دە، دەرھال توختىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا رىبنايا كەنتىگە كېتىپ قالغان بولاتتى. ناستيۇنا بۈگۈن ئۆز

تەلىينىڭ ئۇگىدىن كەلگەن-كەلمىگەنلىگىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ نىشاندىن ئادىشىپ قالماي، يىقىلىپ چۈشمەي، يەر-جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ھاۋا شارائىتىدا دىگۇدەك بىكار يول يۈرمەي، ئانىگارا دەرياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئوتۈۋالغاندەك تۇراتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولسىدى، ھەممە ئىش مۇشۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىدىغان بولسا، جەزمەن شاتلىغى-دىن قىن-قىنىغا پاتمىغان بولاتتى، بىراق ئۇ، نىمىشقىكىن-تاڭ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەممە ئىش ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىكتەك بولماي، ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ خۇددى بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك كوڭلى پەرىشان، ئىچى تىت-تىت بولۇۋاتاتتى. بۇ يالغۇز ھارغىنلىقتىنلا بولماي، بەلكى دەسلىۋىدىلا ئالدىنقانداق باشقا بىر نەرسىنىڭ مېڭىسىگە كىرىۋالغانلىغىدىن بولغان ئىدى؛ ئۇ بۇ "ئالدىنقانداق باشقا بىر نەرسە"نىڭ دەل ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغان، ئەمما ئالدىنئالا پەيدا بولغان توغرا سېزىم ئىكەنلىگىنى ئويلاپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

كوپ ئوتمەيلا ئۇ ئوستەڭدىن قاشقا چىقىپ، قىشلىق ئويگە يېتىپ كەلدى.

ئاندىرى ئويدە ئىدى، چۈنكى ئوگزىدىكى مورىدىن چىققان ئىس تولغىنىپ يۇقۇرى كوتىرىلىۋاتاتتى. مۇبادا ئۇ مېگىبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۇ يەرگە كەلگەندە قىشلىق ئوي قۇپ-قۇرۇق بوشاپ قېلىپ، بىكارغا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن

بولسا، كوڭلى بەكمۇ يېرىم بولغان بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى قېتىم بۇ يەرگە كېلىشى ئېرىنى نەقەدەر ئالاقزادە قىلىۋەتكەنلىكى ئېسىدە بولغاچقا، دەرھال ئىشكتىن ئۆسۈپ كىرىپ كەتمىدى. ئاۋال ئۇ دېمىنى ئېلىۋېلىپ، چىپ-چىپ ھول بولۇپ كەتكەن يۈزىنى قولى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن، دەرىزىنى ئاستا چېكىپ تۇرۇپ:

—ئاندرى، مەن كەلدىم، ئاندرى!—دېدى.

ئاندرى ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىشكتىن ئېتىلىپ چىقتى-دە، ناستيۇنانىڭ گەجگىسىدىن قۇچاقلاپ بىرنىملەرنى دەپ پىچىرلاپ، ئاستا ئىشىك ئالدىغا ئېپكەلدى، ناستيۇنا ئۇنىڭ نىمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىدى، ئۇ توساتتىن ئۆزىنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىغانلىقىنى، قىمىرلىغۇچىلىكمۇ ماغدۇرى قالمىغانلىقىنى ھىس قىلدى. بوسۇغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئەسلىدىلا يىغلىغۇسى كېلىپ تۇرغان ناستيۇنا ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ھوكۇرەپ يىغلىۋەتتى. ئاندرى نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىر چەتتە تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆستىگە ئۇ تا ھازىرغىچىلىك ناستيۇنانىڭ راستىنلا كەلگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك!

—ئالدىمغا چىقسىڭىز بولماسمىدى؟—دېدى ئۇ يىغىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بوينى قاتتىقلىق بىلەن ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي ئاغرىنىپ،—مەن يېتىپ بارالماسمەنمىكىن، يىقىلىپ قالار-

مەنمكىن دەپ ئەندىشە قىلىپلا كەلدىم، سىز بولسىڭىز بۇ يەردە باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن قىلچە كارىڭىز بولماي بىخىرامان ئولتۇرۇپسىز.

— بۇگۈن كېلىپ قېلىشىڭنى نەدىن بىلەي؟!

— نەدىن بىلەي؟! بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى-دە!

ئۇنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇپ قويۇش ۋە روملىنى يېشىش ئاخىر ئاندىرىنىڭ يادىغا يەتتى. ناستيۇنا بولسا ھول بولۇپ كوپۇپ ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن پىمىسىنى يىرگەنگەن ھالدا چورۇپ تاشلىدى، ئاندىرى پىمىنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ كورۇپ، تەئەججۇپلەنگەنلىگىدىن بېشىنى چايقىغىنىچە قۇرۇتۇش ئۈچۈن مەش يېنىغا قاقلاپ قويدى. مەشتە ئوت لاۋۇلداپ كويۇۋاتاتتى، ئۆي ھەم ئىسسىق، ھەم تېپ-تېچ بولۇپ، ئوتۇن-لارنىڭ چاراسلاپ كويۇۋاتقان ساداسى كىشىگە بىر خىل ھوزۇر، ئائىلىگە خاس لەززەت بېغىشلايتتى. پەقەت دەرىزە ئەينىگىنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ جاراقلاشلىرىلا كىشىگە سىرتتا شۇۋىرغان چىقىۋاتقانلىغىنى ئەسلىتەتتى.

ئاندىرى ناستيۇناغا ياندىشىپ تاختاي توشەكتە ئولتۇردى-دە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن:

— قانداقچە كېلىپ قالدىڭ؟ بىرەر ئىش چىقىپ قالمىغان-دۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قانداقچە كېلىپ قالدىڭ؟ — ناستيۇنا زەردىسى بىلەن دوراپ ئېيتتى، — سىزنى يوقلىغىلى كەلدىم، شۇنداق گەپ!

سورىغان سوئالىڭىزنى قارىڭا! — ئارقىدىنلا ئۇ ئاچچىقىدىن يانغان تەلەپپۇز بىلەن، — ھېچقانداق ئىش چىقىپ قالغىنى يوق — دېدى.

— جېنىڭدىن تويۇپسەن-دە. مەن تېخىچە مۇشۇنداق ئۇلە-تىرىلىشكە باقمايدىغانلىقىڭنى بىلمەپتىكەنمەن. بۈگۈنكىدەك ھاۋا رايىدا ھەتتا ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۇۋىسىدىن چىقالمايدۇ، سەن بولساڭ چىقىپسەن.

— سىزمۇزە، قارغۇ چاشقانغا ئوخشاش قاپ-قاراڭغۇ ئۇۋىغا كىرىۋېلىپ كۈنىڭىزنى ئېلىپ، ھېچنېمىدىن بىخەۋەر يۈرۈپسىز، ھەتتا ئۆز خوتۇنىڭىزنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق كورمەس بولۇپ قاپسىز.

— شۇنداق، قارغۇ چاشقانغا ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ ناستيۇنانىڭ سوزىگە قوشۇلۇپ، بىراق ئۇ شۇ مىنۇتتا چەكسىز بەخت ۋە شاتلىققا چومۇلگەنلىكتىن بۇنداق پاراڭنى دەپ كەيپىسىزلىنىشنى خالىمايتتى، شۇڭا گەپنى بۇرىۋەتتى: — قوسىغىڭ ئېچىپ قالدىغۇ دەيمەن؟ چۈشلۈك تاماق يېسەڭ قانداق؟ بولمىسا كەچلىك غىزا يېسەكمۇ مەيلى، مەن ھازىر ئەتىگەنمۇ-كەچمۇ، ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

— پاھ، مېنى نېمە بىلەن مېھمان قىلىسىز؟ — ناستيۇنا ئاندىرىنىڭ تاماقنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا قوسىغىنىڭ تازا ئېچىپ تاتىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەتىگەندىمۇ ناشتا قىلمىغان. ئەمدىلىكتە بولسا گۈگۈم چۈشەي دەپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ شۇنى پەملىدىكى، ئاندىرى ئۇنى ھەيران

قالدۇرىدىغان نەرسىلىرىنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ جاھاندارچىلىق-نى نەقەدەر ئوبىدان بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاندىرىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرماسلىق لازىملىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى.

— مەن ساڭا بېلىق شورپىسى پىشۇرۇپ بېرىمەن. بىرقانچە كۈندىن بۇيان بىرنەچچە تال بېلىق تۇتۇۋالدىم.

— بىراق مېنىڭ زادى تالاغا چىققۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— ئولتۇرۇۋەر. ھەممىسىنى ئۆزەم قىلىمەن.

ئۇ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، بوسۇغىدىن چىقماي تۇرۇپلا بېشىنى چىقاردى-دە، ئىشىك بېشىدىكى ئاللىقانداق بىر يەردىن توڭلاپ شىنىدەك قېتىپ كەتكەن يوغان بىر بېلىقنى ئالدى، — بۇ ئاجايىپ يوغانباش بېلىق كەم-كۈتىسىز ئۈچ كىلوگىرام كېلەتتى. ئۇ بېلىقنى پاققىدا قىلىپ شىرە ئۈستىگە تاشلىدى.

— پاھ، بۇ يەردە كۆڭۈلسىز بىزدىن ئوبدان ئۆتۈۋېتىپتۇ-دە، — دىدى ناستيۇنا ھەيران بولۇپ.

— ئالايىتەن سېنى ئېغىز تېگەرمىكىن دەپ ئۆزى كەلگەن-دەكلا، تۇنۇگۈن ئامىتىم كېلىپ تۇتۇۋالغان ئىدىم، تەلىيى ئوڭ ئادەم ئوخشايسەن!

— ھە، تەلىيىم ئوڭ بولمايچۇ، — دىدى ئۇ بىر خىل مەنىلىك، ھەققى غەرىزىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان تەلەپپۇز بىلەن.

— ئاندىرى بېلىقىنى قانداق تۇتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇنى ناستيۇناغا ئېيتىپ بېرىشكە يۈزى چىدىمايتتى.

چۈنكى ئۇ تېخى يېقىندا باشقىلارنىڭ بۇنداق نەرسىلىرىنى ئۇغۇرلىۋېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بېقىشقىمۇ پېتىنمايتتى، بىراق ئەمدىلىكتە چۈشكۈنلىشىپ مۇشۇنداق ھارامزادىلىك قىلغىلى تۇرغان ئىدى. رىبنايا كەنتىدىكى بەزىلەر مەزكۇر كەنتنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى يىراق بىر ئارال قىرغىقىدا، دەريا شاخاپچىسىغا ئۇدۇل تەرەپتە بىر-نەچچە تال قارماق تاشلاپ قويغان ئىدى، بۇ يەرنىڭ سۇ ئېقىمى ئاستا بولۇپ، ناھايىتى قېلىن لاي-لاتقىلار يىغىلىپ قالغان ئىدى. مەلۇم بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇ كۆتمىگەن يەردىن بۇ قارماقلارنى كورۇپ قالدى-دە، نىيىتى بۇزۇلدى. ھېچكىمنىڭمۇ ھەر كۈنى مۆز چوقۇيدىغان كاچكۆل تەشكۈچنى كەنتكە ئېپكې-تىپ، يەنە ئېپكېلىپ يۇرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. دىگەندەكلا ئۇ چاتقاللىق ئىچىدىن كاچكۆل تەشكۈچنى تېپىۋال-دى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەردە تېخى يەنە قىسقا ساپلىق بىر-گۇرجەكمۇ قويۇپ قويۇلغان ئىدى. بۇلاردىن بېلىق تۇتقۇچىنىڭ پەملىك ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر قارماققا ئادەتتە ئەتىگىنى كېلىپ قاراپ باقاتتى. شۇڭلاشقا ئاندىرى كۈگۈمدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي مۆزنى چوقۇپ، قارماققا بېلىق ئىلىنغان-ئىلىنمىغانلىقىغا قارايتتى. بۇنداق قىلغاندا كېچىسى يەنە مۆز توڭلاپ، كاچكۆل ئېتىلىپ قالاتتى. ئۇ مۇشۇنداق يول بىلەن توت تال يوغان باش بېلىقنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان ئىدى. بۇ ئىش شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن قىلىن-

دىكى، قىلچە ئىز قالدۇرۇلمىدى. قارماقنىڭ ئىگىسىمۇ چىقىپ قالىدىغان يەرلىرىنى سىزىۋېلىشى ناتايىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارماق ئىگىسىگە تۇندىكى پۇرسەتمۇ قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بېلىق قارماقتا ئېلىنىشىنىڭ ئەڭ ئوبدان پەيتىدۇ، بەلكىم.

بۇنىڭ "ئىش" دەپ يېقىملىق ئېيتىلىشىنى قارىمادىغان، بۇنداق ئىشنى ئىلگىرى ئاندىرىنىڭ ئۆزىمۇ رەزىل ھارامزادى- لىك دەپ كەلگەن ئىدى.

بىراق ئۇنى مۇشۇنداق پەسكەش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلغان ھەرگىز تۇرمۇشنىڭ كاپالەتسىزلىكى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر گوش ساقلاپ كەلدى، ناستيونامۇ دائىم ئاز-پاز نەرسە ئېپكېلىپ بېرىپ تۇردى. ساقلانغان نەرسىلەر قانچە كوپ بولسا شۇنچە ياخشى، ھەرقانچە كوپ بولسىمۇ خالتا يېرىلىپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئاندىرىنى بارا- بارا چۈشكۈنلەشتۈرۈپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە ئاساسەن ئۇنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان، ھەر سائەت-ھەر مىنۇت ئۆزىگە ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان ئۈۋاللىق ئىدى. دەل مانا شۇن- داق روھىي ھالەت ئارقىسىدا ئۇنىڭدا ئوخشاشلا كۆچەپ يوشۇ- رىدىغان ھەمدە ھەرقايسى جەھەتلەردىن نىقاپقا ئورايدىغان بىر خىل ئارزۇ پەيدا بولۇپ قالدى: "ئۆزەم بىلەن تۇپتىن ئوخ- شىمايدىغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر بىلەن قار- شىلىشىمەن. ئۇلار دەبدەبىلىك ھالدا ياشايدۇ، موكۇپ يۇرۇشى،

قورقۇپ ئۆلتۈرۈشى ھاجەتسىز. ئۆزەم بىرەر ئىشتا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولسام بۇ قوشاق كۆپىگىنىمۇ بولسا چىقىرىۋالغان بولاتتىم." شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇنى ھېس قىلاتتىكى، گويا ئۆزى ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە رول ئويناۋاتقاندەك: ئىش ئۆزى بولسا بىر خىل، بولمىسا باش-قىچە بولىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇلار بۇنداق ئادەمنى كۆرمىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغان، بۇنداق بىر ئادەم بارلىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەم مەۋجۇت ئىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق باشقىلارغا مەلۇم جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى، بولمىسا، ئۇ ئۆلگەن ئادەم، ئەرۋاھ بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى خوشال قىلالىسىمۇ (چۈنكى كىشىگە خوشاللىق بېغىشلايدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق-ئاشكارا بولىدۇ)، لېكىن بار بىلەن يوق ئارىلىقىدىكى بىچارە تەسەللىگە ئېرىشەتتى، قىلدەك قانائەت تاپاتتى. ئۇ بۇنىڭ قانداق تەسەللى، قانداق قانائەت ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. نىمىنىڭ ئۆز كۆڭلىنى يايراتقانلىقىنى چەزمەن بىلىۋېلىشنىڭ نىمە ھاجىتى. كۆڭۈلنىڭ ئاز-تولا يايرىغىنىلا كۇپايە-دە.

بىلىق شورپىسى لاۋىلداپ كۆيۈۋاتقان مەش ئۈستىدە ناھا-يىتى تېزلا پىشتى. ئۇلار شورپا ئىچكىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە ئاندىرى يەنە بىر تال ياغاچ قوشۇقنى چىقىرىپ ناستىيونىغا سۇندى. ئۇ بۇنى ئەر-خوتۇن دىدارلاشقان ھازىرقىدەك

كوكۇللۇك پەيتكە ئاتاپ ئالايىتەن پىچاق بىلەن يوناپ ياساپ چىقىقان ئىدى. ئۇ ئۇيىگە لازىمەتلىك نەرسە-كېرەكلەرنى پەيدىن-پەي سەرەمجانلاشتۇرماقتا ئىدى، ئەمدىلىكتە كىچىككىنە ھەربى سۇدان بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۈچ لېتىر سۇ سىغىدىغان چوڭ قازان بىلەن تاماق پىشۇراتتى. بۇ قازاننى ناستيۇنا ئالدىنقى ھەپتىدە ئىچ كىيىم بىلەن بىللە مونچىغا ئالغاچ بارغان ئىدى.

ئالدىنقى ھەپتە ئۇلار بىرقانچە قېتىم يۈز كورۈشكەن بولىسمۇ، لېكىن ئاۋالقىدەكلا قاراڭغۇدا مونچىدا كورۈشكەن ئىدى. شۇ ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن ناستيۇنا ئوزىنىڭ ئورۇن تاللىمىغانلىغىدىن ۋە ئوزىنى چىڭ تۇتالمىغانلىغىدىن خاپا بولغان ۋە يىرگەنگەن ئىدى. ئۇنىڭدا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھەمىشە ئالدام خالىتىغا چۈشۈپ كەتتىمكىن، ئېرىم بولماي بەلكى باشقا بىرسىمىكىن دىگەن بىر خىيال-تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى. گەرچە باشقا ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدىغانلىغىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا ياتسىراۋاتاتتى، خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ئۇ ھەمىشە ئاندىرىنىڭ ئاۋازىغا "بۇ شۇنىڭ ئاۋازىمىدۇ؟" دەپ زەڭ قويۇپ قۇلاق سالاتتى، گۇمانلىق يەرلىرىنى ئىزدىگىنى ئىزدىگەن ئىدى، سوزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىزكى، ئۇ ھامان ئاندىرىنىڭ سوز-ھەركەتلىرىدىن ئىلگىرى سەزمىگەن بەزى نەرسىلەرنى سېزەتتى-دە، ئولگۇدەك قورقۇپ كېتىپ، پۇتۇنلەي گاڭگىراپ قالاتتى. بولۇپمۇ ھەم سوغاق،

ھەم تېپىلغاق، چىرىپ كەتكەن يوپۇرماقلارنىڭ چۇچۇمەل ھىدى.
كېلىپ تۇرغان يۇيۇنۇش تاختىسى ئۈستىدە يېتىشتىن بەك يىر-
گىنەتتى. يۇيۇنۇش تاختىسى ناھايىتى ئىگىز بولغاچقا ئومىلەپ
چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ناستيۇناغا گويا يۇيۇنۇش تاختىيى
ئۈستىدە ياتقان ھامان پۇتۇن ئەزايى دەرھال يىرگىنىشلىك
ياۋايى ھايۋان يۇڭى بىلەن قاپلانغاندەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى
خالىسىلا ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاش ھۆۋلاپ كېتىدىغاندەك بولۇپ
تۇيۇلاتتى.

بۇ قىشلىق ئويدە بولسىمۇ ئەھۋال باشقىچە ئىدى. ئۇلار بۇ
يەردە بىر-بىرىنىڭ چىرايىغا سەپسالالايتتى. ناستيۇنا ئاندى-
رىنىڭ چىرايىغا قاراپ كۆڭلىدە نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى
چۈشىنىپ كېتەلەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى مېھرى-مۇھەببىتى
بۇرۇنقى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئەيىپلىگۈدەك
ھېچنىمىسى يوق ئىدى. مۇھەببەتلىشىش ۋاقتىدىكى شەرت-
شارائىتىنىڭ شۇنچىلا يات ۋە ئاددى بولۇشى ئەلۋەتتە ناستيۇ-
نانى دەككە-دۈككىگە سالاتتى بۇ ئۇنىڭغا يوچۇن تۇيۇلاتتى،
بىراق بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا بىر خىل تېپىلغۇسىز ھاياجان
پەيدا بولاتتى. بۇنداق ھاياجان ئەر-خوتۇنىنىڭ مۇشۇنداق
ھاللاردا دائىم كورۈلۈپ تۇرىدىغان، ۋاقتىنچە ئۆز بۇرچىنى ئادا
قىلىدىغان ھېسسىياتىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇلار يوللۇق ئەر-
خوتۇن، لېكىن دائىم بىللە بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا
يۈز كورۈشۈشمۇ ئوغرىلىقچە بولۇۋاتقانلىقى، ئەر-خوتۇنىنىڭ

مۇشۇنداق بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى ناستيۇناغا قاتتىق ئەلەم بولۇپ تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئەلەملىرىنى ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىش بىلەن چىقىرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەر قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ بىرنەچچە يىللىق تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى، پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە، پەۋقۇلئاددە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە پەۋقۇلئاددە مېھرىۋانلىققا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى. ئەمما بۇ ئۈمىتنىڭ قانداق ئەمەلگە ئېشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، ئەلۋەتتە، ئۇ ئازاپلىنىش، ھەسرەتلىنىش، ئەتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىگە چۈكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىشكە كوز يەتكەن، بىراق يەنىلا گاھ كورۈنۈپ، گاھ غايىپ بولۇۋاتقان، سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىشنىڭ بالدۇرراق يۈز بېرىشىنى قىزغىن ئۈمىت قىلاتتى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر كۈتكەن ئۈمىدى شۇ ئىشنىڭ بالدۇرراق يۈز بېرىشى ئىدى، لېكىن ئۆزىنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتى.

مەلۇم بىر كۈنى ئۇنىڭغا شۇ ئىش يۈز بەرگەندەك بولۇپ تۇيۇلدىيۇ، لېكىن بۇنىڭ قاچان قايسى قېتىمقى ئۇچرىشىشتا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ: "مۇشۇنداق ئىشنى قانداقچە سەل قاراپ ئۆتكۈزۈۋەتكەندىمەن؟ مەن تۇيغۇسىز ئادەممىدىم، ياغاچمىدىم؟" دەپ قاتتىق ئازاپلاندى. دەرۋەقە، ناستيۇنا بۇ ئىشنىڭ راستىنلا يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئالامەتلەر بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بەرگەنلىكىنى — دەل مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن

ئۇزىنىڭ ئاشۇنداق بىئارام بولۇۋاتقانلىغىنى، كۆڭلىنىڭ جايىغا چۈشمەيۋاتقانلىغىنى كۆرسەتتى.

ئۇ شىرە يېنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ھەددىدىن زىيادە ھارغىنلىق ئارقىسىدا سىقىراپ ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىنى سورىگىنىچە ئاقساپ مېڭىپ، تاختاي توشەككە كېلىپ يېتىۋالدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۇزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى ئاندىرىغا ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيتتى.

— بىلەمسىز، ئاندىرى؟

— نېمىنى؟

— بولدىلا، بىر دەمدىن كېيىن ئېيتىپ بېرەي، — دىدى ئۇ يەنە پىكرىنى ئۆزگەرتىپ.

ناستيۇنا بۇ ئىشنى ئاندىرى ئۆز يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان ئىدى. بىراق ئۇ تېخىچە شىرە يېنىدا ئولتۇرغان پېتى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تاماق يەۋاتاتتى؛ ناستيۇنا ئاندىرىنىڭ ناھايىتى ئاستا تاماق يەيدىغان بولۇپ قالغانلىغىنى بايقىدى — يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئالدىرىماي - تېنىمەي قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىغى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇردىيۇ، لېكىن بېرى كەلمىدى، تاماق يەيمەن دەپ قارا تەرگە چومۇلۇپ كەتكەچكە، سەگۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك يېنىغا باردى. سوغاق شامال ئۇدۇل ناستيۇناغا كېلىپ تېگىۋىدى، ناستيۇنا:

— ئىشكنى يېپىڭ! — دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى.
— يېپىپ قويدۇم، يېپىپ قويدۇم. بوران ئاجىزلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.
— ھە، ئاجىزلىشىپ قاپتۇ.
ئاندىرى ناستيۇنانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— تېخىچە ئىسسىنالمىدىڭمۇ؟
— ئىسسىنىۋالدىم، بىراق ھايال ئۆتمەي كېتىدىغانلىقىم يادىمغا يەتسىلا پۈتۈن ئەزايىم تىترەپ كېتىدۇ. كەلگۈچىلىكلا ئۆلگۈدەك ھاردىم.
— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرۇپ، ئوبدان ئارام ئېلىۋالغىن، ئۇزەڭ يالغۇز كېتەلمەيسەن، مەن ئاپىرىپ قوياي.
— قانداقچە ئۇزۇنراق تۇرالايمەن، ئاندىرى؟ مەن ھېچكىمگە تىنمايلا، لام-جىم دېمەي قويمايلا بۇ ياققا چاپتىم. ئۇلار مېنى جەزمەن ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر تۈن تەڭ يېرىم بولغاندا ئۆيگە قايتسام قېيىنانام خاپا بولامدۇ؟ دائىم مۇشۇنداق يېرىم كېچىلەردە سىرتتا لاغايلاپ يۈرسەم، ئۇلار: "قاراڭلار، بۇ كېلىنىمىزنى......" دەپ قالىدۇ. — ناستيۇنا ئۇزىنىڭ يېرىم كېچىدە قايتىپ بېرىپ ئىشكنى قانداق چېكىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆزىنى يۇمدى.
— دادام بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمىدىمۇ؟
— ھازىرچە سۈرۈشتە قىلغىنى يوق، ئۇنچىقماي يۈرىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئوۋ ملتىغىنىڭ يوقالغانلىقىنى ھازىرغىچىلىك

سىزنىڭ ۋالىغانلىغىنىڭنى ھېچ چۈشىنەلمەي كەتتىم. ئۇزۇن ئوتمەيلا، ھەممە ئىش ئۇستىدە تەگمەي قويمايدۇ.

— سۇرۇشتە قىلغاندا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشىڭىزنى ئويدانراق ئويلىنىپ قويدۇڭمۇ قانداق؟

— ئويلاشنىغۇ ئويلىدىم، — دېدى ناستيۇنا بىزار بولغان قىياپەتتە.

— نىمە دەپ جاۋاپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسەن؟

— قانداق يالغانچىلىق قىلدىغانلىغىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئېيتقۇم يوق. نىمىلا بولسا ئوزەم بىر نەرسە دەرمەن. كېتەي.

ئاندىرى ناماقۇل بولغان ھالدا ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىپاپ تۇرۇپ دېدى:

— تەس كۈنگە قالدىڭغۇ دەيمەن، ناستيۇنا؟

— ياق، — دېدى ئۇ كوزىنى ئېچىپ پېشىڭىدە كولۇپ قويۇپ. ئۇنىڭ سوغاق شامال نەشتىرى سانچىلغان چىرايى ئىسسىق ئويدە ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، مىيىغىدا سۇس تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. — بىراق ئۇ ئوز ھىسسىياتىنى پۈتۈنلەي سوزلەپ بېرىشنى خالىمايتتى ھەم ئۇنداق نىيەتكىمۇ كەلمىگەن ئىدى. تەس كۈنگە قالغۇدەك نىمە بولسۇن؟ ساغلام ۋە كۈچلۈكمەن، ھەرقانچە ئېغىر يۈكنىمۇ كوتىرەلەيمەن. ئوزىڭىز قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن كۈنۈم ئوبدان ئوتۈپتىكەنمۇ؟ ئولۈك - تىرىكلىگىڭىزدىن

خەۋەر تاپالماي ھەر كۈنى دەككە-دۈككىدە ئۆتەتتىم، ھازىر ھېچ بولمىسا تىرىكلىكىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم.

— يا بولمىسا ۋاقتىنچە يۈز كورۈشمەي تۇرساق، ئۇبدان ھاردۇغۇڭنى چىقىرىۋالساڭ قانداق؟ ئىش قىلىپ مەندە ھەممە نەرسە تەييار، ياشاپ كېتەلەيمەن.

— بۇ سىزنىڭ نىمە دېگىنىڭىز؟ ھاردۇغۇڭنى چىقىرىۋال دەيسىزا، لېكىن ھاردۇغۇمنى چىقىرىۋېلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىغىمنى نىمىشقا سوراپ قويمايسىز؟ پات ئارىدىلا ئانگارا دەرياسىنىڭ مۇزلىرى ئېرىپ، سۇ ئېقىشقا باشلايدۇ، مۇزنىڭ پۈتۈنلەي ئېقىپ بولۇشىغا تېخى ۋاقىت بار، ھاردۇغۇمنى چىقىرىۋېلىشقا ۋاقىت كەڭرى. ناۋادا دىدارىڭىزنىمۇ كورەلمەي يۈرسەم ھاياتىمنىڭ يەنە نىمە مەنىسى بولسۇن؟ سىززە، ھېچنىمنى چۈشەنمەيدىكەنسىز. — ناستيۇنا بىر پەس ئۈنچىقماي تۇرۇپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن، ئاخىر، ئېيتاي دېگەن يەرگە كەلدى-دە، ئالدىرىماي، ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئۆز كېيىنكى ئانچە پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە سوزلىدى:

— بويۇمدا قالغاندەك قىلىدۇ، ئاندىرى!

— نىمە؟! — "نىمە" دېگەن سوز ئىختىيارسىز ھالدا ئەجەپلىنىش ساداسى بولۇپ ياڭرىدى، — نىمە دىدىڭا؟ — ئۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. — بۇ گېپىڭ راستمۇ..... گەپنىڭ راستىنى ئېيتىۋاتامسەن؟

— ھازىرچە بىرنىمە دىگىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ ئەزەلدىن بۇنداق ئەھۋال بولۇپ باققان ئەمەس. راستتەكمۇ تۇرىدۇ. — ئۇ گويا ۋاقىتنى كۈچەپ ئارقىغا سوزۇپ، ئاندىرىنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك يەنىلا باياتىنقىغا ئوخشاشلا ئالدىرىماي، ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاپ بەردى.

— نىمىشقا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭ؟ — ئاندىرى سوزىنى ئىككىلىنىپراق باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە ئويلىمايلا ئېيتقان بۇ سوزنىڭ ئېغىزدىن چىقىشى بىلەن تەڭ خوشاللىغىدىن نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى-دە، يۈز بەرگەن ئىشنىڭ پۈتكۈل ئەھمىيىتىنى ئاخىر چۈشىنىپ يەتتى. ئىچ-ئىچىدىن يايراپ كەتتى. — ناستىيۇنا! — ئۇ سەمىمىلىك بىلەن پەس ئاۋازدا چاقىردى، ئاندىن كېيىن پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى-دە، ناستىيۇنانىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ سوزلىدى: — بۇ قالتىس ئىش بوپتۇ جۇمۇ! ئاناڭنى! قانداقمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن؟! چۈشىنىۋاتامسەن، ناستيۇنا؟ چۈشىنىۋاتامسەن؟ ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە، مۇنداق دىگىنا.....چۈشەندىم ناستيۇنا.....ئەمدى چۈشەندىم: بىكار قايتىپ كەلمەپتىمەن. بىكار قايتىپ كەلمەپتىمەن. ئەسلىدە ئۇ، تەقدىر......تەقدىر مىنى ئېپكەلگەن ئىكەن، تەقدىر شۇنداق قىلغان ئىكەن، مەن بۇنى ئاللىبۇرۇنلا بىلىدىغاندەك تۇراتتىم. ئاللىبۇرۇنلا كوڭلۇم تۇيغان ئىدى، چۈشىنىۋاتامسەن؟ بۇنداق بولۇشنى ئاللىبۇرۇنلا

ھىس قىلغانىدەك بولغانىتىم. بىراق مەن يەنىلا دوت ئادەمـدەك ھەمىشە مۇشۇ ئىشنىڭ غېمىدە دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ كېتىمەن. مۇشۇ ئىشـنىڭ غېمىدە......ئۇ ۋاقىراپ كەتـمەي، بەلـكى ھەر بىر سوزنى نەپەس ئالغانىغا ئوخشاش ھەم يوتىلىپ تۇرۇپ، ھەم كۈلۈپ، قىزغىن، ئاۋازى بىلەن ئايـرىم ـ ئايـرىم سوزلـدى. كوزلىرى گويا تامـنى تېشىپ ئوتۇپ ئالـلىقانـداق يىراق بىر جايغا تىكىلگەنىدەك چاقناپ تۇراتـتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ناستـ يۇناغا قاراپ گەپ قىلغان چاغلىرىدىمۇ گويا ناستيۇنانى كورمەي، ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي، ئوزى بىلەن ئوزى مۇڭدىشىۋاتقاندەك، ئوز ئوزىنى قايىل قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ـــ ئىشـنىڭ پۈتكىنى شۇ، بۇنىڭغا گەپ ھاجەتسىز. بۇ ھەرقانداق گەپتىنمۇ كۈچلۈك. ئەمدىلىكـتە بۇ ئىش راسـت بولۇپ چىقـىىلا، ئولۇپ كەتسەم، ئۇ ئىز بېسىپ قالالـىىلا، ھەرنـىمە بولـسامۇ مەيـلى، ئەتىلا ئولسەممۇ رازىمەن.....بۇ ئوز پۈشتۇمـىنىڭ ئەۋلاتـمۇ ـ ئەۋلات داۋاملاشتۇرۇلۇشى ـ دە! ئائىلىمىزنىڭ يىلـتىزى قۇرۇپ كەتمەيـ دىـغان، ئەۋلادىـمىز ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولدى. مەن تېخى ئەۋلادىمىز مەن بىلەن توختاپ قالىدىغان، داۋامـلىشالمايدىغان بولـدى، ئەڭ ئاخىـرقـىسى ئوزەم بولۇپ قالـىدىغان بولـدۇم، بىزنىڭ بۇ ئەۋلادىمىز مېنىڭ قولۇمدا نابۇت بولـىدىغان بولدى دەپ يۈرۈپتىكەنـىمەن، مانا ئەمدى ياشاۋېـرىدۇ. ئەۋلادىمىزنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشـتۇرۇۋېرىدۇ. بۇنـداق نەتىجىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان! نىمە دىـگەن ياخـشى نەتىجە بۇ،

ناستيۇنا! سەن مېنىڭ مەريەم ئانام بولسەن! ــ ئۇ تاختاي توشەككە ئۆزىنى تاشلاپ، ناستيۇناغا ياندىشىپ ياتتى، ئۇنى قۇچاقلىدى، ئاللىقانداق بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ پاخپاق چاچلىق، بېشىنى ئىغاڭلاتتى.

ناستيۇنا دەسلەپتە ئۇنىڭ خوشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ خوشال بولدى، بىراق گەپنى ئاڭلا ـ ئاڭلا، كۆڭلى يېرىم بولدى، ئىچى تىتىلدىدى: ”ئۆزى ئۈستىدىلا باش قاتۇرغىنى نىمىسى؟ مەن ئۇچۇنمۇ باش قاتۇرۇپ باقمامدىغاندۇ؟ ئۇ قەلبىدە ماڭا قانداق ئورۇن قالدۇردىكىنا؟ مېنىڭ تۇتقان ئورنۇم قەيەردە؟“

بۇنداق كۆڭۈل يېرىملىغى ۋە تىت ـ تىتلىق ئەسلىدىلا يۈرەك قېتىغا ئاللىبۇرۇن يوشۇرۇنغان ئىدى، شۇڭا تېزلا چېچىلغىلى تۇردى.

ناستيۇنا بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، ئۆزىنىڭ بىر يېڭى جانغا ھامىلدار بولغانلىقىدىن تۇنجى قېتىم گۇمان قىلغان چېغىدا، ھاياجانلىنىپ دېمىنى ئالالماي قالغىلى تاس قالغان ئىدى: ”ئۇلۇغ خۇدايىم! بۇ راستىمدۇ؟ مەنمۇ ئادەتتىكى ئاياللارغا ئوخشاش ئانا بولالايدىغاندىمەنمۇ؟ خۇدايىم راستىنلا ئىچى ئاغرىپ ماڭا مۇشۇ بەختنى ئاتا قىلغانمىدۇ؟ شۇنچە كۆپ يىللىق ئەرخوتۇنلۇق تۇرمۇشنى بېشىمىزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، شۇنچە كۆپ بىھۇدە ئۈمىت، تىرىشىش ۋە دۇئا ـ تالاۋەتتىن كېيىن، بارلىق ئۈمىدىمىز يوققا چىقاي دەپ قالغان ھازىرقى چاغدا راستىنلا موجىزە بارلىققا كەلگەندەكلا بويۇمدا قالغانمىدۇ؟ بۇ

زادى قانداق ئىشتۇ؟ "ئۇ ئۇخلىماقچى بولۇپ چىراقنى ئۇچەر-دىيۇ، لېكىن "شۇنداقمىدۇ؟" دىگەن بىر قاتار سوئال ئىلىكىدە دەككە-دۇككىگە چۈشتى، ئاۋال ئالدىراپ-تېنەپ يوغان ياغاچ كارۋات لېۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ يېنىككىنە تىندى. ئاندىن كېيىن ئىشىك پەردىسىنى يىمراق ئېتىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى-دە، قىپ-يالىڭاچ پېتى دەرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي يورۇقىغا كېلىپ توختىدى—ئايمۇ گويا ئالايىتەن پەسلەپ قالغاندەك ھەم تولۇن، ھەم نۇرلۇق بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆز تېنىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئاددى كۆز بىلەن تېپىپ چىقىش غەرىزىدە تاقەتسىزلىك بىلەن ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىخىنى ساغلام، تېمەن بولۇپ، ئۇنداق خام سېمىز ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، ئەسلىدىكىگە ئوخشاشلا ساغلاملىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئاپپاق ئىللىق بەدىنىدىن ئىسسىق-لىق چىقىپ تۇراتتى. ھاياجانلانغانلىقتىن ۋە پۈتۈن زېھنى بىر يەرگە مەركەزلەشكەنلىكتىن، تېنى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋا-تاتتى، بىراق بۇنىڭغا ھېچقانداق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ئۇ كۆز نۇرىنى كوكرىكىگە يوتكىگەندە، پەنجە-رىنىڭ كوكرىكىگە چۈشكەن سايىسىنىڭ بەئەينى سۇرلۇك كىرستتەك تۇرغانلىغىنى كورۇپ قورقۇپ كەتتى-دە، دەرھال دەرىزە يېنىدىن كارۋاتقا ئوزىنى ئاتتى، بىراق ھەرقانداق غەيرى ئوي-خىياللارنىڭ دىققىتىنى بولۇۋېتىشكە يول قويماس-لىق ئۇچۇن، قوللىرىنى تۇپ-تۇز سوزۇپ، كوزلىرىنى يۇمۇپ،

نەپسنى قسسپ، يوتـقان ئۇستـدىلا ئوگـدا ياتـتى. ئانـدىن كېيىن پۈتۈن دىققەت-ئېتىۋارىنى ئۆز تېنىگە چوكقۇر يوشۇرۇن-غان مەلۇم بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈردى، ئۇ بۇ نۇقتىنى تاپتى، ئۇنى باشقا بارلىق نەرسىلەر ئارىسىدىن ئايرىپ چىقتى ھەمدە شۇ نۇقـتىنى سىلاپ باقـتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجىز، ئاڭـلىنار-ئاڭـلانـماس ئاۋازى بىلەن: "بار ئىكەن" دەپ جاۋاپ بەردى.

ناستيۇنا ئەنە شۇنداق ھىس قىلـغان، تەسەۋۋۇر قىلـغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ: "راستىنلا بوپقالغاندىمۇ؟ مېنى ئالداپ يۈرمەس؟ راستىنلا بوپقالغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭـدىن كېـيىن قانـداق قىلـىش كېرەك؟" دېـگەن تەشۋىش ئىچىدە قالدى.

راسـت، قانـداق قىلىش كېرەك؟ بەخـت بولۇشـىغۇ بەخت، يەنە كېلىپ بۇ قانداق بەخت دەگا! بىراق ئۇ ۋاقتىنى تاپالمىسا بەخت دېگۈچىلىك نېمـسى بولـسۇن؟ ئىلـگىرى ئۇ بەختـنىڭ يېتىپ كېلىشـىنى توت كوزى بىلەن كۈتـتى. ئەمـما بەختـنىڭ قاياقتا موكۇنۇۋالغانلىغىنى بىلىپ بولمايتتى. ئەمدى مۇشۇنـداق بىر ئەھۋالدا قالغاندا بەختمۇ قېرىشقاندەك دىدارىـنى كورسە-تىۋاتىدۇ. بۇ نىمە ئۈچۈن؟ بىلىشكىز كېرەككى، ئۇ تۇل خوتۇن ئەمەس، بىراق ئېـرى بار ئايالـمۇ ئەمەس، ئۆزىـنىڭ بۈگۈن قانداق ئادەم ھىساپـلىنىدىـغانـلىغىنـىمۇ، ئەتە قانـداق ئادەم بولۇپ قالىدىغانلىغىنىمۇ بىلمەيتـتى. ناستيۇنانىڭ نەزىـرىدە ھەممە نەرسە قالايمىقانلىشىپ كەتـكەن، ئورنـىدىن ئايـرىلىپ

ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن. ئەزەلدىن ئېرىدىن باشقا ھېچقانداق ئەر بىلەن بىرگە بولۇپ باقمىغانلىقى ئۆزىگە ناھا ـ يىتى ئايدىڭ ئىدى، ئەلۋەتتە. بىراق كەنتتىكى ھەممەيلەننىڭ بىلىدىغىنى ئۇنداق ئەمەس ـــ كەنتتىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئېرى بىلەن توت يىلدەك يۈز كۆرۈشمىگەنلىكىنىلا بىلەتتى، خالاس. مۇنداق بولغاندا، بۇ بەختنى ئۇنىڭغا شامال ئېلىپ كەلگەنمۇ ـ يا؟ بۇ ئىشنى شامالغا ئارتىپ قويغىلى بولىدىغان بولسا ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى، ئەلۋەتتە؛ بىراق بۇ ئاقمايتتى، باشقا بىر تىرىك ئادەم تېپىشقا توغرا كېلەتتى، لېكىن بۇ ئادەم زادى مەۋجۇت بولمىغاندىكىن، ئۇنى زورمۇ ـ زور ئىزدەپ نېمە قىلا ـ غۇلۇق؟ نېمە ئۈچۈن ھەقىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئادەمنى ئېغىزدىن چىقىرالماي، گۇناھنى بىگۇناھ بىر ئادەمگە ئارتىپ قويغۇلۇق؟

ھەممە ئوڭ ـ تەتۈر بولۇپ كەتتى، قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بىراق بۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

"ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق بىھۇدە ئارامسىزلىنىپ، بىكاردىن ـ بىكار ئۆزەمنى ئۆزەم ئازابلاپ يۈرۈۋاتامدىمەن ـ يا؟ ئاياللارنىڭ تېنىدە ھەرقانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن، بىرەر ئۆزگىرىش بولسىلا شۇنداق دەپ ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولماسلىقى تۇرغان گەپ. ئۆزەم كىچىككىنە بىر ئالامەتنى كورە ـ كورمەيلا ھودۇقۇپ كېتىۋاتىمەن، بۇنىڭ قىلچە ھاجىتى يوقتۇ، بەلكىم؟

ئىلگىرى بولمىغانىدىكىن ھازىرمۇ بولماس، كەلگۈسىدىمۇ بولماس."

"زادى قايسى خىلدىكى ئەھۋال ياخشىراق بولار — ھازىر بولغىنى ياخشىمۇ ياكى زادى بولمىغىنى ياخشىمۇ؟ ناۋادا ئۈزەمنى تاللىغىلى قويسا قايسىنى تاللىۋالسام ياخشى بولار؟ — بويۇمدا قالغىنى ياخشىمۇ ياكى بۇنداق كۆنىنىڭ مەڭگۈ كەلمىگىنى ياخشىمۇ؟"

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ مەسىلىلەرنى ئاز-تولا بولسىمۇ بىر-لىكتە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، بىر قارارغا كېلىپ ئۆزىنى خاتىر-جەمرەك قىلىش ئۈمىدىدە ئاندىرىننىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى. تاكى ئاخىرقى بىر مىنۇتقىچە: "ئېيتايمۇ ياكى تولۇق مۇئەييەن-لەشكەندىن كېيىن ئېيتايمۇ" دەپ ئىككىلىنىۋاتاتتى، ھازىرچە بولسا ئۇنىڭغا يېپىشىپ ئولتۇرۇپ، مېھرىۋانلىقتىن سەۋرى-تاقەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئالماقچى ئىدى. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى كوپ بولماي، پەقەت ئۆزى بىلەن تەقدىرداش كىشىنىڭ يېنىدا كوپرەك تۇرۇۋېلىشلا ئىدى، بۇ ئادەم ئۇنى ئۆزىگىلا ئېيقىلىش ئۈچۈن كىشىلەر يېنىدىن بارغانسېرى يىراقلىقا ئېلىپ كېتىۋا-تاتتى. بىراق ئۇ ئاندىرىدىن باشقا يەنە كىمگە تايانسۇن؟ يەنە كىمدىن تەسەللى تاپسۇن؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاخىر ئېيتىدىغىنىنى ئېيتقان ئىدى، بىراق ئاندىرىننىڭ ئۆز خۇدىنى بىلمەي قالغان ھالدا ئېيتقان، قولاشمىغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ: "ئېيتمىسامىمۇ بوپتىكەن" دەپ

پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىگە بۇنداق قارشى ناستيۇنانىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان ئىدى.

— ئۇنداقتا مەنچۇ؟ — دەپ سورىدى ناستيۇنا جەينىكىنى تاختاي توشەككە تىرەپ تۇرۇپ، — مەن قانداق قىلىمەن؟ كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقان ئادەممەن، بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئېيتىپ بېقىڭا، ئۇلار ئالدىدا نىمە دەيمەن؟ قېينانام، قېيناتاملارغا نىمە دەيمەن؟ ئۇلار ئېھتىمال بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ قالار، سۈرۈشتە قىلىپ قالار.

بۇ ئوپ-ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرغان مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن، نىمىشقىكىن-تاڭ، ئاندىرى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن قوپا-قوپمايلا يەنە ئولتۇرۇۋالدى-دە، ئالاقزا-دىلىك بىلەن كوزلىرىنى ناستيۇناغا تىكتى.

— بىلمەيمەن، — دىدى ئۇ مۇرىسىنى لىكىلدىتىپ قويۇپ، — ئۇلار بىلەن كارىڭ نىمە؟

— ئىشقىلىپ سىز يالغۇز بىر ئادەم بۇ يەردە بولغاندىكىن، كارىڭىز بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— نىمە دەۋاتىسەن، ناستيۇنا؟ خوشال بولمايۋاتامسەن؟

— خوشال بولىمەن، ئەلۋەتتە. بىراق ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ئوزەمنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويىمەن؟ بۇنداق ئىشنىڭ ئۇزاققا بارمايلا چېنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك.

— بۇ ئىشنى بىزنىڭ قانچە يىللاپ ئاسماندىكى ئاي بىلەن يۇلتۇزغا تەلمۇرگەندەك تەشنالىق بىلەن كۇتكەنلىكىمىز ھىلىمۇ

ئىسىگىدىدۇر؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى ئەلەم بىلەن تولغان بولۇپ، يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ئىسىمدە...... بۇ قانداقمۇ ئېسىمدىن كۆتىرىلىپ قالسۇن. نىمە گېپىڭىز بۇ، ئاندىرى؟ نىمە ئۈچۈن مېنى قايىل قىلماقچى بولىسىز؟ ئەينى چاغلاردا مەن سىزگە بىرەر بالا تۇغۇپ بېرىش ئۈمىدىدە تۈن-تۈنلەپ دۇئا-تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدىم؟ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا ھېچنېمىنى تىلىمەي، سىزگە بىرەر پەرزەنت تۇغۇپ بېرىشنىلا تىلىگەن ئىدىمغۇ. پەرزەنت كۆرەلمەسمەنمىكىن دەپ ھەممىدىن بەك ئەنسىرىگەن ئۆزەم ئەمەسمىدىم؟ ھەممەيلەن بۇنى باشقا بىرسى-دىن ئەمەس، مەندىن كۆرگەن ئىدى. ھەتتا سىزمۇ مېنىڭدىن كارغا كەلمەيدىكەن دەپ ئاغرىنغان ئەمەسمىدىڭىز؟ مېنىڭ كۆڭلۈم سىزدىن تەسرەك ئىدى، باشقىلار مېنى ئالدامچى، ئوغرى قاتارىدا كۆرۈشتى؛ قېيناتام بىلەن قېيناناممۇ سىزنى پەرزەنت كۆرەرمىكىن دەپ تاپقان؛ ئۆزىڭىزمۇ مېنى شۇنداق قىلارمىكىن دەپ خوتۇنلۇققا ئالغان ئىدىڭىز. بىراق مەنچۇ، گويا باشقىلار-نىڭ ئورنىنى ئالداپ ئىگەللىۋالغاندەك، باشقىلارنىڭ بەختىنى ئوغرىلىۋالغاندەك، كاكىلىماس مىكىيان بولۇپ تۇرىلىپ قالغى-نىمنى قارىمامسىز! ئۆزەمنى قانچە-قانچىلاپ قاغىغەتكەن ئىدىم، بۇ سىزگىمۇ ئايان. ئۆز رايىمچە بولغاندا باشقا خوتۇن ئېلىۋې-لىشىڭىزغا ئۇنايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئاستاغىنا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم، ياكى ئانگارا دەرياسىغا ئۆزەمنى تاشلايتتىم.

ئۇزىڭىز مېنى مۇنداق قىلغىلى قويمىغانتىڭىز. كېيىنچە ئۇرۇش
بولۇپ كەتتى. سىز بولسىڭىز مەندىن: "ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟"
دەپ سوراپ ئولتۇرىسىز، مېنىڭ ئېسىمدە بولمىسا كىمنىڭ ئېسىدە
بولاتتى؟ ئەمدىلىكتە شاتلىقنى باسالماي ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل
ئوينىماقچى بولۇۋاتقان مەن بولماي، كىم بولسۇن؟ مەن بۇ
دۇنيادا قايتا تورەلگەندەك بولۇپ قالدىم. توۋا! بىراق سىزنىچۇ،
يوق قاتارغا چىقىرىۋېتىشكىلا توغرا كېلىدۇ، يوق ھىساپلاشقا
توغرا كېلىدۇ، ئاندىرى، يوق قاتارغا! — ناستيۇنا ئېغىر خۇرسى-
نىپ، گويا يېنىدىن چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، گومۇش بۇ
ئەرۋاھنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك قوللىرىنى سىلكىدى، —
مېنىڭ ھەرقانداق كىشىگە سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى
ئۇغرىلىقچە بولسىمۇ ئېيتىپ قويۇشۇمغا ئىجازەت بەرمىدىڭىز.
بوپتۇ، سىزنى يوق قاتارغا چىقىرىۋەتسەم چىقىرىۋېتەي دىدىم،
ھازىر مەن بۇ توغرىدا تىنىپ يۈرمەيمەن، كەلگۈسىدىمۇ ھەر-
گىز تىنمايمەن. بۇنىڭ سەۋەبى ماڭا چۈشىنىشلىك. ئەھۋال
بۇنداق بولغاندىكىن، بالىمۇ، — ناۋادا ئۇ دۇنياغا كوز ئاچقان
تەقدىردىمۇ — سىزنىڭ بالىڭىز ھىساپلانمايدۇ. كىمنىڭ دىيىلسىمۇ
بولىۋېرىدۇيۇ، لېكىن، سىزنىڭكى دىيىشكە بولمايدۇ، سىز
يوققا چىقىرىۋېتىلگەن ئادەمسىز، ئۆلگەن ياكى تىرىك يۈرگەنلى-
كىڭىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سىز ئۇيەردە يوق تۇرسىڭىز، مەن
قوسىقىمنى دومبايتىپ بارسام، قېيىناتام بىلەن قېيىنانام مىننەت-
دارلىق بىلدۈرەرمۇ؟ ئىچى ئاغرىرمۇ؟ شۇنداق-تە! ئەگەر ئۇلار

ئولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلسىدى، ئىش ئاسانراق چۆشكەن بولاتتى، ھە دەپ چوققامغا قويۇپ ئەيىپلەۋەرمەي، كەچۈرىدىغانلارنىڭمۇ چىقىپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق ئەمىلىيەتتە بولسا كىشىلەر سىزنى ھە دىسىلا يېنىمغا قايتىپ كېلىپ قالدۇ، دەپ ھىساپلىشىدۇ. ئۆزەمچۇ؟ قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغان كۈنلەردە نىمە ئىش قىلىپ قويغان بولىمەن؟ مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەڭ پەسكەش لالما ئىتلارمۇ ئارقامدىن: "قارىڭا، قىلىپ قويغان ئوبدان ئىشنى!" دەپ غەيۋەت قىلغىلى تۇرىدۇ، بۇنىڭمۇ ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق، تېگىشىلىك جاجىنى يىگەن بولىمەن-دە. بۇ ئوشۇقچە يۈكنى ئۆزەم يالغۇز كۆتىرىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىپلەشلىرىگە تاقابىل تۇرۇشۇم ھەقىقەتەن قىيىن، ئاندىرى، تاقابىل تۇرالماي قالىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن!

ئاندىرى لام-جىم دىمەي، ھەسرەتلەنگەن ھالدا يىراقىراقتىكى بىر بۇلۇڭغا مىدىر-سىدىر قىلماي كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزاققىچە ئۈنچىقمىدى. ناستيۇنا دەسلۇۋىدە بىرئاز قورۇنۇپ قالدى، كېيىنچە ئۆزىنىڭ باياتىنقى گەپلىرىدىن قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇقۇرقى سوزلىرى بۇ بالىنى تۇغۇشنى خالىمايمەن دىگەنگە باراۋەر ئىدى، ناۋادا ھازىرقى پەيت ھەممىدىن بەك مۇھىم پەيت بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئەمدىلا تورىلىشكە باشلىغان جانىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ تۇغۇشنى خالىمىسىلا ھېچنە-

ـمىۇ بولمايدۇ، ھەممە ئىش ئۆز ئىختىيارىدا بولىدۇ. بالىنىڭ بولۇپ قالغىنى ياخشى ئەمەس، بولمىغىنىچۇ؟ ئۇمۇ ياخشى ئەمەس. بىراق ئۇ بالىنى تۇغماسلىقنى ھەرگىز خالىمايتتى، ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن ئارزۇسىدىن ۋازكېچىشتەك ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى! ئۇ بۇندىن كېيىن ئىشلارنىڭ زادىلا ئۆز ئىختىيا-رىدا بولماسلىقىنى، ئاللىقاچان ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ قىلچىلىكمۇ ئۆزگىرىش بولماسلىقىنى تىلەيتتى.

— نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، ئاندىرى، — دېدى ئۇ چۈشەنچە بىرەرمىكىن دېگەن ئۈمىت بىلەن خىجىل بولغان ھالدا قوشۇمچە قىلىپ، — نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، ھودۇقۇپ كېتىۋاتىمەن.

— پېشانەڭگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، زادىلا قېچىپ قۇتۇلالـ-مايسەن، ناستيۇنا، — دېدى ئاندىرى ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، — سەن ئۇنىڭ دېگىنىگە ھەرقانچە قۇلاق سالمىغىنىڭ بىلەن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. — ئۇ گويا بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپرەك تەسىراتقا ئىگە بولغاندەك غەمكىن، ئۆز گېپىـ-دىن قىلچە گۇمانلانمىغان ھالدا ئاچچىق كۈلۈپ قويىدى. بىر پەس ئۈنچىقماي تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ساقىلىنى يۇلۇپ، سوزىنى داۋاملاشتۇردى. تەلەپپۇزى قەتئىي، قوپال تۈس ئالدى، — پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىر مېنى جەڭ مەيدانىدىن چېكىنـ-

دۇرۇپ چىقىپ بۇ يەرگە ئەۋەتتى. ھەممە تەقدىرنىڭ ئىختىيارىدا بولدى. تەقدىر ئۆلۈمدىن بۇرۇن ئىككىمىزنىڭ بىرنەچچە قېتىم يۈز كۆرۈشۈۋېلىشى ئۈچۈن مېنى زورمۇ-زور بۇ يەرگە ئەۋەتكەن بولسا كېرەك. مېنى قاقاس تاغ-باياۋانلاردىكى ياۋايى ھايۋانلاردەك بۇ يەرگە موكۇنۇۋېلىپ كۈننى ئوبدان ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ دەمسەن؟ شۇنداقمۇ؟ كۈنۈم ئوبدان ئۆتۈۋاتامدۇ؟ ئۇلار ئۇ ياققا ئۆرۈش قىلماقتا، مەنمۇ بۇ ياقتا ئەمەس، ئۇ ياقتا بولۇشۇم كېرەك ئىدى، سېنىڭچە بۇنداق كۈن ئوبدان ئۆتەمدۇ؟ مەن بۇ يەردە بورىدەك ھۇۋلاشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئاڭلاپ باقامسەن؟ دوراپ بېرەي، — ئۇ ناستيۇنانىڭ ماقۇللۇغىنى ئالمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ بوسۇغا يېنىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى-دە، بېشىنى سىرتقا چىقاردى. بىراق شۇ ھامان ھۇۋلىۋەتمەي، ئاۋازىنى تەڭشەۋاتقاندەك ئاۋال ئۇكسۇشكە باشلىدى، تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن قورقۇتۇپ كىشىنىڭ چاچلىرىنى ھۆرپەيتىۋەتكۈدەك ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك، چىقىراق ئاۋازى بىلەن سوزۇپ ھۇۋلاشقا باشلىدى. بۇ ئاۋاز كىشىنى پىچاق بىلەن بوغۇزلاۋاتقاندەك ئازاپلايتتى. ناستيۇنا قورققىنىدىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى-دە، قوللىرىنى كوكرىكىگە چىڭ باستى. ئاندىرى بۇنداق غەيرى ئىنسان ئاۋازىنى ئۈشتۈمتۇت توختىتىپ، ئىشىكنى ياپتى-دە، بىرنەچچە قېتىم قۇرۇق يوتىلىپ قويۇپ، قايتا ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. — ئوخشامدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئارقىدىنلا ئۆزىگە ئۆزى جاۋاپ بەردى، —

بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىغان چېغىڭىدا بۇنىڭ مېنىڭ ئاۋازىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك. مەن بۇ يەردە بورىلەرنىڭ ھەممىسىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتىم. ھەممە بورىلەر سىلەر تەرەپتىكى قارشى قىرغاقتا ئوتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئىچ پۇشۇغۇمنى چىقىرىدىغان نەقەدەر ئوبدان ئامال تېپىپ چىققانلىقىمنى قارىغىنا! مېنى زېرىككەنلىكتىن ھۇۋلاشنى ئۆگىنىۋالغان بولسا كېرەك دەۋاتامسەن؟ ئۇنداق ئەمەس، ناستيۇنا. بۇ زېرىككەنلىكتىن ئەمەس، باشقا سەۋەپتىن، بۇنىڭ سەۋىۋى تۇرمۇشۇمنىڭ تولىمۇ كوڭۇللۇك ئوتۇۋاتقانلىقىدا. نىمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىتىنىمۇ تارتىۋالماقچى بولىسەن؟ بىكار قايتىپ كەلمىگەنلىكىكە ئازدۇر-كوپتۇر ئىمكانىيەت بەرسەڭ بولماسمۇ؟ ھەر ھالدا بۇنداق خورلۇقتا پۇتۇنلەي بىكاردىن-بىكار ئۇچراپ يۈرمىگەن ئادەم قىلىپ قويساڭ بولماسمۇ؟ بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتىپ بېرىپ، مېنى خوشال قىلغاندىن كېيىن، خوشاللىقنى، يەنە تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىسەن. بۇنداقتا مەن تېخىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمەن. ئۇنى دۇنياغا كوز ئاچقۇزساڭ، مەنمۇ بىكار ياشىمىغان بولىمەن. بۇ-ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم. كېيىمكە قۇلاق سالغىنا، بۇ-مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم، بۇ مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە دىمەكتۇر. پۈتۈن ئومرۈمدە مانا مۇشۇ ئىشنى قىلغان بولاي. باشقىلار بىلمىسىمۇ، ئوز پۇشتۇمدىن بولغان جان-جىگىرىم ئوزىنىڭ مېنىڭ پۇشتۇمدىن بولغانلىقىنى بىلىدۇ. كەلگۈسىدە مانا شۇ جان-جىگىرىمىزلا

بۇنى ياد ئېتىدۇ.

— بىلىشىڭىز كېرەككى، ئېھتىمال ئۇ تېخى يوقتۇ، — دېدى ناستيۇنا كۆچسىز ھالىدا رەددىيە بېرىپ، — ئۇنىداق بولۇشى ناتايىن، كېيىنچەرەك بىرنىمە دەيلى دەپ ئېيتتىمغۇ.

— بولمىسا باشقا گېپىم يوق. ئەگەر بوپ قالسا نابۇت قىلىۋەتمەي، ئېپقالغىن. جېنىمنى قۇتقۇزغىن! گېپىمگە ماقۇل بولساڭلا، ئەتىگىلا ئۇلۇپ بېرىشكە رازىمەن. سېنى يەنە ئاۋارە قىلمايمەن. باشقا ئىشلارنى قانىداق قىلغۇڭ كەلسە شۇنىداق قىلىۋەرسەڭ بولىدۇ......

— ئۇلۇۋېلىشىڭىزغا ھەرگىز يول قويمايمەن! نىمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟!

— ئىككىمىز توت يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈردۇق، خا ياخشى، خا يامان بولسۇن، ئىشقىلىپ بىرگە ئۆتتۇق. كېيىن توت يىل ئۇرۇش بولدى، ئارىمىزنى نەچچە مىڭ چاقىرىم يول ئايرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن رىشتە باشتىن-ئاياق بىر بىرىمىزنى چېتىپ كەلدى. بۇنىڭ ھەممىسى يوقىقا چىقارمۇ؟ بىھۇدە ئۆتكەنگە ھىساپ بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئەر-خوتۇنلۇق تۇر-مۇشىمىزدىن ھېچنىمە قالماسمۇ؟ سەن تېخى ياشايسەن. ھىلىمۇ ياش، چىرايلىقسەن، بىراق ئۆتكەن سەككىز يىل قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۆتۈپ كەتكىنى كەتكەن. كېيىنكى تۇرمۇشۇڭنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئىشقىلىپ مەندەك مۇشۇنداق بىر ئادەم ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇڭدا بىللە بولۇپ ئۆتكەن، قەلبىڭ-

دىن مېنى بىراقلا ئۇچۇرۇپ تاشلىيالامتىڭ-يا؟ قانچىلىغان ئاياللار ئۇرۇش داۋامىدا بىرتالاي بالىلارنى بېقىپ كەتتى، ئەمما سېنىڭ بىرنىمۇ باققۇك كەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللىبۇرۇنلا دۇنياغا كەلگەن بولسا، ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرىلا دۇنياغا كەلگەن بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟

— مەن ئۇنىڭ لازىمى يوق دەۋاتىمەنمۇ، ئاندىرى؟! لازىمى يوق دەۋاتىمەنمۇ؟! ماڭا لازىم، نىمە ئۈچۈن سىز ماڭا ئۇۋال قىلىدىغانسىز؟ نىمە ئۈچۈن؟

— ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن چېغىمدا، قېچىپ كەلگەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ رەت قىلمىدىڭ، قوغلاپ تاشلىمىدىڭ، پاش قىلىپمۇ قويمىدىڭ، ئەكسىچە، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، سەن بولمىغان بولساڭ ئاللىبۇرۇن تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتىم. مېنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىغىڭ بىلەن قانچە چوڭ خەۋپ-خەتەرلەرگە دۇچكېلىدىغانلىغىڭنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا قارىمىدىڭ، ئۇنىڭدىن قىلچىلىكمۇ قورقمىدىڭ، بىراق كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، ئەمدىلىكتە ئىككىمىزنىڭ ئائىلىسى ئائىلە بولالماي قالغان چاغدا...... بۇنىمۇ ئائىلە دەپ بولامدۇ؟...... بىر ئائىلە ئىككىگە بولۇنۇپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر چاغدا، تورەلگىنىمدىن بۇيان تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا بىردىن-بىر قېتىم، ھەر ھالدا، ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. بۇ ئىش بىلەن مەن ئاخىر بىكارغا ياشىمىغان بولۇپ چىقتىم. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئىلگىرى بىر تەرەپكىلا —

كىشىلەرگىلا قاراپ قويساڭ بولىۋېرەتتى. ئۇلار ئانگارا دەرياسە-نىڭ ئوڭ قىرغىقىدا. ئەمما ھازىر ئىككى تەرەپكە — كىشىلەر بىلەن ماڭا قاراۋاتىسەن. ئانگارا دەرياسىنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتسە كېتىدۇكى، بۇ ئىككى تەرەپنى بىر بىرىگە چېتىشقا ئامال تېپىلمايدۇ. بۇنداق دەپ قويۇشقۇ ئاسان، بۇ گەپلەرنى قوسىقىمغا سېلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز، ئەلۋەتتە. مۇشۇ يەرگە موكۇنۇۋېلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈشتىن باشقا ئىشىم يوق.

— بولدى قويۇڭ، ئاندىرى، بولدى، بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەڭ.

ئاندىرى ھاياجىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن تاختاي توشەككە ئولتۇرۇپ، ئوڭدىسىغا ياتتى-دە، دېمىنى ئالدى. بىراق تېخى دەيدىغىنىنى دەپ بولمىغاچقا، بىر دەم ئۈنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن، كوڭلىدىكى چىقىرىپ بولمىغان ئەلىمىنىڭ قوزغىتىشى ئارقىسىدا يەنە ئۆز گېپىنى باشلىۋەتتى، بىراق ئاھاڭى خېلى جايىغا چۈشۈپ، سىلىقلىشىپ قالغان ئىدى، چۈنكى ئاساسىي گەپلەرنى دەپ بولدى-دە.

— سەن كىشىلەرنىڭ ئۈنى-بۈنى دېيىشىدىن قورقۇۋاتىسەن...... ئۇلارنىڭ بىلەن نىمە كارىڭ! ئادەم دېگەن بىر توپ ئىتقا ئوخشاپ كېتىدۇ، كىمكى بىرەر جايدا قىمىرلاپ قويدىمۇ، بولدى، ئۇلار دەرھال "ھاۋ" "ھاۋ" دەپ قاۋىغىلى تۇرىدۇ. بىر دەم قاۋىغاندىن كېيىن ئاغزىنى باسىدۇ-دە، يەنە كىملەرنىڭ قۇسۇرى قولىمىزغا چىقىپ قالاركىن دەپ كېيىنكى بىرسىنى

كۇتىدۇ. كىشىلەر بۇرنۇڭنى نوقۇپ تۇرۇپ تىللايدۇ، ئەلۋەتتە،— بۇنىڭدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. ئادەم دىگەنچۇ، ئالەمنىڭ قالايمىقان بولماسلىغىدىن ئەنسىرىگەندەك، جاۋىلدىشىپ تىلنى چايناشنى ياقتۇرىدۇ. ئۇلار تومپىيىپ چىققان قوسىغىنى كورستىشىپ بىرنەچچە ئېغىز يامان گەپ قىلىۋالسىلا تامىغىنى يىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. سوزلىسە سوزلەۋەرسۇن، قىچىشقىنى بېسىۋالسۇن! ئادەم دىگەننىڭ ئاشۇنداق قىچىشىپ قالىدىغان قۇسۇرلىرى بولىدۇ، بىرەر ئادەمنى تېپىپ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋالمىغىچە ئۇنىمايدۇ، ئۇلار بۇنداق قىلمىسا بىر كۇنىمۇ هايات يۇرەلمەيدۇ. سەن لام-جىم دىمەي، كارىڭ بولماي، ئوز ئىشىڭنى قىلىۋەرسەڭ، ئۇلارنىڭ ئوزى ناهايىتى تېز ئارىدىلا بۇنىڭ قىزىقى قالمىغانلىغىنى هىس قىلىشىدۇ. بىرنەچچە كۇندىن كېيىن باشقىلارنىڭ غەيۋىتىگە چۇشۇپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا سەنىمۇ ئۇلار قاتارىدىكى ئادەم بولۇپ سانىلىسەن. بۇنداق ئىشلار يېڭىلىقمىدى-يا؟ بۇگۇن سەن بىرەر ئىش دەستىدىن باشقىلارنىڭ تىل-قاغىشىغا ئۇچرىساڭ، بىر مەزگىل ئوتكەندىن كېيىن، ئەكسىچە، ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ قالىسەن. بۇ ئادەملەرچۇ...... ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوزلىرىمۇ مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ قالىدىغان بولسا، قانداق بولۇپ كېتىشىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن. باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئوزەڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سال، ئىشقىلىپ، بۇنى ئوز ئىچىڭدە بىلىسەن، هەرقانداق كىشى ئالدىدا خىجىل بولىدىغان يېرىڭ يوق، ئۇ ئوز

ئېرىڭدىن بولغان بالا. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئەيىپ-لەشلىرىگە تاقابىل تۇرالايسەن، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بىراق ھازىر ئاسانغا چۈشۈۋېتىپتىمۇ؟

— ئاغرىنىۋاتقىنىم يوق.

— ئاغرىنىشىڭنىڭ نىمە ھاجىتى، بۇ ئوپ-ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرغان نەرسە-دە.

ئۇلار دەرىزە ئەينەكلىرىنىڭ قايتا جالاقلىمىغانلىغىغا دىققەت قىلىپ كەتمىدى، قىشلىق ئوي گۈگۈم چۈشۈشتىن بۇرۇن بىر دەم يورۇق بولۇپ تۇردى، ئاندىن كېيىن جىمجىتلىقتا چوك-كەن گۈگۈم پەردىسى بىلەن قاپلاندى. بوران توختىغان ئىدى، پەقەت قانداق جايلاردا پىقىرىشىنى، توختاپ قېلىشىنى بىلەل-مەي، ئوز توپىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوتكۇنچى شامال بەزىدە تېخى بۇ تام ياكى ئۇ تامغا ھىچ چۈشىنىكسىز ھالدا ئۇسۇپ قوياتتى-دە، ئارقىدىنلا جىمىپ قالاتتى. ئوت ئوچكەن، مەش قارىيىپ كورۇنەتتى.

ئاندىرى كېيىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىسقىلىق مەشنىڭ كانىيىدىن چىقىپ كەتمىسۇن دەپ كانايىنى ئېتىپ قويدى. ئاندىن كېيىن دەرىزە سىرتىغا كوز تاشلىدى. تاغدىن بوران ئۇچۇرۇپ چۈشكەن نۇرغۇن قار ئەينەكلىك دەرىزە بىلەن تەڭ دىگۇدەك ئىگىزلىكتە دوۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى. دەرەخ شاخلىرىغا بىر قەۋەت نەمخۇش قار قونغان، بوران

خىلىلا بىسىققان بولسىمۇ، لېكىن تووەن ساڭگىلاپ چۈشكەن، بارا-بارا قاراڭغۇلىشىۋاتقان ئاسماندا يەنىلا ئەسكى مازدەك قارا بۇلۇت بىر بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

ناستيۇنا قايرىلىپ ئاندىرىغا سەپسالدى. ئاندىرى يېنىپ كېلىپ قايتىدىن ناستيۇنانىڭ يېنىدا ياتتى. ھەممە نەرسە باياتىنقى بىلەن ئوپ-ئوخشاش ئىدى. بىراق ئۇنىڭ قىلچە زورۇرىيەتسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكى ھەر ئىككىلەنگە: "باياتىن ئېيتىلغان سوزلەرنى ئەمدىلىكتە يەنىمۇ سوزلەۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق" دىگەندىن دېرەك بېرەتتى. بۇ گېپى تۈگىمەس خوتۇنىنىڭ: "ۋايجان، ئەگەر مەن بالا تۇغۇپ قويىدىغان بولسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالا ئاغرىپ قالىدىغان بولسا قانداق قىلارمەن......" دەپ ھە دەپ قۇرۇق گەپ سېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەنىلا كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. دەيدىغان گەپلەرنى ئاندىرى دەپ بولدى، ناستيۇنامۇ ئاڭلىدى، — مانا بۇ كۇپايە. سەۋرى-تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھەممىسى مەلۇم بولىدۇ.

ناستيۇنا يېنىككىنە بىر تىندى-دە، پۈتۈن ئەزايى ھۇررەك-ھۇررەك بولۇپ ئېشىپ كېتىۋاتقاندەك ئازاپلىنىش تۇيغۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئاندىرىنى چوچۇتۇۋەتمەي، ئاستا كېرىلەۋالدى. ئۇنىڭدا ھامان مۇنداق ئەھۋاللار كورۇلۇپ تۇراتتى: ئاز-تولا چوچۇپ كەتسىلا ياكى كونا جاراھىتىگە ئاز-پاز تېگىپ كەتسىلا، گويا بىر قىسىم سەزگۈر ھەم كىشىنى ئازاپلايدىغان

هۇررەك ـ هۇررەك ئىشقلار ئەزايىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن تېرىسى تېشىغا تېپىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق تۇيغۇ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاسانلىقچە يوقىلىپ كەتمەيتتى. بۇ هۇررەك ـ هۇررەك ئىشقلار روهىي جەهەتتىكى ئازاپنىڭ، قىلچىلىك ئازاپ بولسىمۇ، ئىنكاسى ئىدى.

ئۇ ئاندىرىنىڭ ئۇزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تېخى ئېنىق بىر نىمە دېيىلمىگەچكە ئاجىزلىشىپ كەتكەن، مۇستەهكەملەنمىگەن، ئۆز ئىچىدە بىلىشىدىغان كېلىشىمنى كاللىسى ئايىنىپ، قارامىلىق بىلەن بۇزۇپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەپ پەخەس بولۇپ كەلدى.

ئاندىرى قىمىرلاپ قويۇۋىدى، ناستيۇنا دەرهال دېمىنى قىستى.

ئاندىرى يەنە تۇيۇقسىزلا سوز باشلىدى:

ــ بۇنىڭغا ناهايىتى ئۇزۇن بولدى، بۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنقى بىر يازدا بولغان ئىش، چۈشۈمگە كىرىپ قالغانلىغىنى شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ــ ئۇ ناستيۇنانىڭ پاراڭ مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىۋېلىشى ئۈچۈن بىرئاز توختىۋالدى، ــ چۈشۈمدىكى ئىش ئوڭۇمدىكىگە ئوخشايتتى: بىزنىڭ قىسمىمىز تۇرغان جاي، يەنە مەن بىللە جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ هەممىسى ئۆز ئەينىدەكلا ئىدى. هەتتا ئۇخلىغىلى ياتقان چاغدىكى توت ئەتراپىم قانداق بولسا چۈشۈمدىمۇ شۇنداق ئىدى. چۈشۈمدە ئەنە شۇ يەردە ئۇخلاۋاتقىدەكمەن، شۇ چاغدا ئاق قېيىن كۆچەتزارلىغى تەرەپتىن ــ قىسمىمىز

تۇرۇشلۇق جايغا يېقىن بىر يەردە دىگەندەكلا بىر قاتار ئاق قېيىن كوچىتى بار ئىدى — بىر قىزچاق مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. مەن ئۇنى زادىلا تونۇمايدىغاندەك تۇراتتىم، ئۇ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن كوينەك كىيىۋالغان ئىدى، ئورۇق-لۇقتىن شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، يالىڭاياق بولۇپ، ساڭا ئوخشايدىغان قىلچىلىك يېرى يوق ئىدى، بىراق نىمە ئۇچۇنكىن-تاڭ، بۇ قىزچاقنىڭ ئوزەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم.

— ئىلگىرى مەن دەل ئاشۇنداق ئىدىم، — دىدى ناستيۇنا ھەيران بولغان ھالدا ئىسپاتلىق بېرىپ، — ئۇ چاغدا مەن تېخى سىزگە تەگمىگەن ئىدىم، تونۇمايتتىڭىز، چاچلىرىم ئوغۇل باللار-نىڭكىدەك قىسقىغىنا قىلىپ ئېلىنغان ئىدى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، چاچلىرى قىسقىغىنا قىلىپ ئېلىنىپتىكەن.

— ئۇ مەن.

— بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ بۇنداق تۇرقۇڭنى بىرەر قېتىممۇ كورۇپ باقمىغان تۇرسام، قانداق قىلىپ ئاشۇنداق ئوز ئەيىندەكلا چۇشۇمگە كىرىپ قالدىكىنا؟

— بىلمىدىم، ئېھتىمال سىزگە سوزلەپ بەرگەن بولغىيدىم.

ئىشقىلىپ بۇرۇن مەن ئاشۇنداق ئىدىم. ئۇ مەن بولسەمەن.

— شۇنى دىگىنا، نىمىشقىكىن-تاڭ، ئۇ قىزچاقنىڭ ئوزەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ قىزچاق يېنىمغا كېلىپ ئېيتتى: "سىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ قايتىپ كەتمىگىنىڭىز نىمىسى؟

مەن بىرتالاي باللارنى باقسمەن دەپ ھېرىپ-چارچاپ، ئازاپ چېكىپ يۈرۈپتىمەن، سىزچۇ، ئاسمان ئورۇلۇپ چۈشسە-مۇ كارىڭىز بولمىدى.“ مەن: ”قانداق باللار؟ نەدىن كەلگەن باللىرىڭ ئۇ؟ پاختا ئېتىپ نېمە قىلىسەن؟ زادى باللىرىڭ بارمۇ-يوق؟ قايتىپ كېتىپ قاراپ باققىنا“ دېۋىدىم، ئۇ كېتىپ قالدى.

— ئۇ شۇنداقلا كېتىپ قالدىمۇ؟

— ئۇ گېپىمگە قۇلاق سالغاندەك بولۇپ كېتىپ قالدى. بىراق بىر دەمدىن كېيىنلا ئۇ يەنە يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدى-دە، تۈنجى قېتىمقىغا ئوخشاشلا گومۇشلۇق بىلەن: ”مەن بىرتالاي باللارنى باقسمەن دەپ ھېرىپ-چارچاپ، ئازاپ چېكىپ يۈرۈۋاتىمەن......“ دەپ غودۇڭشىغىلى تۇردى، بۇ گەپلەردىن جۇدۇنۇم ئورلىدى-دە، ئۇنىڭغا: ”تېزراق قايتىپ كەت، ماڭا چىرمىشىپ يۈرمە، سېنىڭ ھەتتا بىر بالاڭمۇ يوق،“ دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئويلىنىۋالدى-دە، بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چۈشنى كورگەن چېغىمدا ئۇخلىمىغاندەكلا قىلاتتىم. چۈش كورۈۋاتقىنىم ئېنىق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ھە دەپ ئۇخلىۋالماقچى بولاتتىم، لېكىن زادىلا ئۇيقۇم كەلمەيتتى. كوزۇمنى يۇمۇۋالغان بولساممۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭ ھىلىقى بىر قاتار ئاق قېيىن كوچىتى تەرەپتىن مەن تەرەپكە قاراپ ئارقا-ئارقىدىن يېنىپ-يېنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ تۇراتتىم. شۇ كېچە ئۇ مېنى تازىمۇ قىينىۋەتتى.

ناستيۇنا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تۇيۇقسىزلا ئۆز خاتىرىسىدىكى ئاللىقانداق بىرنىمىنىڭ قىمىرلاشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە. ئورنىدىن ئازراق كۆتىرىلىپ، ھەتتا نىمىنىڭ ئۆزىنىڭ سوئال سورىشىغا تۇرتكە بولغانلىقىنىمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا سورىدى:

— ئاخىر قانداق بولدى؟ ئاخىر سىز ئۇنىڭغا نىمە دىدىڭىز؟ ئاخىرقى قېتىمدا نىمە دىدىڭىز؟

— ئېسىمدە قالماپتۇ. يەنىلا شۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ بولسا كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا نىمىمۇ دىيەلەيتتىم؟

— ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، — دىدى ناستيۇنا ئاۋازىنى تۇساتتىن ئۆزگەرتىپ، ئىچى پۇشقان، پەرىشان ھالدا.

— نىمىگە؟

— ھېچنىمىگە، ئۇنىڭ سىزگە شۇنچە كوپ يېپىنغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى - دە، — دىدى ناستيۇنا گويا كورگەن نەرسىلىرىنى ساناۋاتقاندەك ئالدى تەرەپتىن كوزىنى ئۈزمەي، — سىلەرنىڭ ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن زەمبىرەكلەرمۇ توختىتىلغان ئىكەن. مەن بولسام ئۇيماندىن، دەل ئەنە شۇ يەردىن چىقىپ يېنىڭىزغا بارغانتىم، ئۇ يەردىمۇ نۇرغۇن ماشىنىلار توختىتىپ قويۇلۇپتۇ، ھەممىسى مايسىرەڭ ئاپتوموبىللار ئىكەن. سىز ئىگەرنىڭ كىگىز يوپۇغى ئۈستىدە يېتىپتىكەنسىز، ئۇزۇن ھەربى پەلتو ئۈستىگە يەنە تېخى كىليونكىمۇ يېپىۋاپتىكەنسىز، سىزنىڭ

ياتقان يېرىڭىز چەتتە بولۇپ، يېنىڭىزدا ئۆچمۇ ياكى تونۇمۇ يولداش يېتىپتىكەن، مەن سىز ياتقان ئاشۇ ياقتىن كەلگەنتىم......

ئاندىرى جەينىڭگە تايىنىپ كوتىرىلدى-دە، كوزلىرىنى ئىمىر-چىمىر قىلىپمۇ قويماي سورىدى:

—بۇنى قانداق بىلدىڭ؟

—مەنمۇ شۇنداق چۈش كورۇپ قالغانتىم، بۇ ئۇزەملا كورگەن چۈشتۇ. بۇنداق بولۇشى ھەقىقەتەن كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلگەن دەيسىز؟!—ناستيۇنا چوچۇگەن ھالدا داڭقېتىپ قالدى ۋە كوڭلۇمدە ئاللىقانداق بىر ئاۋاز: "بۇ ئىشنى ئاغزىڭدىن چىقىرىپ يۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى" دەپ ئاستاغىنا ئاگاھلاندۇرۇ-ۋاتامدىكىن دېگەن خىيالدا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان ئىككى ئادەم ئوخشاشلا چۈش كورۇپتۇ دەپ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. بۇ ئادەتتىكى چۈش بولماستىن، بەلكى ئۇخرىسىغا كېلىدىغان چۈش ئىدى. بۇ چۈشكە بېرىلىدىغان تەبىر ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، باش قاتۇرۇپ پەرەز قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ، ياساپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ناستيۇنا ھە دېسىلا گېپىنى توختىتىشقا تەييار بولغان ھالدا ئېھتىياتچان-لىق بىلەن ئېسىگە ئېلىپ سوزلىدى،—يولنى ماڭا بىر موماي كورسىتىپ قويغان ئىدى. چىراي شەكلى قانداق ئىكەن دەمسىز؟ مېنى ئولتۇرۇۋەتسىمۇ ئۇنى ئېسىمگە ئالالمايمەن. ئۇ ماڭا: "ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەر. ئەگەر ئۇ مېنىڭ دېسە، ماقۇل بولسا ئىشنىڭ پۇتكىنى شۇ. ناۋادا

مېنىڭ دېمىسە، چىلەك تۇرۇپ مېنىڭكىدى دېگۈز" دەپ يول كورسەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يېنىڭىزغا باردىم. سىز ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ مېنىڭكىدى دىگىلى ئۇنىمىدىڭىز، مەن كېتىپ قىلىپ، يەنە ئالدىڭىزغا قايتىپ باردىم، يەنە كېتىپ قېلىپ يەنە قايتىپ باردىم، بىراق سىز يەنىلا گېپىمىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەي، ھە دەپ: "يوق، يوق" دەپلا تۇرۇۋالدىڭىز. مەن سىزگە يوشۇرۇن بىشارەت بەرمەكچى بولدۇمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم. سىز ماڭا كايىپ ئارقا-ئارقىدىن ھەيدەپ تاشلىدىڭىز. ئاخىردا ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ. پەقەت شۇنىسى ئېسىمدىكى، بۇ قېتىم يېنىڭىزغا قىزلىق ياسىنىشىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېسىگە ئالارمىكى دىگەن خىيال بىلەن ھازىرقى مۇشۇ تۇرقۇمدا بارغان ئىدىم. مەن سىزنى ھازىرقى تۇرقۇم بىلەن ئىزدەپ بېرىپتىكەنمەنمۇ؟

— ھەئە.

— سىز ماڭا نىملەرنى دىگەن بولغىيدىڭىز؟

— ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

— ھەر ھالدا بىرنىملەرنى دىگەن بولغىيدىڭىز؟

— ئېھتىمال دىگەن بولغىيدىم.

— قارىغا سىزنى! ھەممىدىن بەك مۇھىم ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپسىز-دە! — ناستيۇنا تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئۇنىڭدىن ئاغرىندى، — مېنىڭ دەپ قويۇشىڭىزنىڭ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنچىقماي تۇرۇۋېلىشىڭىزنىڭ مۇشكۈل دىگۈدەك نىمىسى

بولسۇن؟ ناۋادا سىز شۇ چاغدا مېنىڭ ئىدى دەپ قويغان بولسى-
ڭىزمۇ بۇگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىڭىز.
— بىكارچىلىقتا قىلىدىغان ئىش تاپالماي چۈشكە ئىشىنىپ
يۈرۈپسەن، — دىدى ئاندىرى ئىشەنچىسىز بىلەن رەددىيە
بېرىپ.
— بۇنىڭ قانداق چۈش ئىكەنلىكى ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان. بۇ
چۈش ئىككىمىز ئوپمۇ-ئوخشاش كورگەن چۈش. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە بىرلا كېچىدە تەڭ كورگەنلىكىمىز ئېھتىمالغا ناھايىتى
يېقىن. ئېھتىمال روھىم چۈشۈمدە سىزنى يوقلاشقا بارغاچقا،
شۇنداق ئەينەن، ئوپمۇ-ئوخشاش بولۇپ چىققاندۇ، — ناستيۇنا
يەنىلا رايىدىن يانماي ئۈمىت بىلەن داۋاملىق سۈرۈشتۈردى، —
شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بالىنى قۇچىغىمغا ئالغىنىم بىر قېتىممۇ
چۈشىڭىزگە كىرىپ قالمىدىمۇ؟ بىر قېتىممۇ كىرمىدىمۇ؟ ئوبدان
ئەسلەپ بېقىڭا.
— كىرمىدى، بىر قېتىممۇ كىرمىدى.
— ئېسىڭىزدىن كوتىرىلىپ قالمىغاندىمۇ؟ بۇ قېتىمقى
ئۈرۈش...... شۇنداق قاتتىق بوپتۇ، ھەممە نەرسە يەنچىپ تاشلى-
نىپمۇ، بۇنىڭ توپەيلىدىن ئۇنتۇپ قالسىڭىزمۇ بىرنىمە دەپ
بولمايدۇ.
— ياق، راستىنلا شۇنداق چۈش كورگەن بولسام، ئېھتىمال
ئۇنتۇپ قالمىغان بولاتتىم. مېنى قانداق يوقلاپ كەلگەنلىكىڭ
توغرىسىدىكى ھېلىقى چۈشۈممۇ شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپ-

تىغۇ؟! توپ ـ توغرا ئىككى يىلغىچە ئىبسىمدىن كوتىرىلمىدى.

ــ قويۇڭا، شۇ چۈشىڭىزنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىغىنى ئۇنتۇپ قاپسىزغۇ؟ ھازىر ئەمدى ئۇنى قانداقمۇ پەرەز قىلغىلى بولسۇن؟

ــ شۇ چۈشۇم ئالاھەزەل نەتىجىسىز، ھىچقانداق نەتىجىسىز بولسا كېرەك. تەقدىر نەتىجىنى بىزگە ئالايىتەن قالدۇرۇپ قويغان ئىكەن. بىزنى چۈشىمىزدە ئەمەس، بەلكى ئويغىمىزدا بۇنىڭ نەتىجىسىنى كورۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىسى كورۇلگەندىن كېيىن قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق ئوز ئىختىيارىڭ.

ــ نىمە ئۇچۇن ھازىر ھە دىسىلا تەقدىرنى ئېغىزغا ئالماي تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىزكىن. ئىلگىرى سىزنىڭ تەقدىرنى تىلغا ئالغىنىڭىزنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىۋىدىم.

ــ ۋاقتى كەلسە ئوزەڭمۇ شۇنداق دەيدىغان بولۇپ قالسەن ...... ــ دىدى ئۇ ئاچچىق كۇلۇپ، ئوزىچە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ. ــ سەنمۇزە تازا، ئەيىپلەش ئۇچۇن مېنىڭ قۇسۇرۇمنى تېپىپسەن ـ دە، تەقدىر ئايىق ئاستىڭدىن بىر غېرىچمۇ نېرى كەتمەي چىرمىشىۋېلىپ، راست ئەدىۋىڭنى بېرىپ، قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلغىلى تۇرسا، ئوزەڭمۇ شۇنداق دىگەن بولاتتىڭ.

ــ مەن سىزنى ھەرگىز غەرەزلىك ھالدا ئەيىپلىمەكچى ئەمەس ئىدىم، گەپ ئوزەممۇ سەزمەستە ئاغزىمدىن چىقىپ

كېتىپ قالدى.

ناستيۇنا كېپىنى تۇگىتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئاندىرىنىڭ ئايىغى يېنىغا قاراپ قويدى.

— مانا ئەمدى تەقدىر يەنە سېنى ھەيدەپ كېلىپ، مەن بىلەن بىر ھارۋىغا قوشۇپ قويدى، — ئاندىرىنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەم تەھدىت سالغاندەك ھەم ئىچ ئاغرىتقاندەك تۇراتتى، — ئۇنىڭ توردىن قانداق قۇتۇلۇپ كېتەرسەنكى - تاڭ.

— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىپ نېمە قىلىمەن؟ مەن سىز بىلەن بىللە بولىمەن. ئۆلسەممۇ بىللە ئۆلىمەن.

# 11

ناستيۇنا غەم - ئەندىشىدىن قۇتۇلالمىدى، قۇتۇلۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمەن دەپ خام - خىيال قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى، كۆڭلىمۇ بىرئاز ئېچىلدى. ئەھۋال ھەر ھالدا ئايدىڭلىشىپ قالغان ئىدى — ناستيۇنا گويا يولدىن ئادىشىپ قالغان كىشىدەك چېپىپ يۈرۈپ ماغدۇردىن كېتىپ قالغاندا، تۇيۇقسىزلا ئاخىر نىشاننى ئېنىق پەرق ئېتىپ، ئۆزىنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ ئىنتايىن يىراقتا — ئۆز پەرىزىدىكىدىنمۇ خېلى كۆپ يىراقتا كېتىپ

قالغانلىقىنى سەزدى، بىراق قانداقلىكى بولمىسۇن، ئەمدىلىكتە
ئۇ بۇ تۇيۇق يولدىن قانداق قىلىپ چىقىپ كېتىشنى بىلىۋالدى.
ئۆزىنىڭ قاتمۇ-قات خەتەرلىك توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، بۇ
يولدىن چىقىپ كېتىشكە كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ يېتىش يەتمەسلىكىگە
باشقىچە بىر ئىش، ئەمما قايسى يولدا مېڭىشنى، قايسى تەرەپكە
قاراپ ئىلگىرىلەشنى ئاللىقاچان ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان ئىدى.

ناستيۇناغا ئايدىڭلاشقان يول مۇنداق: مۇشۇنداق ھالغا
چۈشۈپ قالغانىدىكىن، جان تالىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ،
تەقدىرگە تەن بەرمەي يۇرمەي، سەۋرى-تاقەت قىلىپ، ھەم-
مىدە بولۇشقا قويۇۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۇ تېخى بۇنداق
قىلىشقا بەل باغلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا مۇشۇن-
داق قىلىشتىن خالى بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن
ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ بىر قەدەھ ئاچچىق شارابنى كۆتىرىۋېتىشكە
مەجبۇر بولىدىغاندەك تۇراتتى. چېكىنىۋېلىشقا تولىمۇ كېچىككەن
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېكىنىشنىمۇ خالىمايتتى. ناستيۇنانىڭ
چېكىنىشى ئۆزى بىلەن قارشىلاشقانىغا باراۋەر ئىدى؛ ئۇنىڭ
باياتىن ئاندىرىغا بويۇن تولغاپ، ھىلىقى گەپلەرنى ئېيتىشتا
ئاندىرىنىڭ ئاغزىدىن مەدەت تېپىشنى كۆزلىگەن ئىدى، خالاس.
ئۇ ئۆزىگە ئاندىرىدىن باشقا يەنە قەيەردىنمۇ مەدەت تاپسۇن؟
ئۇ ئاندىرىغا ئۈمىت بېغىشلىدى، ئاندىرى بۇ ئۈمىتكە قانداقمۇ
چىڭ يېپىشىۋالمىسۇن. ھازىر بۇ ئۈمىت ئاندىرى ئۈچۈن بىر
دەممۇ ئايرىلغىلى بولمايدىغان ھاۋاغا ئوخشايتتى. شۇڭا ناستيۇنا

ئۇنىڭ نىمە دەيدىغانلىغىنى ئاڭلىۋۇرۇن خىيالىغا كەلتۇرگەن ئىدى.

دىمەك، ناستيۇنا چوچەكلەردىكى دوملاپ قاچىدىغان يۇمۇلاق بولكىنى① دوراشقا مەجبۇر ئىدى. ئالدىنى ئادەم توسىۋالمىسلا دوملاپ كېتىۋېرەتتى. گەپ شۇ يەردە ئىدىكى، ناۋادا بىراۋ ئالدىنى توسىۋالسا ئۇلارغا نىمە دىيىش كېرەك؟ "ھىلىقى يۇمۇلاق بولكىغۇ ئۆزىنىڭ قانداق تورەلگەنلىگىنى، قەيەردىن قوزغىلىپ قەيەرگە دوملاپ كېتىۋاتقانلىغىنى قوشاققا قېتىپ بېرەر، بىراق مەن ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىمنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ تۇرۇپ كېيىنچە بىرنىمە دەرمەن......ئالدىرىماي تۇرۇپ تۇراي، ۋاقتى كەلگەندە بىرنىمە دەرمەن."

"ئادەم پىت چېقىۋەرسە قىچىشماس بولۇپ قالىدۇ، قەرز ئارتىلىۋەرسە غەم قىلماس بولۇپ قالىدۇ" دىگەندەك، ئەھۋال ئايدىڭلىشىپ بولغاچقا، ناستيۇنانىڭ كوڭلىنى چولغىۋالغان دەككە-دۈككىمۇ غايىپ بولدى. ئۇ تولىمۇ يىراققا كېتىپ

---

① بۇ «يۇمۇلاق بولكا» دىگەن رۇس خەلق چوچىكىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر موماينىڭ سۇپۇرۇۋالغان ئۇن بىلەن بىر كىچىك يۇمۇلاق بولكا پىشۇرغانلىغى، بۇ بولكىنىڭ قېچىپ كېتىپ يول بويى نافشا ئېيتىپ، يەۋەتمەكچى بولغان تۇرلۇك ھايۋانلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىغى، ئاخىردا ھىلىگەر تۈلكىگە ئۇچراپ قېلىپ، يىيىلىپ كەتكەنلىكى ھىكايە قىلىنىدۇ.

قالغاچقا، ئەنسىرەشكە تېگىشلىك ئىشلىرىمۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ھېچنېمىدىن قورقمايلا ئالغا قاراپ كېتىۋەردى. ناستيۇنا ھەمىشە: "تەقدىرنىڭ ياكى بولمىسا تەڭرىمنىڭ ماڭا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ، شۇڭا ھەممىلا يەردە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئادەم بولۇپ قېلىۋاتىمەن، بولمىسا مېڭەمنى يەپ كېتىدىغان ئىشلار ئارقا-ئارقىدىن بېشىمغا چۈشمىگەن بولاتتى" دەپ ئويلايتتى. ھالبۇكى، بۇ ئىشلار تۇيۇقسىزدىن ئۇ يەنە مۇقەررەر ھالدا باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايتتى. شۇنداق، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئوبدان ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەك گاڭگىرىغان ھالدا ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشى، باشتىن-ئاياق كىچىككىنە بىر خالتا كوچىدا ئايلىنىپ يۈرۈشى، ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالماي، ھېچقانداق ئۈمىتنى كۆرەلمەي يۈرۈشى ھازىرقىدىن ئوبدانىراقمىدى؟ ئېھتىمال كىشىلەر ئۇنى كەچۈرۈپ قالار، زورۇر تېپىلغاندا تېخى يەنە ھە-پە دېيىشىپمۇ بېرەر، ئۇنىڭ تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىگە قاراپ بىرنەچچە ئېغىز ماختىۋەتىشىمۇ ئەجەب ئەمەس،— ئالەمدە چىقىم تارتماي تۇرۇپ ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۇ سەۋرى-تاقەت قىلىپ پىشانىسىگە پۈتۈلگەننىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشكە بەل باغلىدى. ئۇنىڭغا گۇمۇش ئايال بولۇۋېلىپ، نادانلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋېرىك دەيدىغان بولسا، ئۇ خالىمايتتى، ئۇنداق ياشىغانىدىن كۆرە، ئۆلگەن تۈزۈكرەك دەپ ئويلايتتى.

ناستيۇنا باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا، ھەممەيلەنگە ئوخشاش، بەختكە تەلپۈنگەن ئىدى. بەختنىڭ مەزمۇنى ۋاقتىنىڭ ئوتۇشىگە، ئەقىل-پاراستىنىڭ ئوسۇشىگە ئەگىشىپ ئوزگىرىپ كەلدى. قىز چېغىدا تەلپۈنگەن بەختىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا لەرزان، ئەركىن ئايلىنىپ ئوتۇپ تۇردى، ئۇ بەخت گويا ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق بىر جايدىن كېلىپ قالىدىغاندەك تۇراتتى، ئۇ چاغدا بەختنىڭ يېتىپ كېلىشىنىلا كۈتۈپ، ھەممە دەرۋازا ھاڭىيا ئېچىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق خىياللارمۇ پەيدا بولغان ئىدى: ئۇ بىر يەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرارمىش، بەخت بولسا شوخلۇق بىلەن گاھ سول تەرەپتىن، گاھ ئوڭ تەرەپتىن ئۇچۇپ ئوتۇپ ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويارمىش، مۇلايىملىق بىلەن تېگەرمىش، كېيىن ئوزىنى قوغلاشقا جەلپ قىلىپ پەرۋاز قىلىشقا باشلايمىش؛ بىراق مەلۇم مۇددەتكە يەتكەندە ئوزى بەرگەن ۋەدىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇچۇپ كېتىپ، قارىسىنىمۇ كورسەتمەسمىش. بەخت گويا كوز يەتمەيدىغان پايانسىز ئوكيان بولۇپ، قوينىغا تېخى تېتىپ باقمىغان شۇنچىلا كوپ شىرىن ھوزۇر-ھالاۋەت، شۇنچىلا كوپ مۇھەببەت ۋە شاتلىق يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ناستيۇنا بۇنىڭدىن كېيىن زېرىكىشتىن، يالغۇزچىلىقتىن ساقلىنىش ئۇچۇن، ھەر كۈنى، ھەر سائەت چوقۇلۇپ، ئۇنىڭدىن بولۇشچە بەھرى ئېلىش ئۇچۇن دەرھال ئۇنىڭ قوينىغا ئوزىنى ئېتىۋەتكۈسى كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ مەلۇم دەرىجىدىكى خوشال ھەم

شىرىن ئارزۇ بىلەن، ئۆز ىنىڭ ئاخىر بەخت بىلەن بىرىكىدىغان پەيتىنىڭ ئارقىغا سۈرۈلۈشىنى ئۈمىت قىلاتتى. چۈنكى ئۇنداق بىرىكىش ۋاقتى بەرىبىر يېتىپ كېلەتتى. تولىمۇ ئالدىراپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ناستيۇنا ياتلىق بولغان چېغىدا ئۆز ىنىڭ شۇندىن ئېتىۋارەن بەختكە بىرلا يولنى يەنى ئۆزى تاللىۋالغان شۇ يولنىلا قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئويىغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. بىراق بۇ يول ئۇ چاغدا خېلىلا كەڭ بولۇپ، دىتىغا ياقىدىغان ۋە ياقمايدىغان ئىشلارنى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە يېتەرلىك ئىمكانىيەت بار ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇ-رىدا تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرىنى تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشى خاتىرجەم بولاتتى، كاپالەتكە ئىگە بولاتتى، ئەر-خوتۇن جەزمەن بىر بىرىنى سويەتتى، بۇنداق بولغاندا، ئادەتتىكى چاغلىرى ۋاقىت تېخىمۇ تېز ئۆتكەن بولۇپ تۇيۇلاتتى، ھېيت-ئايەملەر تېخىمۇ كوڭۇللۇك ئۆتەتتى. دەرۋەقە، ئوڭۇشلۇق بولىۋېرىدىغان ئوبدان ئىش بولمىغانلىقتىن، بەزىدە دىتىغا ياقمايدىغان بەزى ئىشلارغا ياكى بەزى كوڭۇلسىزلىكلەرگە دۇچكېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق كېيىن جەزمەن يارىشىپ، مېھرى-مۇھەببەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتى. مېھرى-مۇھەببەت ۋە كويۇمچانلىق توغرىسىدا ناستيۇنا دەسلىۋىدىلا ئىدىيىۋى تەييارلىق كورۇپ قويغان ئىدى: ئۆز ىنىڭ بېرىدىغىنى ئالىدىغى-نىدىن كوپ بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ ئايال-دە، ئايال

كىشىنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى كوڭۇللۇك ۋە ئىناق ئۆتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ؛ شۇنداق بولغانلىقتىن، ئاياللار كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە. ئاياللار بۇنداق كۈچ-قۇدرەتنى دائىم ئىشقا سالغانسېرى، ئۇ كىشىنى شۇنچە ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇنچە مۇلايىم، جۇشقۇن بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ناستيۇنا ئۆزىدىمۇ شۇنداق ئەھۋالنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئېھتىمال، ئۇ مۇشۇ بىر نۇقتىنا ئۈستىدىلا خاتا مولچەر يۈرگۈزمىگەن بولسا كېرەك. بەختكە كەلسەك......بەخت ئاۋال چىرايىنى ئېچىپ، غىل-پال كورۇنۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بىرئاز ئۈمىت بېغىشلىدىيۇ، لېكىن بىرەر يېرىم پەرزەنت ئاتا قىلمايلا ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالدى، ئالدى تەرەپتىكى ئاللىقانداق بىر جايغا يوشۇرۇنۇۋالدى — شۇ يەرگە بارغاندىلا ئاندىن ئۇنى تاپقىلى بولاتتى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ بەختكە ئېرىشەلەيدىغان يولى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ تار ئىدى، ئۇنى چىغىر يول دېيىشكىمۇ بولاتتى.

ناستيۇنا ئەزەلدىن ئارقىسىغا قاراپ يۈرمەيتتى، قىلىدىغاننى قىلىپ قويۇپ پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇز ۋاقتىدا نىمە ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە ماڭماي بۇ تەرەپكە ماڭغان بولغىيدىم دەپ كەيپىسىزلىنىپمۇ كەتمەيتتى. تۇرمۇش سەككىز-ئون قېتىم ئۆلچىگىلى بولىدىغان كىيىم ئەمەس. مەۋجۇت بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزەڭگە ھساپ، ھېچنىمىدىن ھەتتا ئەڭ

ئەسكى نەرسىلەردىنمۇ ئۆزەڭنى قاچۇرالمايسەن. ناستيۇنا ئاندىرىغا تەككەندىن كېيىن ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇر ـ مۇش كەچۇردى، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز ـ گەرتىشنى خىيالىغا كەلتۇرۇپمۇ قويمىدى؛ ئۆزگەرتمەن دەي ـ دىكەنسەن، ئىش سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزگەرتىۋېلىشىڭ كېرەك، ئاللىقاچان پىچىپ بولغان كىيىمنى ھەرگىز قايتىدىن پىچىپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى باشقا ئەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ باقمىغان ئىدى. باشقا ئەر بىلەن ئوتتۇش ئۇچۇن ئانا قوسىغىدا يېڭىۋاشتىن پەيدا بولۇپ، باشقا بىر ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇش كېرەك ــ بىراق بۇ قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن؟ باشقىلار قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىۋېرەر، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاياق ئۆزگەرمەيدۇ، ھەرگىز نېيرەڭۋازلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ تەقەززا بولۇۋاتقىنى ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان بەخت بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە تېگىشلىك بەخت ئىدى.

بەخت دېگەن نەرسە چەكلىك بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسمىش، شۇڭا بەزىلەرنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلسە، بەزىلەرنى نەس باسارمىش. بىراق بۇ دۇنيادا ناستيۇنادەك ئادەمدىن بىرىلا بار تۇرسا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان تۇرسا، نىمە ئۇچۇن قېرىشقاندەك بەختكە ئېرىشەلمەيدىكەنا؟ كىم مۇشۇنداق قىلىپ قويغان بولغىيدى؟ ئۇ شۇنى دەپ دۇنياغا كەلگەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنىڭغا

ئېرىشىپ كېتەلىشى ناتايىن، ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا هايات
بەخش ئېتىلگەن بولغىيدى؟ ئۇنىڭ پۈتۈن جېنى ئۆزىدىن
ئىبارەت. ئۇ ئۇنىڭ قەلبى، روهى ۋە تېنىدىن ئۆرۈن ئالغان،
باشقا نەرسىلەر كۆز ئالدىدا تۇرغان، ئاسانلا قولغا كېلىدىغان
نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا تېنى سىرتىدىكى نەرسىلەردىن
باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، بىراق بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايتتى. — ئۇنداقتا نىمە
ئۈچۈن ئۆزىگە تېگىشلىك بەخت ئۆزىنىڭ قاراپ تۇرۇپ قولدىن
بېرىپ قويۇشى ئارقىسىدا باشقىلارغا تەئەللۇق بولۇپ كېتە-
دىكەن؟ "ياق، بولمايدۇ، بىرەر كىشىگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا
بولمايدۇ. ناۋادا بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم
قايتا ياشاپ، قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بەختىنى تولۇقلىۋالا-
لايدىغان بولسامغۇ مەيلىدى، لېكىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم
ياشيالىشىم مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ كېمىنى تولدۇرۇ-
ۋېلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆزەمگە تېگىشلىك بەختنى زاپاس
ساقلاپ قويىماي، ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك ئىدى،
ئۇنى ساقلاپ قويغانىنىڭ پايدىسى يوق."

ئۇرۇش ناستيۇنانىڭ بەختىگە خېلى ئۇزاق دەخلى يەت-
كۈزدى، لېكىن ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغدىمۇ ناستيۇنا بەختنىڭ
هامان يېتىپ كېلىدىغانلىغىغا ئىشىنەتتى: تېچلىق ئەسلىگە
كەلگەندە، ئاندىرى قايتىپ كەلگەندە، مۇشۇ يىللاردىن بۇيان
توختاپ قالغان ھەممە نەرسە قايتىدىن ئۆز يولىغا چۈشىدۇ.

ناستيۇنا ئۆز تۇرمۇشىدا بۇنىڭدىن باشقا بىر خىل ھالەتنىڭ
كېلىپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بىراق ئاندىرى تولىمۇ
بالدۇر قايتىپ كېلىۋالدى، غەلىبە قازىنىشتىن ئىلگىرى قايتىپ
كېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە قالايمىقانلىشىپ كەتتى،
نورماللىق يوقالدى، ناستيۇنا بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغا كەل-
تۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بەخت ئۈستىدە ئەمەس،
بەلكى باشقا ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدى.
بەخت ئۈركۈپ ئاللا قاياقلارغا قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن ئېتى-
ۋارەن ئۈن-تىنسىز يوقالغان پېتى قايتا يېنىپ كەلمەيدىغاندەك،
يېنىپ كېلىشىدىن ئۈمىت يوقتەك تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىش بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
شۇنداق قىلىپ، بەختكە مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمامدىكىنا؟
ناستيۇنا ھېچقاچان مۇنداق قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان
ئەمەس، ئىستىقبالى قاپ-قاراڭغۇ، يورۇقلۇقتىن ئەسەر يوق
ئىدى. دېمىسىمۇ ئىش بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
بۈگۈن ئىش مۇشۇنداق چاتاق ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتىلىككە ياخشى
بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە "بارغانسېرى قىيىن-
لىشىپ كېتىۋاتقان ئىش" قېرىشقاندەك ئۆزى توت كوز بىلەن
كۈتۈپ كەلگەن، تۇرلۇك يوللار بىلەن تاپماقچى بولغان بالا —
پەرزەنت ئىدى. بالا ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بەخت ئىدى. بۇ
ئۇنىڭ ئۆز بەختىگە ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك
بېرەمدۇ-يوق، ئۇ باشقا بىر تەرەپتىن، تەتۈر تەرەپتىن بەختكە

يېقىنلىشىپ قالغانمۇ؟ مەسىلەن، ئېيتايلۇق، ئۇ بەختنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قالغانمۇ ياكى بەخت ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قالغانمۇ؟ بۇنىڭ نىمە پەرقى بولسۇن؟! ئۇلار ئۇچرىشىپ قالسىلا، قاراپ تۇرۇپ قولدىن بېرىپ قويمىسىلا بولدىغۇ.

بىراق هازىر بۇ بەخت ئۇنىڭغا نىمىمۇ بېرەر، نىمىمۇ بېرەر؟

ياق، ئاللىقانداق بىر ئىش يۈز بېرىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ئۇزاققا بارمايلا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. هالبۇكى، بۇ ئىش ئاخىر يۈز بەردى: ئۇ هامىلدار بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ هامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن هامان ياردەم قولىنى سۇنماي قالمايدۇ، ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىنى كورۇپ تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ، بالا بولسىلا ئۇنىڭ يەنە نىمىگە هاجىتى چۈشسۇن؟! مانا، بالا كېلىپ قالاي دىدى، كېلىپ قالاي دىدى، ئۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ناستيۇنا ئەمدىلىكتە نىمە قىلىش كېرەكلىگىنى بىلىۋالدى. يەنى هىچقانداق ئىش قىلمەن دىمەي، بولۇشىغا قويۇۋەتمەكچى، ئۇنىڭ بەختى ئۆزى بىلەن بىر يەردە بولمىغاچقا، هىجران ئازاۋىنى تازا تارتقان ئىدى، ئەمدىلىكتە بەخت ئاللىقانداق بىر جايدا ناستيۇنانى كۈتۈپ تۇرماقتا، ئارىلىغىنىڭ يىراق-يېقىنلىغىنى قويۇپ تۇرايلى، ئىشقىلىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۇ ئۇزىنىڭ بەختى، ئوزىگە تېگىشلىك بەخت-تە.

ناستيۇنا تاختاي توشەكتە ياتقان بولسىمۇ، لېكىن هىلىقى

كىچىك يۇمۇلاق بولكا توختىماي ئالغا قاراپ دومىلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار تاختاي توشەكتە ياتقىنىچە كەپىلىرى قولاشمىغان هالدا پاراڭلاشماقتا ئىدى، گويا ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان قاچا-قومۇش-لارنى يۇمشاق نەرسىلەر بىلەن مەقسەتلىك يوگەۋاتقاندەك، باياتىن توختىلىپ ئۆتكەن ئەڭ مۇهىم ئىشنى قايتىدىن تىلغا ئالمايتتى. مۇشۇنداق يېتىپ تۇرۇپ پاراڭلىشىش كىشىنى ئانچە قورۇندۇرمايتتى: بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندا دېيىشكە ئەپسىز بولغان گەپلەرنى كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ دەۋەرگىلى بولاتتى. جاۋاپ بېرەلمەسلىكتىن ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ هاجىتى بولمايتتى، ناۋادا خالىسا تېخى ئۆزى دېگەن ۋاقىتىدا خىيال سۈرۈۋېلىپ، ئاندىن پاراڭلاشسىمۇ بولىۋېرەتتى.

كۆكۈم قاراڭغۇچىلىقى بارغانسېرى قويۇقلاشقىلى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن چىراق يېقىپ قويۇش ئۇلارنىڭ ئېسىگە كەلمە-دى، ئاي چىقمىغان بولسىمۇ، يەنىلا دەرىزىدىن قارنىڭ غۇۋا نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاندىرى ۋە ناستيۇنا چىرايىدىن قان دىدارى كېتىپ قالغاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئەزايىمۇ بوشىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەندەك، هەركەتمۇ ئۆزلىرىگە باغلىق بولماي، بەلكى سىرتقى كۈچكە باغلىق بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى. هەتتا پاراڭلاشقان چاغدىكى ئاۋازىمۇ گويا ئاللىقانداق بىر جايدىن كېلىۋاتقاندەك بولۇپ ئاڭلىناتتى. ئاشۇن-داق جىمجىت پەيتتە، ئاندىرى بىلەن ناستيۇناغا بۇ يەردە

تۇرۇۋاتقانلار ئەمدى ئۇزلىرى بولماستىن، بەلكى ئاللىقانداق باشقا كىشىلەردەك بولۇپ تۇيۇلدى. جىسىدى ئۇزگىرىش يۈز- بەرگەن ئالدىراش بۈگۈنكى بىر كۈن توۋا قىلىش ھىسسىياتىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئاستاغىنا كېتىپ قالدى، بۇ ئەتراپتىكى نەرسى- لەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن مۇلايىم قىلىپ قويدى ھەممە كېتىش ئالدىدا ئۇزىنىڭ ئىنتايىن كەڭ قوساق ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. ئاندىرى بىلەن ناستيۇنا بۇ مۇلايىم كەيپىيات ئىچىدە پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۆۋەن ئاۋاز بىلەن پاراڭلىشىۋالدى. پاراڭ گويا سائەتنىڭ مایاتنىگى تەۋرىنىۋاتقاندەك چېكى بولمى- غان ھالدا تەبىي ۋە كوكۇلىلۇك داۋاملىشىۋاتاتتى. پاراڭ بۇ تەرەپتە ئۇزاقراق توختاپ، يەنە بىر تەرەپتە ئازراق توختايتتى، ئۇزى خالىغىنىچە توختاپ تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە تەۋرىنىپمۇ قوياتتى. بىراق مەلۇم بىر قېتىم ئاندىرى مۇشۇنداق توختاشتىن كېيىن باش ئايىغى يوق ھالدا تۇيۇقسىزلا:

— ماڭا نىمە ئىشلارنى قىلىپ بەر دەيسەن، ناستيۇنا؟ — دەپ سورىدى.

— نىمە ئىشلارنى قىلىپ بەر دەيسەن دەمسىزا؟ — دەپ سورىدى ناستيۇنا چۇشەنمەي.

— بىراق مەن ساڭا نىمە ئىشلارنى قىلىپ بەر دەيدىغانلى- غىمنى بىلمەيمەن. ئەمىلىيەتتە بۇ ئۇزەڭگىمۇ ئايان. بۈگۈن پاراڭ- لاشقان ئىشلارنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. لېكىن ھىلىقى ئىشتىن باشقا ماڭا قىلىپ بېرىدىكە تېگىشلىك ئىشلىرىڭ كوپ.

سەن ماڭا يىگۈزۈۋاتىسەن، كىيگۈزۈۋاتىسەن. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزەڭ ئېلىپ كەلگەن. ئەمدى سەندىن بىر نەرسە ئېلىشقا ئۆزەممۇ خىجىل بولۇپ قىلىۋاتىمەن. سەن ماڭا ھەدەپ ئېيىپ-ئېلىپ بېرىۋاتقان بولساڭمۇ، لېكىن مەن ساڭا بىرەر نەرسىمۇ بېرەلمىدىم، بىرەر نەرسىمۇ. مەندىمۇ، قانداقلىكى بولمىسۇن، ۋىجدان دېگەن نىمە ئازدۇر-كوپتۇر بار. ھازىر مېنى پۈتۈنلەي ئۆزەڭ بېقىۋاتىسەن، يەنە كېلىپ مەن بىر باداڭ قوساق: يالغۇز ئۆزەم ئۇن ئادەمنىڭ تامىقىنى يەپ كېتىمەن. نەدىكىنى ئۇن بولسۇن—ئۇن بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ تېخى. مېنى دەپ ئادەمگە كورۈنۈشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭ. مېنىڭ ئادەمگە كورۈنۈشتىن قورقۇشۇمدىغۇ سەۋەپ بار، بىراق ئۆزەڭ-نىڭچۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۆزەڭنى بۇ دۇنيادىن ئايرىپ تاشلايسەن؟ ماڭا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرىمەن، بۇگۈن پاراڭلاشقان گەپكە كەلسەكمۇ ۋاقتى كەلگەندە ماڭا ئىچ ئاغرىتقانلىقىڭدىن كوڭلۈڭ يۇمشاپ قالىدۇ. سەن ئەنە شۇنداق ئايالسەن، ئىشەنسەڭ-ئىشەنمىسەڭ ئۆز ئىختىيارىڭ. مېنىڭچە، سېنىڭ ھېچقانداق ئىش قىلىشقا قولۇڭ بارمايدۇ، سېنى زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئادىمەتچىلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن. شۇنداق قىلماقچى بولساڭ-مۇ، قولۇڭ بارمايدۇ. سەن ئۇنداق باغرى قاتتىق بولالمايسەن، ناستىيۇنا، بۇ گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت. مەن ھەممە نەرسىنى ھەدەپ سېنىڭ ئۇستۇڭگە ئىتتىرىپ قويىدۇم، ئۆزەم بولسام

ئۆلۈپ-تىرىلىشىڭ بىلەن كارىسىم بولىماي، يالغۇز ئۆزەڭنى ئازاپقا سېلىپ قويۇپ، بىر چەتكە چىقىپ موكۇنۇۋالدىم. سەن باياتىن لىللا گەپ قىلدىڭ. بىراق قولۇمدىن نىمە ئىش كېلىدۇ، نىمە ئىش كېلىدۇ دەيسەن، ناستيۇنا؟ بۇنى ئۇبدان ئويلاپ كورگىن. مەن ساڭا ياردەم بېرىشنى تولىمۇ خالايمەن. بىراق قانداق ياردەم بېرىمەن؟ ئوز كۈچۈمنى تازا چىقارغۇم كېلىدۇ، بىكار تاماق يېيىشكە كوڭلۇم ئۇنىمايدۇ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغۇچىلىكىم بولسىلا، نىمە ئىش قىلىپ بەر دىسەڭمۇ مەيلى. قېنى ئېيتىپ باققىنا، نىمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— نىمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ دەمسىز؟ ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

— مانا شۇنداق-تە، ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوقكەن، — دىدى ئۇ بۇنىڭدىن باشقا جاۋاپ ئالالمايدىغانلىغىنى ئالىقاچان قىياس قىلىپ بولغاندەك لوقما سېلىپ، — مانا قارىسامسەن، مېنىڭ ساڭا — مېنىڭ ئىشلىرىمنى قىلىپ بېرىشىڭگە ھاجىتىم چۈشىدۇ. سېنىڭچۇ، سېنىڭ بولسا ماڭا ھاجىتىڭ چۈشمەيدۇ. مەن بولسام قاراپ تۇرۇپ شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىمكى، قىلچىلىكمۇ كارغا يارىمايمەن. بۇ ئۆزەمگىمۇ ئايان. بىراق يەنىلا ساڭا ئاز-تولا ئىش قىلىپ بەرگۈم كېلىدۇ. ئىچىمدە: "ھىم، ئۇ ماڭا بىرەر ئىشىمنى قىلىپ بەرگىن دەپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئويلايمەنۇ، لېكىن ئۇنداق ئىش چىقمايدۇ. ھەتتا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بولسىمۇ قىلدۇرۇپ

باقاي دىمىدىڭ. كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، ھازىر مەندىن باشقىلارغا يامانلىقلا كېلىدىكەن، مەن بىلەن بىرگە بولغۇچىلار ئازاپتىن باشقا ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدىكەن، بۇ كوزگە ئوپ-ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرغان نەرسە، مەن قىلچىلىك كارغا يارىمايدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم، ھېچكىمگىمۇ پايدام تەگمەيدۇ، مۇشۇ يولغا ماڭغاندىكىن، مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىم تەبىي. ئەمما ئىچىمدە: "ئېھتىمال، ناستيۇناغا ئەسقىتىپ قالارمەن، ئۇنىڭ ماڭا رەھمى كېلىپ، ئادەم بولۇشۇمغا ئازراق ئورۇن بېرىپ قالسا، ھېچ بولمىغاندا تىرناقچىلىق ئورۇن بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئويلاپ قالىمەن. — ئاندىرى گويا ئوزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، ھەم ئازاپقا بەرداشلىق بېرىشى ئوزىگە خوشاللىق بېغىشلايدىغاندەك، يۈرىكىنى ئورتەۋاتقان ئازاپقا قارىماي، يەنىلا ئالدىرىماي، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن سوزىنى داۋاملاشتۇردى. — ئەسلىدە سەن ماڭا ئىچ ئاغرىتىپلا كېپتىكەنسەن، خالاس. دەرۋەقە، شۇنداقتىمۇ، ھازىر ماڭا ھاياتلىق يولى بەرگەن بولسەن، بىراق باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغىلا تايىنىش ئۇزاققا بارمايدۇ، ئىچ ئاغرىتىش دېگەن نەرسە شويىنىغا ئوخشايدۇ، ھە دىسىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

— نىمە بولدىڭىز، ئاندىرى؟! نىمە بولدىڭىز؟! — دېدى ناستيۇنا ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، — مەن ئەسلىدە سىزنى شۇنداقلا سوراپ قويغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئاغزىمغا كەلگىنىنى دەپ قويۇۋېدىم، سىز گەپنى

غەرەزلىك ھالدا بۇ تەرەپكە ئەگىتىپ ئەكېتىۋاتىسىز. بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ نىمىشقا ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولىسىز؟ ئاتىنىڭ بېشىنى بىكاردىن ـ بىكار تۇيۇقسىزلا ئۇز تەرىپىڭىزگە شارت قىلىپ بۇرىۋېلىپ، مېنى چاندىن قاڭقىتىپ چۇشۇرۇۋەتتىڭىز، چۇشۇرۇۋەتمىسىڭىز بولاتتى، چۇشۇرۇۋەتمەڭ. سىزگە يەنە ئەسقىتىپ قالسام ئەجەپ ئەمەسقۇ. خالىسىڭىز قىلىپ بېرىڭ دەپ دەرھال مىڭ تۇرلۇك ئىشنى كورسىتىپ بېرەلەيمەن.

ـــ ئاڭلاپ باقايچۇ قېنى، قانداق ئىشلاركىن ئۇ؟

ـــ ئالدى بىلەن، ماڭا بۇنداق تەلەپپۇز بىلەن گەپ قىلىپ يۇرمەڭ، ئۇزاققا بارمايلا تەس كۇنگە قالىمەن. مۇبادا سىزمۇ ماڭا ئىشەنمىسىڭىز، نىمىدىنمۇ ئۇمىت كۇتەرمەن؟

ـــ ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، ئىش ئاسانغا چۇشكەن بولاتتى، بۇ كوزگە ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرغان نەرسە،

ـــ شۇنداق بولمايچۇ! دىگەندەكلا ئاسانغا چۇشكەن بولاتتى، ـــ دىدى ئۇ ئاندىرىنىڭ سوزىگە قوشۇلۇپ، ـــ ئەگەر ئۇزەممۇ بولمىغان بولسامتىم، ئىش تېخىمۇ ئاسانغا چۇشەتتى. ئۇنداقتا ھېچنىمىنى بىلمىگەن بولاتتىم، ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغان بولاتتىم، ھېچنىمىنى كورمىگەن بولاتتىم، ھېچقانداق ئازاپمۇ چېكىپ يۇرمەيتتىم......ھەي، ئۇنداق بولسا نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! نەقەدەر قۇلاق تېچ بولغان بولاتتى ـ ھە! بىراق ئېيتىپ بېقىڭا. مۇشۇنچىلا چوپ ـ چوڭ ئادەم تۇرۇپ، قەيەرگىمۇ موكۇ ـ

نۇپ ئالالايمەن؟ نىمە ئۈچۈن ماڭا: "مەن بولمىغان بولسام ئاق ئىدى، كوك ئىدى" دەپ يۈرىسىز؟ بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالغۇمۇ كەلمەيدۇ، سىز مېنى ئۆزىڭىزدىن ئايرىۋەتمەك، ئايرىۋەتمەك، — ناستيۇنا دېمى سىقىلغاندەك بولدى ـ دە، دېمىنى ئېلىۋېلىپ، يەنە سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىككىمىز جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ تارتايلى. سىز سىرتتا گۇنا ئوتكۈزگەن ئىكەنسىز، ئانداقتا مەنمۇ سىزنىڭ شېرىكىڭىز بولىمەن، ھەرقانچە چوڭ گۇنا ئوتكۈزگەن بولسىڭىزمۇ ئىككىمىز بىرلىكتە زىممىمىزگە ئالايلى. مېنى دىمىگەن بولسىڭىز، بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىڭىز، بەلكىم. سەۋەنلىكنىڭ ھەممىسىنى ئوز ئۈستىڭىزگە ئېلىۋالماڭ. سىز سىرتتا يۈرگەن چاغلىرىڭىزدا سىز بىلەن بىللە بولۇپ كەلدىم، مېنى كورمىدىڭىزمۇ؟ قەيەرگە بارسىڭىز شۇ يەرگە باردىم. سىزچۇ، سىزمۇ ئىزچىل تۇردە مەن بىلەن بىللە يۇرتتا بولدىڭىز. ئىككىمىز ھەتتا چۈشىنىمۇ ئوخشاش كورۇپتۇق. بىكاردىن ـ بىكار شۇنداق بولۇپ قالغاندىمۇ؟ ھەي، بىكاردىن ـ بىكار شۇنداق بولۇپ قالغىنى يوق، ئاندىرى مەيلى خالالاڭ، مەيلى خالىماڭ، ئىشقىلىپ مۇشۇ يىللاردىن بۇيان ئىككىمىز نەگە بارساقمۇ بىرگە بولۇپ كەلدۇق. ئىككىمىز بىر ئادەممىز، يېرىمىمىز بۇ يەردە — يۇرتتا بولساق، يېرىمىمىز ئۇ يەردە — ئالدىنقى سەپتە بولدۇق. سىزنىڭچە، قەھرىمان بولۇپ قايتىپ كەلگەن بولسىڭىز، بۇنىڭدا مېنىڭمۇ بىر ئۇلۇش ھەسسەم بولمامتى؟ ھەتتا سىز بىلەن بىرگە خوشال بولغۇدەك لاياقىتىممۇ

بولمامتى؟ ياق! ئۇ چاغدا مەن ئۆزەمنى سىزدىنمۇ بەكرەك ھەيۋەتلىك چاغلىغان بولاتتىم: سىز باشقىلارنىڭ ئىرى ئەمەس، ئۆزەمنىڭ ئىرى-دە. مەن پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئالدىدىن كورەڭلىگەن ھالدا غادىيىپ ئۆتكەن بولاتتىم: قاراڭلارچۇ، ئاياللار، ھەۋەسكىلار كەلسۇن، مەن دىگەن مانا، نەقەدەر روھلۇق-مەن-ھە! دىگەن بولاتتىم.

—ئەڭ ياخشىسى قەھرىمان-پەھرىمان دەپ يۈرمىسەڭ، بۇنداق سىلىشتۇرمىساڭ......

—ئۇنىڭغا نىمە بوپتۇ! نىمىشقا ئۇنداق دىمەيدىكەنمەن؟ سىزنىڭ باشقىچە بىر تەقدىرگە دۇچكىلىشىڭىزگە ئۆزەمنىڭ ئاۋال ئۇبدانىراق نەسىھەت قىلمىغانلىغىم سەۋەپچى بولدى. ياكى سىز ماڭا ئىشەنچ قىلالماي، خاتىرجەم بولالماي، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالمىدىڭىز، ياكى مەن سىزگە يىتەرلىك كوڭۇل بولمىدىم. ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئەتراپلىق ئويلىنالماي قالغان جايلىرىم باردۇ. گوياكى مىنى ئاقلاپ يۈرمەڭ، ئىشقىلىپ كوڭلۇمگە تايىن. مىسال ئۈچۈن ئىيتايلۇق: مىنى، سىزنىڭ قايتىپ كىلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرالماي، ئاچچىغىدا ھەممە نەرسىنى تاشلاپ باشقىدىن ياتلىق بولدى، ھىلىقى ئادەم بىلەن قاياقىقا قىچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ، دىسە، سىز جەزمەن بۇنى يالغۇز مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىك دەپ ھىساپلايسىزغۇ دەيمەن؟

—ئەمىسە ئۇ باشقا كىمنىڭ سەۋەنلىگى بولاتتى؟

— ياق، ئاشۇنداق بولغان بولسا، بۇ ئىشتىكى جاۋاپكارلىغىڭىزدىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىغان بولاتتىڭىز. قانداقمۇ سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسۇن؟ ئۇنىداقتا جەزمەن ئۆزىڭىز مېنى شۇ يولغا ئىتتىرگەن بولۇپ چىقاتتىڭىز. ئېھتىمال، مەن باشقىدىن ياتلىق بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا ئىككىمىز شۇنداق قىلىمىز دەپ كېلىشىۋالغان بولغىيدۇق، ئېھتىمال، ھەر ئىككىمىزلا قاچان شۇنداق دەپ كېلىشىۋالغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالغان بولغىيدۇق، ئىشقىلىپ مېنىڭ قايتىدىن ياتلىق بولۇشۇمنى ئىككىمىز بىرلىكتە قارار قىلغان بولىمىز، يالغۇز ئۆزەم بۇ يولغا مېڭىپ كەتكۇدەك ئۇنچىلا جىگەرلىك ئەمەسمەن. ئاھ خۇدا، نىمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمىنا! مەن ئۇنداق يولغا مەڭگۇ-مەڭگۇ ماڭمايمەن. دىمەكچىمەنكى، ئىككىمىزنىڭ سەن، مەن دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇشىمىز ھاجەتسىز. ئىككىمىز بىرگە تۇرمۇش كەچۇرىمىز دەپ ئەر-خوتۇن بولغان. ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ بەرگەن چاغلاردا خۇددى چۈش كورگەنگە ئوخشاش كۆڭ بويى غەم-غۇسسىسىز، ھىچنىمىنىڭ غېمىنى يىمەي، ناھايىتى كوڭۇللۇك ھالدا بىللە تۇرمۇش كەچۇرگەن. نەس باسقاندا تېخىمۇ بىللە تۇرمۇش كەچۇرۇشىمىز كېرەك—كىشلەرنىڭ ئەر-خوتۇن بولۇشى ئېغىر كۈنلەردە بىللە ئوتتۇشكە ھەمرا تېپىش ئۈچۈن-دە، باشتا سىزگە بالا تۇغۇپ بېرەلمىدىم، بۇنىڭلىق بىلەن سىز مېنى ھەيدىۋەتمىدىڭىز. مېنىڭ تەققى-تۇرقۇم مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ، مېنى تاشلىۋېتىپ تېخىمۇ ياخشىسىنى ئىزدەپ يۈرمىدىڭىز.

ئېيتىپ بېقىڭا، ئەمدىلىكتە سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى چورت ئۈزۈشكە ئىجازەت بەرگىنىڭىز نىمىسى؟ ناۋادا مۇشۇنداق ئىش قىلىدىغان بولسام، كېيىن جەزمەن پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئۆرتىنىپ ھارام ئۆلگەن بولاتتىم......

— نەس باستى ئىشلار ھەر خىل - ھەر ياڭزا بولىدۇ، ناستيۇنا، مەن دىگەن گۇناكار، دولەت قانۇنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ. ساڭا مەن بىلەن بىللە گۇناكار بولۇپ نىمە جاپا؟

— ئەمدى بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالسىڭىز تولىمۇ كىچىككەن بولىسىز. مۇشۇ ئىشنى قىلغان ئاشۇ دەسلەپكى چاغدىلا ئويلىنىشىڭىز كېرەك ئىدى. سىز بۇنى قىلىپ بولغاندىكىن مېنىڭ چېتىلىپ قېلىشىممۇ تەبىي. سىزگە ئەگىشىپ ماڭماي قالمايمەن. ئۆزىڭىزمۇ: "ئىككىمىز بىر ئاغامچىغا چېتىلغان" دىگەن ئىدىڭىز. بۇ گەپ تازا دۇرۇس. شۇڭا، ئىشىنىشىڭىز كېرەك، ئىشىنىشىڭىز كېرەك، ئۇنداق بولمىسا ھەر ئىككىمىزگىمۇ پايدىسىز، ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى تۈگەشتۈرۈپ قويىمىز، — ناستيۇنا ئاندىرى نىمە دەركىن دەپ ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى، ئاندىرى بولسا ئۈزاققىچە لام - جىم دىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ناستيۇنا بىرئاز ئويلىنىۋالدى - دە، سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئېھتىمال، ئۆزەممۇ تەقدىرىم باشقىچىراق بولسىكەن دەيدىغاندىمەن. لېكىن ئۇ باشقىچىراق تەقدىر باشقىلارنىڭ. مانا بۇ تەقدىر ئۆزەمنىڭ. مەن ھەرگىز بۇ تەقدىرىمدىن ئاغرىنمايمەن. بۇ — مېنىڭ. — ناستيۇنا يەنە ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى، كېيىن يەنە

قوشۇپ قويدى، ــ ھەممە ئىشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوتكۈزۈۋەتـ كىلى بولىدۇ، ئاندىرى، كورەرسىز ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوتكۈزۈۋەتمەي قالمايمەن.

ئاندىرى يەنىلا ئۈنچىقمىدى.

ــ مېنىڭچە ئىش ھازىرقىدەك كېتىۋەرسە ناھايىتى ئوبدان بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن سىزگە ئېيتقان گەپلەر ھەر ھالدا ئېسىڭىزدىدۇ: مېنىڭ تەلىۋىم كوپ ئەمەس. سىز بىلەن بىرگە بولسالا ئارزۇيۇمغا قانغىنىم شۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئاسمان قەرىگە چورۇۋەتسەممۇ بولىۋېرىدۇ. مانا ھازىر سىز بىلەن بىرگە بولۇۋاتقىنىمدا ھەم ئوتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمەن، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا كوز سېلىپ كەتمەيۋاتىمەن. ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالىلقانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىغىمۇ ئىشەنمەيمەن. ئىككىمىز ئومۈرۋايەت مانا شۇ ھازىرقىدەكلا ئوتۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىمىز: ئىككىمىزلا، ئىككىمىزلا بىرگە ئوتىمىز. سىزگە پەقەت بومبا ساقلىغىنى قىرىۋېتىنىڭ دىگۈملا كېلىدۇ. بىر باغلام بىدىدەك ساقال قويىۋالسىڭىز، تولىمۇ غەلىتە تۇرىدىكەن. ناتونۇش ئادەمگە ئوخشاپ قالىدىكەنسىز. مەيلى قانداقلىكى بولمىسۇن، بۇنىڭغا كونەلمىدىم.

ناستيۇنا توشەكتىن ئازراق كوتىرىلىپ ئاندىرىغا قارىدى، ئاندىرى ئۇنىڭغا قارىمىسىمۇ، نەپسىنىڭ ئوزگىرىشىدىنلا ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن

ئىلگىرى گويا بىر بىرى بىلەن مۇڭداشماي، ئۆز ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك، تورۇسقا كوز تىككەن پېتى قىسمىر قىلىپمۇ قويماي ئوڭدىسىچە ياتقان ئىدى، ئاندىرى باشتىن تارتىپ كوزىنى يۇمغان پېتى پاراڭلاشتى، بۇنداق پاراڭلىشىش كىشىگە يېنىكلىك بېغىشلايدىغاندەك تۇراتتى. بىراق هازىر ناستيۇنانىڭ كۇلۇمسىرىشىگە جاۋاپ قايتۇرۇش ئۇچۇن كوزىنى ئېچىۋىدى ئۇنىڭ كوزى ناستيۇنانىڭ غەمخور، مۇھەببەت ئوتىدا چاقناۋاتقان كوزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ بۇ كوز نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇ ياققا قارىۋالدى.

— نىمە ئۇچۇن ئىلگىرى ئىككىمىز بىرەر قېتىممۇ هازىرقىدەك مۇشۇنداق قەلبىمىزنى ئىزهار قىلىپ مۇڭداشمىغان بولغىيدۇق؟ — دىدى ئاندىرى خاتىرجەم هەم ئىلاجسىز قالغان هالدا بېشىنى چايقاپ، ئىلگىرى زادى چىن كوڭلى بىلەن مۇڭدىشىۋاللمىغانلىغىغا ئەپسۇسلىنىپ، — شۇنداق مۇڭداشقان بولساق ئىدۇق، بۇگۇنكى ئەهۋالىمىزمۇ زور دەرىجىدە باشقىچە بولغان بولاتتى. هەممە ئىش باشقىچىراق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق بۇ ئېھتىمال گۇزەل ئارزۇدۇر، ئەمىلىيەتتە بۇنداق بولۇشى ناتايىن، كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ ئىشقىلىپ مۇشۇنداق مۇڭدىشىپ باقمىغانىتۇق، بۇ ئېنىق نەرسە، مۇڭدىشىپ باقمىغان. ئۇ چاغدا پەقەت بەزى پارچە-پۇرات ئىشلار ئۈستىدىلا بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ قوياتتۇق. هەر كۇنى ئۇششاق-چۇششەك ئىشلار ئۇستىدە سوزلىشەتتۇق. توت يىل ئىچىدە مۇڭدىشىمىز

دىسەك ۋاقىت دېگەن كۆپ چىقاتتى، كۆڭلىمىزدە نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىغىمىزنى بىر بىرىمىزدىن ئىچكىرىلەپ سوراپ بىلىۋېلىشقانمۇ بولاتتۇق، مەن تېخىچە سېنى ھەقىقى چۈشەنـ مەپتىكەنمەن. پەقەت چىرايىڭنى، سىرتقى كۆرۈنۈشۈڭنىلا بىلىپ كەپتىكەنمەن. ئۇ چاغدا ماڭا ئۆزەڭنىڭ بولۇشىلا كۇپايە ئىدى، قانداق ئادەم ئىكەنلىگىڭنى، ئۆزەمنىڭ قانداقراق خوتۇن ئالغانلىغىمنى قىلچىلىكمۇ بىلمەيتتىم. ئۇرۇپ قويغىنىم تېخىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولغان ئىكەن.

— ئۇرمىدىڭىزغۇ.

— ئۇرمۇدۇمما؟

— ھەئە.

— بۇ سېنىڭ غۇم ساقلىمىغانلىغىڭ. ھىم، ئۇرمىغانمۇ بولاي. بىراق ياماللىقلىرىمنى ئېسىڭدە تۇتقان بولساڭ، كۆڭلۈم ئاراـ مىدىراق بولغان بولاتتى. مەن ئېرىڭ بولۇشقا قانداقمۇ مۇناـ سىپ بولاي؟ ساڭا شۇنچە كۆپ قەرزدار بولۇپ قالدىم، ئەمما بۇ قەرزنى ئۈزگۈدەك ھىچنىمەم يوق، بۇنى ئۆزەڭمۇ كورۇپ تۇرۇپسەن. ھەي، ناستيۇنا! ناستيۇنا! دەسلەپتە ماڭا تەگمەي، باشقا بىرسىگە تەككەن بولساڭ ئوبدان بولغان ئىكەن. بۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك ئەمەسكەنغۇ دەپ قالمىغىن يەنە، ھەقىقى يۈرەك سوزۇمنى ئېيتىۋاتىمەن. نىمە دېگەن ياخشى ئايالسەن-ھە! راستىنلا شۇنى چۈشەنمەيمەنكى، سەن قانداقمۇ شۇنچە قاتتىق نەس بېسىپ مەندەك مۇشۇنداق بىر ئادەمگە

ئۇچراپ قالغان بولغىيدىڭ؟

— باشقىلارغا خۇشتار ئەمەسمەن، سىزگە تېگىشىم كۆڭلۈمدىكىدەك بولغان. بۇ گەپنى قانچە-قانچە تەكرارلاپ ئۇتتۇم. ماڭا يەنە ئەقىل كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشىڭىز ھاجەتسىز.

— ھىم، كۆڭلىدىكىدەك بوپتىمىش تېخى...

— سىززە، ئاندىرى، ھېچنىمىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، — ناستيۇنا ھەسرەتلىنىۋاتقاندەك مەيۇسلەنگەن ھالدا ئەلەم بىلەن ئاستاغىنا سوزلەۋېتىپ، بېشىنى قاتلاپ ياستۇق قىلىۋالغان چاپىنى ئۈستىگە قايتىدىن قويدى، — ئېيتىپ بېقىڭچۇ، ئۇ چاغلاردا قەيەردە قالغان ئىدىڭىز، ئەجەبمۇ سىزگە تېگىشىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنسىز!؟ — ئاندىرى بۇنىڭغا جاۋاپ بەرمىدى، چۈنكى ئۇ ئوزىنىڭ جاۋاپ بېرىشىنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى پەرەز قىلغان ئىدى. — شۇ چاغلاردا، سىز مېنى ئاتامان كەنتىگە ئېلىپ كەلگىنىڭىزدە، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە يەر شارائىتى بىلەن تونۇشمايتتىم، ھېچكىم بىلەن تونۇشلۇغۇم يوق ئىدى، ھەممە نەرسە ناتونۇش ئىدى، ھەممە نەرسە. مېنى نەگە ئېلىپ بارسىڭىز شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالارمەن دەپ كوزۇمنى يۇمۇپلا سىزگە ئەگىشىپ ماڭغانىتىم دېسەممۇ بولىدۇ، ھەتتا سىزنىڭ تېگى-تەكتىڭىزنىمۇ بىلمەيتتىم، ئۇ چاغدا ئىككىمىز ھەممىسى بولۇپ ئاران ئىككى-ئۈچ قېتىمدەك يۈز كورۇشكەن ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت ئىختىيارى پاراڭلىشىپلا قويغان، نەتىجىدە ئومۇر سودىسىنى

شۇنداقلا، بالىلارنىڭ ئويۇنىدەكلا بېكىتىپ قويدۇق. مەن ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچىمۇ توي قىلىش ئۈچۈن مېنى ئېلىپ كېتىشكە كېلىشىڭىزگە ئىشەنمەي يۈرگەنتىم. شۇنداق، ئۇ چاغلاردىكى ئەھۋال كىشىنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىدە ئەمەسمىدى؟ پۈتكۈل تۇرمۇشنى يېڭىلىۋاشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. ئىلگىرىكى قىزلىق تۇرمۇشۇمدىن پەقەت يەككە-يېگانە ئۆزەمدىن باشقا ھېچقانداق نىمە ئېشىپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەملا ئېشىپ قالغان بولسامۇ، لېكىن بۇنىڭ زادى ئۆزەم ئىكەنلىكى ياكى ئۆزەم ئەمەسلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. بەلكىم ئېسىڭىزدىدۇ: بىز كېمىدىن چۈشكىنىمىزدە، مەن سىزگە تىكىلىپ قاراپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ئىدىم، تۈپ-تۈز يەردىمۇ پۇتلىشىپ ماڭغانتىم. يادىڭىزدىمۇ؟ شۇ چاغدا مەن تىك قىرغاقتا چىقىپلا پۇتلىشىپ كېتىپ، دۈم چۈشكەن ئىدىم. ھەممەيلەن پاراققىدا كۈلۈشۈپ كەتكەنتى، ئۇ چاغدا تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن، نەگە دەسسەپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەي قالغانتىم. ئۆزىڭىز قورقۇپ تۇرغانلىقىمنى سېزىپ، قولۇمدىن تۇتۇپ يېتىلىگەن ئىدىڭىز. ئۆيگە يېتىپ بارغاندا، سىز: "بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ" دېدىڭىز. قېيناتام: "ئېتىڭىز نىمە؟" دەپ سورىدى، مەن: "ناستىيە" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ ئېتىمنى ناستيۇنا دەپ ئۆزگەرتىپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھەممەيلەن مېنى ناستيۇنا، ناستيۇنا دەپ چاقىرىشىدىغان بولدى. قېينانام ماڭا قاراپ قويدىيۇ، لام-جىم دېمىدى.

مەن ئۇنىڭ ئانچە دىتىغا ياقمىغانلىغىمنى سېزىپ قالدىم، ئېھتىمال، ئۇ باشقىچىراق بىر كېلىننى كۈتۈپ تۇرغان بولغىيدى. سىزمۇ بۇنى بايقاپ: "بۇنىڭ بۇ يەردە قوۋم-قېرىنداشلىرى يوق، كېپىنى قىلىپ قويغۇدەك ئادىمى يوق، بىز ھەرگىز بۇنىڭغا ئازار بەرمەيلى" دېدىڭىز. بۇ گەپنى سىز كۈلۈپ تۇرۇپ، ئوييناشقان بولۇپ دېدىڭىز، ئەمەلىيەتتە بۇنى قانداقمۇ ئوينىشىپ دەپ قويغان دېگىلى بولسۇن؟ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزەمنىڭ سىزگە ھەرگىز خاتا تېگىپ قالمىغىنىمغا ئىشەندىم، خاتا تېگىپ قالغىنىم يوق. مەن سىزگە ئۇقۇشماستىن ئېزىپ تېگىپ قالغان بولسامۇ، لېكىن سىز بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرسەم، كوڭلۇمدىكىدەك بولىدىغانلىغىغا ئىشىنەتتىم...... شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سىز مېنى يۇرتداشلار بىلەن يۈز كورۇشۇش-كە باشلاپ باردىڭىز. ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئىككىمىز ۋىتا بىرىنىزكىن، ماكسىم ۋولوگژىنلارنىڭ ئويىگە ۋە باشقىلارنىڭ ئويىگە بارغان ئىدۇق. ھە، راست، ئېيتىپ بېرىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن: ماكسىم يېقىندا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىر قولى ناھايىتى ئېغىر يارىلانغان ئىكەن، ھازىرغىچە داكا بىلەن بويىنغا ئېسىق-لىق تۇرۇپتۇ، ـــ ئاندىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ لام-جىم دېمەي ئولتۇرغاچقا، ناستيۇنا ئوز سوزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى، ـــ سىز مېنى ماختىنىش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئارىسىدا ياتسى-راپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن دەرھال ھەممەيلەن بىلەن تونۇشۇۋېلىشقا باشلاپ بارغان ئىدىڭىز. شۇنداق بولسىمۇ،

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋىتانىڭ خوتۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمدا ھەيران بولۇپ، "بۇ يەردىن بىر تونۇش ئادەم چىقىپ قالغىنى نىمىسى؟" دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ تونۇش ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسامۇ، لېكىن قەيەردە تونۇشقانلىقىمنى؛ ئىسىم-پەملىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم. كېيىن "تووا، ئۇنىڭ بىلەن تۈنۈگۈن تونۇشقان ئەمەسمىدىم" دەپ يادىمغا ئالدىم، ئۇ يەرگە ئۆزىڭىز باشلاپ بارغانتىڭىزغۇ، مەن بولسام، كاللام ئايلىنىپ قېلىپ، گاڭگىراپلا قاپتىمەن. مەن ئۇنى كورگەندە خۇددى بىر تۇققان ئاچا-سىڭلىمنى كورگەندەك خوشال بولۇپ كەتتىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، توي قىلغان كۈنى ئىككىمىز ئامباردا يەنى ھويلىنىڭ چېتىگە ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان ھېلىقى كىچىك ئامباردا تۈنەپ چىققان ئىدۇق. بۇ ئەقىلنى سىز كورسەتكەنتىڭىز، ئىككىمىز شۇ يەرگىلا ئورۇن سالغانتۇق. دەسلەپتە مەن، توي قىلغان كېچىنى ئامباردا ئوتكۈزگىنىمىز نىمىسى، دەپ بەكمۇ ھەيران بولغان ئىدىم. بىراق ئامبار ناھايىتى پاكىز، رەتلىك ئىكەن، شۇغىنىسى دەرىزىسى بولمىغانلىقتىن قاپ-قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇ يەردىكى تاختاي توشەكمۇ بۇ يەردىكى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش ئىدى، كېيىن شۇ تاختاي توشەك نەگە كېتىپ قالدى، كىم ئۇنى چۇۋۇۋەتتى؟ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى سىز چۇۋۇۋەتكەنتىڭىز. توغرا، ئۇ يەرگە ئاشلىق بادىسىگە قويۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىز چۇۋۇۋەتكەنتىڭىز. ھەي ئىسىت، نىمە دىگەن

ئوبىدان تاختاي توشەك ئىدى-ھە. ئامبار يەر ئاستىغا ئوخشاش قاپ-قاراڭغۇ ئىدى، ئۇ يەردە ياغاچ، قىرىندا ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئېھتىمال، دادىڭىز بۇرۇن ئۇ يەردە ياغاچچىلىق قىلغان بولسا كېرەك. سىزدىنمۇ ئاشۇنداق قىرىندا ھىدى كېلىپ تۇراتتى، ئاشۇ ھىد تا ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدا سىز مەندىن: "قورقۇۋاتامسەن قانداق؟" دەپ سورىغان ئىدىڭىز. مەن: "قورقمىدىم، سىز يېنىمدا بولغاچقا قورقمايمەن" دىگەن ئىدىم. شۇ چاغدا تالادىكى كاتەكتىكى خوراز گويا ئىككىمىزنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ قالغاندەك، يۇرىگىمنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، بار ئاۋازى بىلەن ھە دەپ چىللىغىلى تۇرماسمۇ! قورققىنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن! — ناستيۇنا پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، بىراق مۇلايىم ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئاۋازىنى تۆۋەن چىقىرىپ بىرنەچچە قېتىم كۈلگەندىن كېيىن، كۈلكىسىنى توختاتتى-دە، يېنىك ئۇھ تارتىپ قويۇپ، سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەتىسى ئەتىگەندە ئامبارنىڭ ئىشىگىنى مەن مىڭ تەستە تاپتىم، چۈنكى ئىشىكنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىگىنى بىلمەيتتىم. سىز تاكى چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغىچىلىك ئۇخلاۋەردىڭىز، ئوز خوتۇنىڭىزنىمۇ ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىز. مەن ئانگارا دەرياسى بويىنى ئايلىنىپ چىقتىم، كوكتاتلىقنى ئارىلاپ چىقتىم، ھەر ئىككى كوكتاتلىقنى قالدۇرماي كوردۇم. شىرەگە تاماق كەلتۇرۇلسىمۇ ئورنۇڭىزدىن تۇرمىدىڭىز، مەن سىزنى ساقلاپ،

ئۇلتۇرماي ئۇرە تۇرۇۋەردىم. قېينانامنىڭ ساقلاشقا سەۋرى تۇگەپ، سىزنى ئۇيغاتتى. ھەممىمىزنىڭ ـ قېيناتام، قېينانام، مېنىڭ ۋە سىزنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ، ئاپپاق بولكا بىلەن چاي ئىچكەنلىكىمىز ئېسىمدە. سىز تاماق يەۋېتىپمۇ گويا مەن تۇنۇگۇن پۈتۈن بىر كېچە يېنىڭىزدا بولمىغاندەك، ئۇلارغا تۇيدۇرماي مەن بىلەن ئېيتىشىپ، ئوينۇشۇپلا كەتتىڭىز. چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، سىز: "نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ماڭايلى" دېدىڭىز. مەن: "نەگە؟" دەپ سورىدىم. سىز "نەگە بارساقمۇ ئوخشاش، بولمىسا تاقىقا بارايلى" دېدىڭىز. راست، دېگەندەكلا سىز مېنى تاققا ئېلىپ باردىڭىز، ئۇ يەردە سىز مېنى بىر ئىگىز چوققىغا باشلاپ چىقىپ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى، بوز يەرلەرنى كورسەتتىڭىز، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كورسەتتىڭىز، ئۇ ھەقتە گەپ قىلىپ بەردىڭىز، ئىككىمىز تا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىچىلىك ئوينىدۇق. قايتىپ كېلىپ، دوست ـ يارەنلىرىڭىزنىڭ ئويىگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى كوردۇق، ئۇلار: "ئويلىنىۋاپسىز، توي شارابىغا تەكلىپ قىلارسىز" دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋىتا ۋە ماكسىم ۋولوگژىنمۇ بار ئىدى. ۋىتا قۇربان بولۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز باردۇ؟ خەۋرىڭىز بار، بۇنى مەن خەتتە سىزگە ئېيتقان. ئۇ ئولۇپ كەتكەندىن كېيىن نادكىنىڭ يەنە بىر قىز تۇقىانلىقى توغرىسىدا سىزگە خەت يازغان ـ يازمىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، ئۇ ھازىر ئۈچ بالىنى بېقىۋاتىدۇ، تازىمۇ جاپا چەكتى، ھەي،

تازىمۇ جاپا چەكتى. بىراق ئۇنىڭغا نىمە چارە؟

ناستيۇنا ئۆزىنىڭ سول يېقىدا ياتقان ئاندىرىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، ئۇ قىتىپ قالغاندەك ياتاتتى، ھەتتا نەپەس ئېلىۋاتقان-ئالمايۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى. ناستيۇنا ئۇنىڭ تېگىگە بىردىنلا چۈشىنىپ يەتتى، ۋىستانى تىلغا ئالماي تۇرسام بولغان ئىكەن دەپ بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. ۋىتا ئاندىرىنىڭ ياخشى دوستى ئىدى. بىراق ناستيۇنا ئالدىراپلا بۇ گەپنى بۇراپ، باشقا ئىشلار ئۈستىدە توختىلىشنى خالىمايتتى. بۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراشمۇ ئۆزىگە باغلىق ئەمەستەك تۇراتتى. ئۆتكەنكى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆز ئەينىدەك پەيدا بولاتتى، ئۇنى ھاياجانغا سالغاندەك ھەم ئەنسىزلەنگەن ھالدا چايقىلىپ، مېنى تاشلىۋەتمەي، داۋاملىق ئەسلەۋەرسىڭىز دەپ ئۆتۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ناستيۇنا باياتىن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىشلار گويا يېقىندىلا بىر يەردە بولۇپ، ئۇ، ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى ئېسىدە تېخىمۇ چىڭ ساقلىشى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئالغا مېڭىشقا يېتەكلىشى ئۈچۈن، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ ۋاقىت قوينىغا ئېپكەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك تۇراتتى. ئۆتكەنكى ئىشلار ھەقىقەتەن لەززەتلىك-شىرىن بولۇپ، كىشىگە نەقەدەر بەخت، نەقەدەر شاتلىق، نەقەدەر كۆپ ئۈمىت بېغىشلايدۇ-ھە! بىراق، ناستيۇنا يەنىلا ئۆتكەنكى ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسلىمىسىنى: ”بولدىلا تىلغا ئالمايلا قوياي“ دەپ بېسىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ باشقا ئىشلار توغرىسى-

دىكى بەزى ئەسلىمىلىرى يەنە يادىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى باشقا بىر خىل كەيپىياتقا چۆمدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈلۈمسىرىگەن پېتى سورىدى:

— سىز كۇرستا ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا رايونغا يوقلاپ بارغانتىم، ھېلىمۇ يادىڭىزدىمۇ؟

ئۇلار توپ قىلغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى قىشتا، كولخوز ئاندىرىنى بوغالتىرلىق كۇرسىدا ئوقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ مەكتەپتە ئالتە يىل ئوقۇغان ساۋاتلىق كىشى ھېساپ-لىناتتى، شۇڭا مەسئۇل كىشلەر ئۇنى تىراكتورچى بولۇش ئارزۇ-سىدىن ۋازكېچىشكە كوندۇرۇپ، بوغالتىرلىقنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. بوغالتىرلىقمۇ كىشلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىلى بولىدىغان ناھايىتى ياخشى خىزمەت بولۇپ، تىراكتورچى بولۇشقا يەتمىگەن بىلەن، ھەممىشە ئۆيدە تۇرۇشقا بولاتتى، ھەر يانغا چېپىپ يۈرۈش ھاجەتسىز ئىدى، دىخانچىلىق سايمانلىرى پونكتىغا كىرگەن بولسا، يىل بويى باشقىلارنىڭ ئېتىزلىغىدا بولۇشقا، باشقىلار بىلەن بىللە يۈرۈشكە توغرا كەلگەن بولاتتى. دەل مۇشۇ ئىش ئاندىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىراكتورچى بولۇش نىيىتىدىن يېنىپ بوغالتىرلىقنى تاللىۋېلىشىغا سەۋەپچى بولغان ئىدى.

يېڭى يىل ھارپىسىدا، ئاندىرى بوغالتىرلىق كۇرسىدىن يېڭى يىل بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ،

تاكى روژدېستۋو① بايرىمىغىچە تۇردى. ئىككىنچى ئايدا ناستيۇنا رايون مەركىزىگە ئۇنى يوقلاپ باردى. رايون مەركىزىگە بېرىش ئۈچۈن يەتمىش چاقىرىمغىچە يول يۈرۈشكە، يېرىم يولدا بىر كېچە قونۇشقا توغرا كېلەتتى. ئىننوكېنتى ئىۋانوۋىچ بىلەن ۋاسىلىسامۇ ناستيۇنا بىلەن بىر چانىغا ئولتۇرۇپ رايون مەركىزىگە بارغان ئىدى. ئۇ چاغدا ۋاسىلىسا، نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، دوختۇرخانىغا بېرىشقا ئالدىرايتتى. ئىننوكېنتى ئىۋانوۋىچ بىلەن ناستيۇنا ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يول بويى ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلىشىپ ماڭدى، ئىننوكېنتى ئىۋانوۋىچ ناھايىتى مۇڭداشقاق ئىدى، ۋاسىلىسا بولسا كەم سوز بولۇپ، ئاسانلىقچە گەپ قىلمايتتى. ئەتىسى كەچقۇرۇن ئۇلار كوزلىگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ، ھەركىم ئوزى بېجىرمەكچى بولغان ئىشنى بىر كۈندە تۈگىتىپ بولۇشقا كېلىشتى-دە، ئوز يولىغا مېڭىشتى. ئاندىرىنى يوقلاش ناستيۇنانىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىدى. بۇ ئىشقا قانچە كۈنلۈك مۆھلەت بېرىلسىمۇ ئازلىق قىلغان بولاتتى.

ئاندىرى ئانگارا دەرياسىنىڭ كېچىكىگە يېقىن ئۇستەڭ بويىدىكى دەرىزىسى ھەم تار، ھەم كىچىك، خىرە يورۇق

---

① روسىيىدە يېڭى يىل مىلادىيە بويىچە 1-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىدۇ، روژدېستۋو بايرىمى رۇس كالىندارى بويىچە 12-ئاينىڭ 25-كۈنى (يەنى مىلادىيە بويىچە 1-ئاينىڭ 7-كۈنى) بولىدۇ. شۇڭا روژدېستۋو بايرىمى يېڭى يىلدىن يەتتە كۈن كېيىن كېلىدۇ.

چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر ياغاچ ئۈيگە ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۆي ئىگىسى كەمپىر ناستيۇنانى قارشى ئالمىدى، ئاندىرى بىلەن بىرگە ياتقان ساۋاقدىشى بولسا تېخىمۇ قارشى ئالمىدى، ئۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئەر كىشى بولۇپ، چىرايىنى تۈرۈپ، ئورنىدىن قوپۇپمۇ قويماي، كارۋاتتا ياتقان پېتى ئۆز كىتاۋىنى ئوقۇۋەردى، ھەتتا سالاملىشىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن يۈزى چوقۇر ئىدى، كوزىگە رەڭگى بىر بىرىگە ئوخشاش-مايدىغان — بىر تەرىپى ئاچ، بىر تەرىپى توق كەلگەن كوزەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، ئۇنى كوزەينەك دىگەندىن كورە، ئاتنىڭ كوزىگە تارتىپ قويىدىغان يوپۇق دىگەن تۈزۈك ئىدى. ئاندىرى خىجىل بولغىنىدىن پايپېتەك بولۇپ، ناستيۇنانى كولخوز-چىلار مېھمانخانىسىغا باشلاپ باردى-دە، ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇشقا جايلاشتۇرۇپ قويىدى.

ناستيۇنا ئاندىرىنى يوقلاش قارارىغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا كوڭلىگە كىچىككىنە بىر ئۈمىت پۈكۈپ قويغان ئىدى، بۇ ئۈمىتنى ھەتتا ئۇنىڭ ئوزىمۇ تولىمۇ كوپ ئويلىغۇتسەم، قاچۇرۇپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، پەقەت ئوز كوڭلىدىلا يوشۇرۇنچە ئويلاپ باقتى، بۇنى ئۇنىڭ ئاندىرىغا ئېيتىشى تېخىمۇ ھاجەتسىز ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بۇ سوزنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا خىجىل بولاتتى. "ئويدە بەرىبىر بويۇمدا قالمىغاندىكىن، بۇ يەرگە كېلىپ باقسام، ئىش كوڭلۇمدىكىدەك بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس." — ئۇنىڭ ئۈمىدى ئەنە شۇ ئىدى. ئۇلار ئويىدە بىللە

تۇرۇپ كونۇپ قالغان. بىر بىرى بىلەنمۇ ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ يەردە بولسا شارائىت پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىدى، مۇشۇ يېڭىلىقنىڭ رول ئويناپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. تالادا ئۇچراشقاندا ئاسانلا بويىدا قالدۇ ھەم ھەممىدىن ئىشەنچلىك بولىدۇ دەيدىغان گەپلەر بار. بۇ ئورۇنسىز گەپلەر ئەمەس، ئاتا-ئانا بالا تېپىشنى يادىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان چاغلاردا، بالا: "دادام مېنى سىزدىن ھال سوراشقا ئەۋەتتۇدى!" دەپ دۇنياغا كېلىپ قالدۇ. بىراق، ناستىيونانىڭ بۇنداق قىلىشى ئوچۇق-ئاشكارا، يوللۇق، ئەر-خوتۇننىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدىن بولىدىغان ئىش ئىدى، ئۇز ئۆيىدىن تولىمۇ يىراققا كېتىپ، ئاز-پازلا سىزىقتىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق قىلغاندا بويىدا قېلىشىغا كوزى يېتەتتى. ئۇ ئۆزى تاپقان بۇ ئەقىلنىڭ بىرەر نەتىجە بېرىشىگە ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ، ئەمما ئىشەنمىگەنسېرى پۈتۈن ئېسى-يادى بىلەن شۇنداق قىلغۇسى، زادى قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراپ باققۇسى كېلەتتى.

— ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ، ئەتىسى سەھەردە سىز دەرسكە قاتناشمايلا مېھمانخانىغا بارغانتىڭىز، ئىككىمىز چايخانىغا باردۇق، چايخانا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتسىلا بولاتتى. ئۇ يەردىكى بىر شىرە ئۈستىگە ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك يوغان ساماۋار قويۇلغان ئىكەن، بۇنداق يوغان ساماۋارنى ئىككىنچى كورۇپ باقمىدىم، ساماۋارنىڭ جۇمكى كاردىن چىققاچقا، سۇ كوكىراپ ئېقىپ تۇراتتى، شۇڭا جۇمەك

ئاستىغا ئالايىتەن يوغان بىر داس قويۇپ قويۇلغان ئىدى. نىمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جۇمەكنى كەپشەرلەپ قويمىغانلىغىنى بىلمىدىم. شۇ چاغدا چايچى ئاچا ھىلىقى داستىكى سۇنى ئىستاكانىڭىزغا شالاقىدا توكتى! لېكىن بۇنى سىز كورۇپ قېلىپ: "بۇ بولمايدۇ، ساماۋاردىكىدىن قۇيۇپ بېرىڭ" دىدىڭىز، ئۇ: بۇمۇ ساماۋاردىكىغۇ" دەپ تاكاللاشتى، سىز: "ياق، ئۇ ساماۋاردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ" دىدىڭىز ھەم: "بۇ قانداقمۇ چاي بولسۇن، يۇندا" دەپ قوشۇپمۇ قويدىڭىز. ئۇ: "بۇ ھەرگىز يۇندا ئەمەس" دىدى. سىز: "راستلا، يۇندا" دەپ چىڭ تۇردىڭىز. ئاخىردا ئۇ يول قويۇپ، چاينى سىزگە ساماۋاردىن قۇيۇپ بەردى. ئېسىمدە تۇرۇپتىكىن، سىز ماڭا يەنە تېخى بىرنەچچە كەمپىتمۇ ئېلىپ بەرگەنتىڭىز، مەن ئۇنى شېكەر ئورنىدا كاچىلدىتىپ چاينىپ، چاي ئىچكەنتىم. ئۇ كەمپىت ئېھتىمال ھەسەلدىن ئىشلەنگەن بولسا كېرەك: ناھايىتى تەملىك ھەم ناھايىتى يېپىشلىك بولغاچقا، يەپ بولۇپ خېلى ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىنمۇ تەمى ئاغزىمدىن كەتمىگەن ئىدى، — ناستيۇنا سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، گويا كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ھىلىقى كەمپىتنىڭ شىرىن تەمىنى قايتىدىن تېتىپ بېقىۋاتقاندەك، تىلىنى چاكىلداتقان پېتى كالپۇكىنى يالاپ قويدى، — شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىز چاي-پاي ئىچىپ قوساقنى توقلىغاندىن كېيىن يەنە قونىدىغان جايىڭىزغا باردۇق، ھىلىقى "سېۋىتىڭىز" يەنى غەلىتە كوزەينەك تاقىۋالغان ھىلىقى ئادەم كېتىپ

قاپتىكەن، بىراق كەمپىر ئويدىكەن. ئۇنىڭ ئاللىقانداق بوغالتىرلىقىنى ئۆگىنىشى ھاجەتسىز بولغاچقا، ئىككىمىزنى نىمە قىلىدىكىن دەپ قىسمىر قىلىپمۇ قويماي، مىختەك قادىلىپ ئولتۇرىۋەردى. ئۇ كەمپىر بەكمۇ ئەسكىكەن، ئىككىمىزنىڭ ئۇنى كوزدىن يوقالسىكەن دەپ تۇرغانلىغىمىزنى بىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ قىرىشقاندەك مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىپ، دۇكانغا بېرىپ كىچىككىنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئېپكېلىپ بەرگىن دەپ، ئۇنىڭ قولىغا بىرئاز پۇل تۇتقۇزدىڭىز-دە، يولغا سالدىڭىز. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، سىز ماڭا ئۇنىڭ ھاراق ئېلىشتا ھېچكىمگە ئىشەنمەي، ھەمىشە ئوزى بارىدىغانلىغىنى ئېيتىپ بەردىڭىز. بۇ كەمپىر ھەر ھالدا تالاغا چىقىپ كىرىشكە ماقۇل بولدى. ماڭاشىدا بىزگە: "بوپتۇ، بىر بوتۇلكا ھاراققا ئوزەم ئۇچقاندەك بېرىپ كېلەي، باشقا ئىش بولغان بولسىدى، بۇ يەردىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىگەن بولاتتىم" دىدى. سىز ئۇنىڭغا: "ئۇچقاندەك بېرىپ كېلىمەن دىمەي، ئالدىرىماي بېرىپ كەلسىڭىزمۇ ئۇلگۇرەلەيسىز" دىدىڭىز. ئۇ: "مەنغۇ ئۇلگۇرەلەيمەن، ئوزەڭچۇ، قوزام، ئىشىكنى تاقاپ قويغۇنۇڭ تۇزۇك، ئوز ئويۇمگە شۇنداق ئوسۇپ كىرىپ كېلىپ، كورۇپ قالسام ئىزا تارتىپ كەتمەڭلار يەنە" دىدى.

ناستيونا كۈلۈپ كەتتى. ئۇ شۇنداق مۇلايىم، مەنىلىك كۈلگەنلىكتىن، ئۇستىخىنى سىلكىنىپمۇ قويىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى، گويا كېمىنىڭ دەريا سۈيىنى يېنىككىنە يېرىپ كېتىۋاتقان چاققان

سۇ يارغۇچىدەك، بارا-بارا يىراقلاپ كەتتى.

— كېيىن ئىككىمىز كۆن بويى ئويىندۇق، ھەممە يەرنى ئايلىنىپ چىقتۇق، — ئۇ يەنە ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ئاستا پىچىر-لاشقا باشلىدى، — سىز مەندىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدىڭىز، مەن بىلەن بىرگە بولغانلىقىڭىزدىن بەكمۇ خوشال ئىكەنلىكىڭىزنى بايقاپ تۇراتتىم، بەكمۇ خوشال ئىدىڭىز. ئۆزەمنىڭچۇ، ئۆزەم-نىڭمۇ قانچىلىك خوشال بولغانلىقىمنى ئېيتمايلا قوياي! شۇ چاغ تازا قاتتىق سوغاق بولۇۋاتقان زىمىستان قىش بولسىمۇ، لېكىن خوشاللىقىمدىن پۇتۇن بەدىنىم ئوتتەك قىزىپ تۇراتتى. يول بويى يۈزۈمنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقان-لىقىنى، قوللىرىمنىڭمۇ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. بىلىشىڭىز كېرەككى، دەسلەپتە تېخى سىزنى: "نېمە دەپ كەلدىڭ؟" دەپ ئەيىپلەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم، دېمىسىمۇ، مەن ئۇ يەرگە نېمە دەپ باردىم؟ بۇنى تىل بىلەن ئېنىق دەپ كەتكىلى بولسۇنمۇ؟ سىزنى يوقلاپ كېلىشىمدە زادى باشقا ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى، سىزنى يوقلاشقىلا كەلگەن ئىدىم. يېنىڭىزغا تەنتەكلىك قىلىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋالسام، سىزگە نېمە پايدىسى بولسۇن! كەلگەندىكىن، ئوينايمەن، تاماشا قىلىمەن دەپ ئۇگىنىشىڭىزگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويىدىغان گەپكەن. ئىككىمىز تېخى كىنومۇ كۆردۇق! — ئۇ توساتتىن ئاۋازىنى يۇقۇرى كوتىرىپ، ۋاقىراۋاتقاندەك سوزلىدى، — ئېسىڭىزدىمۇ؟ كىنو كوردۇق! پاھ، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. مىگەم

نىمە بولدىكىن ـ تاڭ، پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى ئېسىمدە تۇتۇۋېلىپ، مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىڭا. ئەتىسى قايتىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا، چاندا ئولتۇرۇپ كىنودىكى ۋەقەلىكنى سوزلەپ بەرسەم، ھەتتا ۋاسلىسانىڭمۇ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. كىنو كورگەندە ئىككىمىز ھىلىقى توشۇك ئاستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر رەت ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىدۇق، كىنو قويىدىغان نۇر شۇ توشۇكتىن چىقىدىكەن. كىنو تۈگەپ قالاي دىگەندە سىز ماڭا يېقىن كېلىپ، ئاۋازىڭىزنى پەس چىقىرىپ: "ئەتە قايتىپ كېتىمەن دىمەي، يەنە بىر كۈن تۇرۇپ كەتسەڭ، قانداق؟" دىدىڭىز، مەن بېشىمنى چايقىدىم، بىراق كوز ياشلىرىم زادى توختىماي تاراملاپ توكۈلگىلى تۇردى. چۈنكى سىز، سىز مېنى قېيقال دەۋاتاتتىڭىز ـ دە. شۇ چاغدا يۈرىگىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئىدى......

ـــ كېيىن، كېيىنكى ئىشلار ئېسىڭىزدىمۇ، ئاندىرى؟ كېيىنكى ئىشلار ھەقىقەتەن كۈلكىلىك بولغانتى. سىز مېنى كولخوزچىلار مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇشتىن ئىلگىرى ئىككىمىز يەنە يول ئۈستىدىن سىز قونۇۋاتقان جايغا باردۇق. ئەمدى كەمپىرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسانىغا چۈشىدىغانلىغى ئىككىمىزگە ئايان ئىدى. ئۇ يەرگە بارغاندا، ئۇ سىزگە: "قوزام، يەنە ئازراق پۇل چىقىرىڭ كىچىككىنە بىر بوتۇلكا هاراق ئېپكېلەي. ئىككىڭلار بۇ يەردە قېلىپ مەن ياتىدىغان ھىلىقى ئاشخانىدا ئۇخلاڭلار. ئوزەم بولسام قەدىناس ئاچا ـ سىڭىللارنىڭكىدە

كىچىنى ئۇتكۈزگەچ، يىرىم بوتۇلكا ھاراقنى قىقىۋېتىپ، ئىسسىۋالاي" دېدى. سىز ئۇنىڭغا پۇل بەردىڭىز — كەمپىرنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قانداقمۇ يەردە قويغىلى بولسۇن؟ ئۇ كېتىپ قالدى، بىراق كوپ ئۆتمەيلا، ئىككىمىز تېخى يېتىپ بولماستىلا يېنىپ كېلىپ: "دۇكان تاقىلىپ قاپتۇ، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە قۇرۇق قول بارسام مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ" دېدى. شۇ چاغدا سىز يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، قاياقتىندۇر بىر بوتۇلكا ھاراق تېپىپ كېلىپ، كەمپىرنى يولغا سېلىپ قويدىڭىز. كېيىن سىزنىڭ ھىلىقى ھەمىشە تەرىنى تۇرۇپلا يۈرىدىغان "سېۋىتىسىڭىز"مۇ قايتىپ كەلمەي، باشقا جايدا قونۇپ قاپتۇ. بۇ يەردە پەقەت ئىككىمىزلا قېلىپ، پۈتۈن بىر كېچىنى شۇنداق كوڭۇللۇك ئۆتكۈزدۇق. پاھ، شۇ كېچىچۇ، ئاندىرى! بىراق سىز: "ماڭا تەك-كەنلىكىڭ كوڭلۇڭدىكىدەك بولدىمۇ-يوق؟" دەپ سوراپ يۈرىسىز تېخى! بۇنى سورىغىنىڭىز نىمىسى! ۋاي خۇدايىمەي! بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىدىغان بولغىيتىڭىز. ماڭا يەنە نىمە كېرەك ئىدى؟

بىراق، شۇ چاغدا ئاندىرىنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ دىگەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيۋاتاتتى. دەسلەپتە ئۇ ناستيۇنانىڭ ئەسلىمىلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، كوڭلىدە بىر خىل لەززەتنى، ھەم يۈرىكىگە بىگىز سانچىۋاتقاندەك ئازاپنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھىس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئازاپ-لىنىشىدىكى سەۋەپ شۇ يەردە ئىدىكى، بۇ ئۆتكەنكى ئىشلار ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن ئىدى، بۇ ئۇنىڭمۇ ئېسىدە بار ئىدى،

لېكىن، ئىمىشقىكىن-تاڭ، بۇلار خاتىرىسىدە شۇنداق مەنىسىز، سۇس، تۇتۇق بولۇپ كورۇنەتتى، گويا بۇنىڭغا بىر ئەسىر ئوتۇپ كەتكەندەك تۇراتتى؛ بۇ ئىشلار ئوز بېشىدىن ئوتكەن ئىشلار بولماستىن، بەلكى باشقا بىرسىنىڭ بېشىدىن ئوتكەندەك، ئۇ كىشى ئوز خاتىرىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇ ئەمدىلىكتە باشقىلار ئوزىگە ئوتكۈزۇپ بەرگەن خاتىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەيتتى. باشقىلار ئوتكۈزۇپ بەرگەن بۇ خاتىرە ئوز نېسۋىسىگە شۇكرى قىلماي، ھە دەپ تېگى-تەكتىنى سۇرۇشتۇرەتتى، ئاندىرىنىڭ ئوزىدىكى خاتىرە بىلەن ئىناق بىللە ئوتۇشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ ئاندىرىنى ئازاپلىغاندىن باشقا ئۇنىڭغا ھېچنىمە بېرەلمەيتتى. بۇ ئىككى خىل خاتىرىنىڭ ھېچقايسىسى بىر بىرىنى كەچۇرۇشنى خالىمايت-تى، ئۇلار ئۇنىڭ مېڭىسىدە چەك-چېگرىسى ئېنىق بولغان ھالدا بىر تەرەپنى ئىگەللەپ، بىر بىرىگە ئارىلاشمايتتى، چېگرا سىزىغىدىن بىر قەدەممۇ نېرى ئوتمەيتتى. بىراق يەنىلا ئۇنىڭ ئوز خاتىرىسى يامانراق، قۇدرەتلىكرەك بولغاچقا، ھەرقاچان قارشى تەرەپنى بېسىپ چۇشەتتى.

ئىلگىرى شۇنداق بولغان ئىدى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ناستيۇنا ئازراق ھاياجانلانغان ھالدا سوزلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاندىرى پەقەت ئاڭلاپلا قويدىيۇ، جاۋاپ قايتۇرمىدى، بەزىدە ئۇ ناستيۇنانىڭ ئەسلىمىسىگە قوشۇلۇپ، ھە-ھۇ دەيتتى، بەزىدە بولسا قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئوزىنىڭ بەزى ئۇششاق

ئىشلىرى ئۈستىدە توختاپ قالاتتى، ئۇنىڭ ناستيۇناغا ئەگىشىپ ماڭغان يولى ئالىلىقاچان تونۇشلۇق بولۇپ قالغان تۈپ-تۈز يول بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھەمىشە ئازاپلانغان ھالدا مۇدۇرۇپ كېتەتتى، پۈتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشەتتى، ناستيۇنا مېنى تونۇش يولغا باشلاپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، پات-پات ئالدى-كەينىگە قاراپ قوياتتى. ئاندرىنىڭ ئۆز ئەسلىمىلىرى قوغلاپ يېتىشىپ، ئالدىنى توسقان چاغدىمۇ، ئۆزىنىڭ چېكىشكە تېگىشلىك ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى بالدۇرراق چېكىپ بولغاندىن كېيىن قايتىدىن ناستيۇناغا ئەگىشىپ ئالغا قاراپ مېڭىشى ئۈچۈن، گويا ئەسلىمىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، ئەسلىدىلا شۇنداق قىلىشنىڭ كېرەك ئىدى دەپ، ھەرگىز ئەجەپلىنىپ كەتمەيتتى.

ئۇنىڭ ئۆزىدىكى بۇ ئەسلىمە، كۆتۈلمىگەندە پەيدا بولۇپ قالاتتى-دە، بەئەينى نېپىز بىر قات ئومۇچۇك تورىغا ئوخشاپ سالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاندرىنىڭ كوز ئالدىدا ئىلگىرىكىگە قىلچە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خىل مەنزىرە پەيدا بولۇپ، كىنو لېنتىسىدەك ئارقا-ئارقىدىن ئۆتۈشكە باشلايتتى. بۇ مەنزىرىلەر بۇگۈنكى تۇرمۇشتىن يىراق ئەمەس ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەسلىمە بولۇپ، ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئورۇن ئالغىنىغا تېخى ئۇزۇن بولمىغان ئىدى. ئاندرىنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۈچى يەتمەيتتى. بۇنداق ئەسلىمە ھەمىشە قارشىلىقسىز ھالدا توساتتىن پەيدا

بولۇپ قالاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە يېپىشىۋېلىپ، شەپقەت-سىزلىك بىلەن ئادەمنى قورقۇتۇپ چاچلىرىنى ھۇرپەيتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە قايتىدىن شۇنداق ئېنىق نامايان بولاتتى. ئاندىرى گۇسكوۋ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئاۋال دوختۇرخانىغا بېرىپ قالغانلىقىنى، كېيىن يەنە قانداق قىلىپ ھېچنېمىگە قارىماي ئۇدۇل بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى قانچىلىغان قېتىم نائىلاج ئەسكە ئالغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمەلىيەتتە، شۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى.

...... پىژ-پىژ ئىسسىق بولۇۋاتقان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، كەچقۇرۇن ۋاقتى ئىدى، ئۇلار يوشۇرۇن ئوق ئۇزۇش ئىستېھ-كامىدا توپ ئېتىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېڭى ئىستېھكامغا يوتكەلمەكچى بولۇپ تۇراتتى. كۆزەتكۈچى بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان، ئوڭ تەرەپتىكى زەمبىرەكچىلەر ليەنى چېكىنىپ بولغان ئىدى، سول تەرەپتىكى زەمبىرەكچىلەر ليەنى بولسا ھېلىمۇ ئالدىرىماي-تېنىمەي چېكىنىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى، چۈنكى يۇقۇرىدىن ئانچە سۆيلەپ كەتمىگەن ئىدى. ئاندىرى تۇرۇشلۇق زەمبىرەكچىلەر بەنى بومبا ئاتار زەمبىرەكنىڭ قارىغا ئېلىش ئەسۋابىنى چۇۋۇپ، زەمبىرەك قۇيرۇغىنى چۇۋۇپ ھەم يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، زەمبىرەك يوپۇقىنى كىيدۈرۈۋاتاتتى. ئىستېھكامنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى شالاڭ دەرەخ ئۆسكەن دوڭنىڭ كەينىدە سورىگۈچى ماشىنىنىڭ موتورى

توختىماي گۆكىرەيتتى، ئىككى سورىگۆچى ماشىنا جالداقىلىغان ھالدا زەمبىرەككە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

سورىگۆچى ماشىنىلارنىڭ موتورلىرىنىڭ گۆكىرىشى تانىكا ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ دىققەت-ئېتىبارى زەمبىرەكنى چۇۋۇشقا ۋە يوتكىلىش تەييارلىغىنى كورۇشكە مەركەزلىشىپ قالغاچقا، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى، شۇڭا ئاۋازنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە پەرق ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. بىرنەچچە نېمىس تانكىسى ئالدى تەرەپتىكى تاغ چوققىسىغا پەيدا بولۇپ، جەڭ ئالدىدىكى ئالاقزادىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچىلىك بولغان ئارىلىقتا بىر توختاپ قويۇپ، ئارقىدىنلا تاغ باغرىغا قاراپ ئېتىلغاندا، ھەممەيلەن: "ئۇلار قاياقتىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئالدىدا ئوزىمىزنىڭكىلەر بار ئەمەسمىدى؟ ئۇلار زادى نەدىن پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟" دەپ، ئالۋاستى چاپلىشىۋالغاندەك داڭقېتىپ قالدى. ئىككى زەمبىرەكچىلەر ليەندە قىيا-چىيا كوتىرىلدى، ھەرقايسى زەمبىرەكچىلەر ئالدىراپ-تېنەپ زەمبىرەك يوپۇغىنى ئېلىپ تاشلىدى، زەمبىرەك قونداقلىرىنى ئورناتتى، زەمبىرەكلەرنى تىكلىدى ۋە توغرىلىدى. ئاندىرى (ئۇ ئوق سالغۇچى ئىدى) ئوق ساندۇغىغا قاراپ يۈگۈردى، مانا شۇ چاغدا پارتلاش زەربىسىدىن ھۇشىدىن كەتتى-دە، يەرگە يىقىلدى. ئۇ كوزىنى

چىك يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن يېنىدىكى بىر بومبا ئاتار زەمبىرەكنىڭ چاقنىشى ئاسماندا ئاستا لەيلەپ يىقىراپ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، گاھ يۇقىرى ئۆرلەپ، گاھ پەسلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ تېخىچە تىرىك ئىكەنلىكىنى پەملەپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالغا تاشلاندى-دە، ئوق ساندۇغىنى قۇچاقلىۋالدى.

دۈشمەن تانكىسى جەمى بەش ئىدى. بۇلارنىڭ بىرىگە سول تەرەپتىكى بىرىنچى زەمبىرەكچىلەر لىيەنىنىڭ ئوقى تېگىپ ئوت كەتتى. ئاندىن تۇرۇشلۇق ئىككىنچى زەمبىرەكچىلەر لىيەنى بولسا بىر پايمۇ ئوق ئاتمىغان ئىدى. لىيەنجاڭ خىقىرىغان ھالدا ئاللىقانداق بىرنىمىلەرنى دەپ ۋاقىرايتتى، بىراق بۇ پەيتتە نىمە قىلىش كېرەكلىكى ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن تەقدىردىمۇ ئېنىق بولۇپ قالغان ئىدى. تانكىلار تاغدىن چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككىگە بولۇندى: ئىككىسى زەمبىرەكچىلەر بىرىنچى لىيەنىگە، قالغان ئىككىسى زەمبىرەكچىلەر ئىككىنچى لىيەنىگە قاراپ ئېتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن ئىنتايىن ھىلىگەر بولۇپ، ئىككى زەمبىرەكچىلەر لىيەنى ئوتتۇرىسىدىكى بوش ئارىلىقنى ھۇجۇمغا ئوتتۇش يولى قىلىپ تاللىۋالغان ئىدى. دىمەك، زەمبىرەكچىلەر ئوق چىقارسا، ئۇ ئۆز ئادەملىرىنىڭ بېشىغا بېرىپ چۈشكەن بولاتتى. بىراق ئەھۋال قىل ئۈستىدە قالغان شۇ پەيتتە، ھېچكىممۇ ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرمايتتى.

زەمبىرەكچىلەر ئىككىنچى لىيەنىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئاندىرى

ئوق قاچىلايدىغان بىرىنچى نومۇرلۇق بومبا ئاتار زەمبىرەك بولۇپ، ئۇ پەقەت بىر پاي ئوق ئېتىشقىلا ئۈلگۈرەلىدى. كېيىن ئاندىرىنىڭ يېنىدا ئىنتايىن قىسقا، تىترەڭگۈ، يېرىلغان بىر سادا ياڭرىدى، بۇ سادا ئۇچكىچە ئۇزۇننىڭ بىر مولىلاق ئېتىپ بىر يانغا ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى سەزدى.

ناستيۇنانىڭ ئاۋازى ناھايىتى يىراق، ناھايىتى يىراق بىر جايلاردىن كېلىپ، لەرزان ھەم يېقىملىق ھالدا ياڭراۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ ئاۋاز ئاندىرىنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتاتتى. ئۇ ناستيۇنانىڭ نىملەرنى دەۋاتقانلىغىنى ئېنىق ئاڭلىيالمايۋاتاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىغى تۇۋىدە يەنىلا پولاتقا پولات تېگىشكەندە چىقىدىغان، يەر-زېمىننى زىلزىلىگە سالىدىغان قىسقا ھەم ۋەھىملىك گۈمبۈرلەش ساداسى ياڭراۋاتاتتى. ئادەم بۇ ئېلىشىشتا ئامالسىزدەك تۇراتتى؛ بۇ جەڭدىكى ھەر بىر كورۇنۇش ئاندىرىنىڭ كوز ئالدىدىن چاقماق تېزلىگىدە ئارقا-ئارقىدىن ئوتمەكتە ئىدى: ھاۋانى سېسىق قان ھىدى قاپلاپ كەتتى؛ كوككە ئورلەۋاتقان يالقۇنجاپ تۇرغان ئىس-تۇتەك ئارىسىدا قىيا-چىيا كوتىرىلدى؛ مۇقىملاشتۇرۇلمىغان ئۇزۇن بىر زەمبىرەك تاپىنى قارا توپا تورزۇتتى؛ سورەش ماشىنىسى ئالدىراپ-تېنەپ ئارقىسىغا يېنىپ، بېكىنىش ئورنىغا قاراپ كەتتى؛ زەمبىرەكنىڭ قورۇلچىسى گورۇتكو بېشىنى ئاستا كوتىرىپ، ئوزىنىڭ توپ ئوقى پارچىسى بىلەن يېرىپ تاشلانغان قوسىغىغا سەپسالدى؛ زەمبىرەك يوپۇغى پارتلاش دولقۇنىدا كوككە چورۇپ تاشلانغان

ئىدى. — بۇلارنىڭ ھەممىسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تانگا زەنجىرىنىڭ جالاقلاشلىرىغا جۆر بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاۋاز تېخىمۇ كۈچلۈك ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، بارغانسېرى قاتتىق چىقماقتا ئىدى.

ناستيۇنانىڭ ئاۋازى تۇساتتىن غايىپ بولدى. ئاندىرى تېخىچە ئۆزى قاتناشقان ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭنى ئەسلەش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، رىياللىققا قايتىپ كەلمىگەن ئىدى، ئۇ ئاۋايلاپ ئۆرۈلۈپ، ناستيۇنانىڭ كۆزىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل ئالامەتنى كوردى. ناستيۇنا ئۆز ئەسلىمىسى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەچكە، كۆزلىرىدىن مېھرىۋانلىق يېغىپ تۇراتتى. ئاندىرى زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئۆزىنى ناستيۇنا-نىڭ باغرىغا ئاتتى-دە، ئېسەدىگىلى تۇردى.

— سىزگە نېمە بولدى، ئاندىرى؟ بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى ناستيۇنا ھەيران بولۇپ، ئاندىرى ئۇكسۇپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ھېچنېمە بولمىدىم، ناستيۇنا، ھېچنېمە، سەن بۇ يەردە بولساڭلا، مېنىڭ يېنىمدا بولساڭلا بولغىنى.

بىراق ئاندىرىنىڭ كوڭلى جايىغا چۈشمىگەن ئىدى. ئۇ باياتىن كوز ئالدىدا پەيدا بولغان ئېلىشىش مەنزىرىسىنىڭ ئەسلىمە بولماي، بەلكى شۇ پەيت، شۇ يەردە بولۇۋاتقان ئەمەلىي جەڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك، تىت ئەتراپقا قارىدى.

— نىملەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسىدىغانسىز؟ — دېدى ناستيۇنا قولىنى سوزۇپ ئاندىرىينىڭ چاچلىرىنى چوڭقۇر مېھىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆز پىكرى بويىچە سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزچۇ، كەم-كۈتىسىز كالۋا ئىكەنسىز. ئاللىقاندىاق يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلىپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن. ئېھتىمال، مېنىڭ يېنىڭىزدا بولۇشۇم كوڭلىڭىزدىكىدەك ئىش بولمىغاندۇر. زادى مېنىڭ كوڭلۇمدىكىدەك بولۇۋاتامدۇ-يوق، بۇنى سىزنىڭ سوزلەپ ئولتۇرۇشىڭىز ھاجەتسىز. سىز بىلەن بىرگە بولساقلا مەڭگۇ كوڭلۇمدىكىدەك ئىش بولىدۇ، مەڭگۇ. مانا بۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. مەن ھەتتا سىزدىن ئايرىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خىيالىمغا كەلتۇرۇپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. سىز بولمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مۇشۇ يىللاردىن بۇيان مەن سىزنى توت كوز بىلەن كۈتتۇم، مەن كۈتكەن باشقا بىرسى ئەمەس، ئۆزىڭىزغۇ. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان مەن قايسى كۈنى ئاۋال سىز بىلەن بىر دەم مۇڭداشماي ئۇخلاپ قالدىم؛ قايسى كۈنى ئەتىگەندە سىزنى سىلاپ بېقىپ يېنىمدا يېتىۋاتقانلىغىڭىزنى بىلمەي تۇرۇپ ئورنۇمدىن قوپتۇم؟! مەن راستىنلا ھەر كۈنى سىز بىلەن يۈز كورۇشۇپ كەلگەندەك قىلدىم، دەسلەۋىدە كوزۇمگە ھېچقانداق ئادەم كورۇنمەيلا كەلدى، پەقەت بوراندەك ھۇشقىيتقان ئاۋازنىلا ئاڭلاپ تۇردۇم، بۇ ئاۋاز — بارا-بارا پەسەيدى، بارغانسىرى پەسەيدى، دېمەك سىز بىلەن يۈز كورۇشۇشكە ئاز قاپتۇ دەپ ئويلىدىم، ئارقىدىنلا دىگەندەك سىز بىلەن يۈز كورۇشتۇم. نىمە

ئۇچۇنكىن ـ تاڭ، ھەر قېتىم سىزنى يالغۇز ھالەتتە كورەتتىم. چىرايىڭىزنى غەم باسقان ھالدا، يەككە ـ يىگانە، بىر قۇر ھەربى كىيىمىڭىز بىلەن يا ئولتۇرغان بولاتتىڭىز، يا ئورە تۇرغان بولاتتىڭىز. مەن شۇنداق بىر قاراپلا ھايات ئىكەنلىگىڭىزنى بىلىۋالاتتىم ـ دە، دەرھال ئارقامغا ياناتتىم، چۈنكى سىزنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشۇمغا، گەپلىشىشىمگە يول قويۇلمايتتى. كېيىن مەن ھەر بىر كۈنۈمنى ئەنە شۇنداق ھەسرەت بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئېھتىمال مەن سىزنى تولىمۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن دەپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندىمەن. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇ يەردە خاتىرجەم بولالمىغانسىز، ئۇرۇش قىلىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىپ قويغاندىمەن. قانداق قىلسام توغرا بولىدىغانلىغىنى، قانداق قىلسام خاتا بولىدىغانلىغىنى قايدىن بىلەي؟ مەن پەقەت ئۆز كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلىدىم، خالاس. ھېچكىممۇ ماڭا ئۇگەتكىنى يوق، ھېچكىممۇ ماڭا يول كورسەتكىنى يوق. ئۇنچىقمايسىزغۇ، ئاندىرى، ھەي، ئاندىرى......

ئاندىرى ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ، گويا كوتىرىشكە كۈچى يەتمىگەن ئېغىر يۈكنى چورۇپ تاشلىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۇ يان ـ بۇ يان ئىغاڭلىتىپ، نالە قىلغان ھالدا ئېيتتى:

ـــ ئاھ خۇدا، مەن نىمە ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم!؟ نىمە ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم، ناستيۇنا؟! ـــ ئۇ قولىنى بېشىدىن بوشىتىپ، بۇرۇلۇپ ناستيۇناغا قارىدى، ـــ بۇنىڭدىن كېيىن مېنى يوقلايمەن دەپ كېلىپ يۈرمىگىن، كېلىپ يۈرمە، ئاڭلىدىڭمۇ ـ

يوق؟ مەن كېتىمەن. زادىلا قايتىپ كەلمەيمەن. ئەمدى بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ. شۇمۇ يېتەر. ئۆزەمنىمۇ، يەنە سېنىمۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە قالدۇردۇم، يېتەر. ئەمدى بۇنداق كېتىۋېرەلـمەيمەن.

ناستيۇنا قورققىنىدىن قېتىپلا قالدى.

ــ كەتسىڭىز بولمايدۇ، ــ دىدى ناستيۇنا ئاندىرىنىڭ سوزىنى بولۇپ، ــ سىز كەتسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىغىمنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ـ يوق؟ ئۆزەم يالغۇز شۇنچە كۈنى بىلەن قەيەرگە باراي؟ باشقىلارغا قانداقمۇ كورۇنىمەن؟ يەنىلا بىللە بولغىنىمىز تۇزۇك. قاراپ بېقىپ بىرنىمە دەيلى، ئاندىرى، كېيىنچە بىر گەپ بولار، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماڭ. بەلكىم بۇ كۈنلەرمۇ ئوتۇپ كېتەر، جەزمەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوتكۇزۇۋېتىمىز. ئانام ماڭا بىر چاغلاردا: "دۇنيادا ساقىت قىلغىلى بولمايدىغان كۈنى يوق" دەپ ئېيتقان ئىدى. ئەمەلدارلارمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن قاراپ بېقىپ بىرنىمە دەيلى. بەلكىم ئۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ، گۇناھىڭىزغا تووۋا قىلارسىز، ياكى بولمىسا باشقا ئامال تېپىلىپ قالار. يەنىلا تاقەت قىلىپ تۇرۇڭ، كەتمەڭ. ئۆزىڭىز يالغۇز ياشىيالمايسىز، مەنمۇ ياشىيالمايمەن ــ ئالدى بىلەن ئۆزەم ياشىيالمايمەن. هازىر مەن قانداقلا بولمىسۇن، نەدىلىگىمىزنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە راستىنلا بويۇمدا قالغان بولسىچۇ؟ بىلىشىڭىز كېرەككى، بالىنىڭ باشقىلارنىڭ ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ

ئىكەنلىكىنى پەقەت سىزلا بىلىسىز.....سىز كېتىپ قالسىڭىز، مەن كىملەر بىلەن مەسلىھەتلىشەي، يەنە كىملەر كۆڭلۈمگە ئارام بەرسۇن.....مەن ھازىر ھېچكىمگە يۈرەك سوزۇمنى ئېيتالمايمەن، كەتمەيسىزغۇ دەيمەن؟ ئېيتىڭا قېنى.

ئاندىرى لام-جىم دېمىدى، بىراق بىرئازدىن كېيىن ئاخىر بېشىنى چايقىدى.

— ھەببەللى، مانا بۇ دوروس بولدى، كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى-دە، — ناستيونا يېنىك بىر تىنىپ، بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ دەرىزىگە قاراپ قويدى، — قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. قايتىپ كېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قوپۇڭ، ئاندىرى ماگايىلى، مېنى ئۇزىتىپ قويۇشقا ماقۇل بولغانتىڭىز. ئىككىمىز بىللە ماگايىلى، مۇنداقتا بىر دەم بولسىمۇ كوپرەك بىللە بولالايمىز. يەنە كەلسە-كەلمەس خىياللاردا بولۇپ يۈرمەڭ. ئۆزىڭىز يالغۇز ئادەم ئەمەسسىز. يالغۇز ئادەم بولغان بولسىڭىز قانداق قىلغۇڭىز كەلسە شۇنداق قىلىۋېرەتتىڭىز.

ئۇي قاپ-قاراڭغۇ بولغاچقا، ئاندىرى ناستيونانىڭ كوز ياشلىرىنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئاستا ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى كورەلمىدى.

## 12

بۇ قېتىم يۈز كورۇشۇپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بوران

ئۇچۇرۇپ كەلگەن قارلار ئەمدىلەتىن ئېرىپ، قار تېگىدە قېتىپ قالغان مۇزلار كورۇنگەن چاغدا، ئاندىرى گۇسكوۋ ئاتامان كەنتىگە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا كەنت ئەتراپىغا بېرىپ قاراپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزىنى تۇتۇۋېلىپ، بارماي كەلگەن ئىدى، چۈنكى كۈتۈلمىگەن ۋەقەگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ياكى دەماللىقتا بىخەستەلىك قىلىپ قويۇپ ئۇزىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. بىراق ھازىر، ناستيۇنا بىلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن زادىلا ئۇزىنى باسالماي قالدى. ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇ ئىدىكى، ھازىر، گويا ئۇز يۇرتىدا تۇرۇشقا بولىدىغان مەلۇم ئىمتىيازغا تۇيۇقسىز ئېرىشىپ، ئۇزىنى پايلاۋاتقان خەۋپتىن ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك، بىردىنلا يۇرىكى يوغىناپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى، باھار توسالغۇسىز ھالدا كۇنساناپ يېقىنلىشىۋاتاتتى. قارشى قىرغاققا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى، ناۋادا يەنە ئازراقتىنا ئىككىلىنىپ، تېگىرقاپ تۇرۇپ قالىدىغان بولسا، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تېپىلمايتتى.

قاراڭغۇ تۇن كېتىپ، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئۇزىنى دالىدىغا ئېلىپ، تاڭ سۇزۇلەي دەپ قالغان چاغدا، ئاندىرى ئانگارا دەرياسىنى كېسىپ ئۇتتى-دە، تاغ باغرى بىلەن كەنتنى ئايلىنىپ ئۇتۇپ، تاققا چىقتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇز

يۇرتى ئاتامان كەنتكە تېخى بۇ تەرەپتىن قاراپ باقمىغان ئىدى، ئۇنىڭغا كەنت بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ قالغاندەك تۇيۇلدى، ئىگىزدە تۇرۇپ يولنىڭ ئىككى قېتىدىكى پاكار ئۆيلەرگە قارىۋىدى، ئۇلار گويا يەر ئۈستىدە قەد كۆتىرىپ ئەمەس، بەلكى ئورۇلۇپ چۈشكەندەك، خىلمۇ-خىل دەرىزىلەر تۈۋەنلەپ يەرگە تېگەي دەپ قالغاندەك بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ دەرىزىلەرنىڭ بەزىلىرىگە قاپقاق ئورنىتىلغان، بەزىلىرىگە ئورنىتىلمىغان، قارىماققا سان-ساناقسىز ياماق سېلىپ قويۇلغانغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ لەمپىلىرىمۇ يەرگە تېگىپ قالغاندەك تۇراتتى. قىڭغىر-سىڭغىر قاشالار ھەر تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان ئىدى. ئۇ ئاران تەستە قايسى ئۆينىڭ كىمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتى. ئاندىرى ئەملىيەتتە كىمنىڭ ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكىنى يادا دەپ بەر دېسىمۇ دەپ بېرەلەيتتى، بىراق ھازىر ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراۋاتقاندا، قايسى ئۆيلەرنىڭ كىملەرنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتالماي قالدى: بىر قارىسا بۇ ئۆي شۇنىڭ ئۆيىدەك، يەنە بىر قارىسا ئەمەستەك تۇراتتى، ئۇنىڭ سېلىنغان ئورنىدىن قارىغاندا شۇنىڭ ئۆيى ئىدى، ئەلۋەتتە، بىراق ئۆينىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا تونۇغىلى بولماي قالاتتى. بۇ ئېھتىمال تېخى تاڭ سۈزۈلۈپ كەتمەي، يەر-زىمىننىڭ خىرە قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە تۇرغانلىقىدىن بولۇۋاتقاندۇ، ياكى بولمىسا ئۇرۇش داۋامىدا كەنتتە دېخانلارنىڭ خەۋەر ئالالمىغانلىقىدىن ۋەيران بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟

ئاندىرى ئۇز يۇرتىغا قايتىدىن كوزنى كوندۇرۇۋېلىپ، ئازراق بولسىمۇ كوندۇرۇۋېلىپ، يۇرتىنىڭ كوز ئالدىدىلا تۇرغانلىغىنى بىلىپ، ئۇنى چۈشىدە ئەمەس، بەلكى ئوڭىدا راستىنلا كورۇۋاتقانلىغىغا ئوزىنى ئىشەندۇرۇش ئۇچۇن خېلى ئۇزاققىچە ئوز ئويى تەرەپكە قەستەن قارىمىدى. بىراق بۇ تۇيغۇ تولىمۇ كىچىكىپ پەيدا بولدى، چۇنكى ئۇ بۇ يەردە بولمىغان يىللاردا، بولۇپمۇ مۇشۇ يەرگە يېقىن ئەتراپتا بولۇۋاتقان بىرنەچچە ئايدا، ئاتامان كەنتى بىلەن ئالاقەمنى چورت ئۈزۈپ تاشلىغانمەن دەپ، ئوزىنى ئۇنى خىيال قىلماسلىققا زورلىغان ئىدى. بۇنىڭغا چارە يوق ئىدى، چۇنكى ئاتامان كەنتى ئۇ قىرغاقتا قالسا، ئوزى بۇ قىرغاقنىڭ ئالىلقاندىك جايلىرىدا يۇرۇشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاتامان كەنتى قويىنىدا ياشىشىغا چارە قالمىغان ئىدى، ئولگەن تەقدىردىمۇ ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنمايتتى، گەپ شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ يۇرتۇمىنى سېغىنىدىم دەپ بىكاردىن-بىكار ئوزىنى ئازاپلىشىنىڭ، بىكاردىن-بىكار ھەسرەت چېكىشىنىڭ نىمە ھاجىتى، بىھۇدە يۇرت ئىشقىنى دەپ غەمگە چوكۇپ روھسىزلىنىشىنىڭ نىمە ھاجىتى؟! بۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئاندىرىنىڭ كوز نۇرى بەزىدە تاسادىپى ھالدا ئانگارا دەرياسىدىن ھالقىپ ئوتۇپ، ئاتامان كەنتىگە چۈشۈپ قالغاندا، ئېرىنچەكلىك، پەرۋاسىزلىق بىلەن، ھەتتا ئوزىنى ئوزى ئازتولا مەسخىرە قىلغان ھالدا: «ئىلگىرى مېنىڭ ئۇ تەرەپ بىلەن بەزىبىر مۇناسىۋەتلىرىممۇ بولغان بولىغىيمىدى-يا؟» دەپ

ئەسلەسكە باشلايتتى، شۇنداق، مەلۇم چاغلاردا راستتىنلا بەزى مۇناسىۋەتــلىرىمۇ بولغان، بىراق بۇ زادى قانداق مۇناسىۋەت، ئۇنى ئېسىــگە ئالالمايتتى.

ئۇ ئىگە-ئىچە دەپ يەرگە چۈشكەن ۋە ئادەم بولۇپ يېتىلـ گەن، ھەممە ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئۈچ جان-جىگىرى تۇرۇشلۇق ئۆيىنىڭ ئورنى تاغ باغرىدىكى يول بويىلاپ سېلىنغان بىر قاتار ئۆيــلەر ئارىســدا بولۇپ، ھازىــر دەل ئۆزى بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تۇراتتى. ئاندىن ئاخىر جابدۇنۇۋېلىپ، بارلىق دىققەت-ئېتىۋارىنى مەركەزلەشــتۈرۈپ، كوزىــنى ئۆز ئۆيــگە تىكــتى: ئۆيــنىڭ ئۈچ دەرىزىسى بۇرۇنــقىــدەكلا تاقــقا قاراپ تۇراتتى، شۇ سەۋەپتىن دەل ئۆزىگىمۇ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئىدى؛ ئۆينىڭ ئالــدى تېمىــنىڭ سول بۇرجــگى يەنە بۇرۇنــقىــدەكلا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن پېتى قىڭغىيىپ تۇراتتى (دادىسى بۇرۇن: ئۆيمۇ ئۆز ئىگىسىگە ئوخشاشلا دوڭغاق دىگەن ئىدى)؛ پۈتۈن ياغاچ بىلەن سېلىنــغان پۇختــا ھەم ئازادە دالان يەنە بۇرۇنقىـ دەكلا قوشۇمچە سېلىنغان ئىمارەتكە ئوخشاش تۇراتتى، دالان چەلــلىسىدە يەنە بۇرۇنــقىدەكلا ھەر خىل نەرســلەر ئارىــلاش دوۋىلەكلىك تۇراتتى. ئۆي ئەسلىــدە پۇختا سېلىنــغان بولۇپ، قانچە ئۇزۇن تۇرسىمۇ چــدايتتى، بىراق ئۇنى سالغان چاغــدا بىپەرۋالىق قىلىنــغانلىقــتىن، بىر بۇلۇڭى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇرۇش پارتلىغان يىلى يازدا ئۇلار ئوت-چۆپنى ئورۇپ بولغانــدىن كېــيىن خۇلۇم-خوشنىــلارنى "ھە-ھۇ" دىيىــشىپ

بىرىشكە چاقىرىپ، كوپچىلىكنىڭ بىرلا غەيرەت قىلىشى ئارقى-
سىدا ئۆيىنىڭ ئۇلىنى كوتىرىپ، ئۇنىڭ ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن
بۇلۇڭىنى ئوڭلىۋالماقچى بولغان ئىدى. "ئادەم كوپ بولسا ئىش
ئاسان پۈتىدۇ"، لىكىن بۇ ئىش ئاخىر بىكارغا چىقتى. "ئەمدى
دادام بۇ ئۆيىنى ئوڭلىۋېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماس.
بۇ ئۆي تاكى ئورۇلۇپ چۈشكىچە، ياكى ياخشىراق بىر ئەر
خوجايىن كوچۈپ كىرگىچە مۇشۇنداق قىڭغىر-سىڭغىر پېتى
تۇرىۋېرەر. بۇنىڭ بولماي قالىدىغان نىمىسى بولسۇن؟ ئاتا-
ئانامنىڭ بارماق بىلەن سانىغىدەكلا ئومرى قالدى، ناستيۇنا
بولسا...... ناستيۇنانىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشى ناتايىن،
ئۇزاققىچە تۇرىدۇ دىگەندىمۇ ئوزى يالغۇز تۇرمايدۇ."

ئاندىرى دەرىزىدىن ئوي ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى كورۈۋال-
ماقچى بولۇۋاتقاندەك، پۈتۈن دىققەت-ئېتىۋارىنى يىغىپ
قارىدى، ئوڭ تەرەپتىكى دەرىزە ئاشخانىنىڭ دەرىزىسى ئۇنىڭ
سىرتىدىكى توخۇ كاتىكى ئىدى، ئويىنىڭ ئىچىدىكى دەرىزىگە
ئۇدۇل تۇرغىنى رۇسچە كاڭ بولۇپ، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ
ئانىسى كېچە-كۈندۈز شۇ يەردە يېتىپ كېلىۋاتاتتى. "كاڭغا
تېخى ئوت يېقىلماپتۇ — تۈتۈن چىقمايۋاتىدۇ. بىراق ئۆيدىكىلەر
قوپاي دەپ قالدىغۇ دەيمەن: ئانام مانا ھازىر ناستيۇنانى
ئويغىتىدۇ، ناستيۇنا قوپۇپلا ئوت ياقىدۇ". ناستيۇنانىڭ يېرىم
ئېغىز ئويىنىڭ دەرىزىسى سول تەرەپكە ئېغىپ تۇراتتى، يەنى
قىڭغىيىپ قالغان بۇلۇڭ تەرەپتە ئىدى. "ھازىر ئۇ پەقەت

ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چۈشلىرىنىلا كورۈۋاتقاندۇ، پۈتلىرىنى ئۈزۈن سوزۇپ، ئىككى قولى بىلەن قوسىغىنى سىلاپ ئوگدىسىغا ياتقاندۇ — ئەگەر راستىنلا ناستيۈنانىڭ بويىدا قالغان بولسا، شۇنداق يېتىشىنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى كوپ پايدىسى تېگىدۇ. دۇنيادا مۇشۇنداق ئىشمۇ بولىدىكەن-ھە، بىر ئادەم ئوزىنىڭ كوپ يىلدىن كېيىن تېنىدە بولىدىغان ئوزگىرىشلەر ئۈچۈن كوپ يىل بۇرۇن ھازىرلىق قىلىپ قويىدىكەن". بۇ ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇنقى ئىش، ناستيۈنا بىسكاردىن-بىسكار، پەقەت مەلۇم "غەيرى خىيال" بىلەنلا ئىككى قولى بىلەن قوسىغىنى سىلاپ يېتىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى، — ئۇ ئوزىنىڭ قوسىغىنى شۇنداق كويۈنۈپ، ئاسراپ سىلايتتىكى، ئۇنىڭ بۇنىڭغا سىڭدۇرگەن ئەجرى ھەر ھالدا بىكارغا كەتمىگەندەك قىلاتتى. بۈگۈن ئاندىرى ئوزىنىڭ ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققان-چىقمىغانلىقىدىن، بىكارغا كەتكەن-كەتمىگەنلىكىدىن ئېنىق خەۋەر تاپاتتى، چۈنكى ناستيۈنا ئۇنىڭغا بۈگۈن بەلگە بەرمەكچى بولغان ئىدى. ئەگەر ھەقىقەتەن بويىدا قالغان بولسا، كەچقۇرۇن مۇنچىغا ئوت ياقاتتى. بىراق ناستيۈنانىڭ ئاندىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىن، كەنت ئەتراپىدا بولۇشىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، كېچىدىمۇ مونچىغا بېرىپ ئاندىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايتتى، چۈنكى ئاندىرى ئۇنىڭغا ئوزىنىڭ ئانگارا دەرياسى بويىغا كېلىپ بەلگىگە قارايدىغانلىقىنىلا ئېيتقان ئىدى.

ئاندىرى ناستيۈنانىڭ ھازىر قانداقچە كارۋىتىدىكى ئىسسىق

ئورۇندا كوينىكى بىلەن قوسىقىنى چىڭ ياپقىنىچە پۇتلىرىنى راھەتلىنىپ سوزۇپ، ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى؛ كېچىچە ئۇخلىغاندىن كېيىن چىرايىنىڭ تاتىرىپ، بىرئاز ئىششىغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى، چاچلىرىنىڭ ياستۇققا يېپىلىپ تۇرغانلىقىنى، ئاللىقانداق بىر ئىشنى ئېسىگە ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك كۈچىگەنلىكىدىن ئەزايىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. تاڭ سەھەردە ئاخىرقى چۈشنى كۆرۈۋاتقان ناستيۇنانىڭ مۇشۇ قىياپەتتە ئۇخلاۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كوز ئالدىغا كەلگەندە، يۈرىكى ئىختىيارسىز سىقىلدى. كانىيىدا گويا كىچىككىنە بىر كوپۈك يېرىلغاندەك بولدى-دە، بىلىنەر-بىلىنمەس نالە قىلغان سادا ئاڭلاندى. ئاندىرى بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، كوزىنى سول تەرەپتىكى بىر قاتار ئامبارغا يوتكىدى، بىراق ناستيۇنا توي بولغان كۈننى ئەسلىگەندە تىلغا ئېلىپ ئوتكەن، ھويلا چېتىگە يېقىن يانداپ سېلىنغان ھېلىقى كىچىك ئامبارنى بۇ تاغدىن كورگىلى بولمايتتى. ئەملىيەتتە ناستيۇنا ئوتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەندە، ئوزلىرىنىڭ توي قىلغان كېچەسىدىكى ئىشلىرىنى تىلغا ئالمىغان، شۇ چاغدا ھېلىقى خورازنىڭ ئوزىنى جان-پېنى چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇتۇۋەتكەنلىكىنى، بۇنى يامانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىغانلىقىنى ھەتتا خېلى ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مۇشۇ كوزقارىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى سوزلەپ بەرمىگەن. ئۇ دائىم: "بۇ يامانلىقنىڭ ئالامىتى. يامانلىقنىڭ ئالامىتى" دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئاندىرى

بولسا: "بوپتۇ، خورازنىڭ چىللىشىغا قۇلاق سېلىۋەرگىن، خورازغا ئىشىنىۋەرگىن، بۇ يەردىكى خوراز ھەر بىر مىنۇتتا كاكىراۋېرىدۇ" دەپ تەسەللىي بېرەتتى.

تاڭ ئاخىر قاپ-قاراڭغۇ تۈن ئاسارىتىدىن تامامەن قۇتۇلدى. تاڭ ئاتتى. كەنتمۇ گويا يەر يۈزىدىن ئىگىز كۆتىرىلگەندەك، ئاندىن يىغىنلىشىپ قالغاندەك بولۇپ كۆرۈندى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئىس تولغىنىپ يۇقۇرى كۆتىرىلدى، كىشىلەرنىڭ ئاڭلىنار-ئاڭلانماس، چالا ئۇيقۇلۇق، نائېنىق گەپ-سوزلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ناستيۇنامۇ ئورنىدىن تۇردى، چۈنكى كاڭغا ئۇدۇل-ئۇدۇل تۇرغان دەرىزىدىن يىلىلدىغان قىزىل نۇر چاقنىدى. ئۆي ئىشىگىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلغاندەك بولدى-دە، بىرەيلەن تالاغا چىقتى، بىراق قاشا توسۇۋالغاچقا، ئاندىرى ئۇنىڭ كىملىگىنى كورەلمىدى، — "كىمدۇ ئۇ؟ ناستيۇنامدۇ، ئاتامىدۇ؟ مۇشۇ چاغدا ناستيۇنا سىيىرنى ساغاتتى، بىراق ئۇ سىيىر سېغىشتىن بۇرۇن ئاتام ئۇنىڭغا بوغۇز بەرگىلى چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم ھازىر بوغۇز بېرىشىمۇ ناستيۇنانىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالغاندۇ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ ياكى ئېھتىمال، ئاتام كوڭلى تۇيۇپ، خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى كۆچىگە تايىنىپ، دەلدۈگۈنۈپ تالاغا چىقىپ، قانداق نەرسىنىڭ ئوزىنى تالاغا ئېلىپ چىققانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئوزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، قاياققا ئىتتىرىدىغانلىقىنى كورۇپ

باقماقچى بولۇپ بىشىنى كوتىرىپ تەلمۇرۇپ تۇرغاندۇ؟ مىنىڭ مەشەدىلىگىمنى، ئۆزىنىڭ يىنىدىلا تۇرغانلىغىمنى ئانامىنىڭ كوڭلى تۇيمىغانمىدۇ، ئازراق بولسىمۇ تۇيمىغانمىدۇ؟"

ئۇ تاغدا تۇرغان پىتى ئۆز ئۆيىگە قاراپ، ئۆتكەن ئىشلارنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتاتتى، نىمىشقىكىن ـ تاڭ، كوڭلى ئىنتايىن ئىچىلىپ كەتتى، ھاياجانلىنىپمۇ، ئازاپلىنىپمۇ كەتمىدى، ئىھتىمال، بۇنداق ھىسسىيات تىخى ئۇنىڭ يۇرىگىدە ئۇيقۇدىن باش كوتەرمىگەندۇ ياكى ئۇ بۇنداق ھىسسىياتنى ئاللىبۇرۇن پاك ـ پاكىز قۇرۇتۇۋەتكەندۇ. ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق باغرى قاتتىقلىق قىلىشىدىن ھەيران قالدى: ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان ۋە ئوسكەن بۇ كەنت ئالدىدا توت يىلدىن بۇيان تۇنجى قىتىم تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنىڭدىن كىيىن بۇ تاغدا يەنە تۇرالـ مايدىغانلىغىنى ئىنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ. يەنىلا قىلچە پىسەنت قىلمايۋاتىدۇ. ئۇ ئالدىنقى سەپتە بولغان چىغىدا ئۆز يۇرتىنى ئىچ ـ ئىچىدىن شۇنداق بەك سىغىنىپ كەتكەن ئەمەسمىدى، ھەمىشە ئۇنىڭ ئىشقىدا يۇرىگى پارە ـ پارە بولۇپ، مۇشۇ ئومرىدە ئۆزىنىڭ ئاتامان كەنتىنى يەنە بىر قىتىم كورۇۋىلىش، ھىچ بولـ مىغاندا ئۇنىڭغا كوز قىرى بىلەن بولسىمۇ بىر قىتىم قارىۋىلىش ئۇچۇن ھەرقانداق چىقىم تارتىشقا رازى ئەمەسمىدى. ئۇنى دەل شۇنى دەپ مۇشۇ يەرگە قايتىپ كەلگەن دەپ ئىيتىشقا بولاتتى، بىراق ھازىر قايتىپ كەلگەندىن كىيىن شۇنداق مەنىسىزلىك ھىس قىلماقتا. راستتىنلا ئۇنىڭ يۇرىكى سۇيى قۇرۇپ قالغان

قۇدۇقتەك بولۇپ قالغانمىدۇ، ھەممە ئۆي-پىكرى پۈتۈنلەي بەربات بولغانمىدۇ؟

ئاندرى ئۆز يۈرىگىنىڭ زادى قانداق بولۇپ قالغانلىغىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كوزىنى ۋىتا بىرىزكىنىڭ ئويىگە يوتكەدى — ۋىتا ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسى بولۇپ، بىر دىمەتلىك ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ موسكۋا شەھىرى باغرىدا مەڭگۈگە ئۇيىقۇغا كەتكەن. — بۇ تونۇش ئۇينىڭ مورسىدىنمۇ ئىس كوتىرىلدى، ھازىر نادكا باللىرى بىلەن بۇ يەردە تۇرىۋاتاتتى ئاشۇ يىلى ۋىتا ئانىسىدىن ئۇي ئايرىپ چىققاندا، ئاندرى ئۇنىڭ دوگدىن بۇ يەرگە كوچۇپ كېلىشىگە ياردەملەشكەن ئىدى. ئەملىيەتتە يوتكەپ يۈرگۈدەك قانچىلىك كوپ نەرسە بولسۇن دەيسىز؟ ئاتنى ھارۋىغا قوشۇپ، ئىككى-ئۈچ بوخچا، بىر كارۋات ۋە بىر چاچاپنى ئۇنىڭغا بېسىش بىلەن ئىش پۈتكەن ئىدى. پۈتكۈل ئۇي سەرەمجانى ئەنە شۇ ئىدى. بەلدىڭ، شىرەلەرنى بولسا يېڭى ئۇيگە كوچۇپ كەلگەندىن كېيىن ياسىغان ياغاچچىلىق ئەسۋاپلىرىنى ئاندرى ئويىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بىرنەچچە ئۇي سەرەمجانى نادكىنىڭ دىتىغا ياقماي ھە دەپ غوتۇلدىغىلى تۇرغاندا، ئۇلار ئۇنىڭ ھەرقانچە چېقىرىشىغا، جېنىنىڭ بېرىچە تىركىششىگە قارىماي، ئۇنى سورەپ-ئىتتىرىپ دىگەندەك ئوگزىگە چىقىرىپ قويغان ئىدى، ئاندىن كېيىن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ ئوگزىدە قانداق كۆچەپ چېقىردىغانلىرىغا قۇلاق سالغان. ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن كەنتنى بىر

ئالغان ئىدى. ئۇلار بىر بوتۇلكا هاراق چىقارساڭ ئاندىن يەرگە چۈشۈرۈپ قويىمىز دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر ئۇنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپ، مەقسىدىگە يەتكەن ئىدى. نادكىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئامالى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئوگزىدىن سەكرەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، چۈشەي دىسە شوتىسىمۇ يوق ئىدى.

ئاندىرى شۇ ئىشنى ئەسلىگەندىمۇ كوڭلى ئىچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى كوز ئالدىدا تۇنۇگۇنكىدەك تۇراتتى، شۇ سەۋەپتىن ئۇ بۇ قىزىق ئىشنى ھەممىدىن ئاۋال ئىسىگە ئالغان ئىدى. بىراق بۇنىڭ بىر يېرى ئاندىرىنى چوڭقۇر ئويغا سالدى: "ۋىتا نىمە ئۇچۈن گويا باياتىن تېخى ئوز يېنىمدا تۇرغاندەك، ئەمدىلىكتە بولسا بىر دەملىككىلا كېتىپ قالغاندەك، مەيلى سوز-ھەركەت، يۈرۈش-تۇرۇش ياكى چىراي-شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، شۇنىڭ ئوزىدەكلا، شۇنداق جانلىق، شۇنداق تىرىك ھالدا كوز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ تازىمۇ قىزىق ئىش، ئۇ بۇ ئالەمدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى ھاياتتەكلا كوزۈمگە كورۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ چىرايىنى كورۈۋاتقاندەك، ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمىدۇ؟ بۇ ۋىتانىڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىغىدىنمىدۇ ياكى ئوزەمنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىمنىڭ كۈچلۈك بولغانلىغىدىنمىدۇ؟ مەسىلەن، ئېيتايلۇق، مەن تېخى ھايات بولغاندىكىن، مېنىمۇ مۇشۇنداق ئېنىق كورەلمەيدىغان كىشىلەرمۇ بارمىدۇ ياكى يوق-

مدۇ؟ هايات كىشىلەر هايات كىشىنى كورگەندىكەن، تېخىمۇ ئېنىق كورۇشى كېرەك-تە! ياق، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن". — ئاندىرى ئۇز پىكرىنى ئىسنكار قىلدى— "ۋىتا ئۇز بۇرچىنى باشتىن-ئاياق ئۇبىدان ئادا قىلدى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھەممە ئادەم خەۋەردار. بىراق ئۇزەمنىڭ ئىز-دېرىكىمنى بولسا ھېچكىم بىلمەيدۇ. هازىر كىشىلەر ئۇز كوڭلىدە مەندىن ئۇزلىرىنى چەتكە ئالالماي قىلىشىدىن ئەنسىرىشىۋاتقاندا، قانداقمۇ مېنى ئېسىگە ئېلىشسۇن، مېنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىگە ئالىغۇدەك يېرىم قالمىدى. مەن هايات تۇرغان بولسامۇ، لېكىن بىر يىل ئالدىدىكى ئېرىپ پۈتۈن ئىز-دېرىكى قالمىغان قاردەكلا غايىپ بولغان ئادەممەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەلۇم كىشىگە بولغان سېغىنىشنى شۇ كىشىنىڭ ئۇزى سېغىنغۇچىغا قالدۇرۇپ كەتكەن بولىدۇ، 'سېغىنىش' دېگەن نەرسىنىڭمۇ ئەقلى-هوشى بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ماڭا بولغان 'سېغىنىش'مۇ، ئۇزەم هازىر نائىلاج موكۇۋالغانغا ئوخشاشلا، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە مەڭگۇ قارىيالماي، موكۇۋېلىشقا مەجبۇر بولغان بولسا كېرەك. باشقىلار مېنى سېغىنىپ قالارمىكىن دېگەن ئۇمىستتە بولما، بۇنىڭدىن قىلچە ئۇمىت يوق، مانا مۇشۇ ئىشتىمۇ كوڭلۇگىدىكىدەك بولمايدۇ."

ئاندىرى ھەتتا مانا مۇشۇ مەسىلە ئۇستىدە ئويلانغاندىمۇ پەسەنت قىلىپ قويمىدى، ئېسىگە كەلگەن ئىشلارنى كوڭلىگە سالمىدى: "بۇنىڭدىن ئۇمىت بولمىسا بولماۋەرسۇن. ئۇزەم ئۇلگەندىن كېيىن كىشىلەر سوز-چوچەك قىلىپ نىمە دىسە

دەۋەرسۇن، ئۇ چاغدا ئېشىپ قالغان قاخشال سوڭەكلىرىم ھەرگىز كىشلەرنىڭ ئاق ئىدى، كوك ئىدى دىگەن گەپلىرىدىن ئازاپ-لىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇ چاغدا شان-شوھرەت، ئار-نومۇس دىگەن-لەرنىڭ نىمە پەرقى قالسۇن؟!" ئاندىرى يەنە بېشىنى بۇ ياققا بۇراپ، ئۇز ئۇيىگە كوزىنى تىكتى، بىر قاراپلا ئاتىسىنى كوردى. ھەتتا ئاتىسىنىڭ قاشا ئىشىگىنى ئاچقاندا غىچىلداپ چىققان ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئاتىسى ئىشىكنى ئېلىپ قويۇپ، ئىشىك ئالدىدا بىر دەم تۇردى-دە، گويا ئاندىرىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندەك، ئۇ تۇرغان تاققا سەپسېلىپ قارىدى، ئاندىن كېيىن بۇرۇنقىدەكلا ئاقسىغان پېتى كەنت يولىنى بويلاپ ئۆڭ تەرەپكە بۇرۇلدى، ئاغزىدىن پۇرقىراپ ئىسسىق ھور چىقىپ تۇراتتى، ئاندىرى ئۇنىڭ نەپەس، ياكى تاماكا ئىسى ئىكەنلىكىنى يىراقتىن پەرق ئېتەلمىدى. "مېنىڭ ئاتام ئەنە شۇ، — دەپ ئويلىدى ئاندىرى داڭقېتىپ قالغان ھالدا ئېتىۋارسىزلىق بىلەن، — شۇنىڭ ئوزى". ئۇ ئاتىسىنىڭ قارىسىغا قاراپ تۇردى، ئاتىسى قېرىلىققا تەن بەرگۇسى كەل-مەيۋاتقاندەك يەنىلا قەددىنى تىك تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە، خۇددى بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك، ئاندىرىنى كوڭۇل يېرىملىغى ئوز ئىلكىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئاتىسى يېرىم يولدا توختاپ ئالدىغا ئىگىشتى، ئۇنىڭ گەۋدىسى ئىككى پۇكلە-نەي دەپ قالدى، بېشى توختىماي چايقىلاتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يوتىلىۋاتقانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاندىرى ئۇنىڭ

يوتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، يۈرەكىنى پارە-پارە قىلىۋەتكۈدەك قاتتىق يوتەل ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئاتىسى بىر پەس يوتەلگەندىن كېيىن يەنە ئاقسىغان پېتى ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، كوپ ئوتمەيلا يىزا كۈتۈپخانىسىنىڭ دوقمۇشىدىن ئوتۈپ، كوزدىن غايىپ بولدى.

ئاندىرى ئەسلىدىكى ئورنىدا ئالدى تەرەپتىكى يەرلەرگە قاراپ خىيال سۈرگەن ھالدا بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ھۇشىنى تېپىۋالغاندەك، شاققىدا تاغ ئارىسىغا قاراپ تېز-تېز قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى، كەنت كوزىگە كورۈنمەيدىغان يەرگە بارغاندا ئوق تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، يەنىلا قەدىمىنى ئاستىلاتماي، ئالدىرىغان ھالدا ئورمانىنى كېسىپ ئوتۈپ، بىر تاغ يولىغا چىقىۋالدى. ئۇ تاغ يولىنى بويلاپ تاغ باغرىغا قاراپ يول ئالدى. تاغ يولىنىڭ قارىغايلىقتىن ئايلىنىپ ئوتىدىغان يېرىدە يولدىن چەتنەپ، ئۇدۇل قارىغايلىققا كىرىپ كەتتى. قارىغايلىقنىڭ چېتىگە چىقاي دەپ قالغاندا، بىر رەت ئوينى كوردى-دە، قەدىمىنى توختاتتى. بۇ ئويلەر ئات بېقىش مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭ دوڭدىكى قاشالىرى قارىغايلىققا تۇتىشىپ تۇراتتى. ئاندىرى بۇ يەردە ئاتىسىنى تېخىمۇ ئېنىق كورەلەيتتى.

ئۇنىڭ بىلەن ئاتىسى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىرى-مۇھەببەت ئانچىلا چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، ئۇنى ياخشى دېيىشكىمۇ، يامانمۇ دېيىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوز كۈنىنى ئوزى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئاتىسى ئۇنىڭ بالىلىق

چاغلىرىدا ھالىدىن خەۋەر ئالىدى، بىراق بۇ پەقەت ھالىدىن خەۋەر ئېلىشلا بولۇپ، ئەزەلىدىن ئۇنىڭ ئوقۇشى بىلەن كارى يوق ئىدى، ئەزەلىدىن ئۇنىڭ ھەۋەس، ئىشتىياقلىرىغا كوڭۈل بولمەيتتى. پەقەت ئوغلۇمنىڭ كېيىگەن تاماق، پۇتىغا ئاياق، ئۇچىسىغا كىيىم تېپىپ بەرسەملا بولغىنى دەيتتى، قىسقىسى، ئاتا-ئانا بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىكى ئىش ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنسىلا، ئاتىسىنىڭ كوڭلىمۇ ئارام تاپاتتى. ئوزىنىڭ قانداق ياشايدىغانلىغىنى ئوغلۇم ئوزى مۇستەقىل ئۇگەنسۇن، مەن ئۇنىڭغا مىڭە بىلەن ئىككى قولنى شۇنىڭ ئۇچۇن بەرگەن-دە، دەيتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئوغلىغا نەسھەت قىلمايتتى، تەربىيىمۇ بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تەربىيىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، ھەتتا بۇنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى، يىيىشكە بولىدىغان-بولمايدىغانلىغىنىمۇ ئۇقالمايتتى؛ ئۇ: ھەرقانداق ئادەم، ئۇ ئادەملا بولىدىكەن، تۇرمۇشىنىڭ ئوزى ئۇنى يېتەكلەيدۇ، يېتىشتۇرىدۇ، ئەسلى قانداق نىمە بولسا، شۇنداق نىمە بولۇپ ئوسىدۇ، دەپ قارايتتى. كارى بولۇشقا تېگىشلىك چاغلاردا كارى بولاتتى، تېگىشلىك بولمىغان چاغلاردا ئۇنى ئوز ئەركىگە قويۇۋېتەتتى. ئەگەر ئاندىرى بىرەر مەسىلىنى سوراپ قالسا، ئۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى. چۈشەندۇرگەندىمۇ، قالدۇرماي ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە رەتلىك قىلىپ چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى. كوڭلىدە ئوغلىنىڭ ئىشتىياق، ھەۋىسىنىڭ بولغانلىغى، ھەم ئوزىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇپ

بەرگەنلىكى ئۈچۈن خوشال بولاتتى. ناۋادا ئوغلىنىڭ بىرەر پايدىلىق ئىشنى قىزغىنلىق بىلەن قىلغىنىنى كورۇپ قالسا، ئوغلىنى دادىل ئىشلەشكە ئۈندىگەچ، ئۇنىڭ قانداقراق قىلغانلىغىنى كۆزىتەتتى، بىراق ئەزەلدىن ئوغلىنى ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەپ زورلاپ يۈرمەيتتى، ئاتىسىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش ئادىتى يوق ئىدى. "ئوغلۇم ئۆزى يول تاپسۇن، ھەممە ئىشتا ئۆزى يول تاپسۇن، شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئۆگىنىۋالغان نەرسىسى ئىشەنچلىك بولىدۇ" دەيتتى. ئاندىرىنىڭ ئېسىدە بار ئىدىكى، مەلۇم بىر قېتىم ئاتىسى ئۇنىڭغا نىمىنىڭ ياخشى، نىمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن ئىدى؛ شۇ قېتىم ئاندىرى ئەسكى ئىش قىلىپ قويۇپ، سەۋەنلىكنى خوشنىسى مىشكىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويغاندا، ئاتىسى قوزۇقتىن تاسما ئاغامچىنى ئېلىپ ئۇنچىقماي ئوغلىنىڭ راسا ئەدىۋىنى بەرگەن ئىدى — بار-يوقى بىرلا قېتىم شۇنداق قىلغان ئىدى.

شۇڭا ئۇ ئاتىسى بىلەن بىرگە بولغاندا ئۆزىنى ناھايىتى يېنىك سېزەتتى. ئاتىسى ئۇنىڭغا كويۇنۇپمۇ كەتمەيتتى، چالۋاقاپمۇ يۈرمەيتتى، ئانىسىغا ئوخشاش ھە دىسىلا چېچىلىپ ئولتۇرمايتتى. ئانىسىنىڭ كەيپىياتى دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ مىجەزىنى ئالدىن بىر نەرسە دەپ بولمايتتى؛ بۈگۈن مۇنداق بولسا، ئاتىسى تامامەن باشقىچە بولۇپ قالاتتى. ئاندىرى ئاتىسىنىڭ يېنىغا، مەيلى قاچان بولمىسۇن، قورقماي بىرىۋېرەتتى، بىراق ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ئاۋال ئۇنىڭ بۈگۈنكى مىجەزى

قانداقراقكىن دەپ سەپسىلىپ كۆزىتىپ باقاتتى. ئانىسى ئانگارا دەرياسىنىڭ تۇۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بىراتىسكىلىق ئىدى، ئۇ يەرلىك كىشىلەر سوز قىلسا، بىرنەچچە ئاھاڭنى ئاجايىپ قىلىپ چىقىراتتى، مەسىلەن، ئالايلۇق: "بىر ئاپقۇر سۇتنى تاختىۋىشىغا ئېلىپ قويدۇم" دىگەن گەپنى ئۇلار: "بىراغۇر شۇتنى تاختىشقا ئېلىپ قويدۇم" دەپ ئېيتاتتى. يەنە مەسىلەن: "يۇرتىمىزنىڭ ھەممە يېرى دەل-دەرەخ بىلەن قاپلانغان، قىشتا قاتتىق سوغاق بولىدۇ" دىگەن گەپنى ئۇلار:" جۇتىمژنىڭ جىمى جىرى دەل-دەخ بىلەن قاپلانغان، قىستا قاتتىق ژوغۇق بولىدۇ" دەپ ئېيتاتتى. بىراق ئۇ يەرلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزى غەلىتە بولسىمۇ، لېكىن ئادەملىرى بىر-بىرلەپ خىللاپ چىققاندەك ھەم چىرايلىق، ھەم قاۋۇل كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشچان ئىدى، بولۇپمۇ ئاياللىرى. بۇ ئۇرۇقنىڭ ئەينى چاغدا قەيەردىن كوچۇپ كەلگەنلىكىنى ھىچكىم بىلمەيتتى. مۇشۇ بىرنەچچە كەنتتىن باشقا، يۇقۇرى ئېقىمدىكى ياكى تۇۋەن ئېقىمدىكى كەنتلەرگە بارسىغان بولسىڭىز، كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ناھايىتى نورمال ئىكەنلىكىنى بايقايسىز، بىراق مۇشۇ بىرقانچە كەنتتىكى كىشىلەر، نىمە ئۇچۇنكىن-تاڭ، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە تىل نىسىپ بولغاندەك، تەلەپپۇزنى ئۆزگەرتەلمەي كېلىۋاتاتتى. باشقا يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇنداق تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىلغان گەپلەرنى ئوگىاي چۇشىنەلمەسلىكى، ئۇلارغا غەلىتە تۇيۇلۇشى تەبىي ئىدى،

ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بۇنىڭغا كونۇپ قالاتتى. ئاتامان كەنتىدىكىلەر ئاندىرىنىڭ ئانىسى بىلەن قېرىپ كەتكىچىلىك چاخچاق قىلىشىپ، چېقىشىپ كەلدى، ھەر قېتىم ئۇ تە بولۇپ چىچاڭشىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەزىۋىنى ئاسانلىقچە باسالمايتتى، شۇڭا كىشىلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشتىن قېچىپ، ئىمكان قەدەر ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئانىسىنىڭ يەنە ئويلىسىلا كۆڭلى بۇزۇلىدىغان مۇنداق بىر سەرگۈزەشتىسىمۇ بار ئىدى: ئىچكى ئۇرۇشتا ئۇ ھەممە قان-قېرىنداشلىرىدىن — دادىسى، ئانىسى ۋە ئۈچ ئاكا-ئۇكىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئەسلى ئۆيىدە بىرمۇ ئادەم قالمىغان. ئۇنىڭ ئانىسى دەسلىۋىدە كولچاكلارغا ئەسكەر بولۇپ، پارتىزانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاتامان كەنتىدىكى ئاچىسىنىڭكىگە قېچىپ كېلىۋالغان بولىسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە تۇتۇۋېلىنغان ئىدى. شۇ چاغدا ئاندىرى ئەمدى بەش ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قوسىقىدىن يەرگە چۈشكەندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئېسىگە ئالالايدىغان نەرسىسى، خىرە-شىرە، ئۇ يەر-بۇ يەردىن تېرىشتۇرۇپ ئېسىگە ئالالاي-دىغان خاتىرىسى ئىدى. پۈتۈن يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بىر قىسىم يات كىشىلەرنىڭ ئۆز تاغىسىنى كەمىدىن قانداق تارتىپ چىقارغانلىقىنى ھازىرمۇ خىرە-شىرە ئېسىگە ئالالايتتى. كېيىن ئانىسى ئاتىسىدىن ئۇكامنى ئاقلىماپسەن دەپ ئاغرىنىپلا يۈرگەن ئىدى. بىراق ئاتىسى ئەزەلدىن ئېغىز ياندۇرمايتتى: بۇنى

ئۇنىڭدىن كورگىلى بولسۇنمۇ، قارىماسىز، ئۇ ئۇزىنىڭ كاردىن چىققان بىر پۇتىنى سورەپ گېرمانىيە جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرلۇك بانا-سەۋەپلەرنى كورسىتىپ، ھەرقانداق كىشىگە زادىلا توپ يېمى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئەمەسمىدى! ئاتىسى كولخوزغا قاتناشقان بىرىنچى كۇنىدىن باشلاپلا ئات بېقىش مەيدانىدا ئىشلەشكە كىرىشكەن ئىدى.

ئاندىرىنىڭ ئاتىسى ئات خۇمارى ئىدى. ئاندىرى دۇنيادا يەنە كىمنىڭ ئات-ئۇلاقنى ئاتىسىدەك كويۇنىدىغان ۋە ئۇنى ئىززەتلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەينى چاغدا ئاتىسى ئۇزىنىڭ ئېغىلىدىكى ئاتلارنى — تايىنمۇ ھىساپقا ئالىدىغان بولساق جەمى ئۇچ ئاتنى — كولخوزنىڭ ئات بېقىش مەيدانىغا ئاپارغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئۇلارغا ئوبدان قارىشىدىن خاتىرجەم بولالماي قالغان ئىدى، ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئات بېقىش مەيدانىدا ئىشلەشنى پىداكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىشى دەل مۇشۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك. ئاتىسى كىشىلەرگە ھەمىشە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ھەتتا ئىش تېرىپ قويۇشتىن ھەممىدىن بەك قورقاتتى؛ لېكىن ئىشنىڭ بىر يېرى ئاتقا ئازراق چېتىلىپ قالسىلا، ھەرقانداق ئادەمنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيتتى. مەلۇم بىر كۇنى، كولخوز ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىللەردە، ھازىرقى كولخوز رەئىسى نىستور ”چاقماق“ دەپ ئاتىلىدىغان، ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايغىرنى مىنىپ قاياقتىندۇر قايتىپ كەلگەن؛ يول بويى قامچىلاپ چاپتۇرۇۋەرگەنلىكتىن ئۇنىڭ

ئېتى قارا تەرگە چومۇلۇپ كالپۇكلىرى يېرىلىپ، قان تامچىپ قالغان ئىدى. ئاتىسى غەزنۇىگە بەس كېلەلمەي، يۇرتداشلارنىڭ ئالدىدىلا نىستورنى ئات بەلۇىغى بىلەن قىلچە رەھىم قىلماي ئۇرغاندا، ھېچكىممۇ ئۇنى توسۇۋېلىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. ئۇ ئايغىر كولخوز قورۇلۇشتىن ئىلگىرى ئەسلىدە نىستورنىڭ ئاكىسى ئۇلياننىڭ ئېتى ئىدى، كېيىن ئۇليان سوۋېت ئىتتىپاقى-فىنلاندىيە ئۇرۇشىدا قازا تاپقان. ئېھتىمال، نىستور ئايغىر ئوزەمنىڭ، شۇڭا ئۇنى خالىغىنىچە مىنىپ چاپتۇرۇۋەرسەم بولىۋېرىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، لېكىن ئاتىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئاتىسى ئات گوشىنى پاسكىنا دەپ يېگىلى ئۇنىمايدىغان كىشىلەرنى كورگەندە بەكمۇ ئاچچىغى كېلەتتى، ئۇ ھەممىشە زېرىكمەي-تېرىكمەي، ئات ھەممە ئات-ئۇلاقلار ئىچىدىكى ئەڭ پاكىزى دەپ سوزلەپ بېرەتتى. بىراق ئوزى ئات گوشىنى يېيىشكە كوزى قىيمىغانلىقتىن يېمەيتتى. ئۇ ئاتقا بەك كويۇنگەچكە، ئىچ ئاغرىتقاچقا ئولۇپ قالغان ئاتنىڭ گوشى بولسىمۇ يېيىشكە كوزى قىيمايتتى. "مەن ئول-سەممۇ ئات گوشى بىلەن ئادەم گوشىنى يېمەيمەن" دەيتتى. ئاندىرى ستالىنگراد ئەتراپىدا ئات گوشى يەپ ئاچ-لىقنى باسقاندا، ئاتىسىنىڭ بۇ گېپىنى قايتا-قايتا ئەسلەپ، ئاتام ئەزەلدىن بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقمىغان بولسا كېرەك، بولمىسا بۇ گەپنى بۇنچىلا مۇتلەقلەشتۇرۇۋەتمەي، ئالدى-كەينىنى ئويلىنىپ كورگەن بولاتتى دەپ ئوزۇپ ئېيتقان

ئىدى. ئۇلار ستالىنگرادتا بولغان چېغىدا، مەلۇم بىر قېتىم، ئولۇپ قالغان بىر ئاتنىڭ گوشىنى كاۋاپ قىلىپ يىگەن ئىدى، ئۇ ئولۇك ئاتنىڭ گوشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شۇنداق ئىشتاھا بىلەن يىيىشكەن ئىدى، ئۇ ئاتنى تېخى ئۇلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي سورەت كېلىشكەن ئىدى.

ئاندىرى قارىغايلىقتا ئاتىسىنىڭ ئاتخانىدىن چىقىشىنى كۇتۇپ تۇردى. ئات بېقىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، پۇتۇن ياغاچتىن چېپىلغان تار، ئۇزۇنچاق ئوقۇر يەنىلا بۇرۇنقى جايىدىكى كوتەمە ئۇستىدە تۇراتتى. ئوقۇر يېنىغا سۇ توشۇيدىغان ئات ھارۋىسى توختىتىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى سوغا ئانگارا دەرياسىغا توغرىلانغان زەمبىرەككە ئوخشاش چوخچىيىپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى قاشا يېنىدا يازدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ئاغدامىلىق ھارۋا ۋە يەككىل ھارۋىلار قاتارىسىغا تىزىۋېتىلگەن ئىدى. ھارۋا شوتىلىرى ئاغامچا بىلەن كوككە قارىتىپ تېڭىلغان، بۇ ھارۋىلارغا تېخى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ۋە چاق قىلىش ئۇچۇن ئېگىپ قويۇلغان ئاق قېيىنلار لىقمۇلىق بېسىقلىق ئىدى؛ ئوڭ تەرەپتە، ئېغىلنىڭ ئارقا تېمىدىن باشلانغان قاشا ئىچىدىن بىرنەچچە تىنىمسىز ئاتنىڭ دۇمبىسىنى كورگىلى بولاتتى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان بۇ يەردە ھېچقانداق ئوزگىرىش بولمىغان، بۇ يەر پەقەت سەل ۋەيرانلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. مەيداننىڭ ھەممىلا يېرىدە قۇرۇق ئوت-چوپ ئۇۋاقلىرى ۋە ئات تېزەكلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، شۇڭا يەر

ئۈستى كوزگە يۇمشاق، پاسكىنا قوڭۇررەڭ بولۇپ كورۈنەتتى؛ ھاۋا ناھايىتى سوغاق بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سەھەردىن باشلاپلا بۇ يەردىن كۆچلۈك، ئۈزاققىچە دىماقتىن كەتمەيدىغان سېسىق ھىد ئۇرلەپ تۇراتتى؛ ئاندىرى بۇنداق ھىدنى خېلىدىن بېرى پۇراپ باقمىغاچقا، دىمىغىغا ئۇرۇلغان ھامان دېمى سىقىلدى، بىراق بۇنداق دېمى سىقىلىش ئۇنىڭغا ھوزۇر بېغىشلايتتى، ئۇ شۇ ھىد ئىچىدە غەرق مەس بولۇپ تۇنجۇقۇپ ئولگەن تەقدىردىمۇ پۈتۈنلەي رازى بولغان بولاتتى.

مەيداندا پەقەت بىر ياشلىق بىر تايلا تۇراتتى. پۈتۈن ئەزايى تۇم قارا، قوۋۇرغىسىنىڭ ھەر ئىككى يېقىدا بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالىسى بار، كۆچلۈك ـ ساغلام، تۇياقلىرى چىرايلىق ھەم مىختا كەلگەن، دۇمبىسى كوز يېغىنى يەپ پاقىراپ تۇرغان بۇ ئايغىرنىڭ يايلىسى رەتلىك قىرقىلغان ئىدى، بۇنىڭدىن كوكۈل قويۇپ بېقىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاندىرى بۇ تايغا زوق بىلەن قاراپ، كىشىلەر ئۇنى ئىشقا سالماي نەسىل يېتىشتۇرۇشكە قالدۇرىدۇ دىگەن يەرگە كەلدى، چۈنكى ئوتتۇرا بوي بولۇپ قالغان بۇ تاي ئادەمنى ئۇزىگە بەكمۇ مەپتۇن قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاي تېخى چىچەن ئىدى: قانداق قىلىپكىن ـ تاڭ، ئۇ ئاندىرىنىڭ يېقىنلا جايدا تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى ـ دە، ئالدىدىكى قاشا يېنىغا كېلىپ، بېشىنى توغرىسىغا قويۇلغان توساق ياغاچ ئارىسىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۈزاققىچە قاراپ تۇردى. ئاندىرى ئۇنى قورقۇتۇپ قويغاندا،

ئۇ دەرھال بېشىنى توساقتىن تارتىپ، ئېغىل يەنە ئۆز جايىدىـ
ـمىدۇ دىگەندەك ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قويىدى ـ دە، يەنە
كوزىنى بۇ شۇبھىلىك ناتونۇش ئادەمگە يوتكىدى. كېيىنمۇ
ئاندىرىنى زادىلا يادىدىن چىقارمىدى: قۇرۇق ئوت ئۇۋاقلىرى
ئۇستىدە بىر دەم چاپچىغاندىن كېيىن بېشىنى كوتىرىپ ئۇنىڭغا
قاراپ قويىدى، بىر دەم چاپچىپ، يەنە بېشىنى كوتەردى ـ دە،
يەنە ئۇنىڭغا قاراپ قويىدى.

ئاندىرى شۇ پەيتتە بىر خىل پەرىشان، ئىلىك ـ سىلىك
ھالەت ئىلكىگە ئوتكەن بولۇپ، ئېسىدە ھېچنىمە قالمىدى:
ئۇ ئوزىنىڭ نىمە ئۇچۇن ئوغرىلىقچە ئورمانلىقتا موكۇنۇپ تۇر-
غانلىغىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتى، "سەن تامامەن ئالدىڭغا قاراپ
بىرنەچچە ماڭدام مېڭىپ، قاشادىن ئوتۇپ كىشىلەر بىلەن
كورۇشۇشۇڭ كېرەك ئىدى. بېرىپ باشقىلار بىلەن كورۇشۇۋەر،
ئىككىلىنىپ نىمە قىلىسەن؟" بىراق ئۇ يەنە، مەيلى قانداق بول-
مىسۇن، كىشىلەر ئالدىغا بېرىشقا بولمايدىغانلىغىنى چۈشىنىپ
يەتتى، "ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوزەم ئاللىبۇرۇن باشقا بىر دۇنياغا
تەۋە بولۇپ كەتتىم، ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش بىلەن بولغان
ئالاقەمنى چورت ئۇزۇپ تاشلىغان تۇرسام، ئەينى يىللاردىكى
تۇرمۇشنىڭ بۇ تونۇش بولۇك ـ پۇچقىغى قايتىدىن كوز ئالدىمدا
پەيدا بولۇپ قالغىنى نىمىسى؟ بۇ قانداقچە شۇنداق بولۇپ قالدى-
كىنا؟ بۇ خىيالىممۇ خاتا تۇيغۇمىدۇ، ياكى سېھرىمىدۇ؟ نىمە
ئۇچۇن كونا تۇرمۇش قايتىدىن كوز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قال-

دۇ؟ ئۇنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىغا كىم مۇھتاج بولۇپ قاپتىكەن؟ مېنىڭ ئوتتۇپ كەتكەن بارلىق نەرسىلەر بىلەن يەنە قانداق ئورتاقچىلىقىم بولسۇن؟ مەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندىمەن؟"

ئاندىرى چوڭقۇر ئويغا چوككەنلىكتىن ئاتىسىنىڭ جابدۇقخانىدىن چىققانلىقىنى كورمىدى، توساتتىن ئاتىسىغا كوزى چۈشكەندە، ئاتىسى ئېغىلدىن بىر بايتالنى يېتىلەپ چىقىۋاتاتتى. بايتال بوغاز بولۇپ، تۇغۇش ئالدىدا تۇراتتى، ئىككى يىقىنى تومپىيىپ، قوسىغى ساڭگىلاپ چۈشكەن ئىدى، ناھايىتى تەسلىكتە ئاۋايلاپ دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئاندىرىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى ئاۋال بايتالغا چۈشتى، بايتال ئۇنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇردى، نىمىدىن ھەيران بولغانلىقىنى ئوزىمۇ چۈشەنمەيتتى: بۇ بەلكىم ئوزىنىڭ خېلىدىن بۇيان بوغاز ئاتنى كورمىگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن، ھەتتا دۇنيادا تېخى بۇنداق ئاتنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن بولغاندۇ ياكى دەرھال پۈتۈن دىققەت-ئېتىۋارىنى يىغىپ ئاتىسىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ ئولتۇرماي، بەلكى بۇ قېتىم ئاتىسىنى كورۇۋېلىشقا ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ياخشى تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كوز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، كوزىنى كوندۇرۇۋېلىشقا مۇشۇنداق ياخشى بىر پۇرسەتنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىندۇ. ئاتىسى بايتالنى يېتىلەپ

چىققاندىن كېيىن ئاۋال توختاپ: "بىر دەم يېتىلەپ سوۋۇتسام بولامدىكىن-يا....." دەپ ئويلىنىۋاتقاندەك، ئۇنى بىر ئايلە-نىپ چىقتى، ئاندىن كېيىن بايتالنى يېتىلىگەن پېتى ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بايتالنى يېتىلىگىنىچە دوڭنىڭ ئىتتىگە-دىكى قاشانى بويلاپ دوقمۇشقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئارقىسى-غا يانـدى-دە، ئاندىـرى تۇرۇۋاتـقان جايـغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى.....ئاندىرى ھودۇققىنىدىن تەمتىرەپ، ئوزىنىڭ ئەسلى جايىدا تۇرۇۋېرىشىنى ياكى قارىغايلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشى-نى بىلەلمەي قالدى. ئاخىر دەرەخ شاخلىرى دالدا بولار دە-گەن ئۈمىتتە يەنىلا ئوز جايىدىن قوزغالمىدى. بىراق كۈتۈلمە-گەن ئەھۋالـنىڭ سادىر بولۇپ قېلىـشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئاتىسى ئۇنى ئالـدىنقى سەپكە ئۇزاتقان چاغدا، ئايرىـلىش ئالدىـدا تۇرغان پەيتتە تىترەپ كېتىپ، يېـنىدا تۇرغان بىر كىشىدىن توساتتىن: "ئاتا-بالا ئىككىـمىز بۇ ئومرىـمىزدە يەنە كورۇشەرمىزمۇ، كورۇشەرمىزمۇ-يوق؟" دەپ سوراپ تاشـلىغان ئىدى. ئاتىسىنىڭ خىيالىغا كەلگىنى: "كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتا-بالا ئىككىمىز قايتىـدىن كورۇشۇپ قالارمىز ياكى زادىلا كورۇ-شەلمەسـمىز" دىگەندىن باشـقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ دىدارىنى كورەلەيدىغانلىغىنى، يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭ دىدارىنى كورەلمەيدىغانلىغىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپـ مۇ باقمىغان، ئاتىسـنىڭ ساددا مىڭىسى بۇ يەرلىرىـنى ئويلاپ

يىتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. بىراق ئەمدىلىكتە بولسا قىرىشقان-دەك مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىۋاتاتتى. مانا ئاتىسى يېقىنلاپ كەلمەكتە: ئۇ ئۇچىسىغا يوڭ كوينەك كىيىپ، بېلىنى تاسما بىلەن باغلىۋالغان، بېشىغا ئوزى تىككەن، ئىككى قۇلىغى دىڭ-گىيىپ تۇرغان پاختىلىق قۇلاقچا، پۇتىغا بىر جۇپ يۇمشاق چەملەك كەش كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ھارغىن ھالدا شۇنداق ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتىكى، ئۇنىڭ شۇنچىلا ھالسىراپ، بوشىشىپ كەتكەن مۇرىسىدىن، شۇنچىلا سەنتۈرۈلۈپ يول مېڭىشى، شۇنچىلا سورەپ قەدەم تاشلىشىدىن؛ كاردىن چىققان بىر پۇتىغا ئېغىرىنى چۈشۈرۈپ قاتتىق دۇمچىيىپ كەتكەن گەۋدىسىدىن جاپا چېكىپ ھاردۇق يەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئەپتى ئۇۋچى يارىدار قىلغان، قوغلاۋېرىش ئارقىسىدا ماغدۇرىدىن كەتكەن، دەرمانسىزلىنىپ ئاران-ئاران كېتىۋاتقان ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھازىر ئاندىرى ئاتىسىغا كوزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئاتىسى يېقىنلىشىپ كەلدى، ئۇ يېقىنلاشقانسېرى ئاندىرى ئوزىنىڭ ئېھتىيات قىلىشى لازىملىقىنى ئۇنتۇپ، ئاستا-ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى، ئاخىر قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇۋالدى. ئۇ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك، گاڭگىراپ قالدى، كوزلىرى تورلاشتى، مېڭىسى ئىشلىمەي قالدى. ئاتىسى قاشا يېنىغا كېلەي دەپ قالغاندا، تۇيۇقسىزلا قاتتىق يوتىلىپ كېتىپ، نائىلاج جايىدا توختاپ قالدى. بايىتال ئۇنىڭ ئارقىسىدا چىچەن كوزلىرى

بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئاتىسى ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى تۇتۇپ، بېشىنى بىر ياققا بۇرىغىنىچە خېلى ئۇزاق يوتەلدى. كېيىن يوتىلى ئاخىر بېسىقتى. ئۇ بېشىنى كوتىرىپ، ئۇدۇلىدىكى ئاندىرى تۇرغان تەرەپكە قاراپ قويدى، ئۇلارنىڭ ئارىلىغى پەقەت يىگىرمە ماڭدامىلا كەلگەچكە، ئاندىرى تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. ئەگەر ئاتىسى بۇ تەرەپكە يەنە بىر پەس قاراپ تۇرغان بولسا، ئۇ بەلكىم ئوزىنى تۇتۇۋالالماي، قارىغايلىقتىن يۇگۇرۇپ چىققان بولاتتى. بىراق ئاتىسى قاپىغىنى سېلىپ، ئاغامچىنى سىلكىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئاتىسىنىڭ باياتىن ئاندىرى تەرەپكە كوز تاشلىشى ئۇنىڭ كوزىنى چېقىپ، بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويغاچقا، ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ، چىرايىدا قانچىلىك ئوزگىرىش بولغانلىقىنىمۇ ئېنىق كورەلمىدى، پەقەت ئۇنىڭ شۇ چىراي ئىكەنلىكىنىلا — ئاتىسىنىڭ چىرايى ئىكەنلىكىنىلا، بۇرۇتىغا ئاق سانچىلغانلىقىنىلا پەرق ئېتەلىدى، خالاس؛ ئاتىسى كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ بارا-بارا يىراقلىشىۋاتقان قارىسىغا قاراپ تۇرغىنىدىلا ئوزىدە ئەزەلدىن بار بولغان، ھەرقانداق نازۇك ئىشلارنىمۇ ئېسىدە قالدۇرۇشقا ماھىر بولغان دىققەت-ئېتىۋارىنىڭ ئوز ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى سەزدى. بىراق كېچىكىپ قالغان ئىدى. ئاتىسى بايتالنى يېتىلىگەن پېتى يان ئىشىكتىن ئېغىلغا كىرىپ كەتتى-دە، كوزدىن غايىپ بولدى. ئارىدىن بەش مىنۇتتەك ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن ئاندىرى ئاتىسىنى يەنە بىر قېتىم

كوردى، ئاتنىسى بىر قوْچاق قوْروْق ئوتنى كوتىرىپ چىققان ئىدى، بىراق ھەش-پەش دىگىچە بىركىم ئوْنى چاقىرىپ ئىپكىرىپ كەتتى. ئاندىرى ئوزىنىڭ بوْ يەردىن كېتىشى كېرەك-لىگىنى بايقىدى.

# 13

ئاندىرى قارىغايلىقتىن تاغ يولىغا چىقتى-دە، ئوزىنى چەتكە ئېلىپ يوْرمەي، ئالدىرىماي-تېنىمەي تاققا قاراپ ماڭدى. قاياققا بېرىش كېرەك؟ — ئوْ بوْ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتوْر-ماي، پەقەت كىشلەردىن يىراقراق كېتىشنىڭ، شوْ پەيتتە ئوزىنى بىارام قىلغان جايدىن يىراقراق كېتىشنىڭ كويىدىلا بولدى. بىراق ئوْ بوْ قېتىمقى سەپىرىدىن پوْشايمان قىلمايتتى، ئاتىسىنى كوروْش ئوْچوْن ئات بېقىش مەيدانىغا كەلگەندە، ئاتىسىنىڭ ئوْدوْل ئوزىگە قاراپ كېلىدىغانلىغىنى خىيالىغا زادىلا كەلتوْروْپ باقمىغان ئىدى. شوْنداقتىمو كىم بىلىدوْ دەيسىز، بەلكىم ئوْ ئاتىسى بىلەن ئوْچرىشىپ قېلىش ئوْمىدىدە (خوْددى باياتىن ئەمىلىيەتتە بولوْپ ئوتكەنگە ئوخشاش) بوْگوْن ئالاھىدە ئانگارا دەرياسىنى كېسىپ ئوتوْپ، ئات بېقىش مەيدانىغا كەلگەن بول-غىيدى؟ ئوْ ناھايىتى زور خەۋپ-خەتەرگە قارىماي شوْنداق قىلدى، ئەلۋەتتە، بىراق ئوْنىڭ يوْرىگى ئەسلىدە ئاشوْنداق

قاتتىق ھەسرەت ئىلكىدە پارە-پارە بولۇپ كېتەي دەپ قالغان ئىدى، ئەمدىلىكتە چىنىققاندىن كېيىن، ئەكسىچە چىداملىق بولۇپ قالدى — بۇنىڭ كەلگۈسىدە ناھايىتى زور پايدىسى تەگمەي قالمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى مۇشۇ يەردىلا قويۇپ تۇرايلى! — ئىشقىلىپ، ئاندىرى ئاتىسىنى، ئۆز ئاتىسىنى كوردى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم بىكارغا كەلمىگەنلىكى ئاخىر بىر كۈنى ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ ئۆز قەرزىنى ئادا قىلغانلىقتىن، بۇنىڭدىن كېيىن كوڭلى ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپالايدىغان بولدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، ئاتىسىنى يوقلاپ كېلىشى كېرەك ئىدى، چۇنكى شۇنداق غايىپ بىر نەرسە بار ئىكەن: ئاتىسى ئالەمدىن ئوتۇش ئالدىدا شۇ غايىپ نەرسە ئاتىسىغا: پالانى يىل پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى ئوغلىڭىز ئالدىڭىزدا تۇرۇپ، كەچۇرۇم سورىغان، دەپ ئېيتىپ بېرىدىكەن، — راستىنلا شۇنداق غايىپ نەرسە بار ئىكەن، — شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى ئۇنى كەچۇرىدىكەن. "ئاتام نېمىشقا مېنى كورمىدىكىنا؟ ئاتام ماڭا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تۇرۇپ بىر قاراپ قويغان ئەمەسمىدى؟ بەلكىم كورگەندۇر، لېكىن تونۇغۇسى كەلمىگەنلىكتىن كورمىگەنگە سېلىۋالغاندۇ. ياق، ئاتام مېنى كورمىدى، كورگەن بولسىدى، جەزمەن قولۇمدىن تۇتۇۋېلىپ، گەپ سورىغان بولاتتى. چوقۇم، چوقۇم سورايتتى، ئۇ چاغدا مەن نىمە دەپ جاۋاپ بېرەتتىمكىنا؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نىمە قىلاتتىمكىنا؟ كېيىنكى قەدەمنى قانداق باساتتىمكىنا؟ ئوز ئۇستۇمدە مۇشۇن-

داق بىر ئېغىر يۈك بېسىپ تۇرغاندىكىن، باشقىلارنى ئۆزەمگە چېتىۋېلىپ يۈرمەي، ئۆزەم كۆتىرەي! ناستيۆنا كۆتىرىشىپ بېرىۋاتىدۇغۇ! نەتىجە قانداق بولدى، بۇ يۈك تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، كەم-كۈتىسىز بىر ھەسسە ئېغىرلاشتى. ئەمدىلىكتە ناستيۆنانى بۇنىڭدىن خالاس قىلسام بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنى ئۆزەم كۆتىرەي، يالغۇز ئۆزەملا كۆتىرىپ تۈگىشەي. بىراق ناستيۆنا بولمىسا بولارمۇ؟ ھەممىسى بىكار گەپ، ناستيۆنا بولمىغان بولسا بىر كۈنمۇ ياشىيالمىغان بولاتتىم. پۈتۈنلەي ناستيۆنانىڭ سايىسىدا ياشاۋاتىمەن، ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە، خېلى ئۇزاققىچە، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تايىنارمەن“.

ئاندىرى قۇياش چىققانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ئورمان ئارىلىقىدىكى تار يولدا كېتىۋاتاتتى، قۇياش نۇرىدىن كۆزلىرى چاقىيىپ كەتتى. ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە جانلىنىپ، ھەر-كەتلىنىشكە باشلىدى — بۇ ھەركەت ۋاقتىنچە ناھايىتى ئاستا، ئېھتىياتچان بولسىمۇ، لېكىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان بولۇپ، پارلاق قۇياش نۇرىغا چۆمگەن كۈندۈزدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سۈپ-سۈزۈك ئاسماندا بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغاچقا، ھاۋامۇ ئۇنچىلا قاتتىق سوغاق ئەمەس ئىدى. يول يۈزىدە تۇتقان مۇزلاردىن ھور چىقىپ تۇراتتى. ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرى ئاۋالقىدەكلا قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قار قاتلىمى يىمىرىلىپ، تارام-تارام

ئەگىزگە ئايلىنىپ ئېرىمەكتە ئىدى، بۇلتۇرقى ئوت-چۆپلەر، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇسۇپ چىققاندەك، قار تېگىدىن بېشىنى چىقىرىشىۋاتاتتى. بەزى جايلاردىن لاي توپىلار غۇۋا كورۈنۈپ تۇراتتى. دەل-دەرەخلەر تېخى ئاخىرقى ئۇيقۇدىن باش كوتەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قەددىنى رۇسلاپ، قۇياش نۇرىدىن بەھرى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە تايىنىپ ئاستا ئىغاڭلىماقتا ئىدى. ئەتراپتىن چۈچۈمەل ھىد دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تۈن تېخى ھېلىلا غايىپ بولغاچقا، تۈنۈگۈن قار ئېرىگەندىن كېيىنكى نەمخۇش ھىد ھاۋا بوشلۇقىغا كوتىرىلىپ كېتىپ بولالمىغان ئىدى. قۇياشنىڭ قىپاش نۇرى گويا يەر-زېمىننى بويلاپ ئالغا قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇراتتى، ئۇ تېخى يەر يۈزىگە تېگىشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى.

ئەسلىدە ئاندىرى قەدىمىنى تېزلىتىپ، كەنتتىن ئىمكان قەدەر تېزرەك يىراقلاپ كېتىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇنىڭ شۇ پەيتتە ئالدىراپ يول يۈرگۈسى كەلمىگەنلىكتىن، پۇتلىرىنى سورىگىنىچە ئاستا ماڭدى. ئۇ ئاتىسىنى كورگەن چېغىدا يۈرەك تارلىرى چېكىلگەچكە، ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدىغان كەيپىيات-قا چومگەن ئىدى. ئۇ ھازىر قاياققا كېتىۋاتىدۇ؟ شۇ پەيتتە تەسكەي تەرەپتىكى تاغ يولىدا مېڭىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ بۇ يەردىن نېمە ئىزدەيدۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يەنىلا قارشى قىرغاقتىكى جايىدا تۇرغىنى تۈزۈك ئىدى، بۇ يەرگە كېلىپ

يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ئۇ يەردە ئۇ كۆڭلى ئارام تېپىپ،
ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە تەن بەرگەن ئىدى، بۇ يەردە بولسا
تۇرلۇك خىياللارغا چۆمۈلۈپ، يارىسىغا تۇز سېپىلگەندەك بولدى.
لېكىن، ياق، ئۇنىڭ بۇ يەرگە بىر قېتىم كېلىشى كېرەك ئىدى،
زۆرۈر ئىدى، كەلسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى بىرئاز ئارام
تاپالايتتى. ئەگەر ئۇي ھايۋانلىرىنى كورۇپ كوزى ئېچىلمىغان
بولسا، ئۆزىنىڭ ياۋايى ھايۋان ئىكەنلىكىنى قاياقتىن بىلسۇن؟!
ئەگەر ئۆزىنى كونا تۇرمۇش بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىنى
يىغىشتۇرۇۋالمىغاندا يېڭى تۇرمۇشنى قاياقتىن باشلىغىلى بولسۇن؟!
بىراق بۇ چۇۋالچاق رىشتىنى ھەرقانچە يوشۇرغان بىلەنمۇ، ئۇ
يەنىلا سورۇلۇپ يۈرۈپ، ئۇنى ئارام خۇدا ياشىغىلى قويمايتتى.
ئۇ كەنتكە يېقىن بىر جايدا تۇرۇپ، بۇ ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ
بۇرۇنقى ئۇيىگە ئىككىنچى قەدەم قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى،
ئاتا-ئانىسى بىلەن قايتا مۇڭدىشالمايدىغانلىقىنى، بۇ ئېتىزلارنى
زادى تېرىيالمايدىغانلىقىنى ئۆز كوزى بىلەن ئىسپاتلاش
ئۈچۈن، بۇ يەرگە بىر قېتىم كەلمىسە بولمايتتى،— شۇڭا ئۇ
ئۆز ئارمانىدىن چىقىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى.
ئەمدىلىكتە ئۇ بۇ يەردە ماڭىدىغان يول يوقلۇقىنى تولۇق
چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ ئاخىر مېڭىشنى قايتا-قايتا ئارقىغا سورەپ
كەلگەن، لېكىن بالا-قازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئازاپلىق
تۇيۇق يولغا مېڭىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى.

بۇ قېتىم ئاتىسىنى كورگەندە قېپقالغان تەسىرات بۇرەك

قېتىدىن ئورۇن ئېلىپ، مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىلغان هامان لوم-شۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ قىينايدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ ئۆز ئاتىسىنى كورۇۋېلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىغان نەرسىنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇپ قالغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئاتىسىنى كورگەن چاغدىكى ئەھۋاللار خۇددى چۈشكە ئوخشاش كوز ئالدىدا پەيدا بولۇپ تۇر-غان، مىڭىسىدىن ناھايىتى ئاسان ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ پېتى تىنچىپ قالماستىن، بەلكى ئۆكتەي-توكتەي دولقۇنلى-نىپ، ئۇنىڭ يول يۇرۇشىگە، پىكىر قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزۈۋا-تاتتى. ئۇ ئاتىسىنى كورگەن چاغدىكى ئەھۋالنى پات-پات كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىر دەم ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى شۇنچە يېقىن يەردىن كورۇۋالغانلىقىدىن ئەجەپلىنىپ داڭقېتىپ قالاتتى؛ بىر دەم ئاتام مېنى كورۇپ قالدىمىكىن دەپ قورققىنىدىن تىترەپ كېتەتتى. ئۇ بۇلارغا ئارتۇقچە تېگىپ قويسا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ بەك ئازاپلىنىپ كېتىشىدىن قورققاندەك، بەرىنى كوز ئالدىدىن يالت-يۇلت قىلىپ ئوتكۈزۈۋېتەتتى. بۈگۈن ئۇ بۇنداق قىلالمايتتى، چۈنكى ئۇ خەقنىڭ يېرىدە تۇرماقتا.

"خەقنىڭ يېرىمۇ؟" ئاندىرى سوغاق كۈلۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ كوزقارىشىنى جەزمەنلەشتۈردى: "شۇنداق، خەقنىڭ يېرىدە مەن، — بۇ يەردە چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن پەخەس بولۇپ يۇرۇشۇم كېرەك، ھەرگىز دىلى نازۇكلۇق قىلىشىمغا بولمايدۇ، بولمىسا بۇنىڭ بەدىلىگە ناھايىتى ئېغىر چىقىم تارتىشىم مۇمكىن".

ئاندىرى، نىمىشقىكىن ـ تاڭ، گاچا ئايال تانىيەنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى. ئىركۈتسكىدىكى چېغىدا ئۇنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇ ـ نۇپ ياتقان ئىدى. شۇ تاپتا ئاندىرىنىڭ ئۇنى خىيالىغا كەلتۈر ـ گۈدەك بىرەر سەۋەبى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى، نىمىندۇ سوراشقا تەمشىلگۈاتقاندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۇمەللەپ تۇرغان لەۋلىرى تۇيۇقسىز بىكار ـ بىكار كوز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاندىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا تانىيىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەت ـ كۈسى، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىراق يەرلەرگە قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئەلدىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاپ، گەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغۇسى، تانىيىنى بوزەك قىلىپ ئويناپ، شۇنىڭ بىلەن ئىچ پۇشۇغىدىن خالى بولغۇسى، بوزەك قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەركىلىتىپ قويغۇسى، يەنە بوزەك قىلىپ قويۇپ يەنە ئەركىلەتكۈسى كېلىپ كەتتى، ــ ئۇ جەزمەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قىلچە ئاغرىنمىغان ھالدا بەرداشلىق بەرگەن بولاتتى، ئۇنىڭغا ئازغىنا مېھرىۋانلىق قىلىنىدىغان بولسىلا، مىننەتدار بولۇپ كوزىگە ياش ئالغان بولاتتى. گاس، گاچىلارنىڭ چىرايى ھەمىشە قىزىق، كۈلكىلىك بولىدۇ: ئۇلار كۈلۈمسىرەپ تۇرسىمۇ، لېكىن كوزلىرىدىن سوغاقلىق چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلاردا ھىسسىيات كورۈنمەيدۇ؛ لېۋى قىمىرلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن باشقا جايلىرى چىڭ تارتىشىپ تۇتۇلۇپ تۇرىدۇ.....ئاندىرى ھەتتا تانىيىنىڭمۇ لايىقى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق ئاندىرىنىڭ قەلبى ئوزىنىڭ بۇ گۇنايىدىن ئازاپلىنىپ كەتمەيتتى. تانىيە ئەسلىدىلا شور پېشانە،

بىتەلەي ئايال ئىدى، شۇڭا ئۇ يەنە ئاز-تولا ئازاپ چەكسىمۇ ھېچقىسى يوق. "ئەگەر راستىنلا شۇنداق بىر كۈن كېلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى يەنە ئازاپ چەككۈزۈپ نىمە قىلىسەن؟" دەپ سورىدى ئاندىرى ئۆز ئۆزىدىن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن كىشى يەنە كۈنى ئۆتكۈزۈشتىن قورقمايدۇ، چۈشكۈنلەشكەن ۋىجدان ھامان تېخىمۇ چوڭقۇر ھالاك ئىزدەيدۇ. ئاندىرىمۇ شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان بولسا كېرەك، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ راستىنلا شۇنداق ئادەم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىسپات-دەلىل تېپىشقا ھەرقاچان مۇھتاج ئىدى. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى، ئەكسىچە، بىرئاز ئارام تاپاتتى.

ئاندىرى ئىككىنزارلىقتا يېتىپ كېلىپ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، يىراقتىكى ئىگىزلىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۈگۈنكى بىر كۈننى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. ھازىرقى مۇشۇ مەۋسۇمدە كىشىلەرنىڭ ئۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىگەندەك ئىشى چىقمايتتى: كىشىلەر ھەتتا تېچ ئاسايىشلىق يىللىرىدىمۇ ئۇ يەرگە ئوغۇت توشۇپ يۈرمەيتتى، يول شۇنچە پاتقاق بولۇپ كېتىپ، مېڭىش قىيىنلىشىپ قالغان ھازىرقى ۋاقىتتا بولسا تېخىمۇ بارماسلىقى تەبىي ئىدى. بىكار تۇرالمايدىغان كىشىلەرمۇ ئۇ يەرگە ئانچە بېرىپ يۈرمەيتتى، چۈنكى ئۇلار ئورمانلىقتىن بىرەر نەرسە يىغماقچى بولسا، كەنتتىن چىقىپلا ئورمانلىققا كىرىپ كېتەلەيتتى، يېقىندىكىنى تاشلاپ، يىراقتىكىگە يۈگۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق

ئىدى. راستىنلا بىرەر ئادەم كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆز-لىرى ئاندىرى كورۇپ قورقۇپ كەتسۇن. ئۇ بۇگۈن ھېچقانداق ئادەمدىن قورقماقچى ئەمەس. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئۆزىنى تونۇۋالغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرمايدۇ، يىراقتىن قارايمەن دىسە قاراۋەرسۇن، نىمە ئادەمكىن دەپ پەرەز قىلىشىۋەرسۇن، ئۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ خوجايىن سۇپىتىدە بۇ يەرگە كېلىپ ئايلىنىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق. ئىلگىرى ئۇ بۇ ئىككىنزار-لىقتا باشقىلاردىن كەم ئىشلىمىگەن، ھەر بىر ئېتىزنىڭ كولىمى قانچىلىك، ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇن قايسى ئېتىزغا قانداق زىرائەت تېرىغان، مەھسۇلات قانچىلىك بولغان، بۇلار ھىلىمۇ ئېنىق ئېسىدە، مۇشۇ ئېتىزلارنىڭ تا ھازىرغىچە تاشلىنىپ قالماي، داۋاملىق مەھسۇلات بېرەلىشىدىكى سەۋەپ — ئىلگىرىكى يىللاردا ئۆزىنىڭمۇ بۇ يەردە ئاققۇزغان بىر ئۇلۇش قان-تەرىنىڭ بولغانلىقىدا. ئۇ بۇ يەرگە يات ئادەم ئەمەس، شۇ پەيتتە ھەتتا بۇ يەردىكى ھاۋامۇ ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، مۇشۇ يەردىن ئوتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ، ئېتىز-دالا ئۇنى تونۇۋېلىپ، دېمىنى قىسىپ، جىم بولۇپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ تۇپراقنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى. كىشىلەر بىر-بىرىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا ماھىر ئەمەس، ئۇلار خۇددى ئېقىن سۇدەك كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە غايىپ بولىدۇ، بىراق تۇپراق بولسا ئۆز باغرىدا تۇرمۇش

كەچۈرگەن كىشلەرنى هامان ئېسىدە ساقلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراق ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن بىخەۋەر، تۇپراقنىڭ نەزىرىدە ئۇ پاك كىشى.

قۇياش بارغانسېرى يۇقۇرى ئورلەپ، يەر يۈزىگە ئىللىق نۇرىنى چېچىپ ئىللىتىۋەتتى. يول يۈزىدىكى قار-مۇزلار ئېرىپ، ئەڭ دەسلەپكى بىر تۇركۇم تارام-تارام قىسقا ئېقىنلارنى پەيدا قىلىپ، كۈن نۇرىدا پاقىراپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قارلار كوكۇشىمان يالتىراپ، بارا-بارا ئېرىلىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى، هاۋامۇ نەمخۇش ھىد بىلەن تولغاچقا ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئاندىرى پۈتىغا پىما كىيۋالغان ئىدى (ئۇنىڭ كىيگۈدەك باشقا ئايىغى قالمىغان؛ يېقىندا ناستيۇنا بىلەن يۈز كورۇشكەندە، ئۇ ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن، ئۇشكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە قونجىلىق كونا ئايىغىنى تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىدى). هازىر بولسا دەل مۇشۇ پىما ئاندىرىنىڭ بېشىنى ھەممىدىن بەك ئاغرىتىۋاتاتتى. بۇ پىما كىشلەر ئالدىدا ئوزىنىڭ بۇ يەرلىككە ئوخشمايدىغانلىقىنى بىر قاراشتىلا ئاشكارىلاپ قويۇپ، جېنىغا زامىن بولىدىغاندەك تۇراتتى. كىيىش مەۋسۇمى ئوتۇپ كەتكەنلىكتىن تولىمۇ غەلىتە بولۇپ كورۇنگەن ھەم يەنە يارامسىز بولۇپ قالغان بۇ پىما گويا ئۇنى ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقتىن ئايرىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. هازىر تېخى ئەتىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى سورەپ قەدەم يوتكىمەك شۇنچە تەسكە چۈشۈۋاتاتتى. يەنە ئۈچ-تۆت سائەت

ئۆتكەندىن كېيىن، يەر يۈزى قۇياش نۇرىدا ئىسسىپ، لومۇل-دەپ قالغاندا مۇشۇنداق بىر پەمنى سورەپ قانداق يول ماڭغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بىرەر جاي تېپىپ ئارام ئېلىۋېلىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇستەڭنىڭ ئاخىرىدىكى توپىلىكتە قىشلايدىغان بىر كىچىك ئۆي بار ئىدى، ئۇ يەرگە بېرىپ بىر دەم ئارام ئېلىۋالغاننىڭ زەرىرى بولماس. ياق، بۈگۈن ئۇ قىشلايدىغان كىچىك ئۆيگە كىرىپ موكۇنۇۋېلىشنى زادىلا خالىمايدۇ،— ئۇ يەرگە موكۇنۇۋېلىۋېرىپ بىزار بولدى، ئۇ بۇ يەرگە موكۇنۇۋېلىش ئۈچۈن كەلمىگەن. ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن، پەمنى سىلىپ تاشلىۋېتىپلا يالاڭغىداق پېتى نەگە بارغۇسى كەلسە شۇ يەرگە بېرىۋەرسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ياخشى پۇرسەت ئىنكىنچى كەلمەيدۇ.

ئۇ بارغانسېرى يەردىكى دەل-دەرەخ ئۇنىڭ خاتىرىلىرىنى قوزغايتتى. ئېتىز، ئېتىز يولى، تېرىلغۇ يەر ئوتتۇرىسىدا چوخچىيىپ تۇرغان، ھەممە يېرى بوغما-بوغما ئۇسمە بىلەن قاپلانغان، غازاڭ تاشلايدىغان كونا قارىغاي، كىچىك ئورمانزارلىقتىكى بىر تۈپ ئارخات قارىغىيى تۈۋىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان بۇلاق ھەتتا ئورمانزارلىق ئارقىسىدىن كورۇنۇپ تۇرىدىغان ئاسمان — باشقا ھېچقانداق جايلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، پەقەت مۇشۇ يەردىلا بولىدىغان سۈرەتتەك گۈزەل ئاسمان — ئۇنىڭ چېكى يوق خاتىرىلىرىنى قوزغايتتى. بىراق ئاندىرى بۇ

خاتىرىلەردىن قورقاتتى. بۇلارنى كوپرەك ئويلىغۇسى كەلمەي، كىشىنى بىارام قىلىدىغان بۇ خاتىرىلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە تىرىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خاتىرىلەر قوزغىلا-قوزغالمايلا توساتتىن توختاپ قالاتتى-دە، ئالىقاندەك جايلارغا كېتىپ قالاتتى، ئۇ بۇ خاتىرىلەر ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىشنى خالىمايتتى، بولمىسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيتتى. بۇ خاتىرىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتەلمىگەندىكىن، شۇ پەيتتە ئۇنىڭغا بۇ خاتىرىلەرنىڭ نېمە كېرىكى، شۇ خاتىرىلەر بىلەن ئازاپ چېكىپ يۈرگىنى نېمىسى؟ ئەپسۇسكى، خاتىرىنى خاتىرە قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزى بۇنى چۈشەنمەيتتى. بىلىسىز، ھازىرقى ئەھۋال شۇنداق ئىدىكى، ئاندىرى قارىماققا بىر ئادەمدەك تۇراتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا بىر بىرى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىككى ئادەم ئىدى، ئەمما بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئورتاق بىر خاتىرىسى بولۇپ، بۇ خاتىرىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىككىگە ئايرىۋەتكىلى بولمايتتى. ئەگەر ئۇ خاتىرىسىنى يوقىتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىنى پاك-پاكىز ئۇنتۇيالىغان بولسىدى، ئۇنداقتا كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالغان بولاتتى، بىراق بۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. چۈنكى ئىلگىرىكى ئاندىرى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان، روھى قاتتىق سۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق قىلىپمۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. شۇڭا

ئاندىـرى ئارام تاپالمايتـتى، قۇتۇلۇپـمۇ كېتەلمەيتـتى، تاكـى ئۇمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يىراق جايـلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

بىراق ئۇ بۇنى ئىتىراپ قىلىش ۋە بۇنىڭغا ئىشىنىشكە ئۆزىنى قايىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىلىمۇ مەلۇم ئۈمىتتىمۇ بولۇۋاتـ قانـلىقىنى بايـقىدى: بۇنداق بىلىنەر ـ بىلىنمەس، ئۇن ـ تىنسىز ئۈمىت ئۇنىڭ يۈرىكىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەمىشە بۇ ئۈمىتنىڭ بار ـ يوقلۇغىنى قىياس قىلالماي قالاتـتى. بىراق ئۇ راستىنلا مەۋجۇت ئىدى، نەپـەس ئالاتـتى، بەزىـدە ھەتتا ئۇنىڭ يىتىرقىغان ھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىمىرلا ـ ۋاتقانلىغىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق ئۇ ئۈمىت بىھۇدە ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆتكۈچىلىگى يوق ئىـدى، زادىلا يوق ئىـدى، بىرەر موجىزىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنىڭ بارلىـق سىرى شۇنچە ئوچۇق ـ ئاش ـ كارا، شۇنچە ئەينەن، شۇنچە رەھىمسىز، شۇنـچە قۇتۇلغۇسـىز ھالدا كوز ئالدىدا پەيدا بولۇشى گويا تۇنجى قېتىمدەك تۇراتـ تى. بۇ ھەقىقى سىرنى ئۇ جىسمانى جەھەتتىن ھىس قىلغاندەك بولدى، بۇ ھەقىقـى سىـر بەئەينى ئوتـكۈر خەنـجەردەك ئۇنى بېشىدىن ـ تاپىنىغىچە تىلىپ چىقىـپ، ئۇ خەنجەرنىڭ ئادەمـنى ئەيمەندۈرگۈدەك چاقـناپ تۇرغان نۇرى ئاندىرىـنى لاغ ـ لاغ تىترىتىۋەتتى. ھەقىقى سىرنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشـىغا نـىمە سەۋەپچى بولدى، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. نىمە ئۈچۈن يا بالـدۇر

ئەمەس، يا كېيىن ئەمەس، قېرىشقاندەك مۇشۇ پەيتتە، ياتسا-
قوپسا خىيال قىلىپ كەلگەن يۇرتىنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم باسقاندا
ھەقىقى سىر ئاشكارىلىنىپ قالـدى؟ــ ئۇز يۇرتـىنىڭ تۇپرىقـى
ئۇنىڭغا ھـوكۇم چىقارغانـمۇ-يا؟ ئاندىـرى توت ئەتراپـقا بىر
قاراپ چىقىپ، يۇرىكىدىكى غەزەپ-نەپرىتىنى باسالماي قالدى-
دە، زەردىلىك كۇلدى: قېنى قاراپ تۇر، كوزنى يۇمۇپ-ئاچ-
قىچە بىر كىچىك قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، ئىنسـان تىلىدا: ئۇ-
يۇرت تۇپرىقى ئۇنىڭغا ھوكۇم چىقاردى دەپ ھەقىـقى سـىرنى
جاكالايدۇ......ئاندىرى جاسارەتـكە كېلـىپ بۇنىڭـغا دىمىغـىدا
كۇلمەكچى بولدىيۇ، لېكىن كوڭلىدە بىر خىـل چۇشىنىكسـىز،
ئازاپلىق تۇيغۇ پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تۇيغۇ بارغان-
سېـرى ئەۋج ئېلـىپ كەتـتى. ئۇ تېزرەك ماڭماقچـى بولغان،
كۇچـىنىڭ بېرىـچە قەدىمـىنى چوڭـراق تاشلـماقچـى بولغان
بولسىمۇ، لېكىن پۇتى كالۋالىشىپ كەتتى، نەپسىمۇ قىسـلدى.
"كىچىك قۇش...... ــ ئۇنىڭ كوڭـلىدا تۇيۇقسـىزلا بىر خىيال
پەيدا بولۇپ قالدى، ــ ئۇزەم بۇرۇن كوكتە پەرۋاز قىلىۋاتـقان
كىچىك قۇشـقا ئوخـشاش بۇ يەردە ئەركىـن-ئازادە ياشـىغان
ئىدىم، شۇ چاغدا يەنە نىملەردىن قانائەت ھاسـىل قىلمـىغان
بولغىيدىم؟ يەنە نىملەردىن؟"

ئۇنىڭ بۇ كېيىنكى ھىسسياتى ئىختىـيارسىز ھالـدا بارلىق
ئاسارەتـتىن قۇتۇلۇپ، بارلىـق تۇسالـغۇلارنى بوسۇپ ئوتۇپ،
بارلىق پەرھىزلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، گويا چۇلۋۇرـىنى ئۇزگەن

توسۇن ئاتتەك ئالغا قاراپ ئېتىلدى، شۇ پەيتتە ئاندىرىنىڭ ئۆزىنى توختىتىۋېلىشقا ۋە تېچلاندۇرۇشقا قۇربى يەتمەي قالدى.
"ئەگەر بۇ ئۇرۇش بولمىغان بولسا، بۇ بېشىنى يىگۇر ئۇرۇش بولمىغان بولسا، — دىدى ئۇ ئىچىدە ئۆزىنى ئاقلاپ، — مەن بۇ يەردە ئەركىن-ئازادە يايراپ يۈرگەن، دىخانچىلىقىمنى قىلغان بولاتتىم. مەن ئاران قانچە ياشقا كىردىم؟ ئوتتۇزغا. تېخى ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنىمۇ ياشاپ بولغىنىم يوق. تېخى ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىمۇ ئوتمەي تۇرۇپلا ھەممىدىن تۇگىشىپ كەتتىم. دۇنيا دىگەندە شۇنچە كوپ ئادەم تۇرسا.....نىمەن ئۇچۇن قېرىشقاندەك مەنلا مۇشۇنداق بولۇپ قالغاندىمەن؟ تەقدىر ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغۇدەك نەدە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدۇمكىن-تاڭ؟" ئۇ ئىختىيارسىز پەريات چەكتى. پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ زادىلا ماڭالماي قالدى-دە، بىرەر جاي تېپىپ ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى. ھەم پاسكىنا، ھەم ھول بىر ياغاچ ئالدى تەرەپتىكى يول ياقىسىدا توغرىسىغا ياتاتتى. ئۇ ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇردى. "ئەگەر مەن مۇشۇ يەردە ياشىغان بولسام، باشقىلاردىن قېلىشمايتتىم، — ئۇ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى، — ئوبدان ئىشلەيتتىم، مەن ئەزەلدىن ئىشتا ھورۇنلۇق قىلىپ باققان ئەمەس، بۇ ھەممەيلەنگە مەلۇم. ئەگەر مەن راستىنلا مۇشۇ يەردە ياشىغان بولسام، مۇشۇ پەيتتە بىرەر ئىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردىن ئوتۈپ قېلىشىم ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.....خۇددى ھازىرقىدەك مۇشۇنداق يول يۈرۈپ، ھازىر-

قىدەك ئولتۇرۇپ، بىر دەم ئارام ئالغان بولاتتىم، بىر تال تاماكا چېكىشىۋېتىپ، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن كەنتكە قايتىپ كەتكەن بولاتتىم......» ئۇنىڭچە بۇنداق قىلىش تامامەن مۇمكىن، تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئىدى، نەتىجىدە ئۇ خېلى ئۇزاقىچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، مىڭىسى ئېلىشىپ كەتتى، ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمە-گەنلىكىنى، بۇ يەرگە بېجىرىشكە كەلگەن ئىشلارنى ھەش-پەش دېگىچە تۈگىتىپ، دەرھال كەنتكە قايتىپ كېتىشىنىڭ ۋاقتى يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى راستتىنلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ياق، دۇنيا ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنى يوق، ھەممە نەرسە ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ......ئۇ ئاخىر ئېسىنى يىغى-ۋالدى، ئويغاندى، بىراق شىرىن ئۇيقۇدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى بېشىدىن كەچۈرگەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرمەس پاكىت بولۇپ قالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئويغاق ھالدا جەز-مەنلەشتۈردى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى بۇنى قانچە قېتىم جەزمەنلەش-تۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ بولالمايتتى. بىراق ھازىر ئۇ بۇنى جەزمەنلەشتۈرگەندە ئىنتايىن ئازاپلاندى، ئىنتايىن قورقتى. ئۇ مىلىق تەسلىكتە بەرپا قىلىغان مۇداپىئە لىنىيىسى كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئومۇمىي يۈزلۈك يىمىرىلدى، نەتىجىدە ئۇ قولىدا تومۇرنىڭ سۇنىغىنمۇ قالمىغان ھالىغا چۈشۈپ قالدى. كىشىنى يىرگىندۈرىدىغان بىر خىل ھالسىزلىق ئۇنى ئۆز ئىل-كىگە ئالدى، ئۇ ھەتتا ھالسىزلىنىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى،

ئۆز ئۆزىگە بىر ۋاقىرىغۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىدى. لېكىن، ئىمىشقىكىن-تاڭ، ئۇ بۇنداق ھالسىزلىقتىن مەمنۇن بولدى، ئۆزىنىڭ بۇنداق ھالسىزلىقنى تېزگىنلىيەلمىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. "بۇلارنى ئۇرۇش كەلتۇرۇپ چىقارغان، ھەممىنى شۇنىڭدىن كورۇش كېرەك،—ئۇ يەنە ئۆزىنى ئاقلىغىلى ھەم ئۇرۇشنى قاغىغىلى تۇردى،—ئۇرۇشتا شۇنچە ئادەم ئۆلدى، شۇنچە ئادەم مېيىپ بولدى، لېكىن ئۇرۇش تېخى خەلقنى شۇنچە ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالدۇرغىنىنى ئاز كورگەندەك، ماڭا ئوخشاش ئادەملەرگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ. ھەممە ئادەمنى بىراق ئۆز قوينىغا سورەپ كىرىپ كېتىدىغان بۇ ئۇرۇش قاياقتىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ قورقۇنچلۇق جازا، نىمە دىگەن قورقۇنچلۇق؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىمۇ، مېنىمۇ سورەپ كىرىپ كەتتى، بېشىنى يىگۇر دوزاققا سورەپ كىرىپ كەتتى. سورىگەندىمۇ بىر ياكى ئىككى ئاي ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە يىلغىچە قويۇپ بەرمىدى. بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا قانداق چىدىغۇلۇق؟ مەن بۇلارغا ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن بەرداشلىق بەردىم، مەن ئەسكەر بولغان كۈنلا قېچىپ كەتمىدىم. نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلدىم، ئۆز ھەسسەمنى قوشتۇم. نىمە ئۈچۈن ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەيلا مېنى باشتىن-ئاياق نۇرغۇن يامان ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ كەلگەن خۇمپەرلەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەيدىكەن؟ نىمە ئۈچۈن بىزگە بېرىلىدىغان جازا ئېغىر-يېنىك دەپ ئايرىلمايدىكەن؟ ھەتتا ئۇلار تېخى مەنىدىنىمۇ

كوڭلى ئازادىرەك بولۇپ يۈرۈشكەندۇ، ھېچ بولمىغاندا يۈرىگى ھەسرەت ئىلكىدە ئازاپلانمايۋاتقاندۇ، ۋاھالەنكى، مېنىڭ يۈرىكىم ئازاپلىنىپ، ئەس-ھۇشۇمنى تامامەن يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالدىم.....قارىمامسلەر، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يۈرىكىم بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى—جېنىم ئارانلا قالدى..... مەن يا ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىپ دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ۋىلاسوۋقا① ئوخشاش ئادەم بولمىسام، مەن ناھايىتى ئۇز جېنىمنىلا ساقلاپ قالماق بولدۇم، خالاس، ئەجەبا، بۇ پەرق-نىمۇ ئويلاپ بېقىشمايدىكەن؟ مەن ناھايىتى ئۇز جېنىمنىلا ساقلاپ قالماق بولدۇم، خالاس،—ئۇ بۇ سوزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر جايىدا چىققان گەپ تېپىۋالغانلىغىدىن خوشال بولۇپ كەتتى-دە، ئۇز-ئۇزىگە چوڭقۇر تەسەللى بەرگەن هالدا خىيالغا پاتتى،—نەقەدەر رەھىمسىز ئۇرۇش-ھە! بىراق مەن ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلدۇم، بۇنىڭغا ئاز-تولا قابىلىيەت بولمىغان بىلەن بولمايدۇ.....

① «خروششېۋ ئەسلىمىلىرى» ۋە ژۇكوۋنىڭ «ئەسلىمىلەر ۋە مۇلا-ھىزىلەر» دىگەن كىتاۋىدا يايان قىلىنىشىچە، A.A. ۋىلاسوۋ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى توقسان توققۇزىنچى شىسىنىڭ سابىق شىجاڭى بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا خروششېۋ ئۇنى ئۇز قولى بىلەن ئۇتتۇز يەتتىنچى جۇننىڭ جۇنجاڭ-لىغىغا ئوستۇرۇپ، كىيىۋنى قوغداشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. نەتىجىدە كىيېۋ قولدىن كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە موسكۋادىكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتتۇش جېڭىگە قوماندانلىق

چورت!"

شۇنىڭ بىلەن ئاندىرى بېشىنى كوتىرىپ، باياتىن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئېتىز ئۇستىدىكى ھاۋا بوشلۇغىغا قاراپ، پىسەنت قىلمىغاندەك روھىي ھالەت بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇ يەنە بىر دەم ئولتۇرۇپ، توت ئەتراپقا قاراپ، باياتىنقى گەپلەرنى ھە دەپ غودۇڭشىپ دىگىلى تۇردى ۋە باياتىنقىغا ئوخشاشلا ئارىلاپ-ئارىلاپ ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان ھالسىزلىقتا بويۇن ئەگدى. ئۇنىڭ يۈرىگى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئازاپ-لىنىۋاتقاچقا، راستىنلا ئىتقا ئوخشاش ھاۋشۇۋەتكۈسى كەلدى، يىلاندەك تولغاندى، ھىلىقى مەنۋى ئازاپتىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۈمىتسىزلىك، ساقسىزلىق ئالامەتلىرى، مازاق پۇراقلىرى چىقىپ تۇرىدىغان بىر خىل شاتلىققا چومدى، بىراق ئۇ بۇ شاتلىق ئىچىدە ھايا-جانلىنا-ھاياجانلانمايلا يەنە ئىلگىرىكىدەك پەرىشانلىقتا غەرق بولۇپ كەتتى.

---

قىلىدۇ، ئۇنىڭغا شاگجىياڭ ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. 1942-يىلى ئەتى-يازدا ۋىلاسوۋ ۋورخوۋدىكى بىر قېتىملىق ھۇجۇمغا ئوتتۇش جېڭىدە قايتىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، گېرمانىيە قاراقچىلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ، خائىن بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە گېرمانىيە قاراق-چىلىرىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسىرلىرىنى تەشكىللەپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى بېرلىننى ئىشغال قىلغاندا، ئۇنى قولغا ئېلىپ، دارغا ئاسىدۇ.

كېيىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ئازاپلىنىشىنى قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋالغانلىغىم، ھېچ ئىش قىلالماسلىغىم كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ئويلىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، باشقىلارمۇ ئازپاز كۈچ سەرپ قىلىپ يوتكىسۇن دەپ، ئۆزى ئولتۇرغان ياغاچنى يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا دومىلىتىۋەتتى. ئاندىرى ئەتراپقا بىر كوز يۈگۈرۈتۈپ قويۇپ، يەنە داۋاملىق ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ، پىكرى چېچىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنچە تېز قەدەم تاشلىسىمۇ ئۇنىڭ قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشىگە يول قويمايتتى، شۇڭا تۈرلۈك ئوي-پىكىرلەر ئاخىر ئارقىدا تاشلىنىپ قالدى.

تېخى چۈش بولمىغان بولسىمۇ لېكىن ئەتراپ قۇياش نۇرىدا ئىسسىپ كەتكەن ئىدى، تاغ ئارىسىدىكى جىلغا سۈيى ئانچە راۋان ئاقمايۋاتقان، سۇنىڭ شىرىلداپ ئېقىشى تېخىچە ئاڭلانمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئېقىشقا باشلىغان ئىدى. تاغ باغرىدىكى ئېتىزلىق ئاسمىنىدا ھاۋا خوشال ھالدا ھەركەتلىنىۋاتاتتى، قۇياش نۇرى ئېتىزلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئورمانلىقنى گويا ئۆزۈنچاق ئاق شايى ئېتىزلىقنى بويلاپ ئايلىنىۋاتقاندەك قىلىپ كورستەتتى. كەنتتىن كاتەكتىن چىقىرىلغان خورازلارنىڭ قانات قېقىپ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ قاغىلار قۇلاقنى يىگۇدەك قاقىلدىشىپ، كوكتە ئايلىنىپ يۈرەتتى؛ مەيىن شامال يەر بېغىرلاپ گاھ شەرق تەرەپتىن، گاھ غەرپ تەرەپتىن چىقاتتى. ئاندىرىنىڭ يۈزى ئازراق

ئېچىشقاندەك بولدى، بۇ شامالدىن ئەمەس، بەلكى ئاپتاپنىڭ چىققىشىدىن بولغان ئىدى. شامال ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، بىر دەم چىقىپ، بىر دەم توختاپ قالاتتى، بەزىدە ھاۋانى بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە سۈرەتتى، بەزىدە بولسا ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ھەيدەيتتى. قىشلايدىغان كىچىك ئوي يېنىدىكى خامانىدا قانات-قۇيرۇقلىرى پاسكىنىلىشىپ، پاخمىيىپ كەتكەن بىر توپ قۇشقاچ ۋە ئىككى ياۋا كەپتەر توپان دوۋىسىدە چۇرۇقلىشىپ ۋە گۇگۇللىشىپ ئۇ ياندىن-بۇ يانغا سەكرىشىۋاتاتتى. ئاندىرى يېقىن بارا-بارمايلا ئۇلار دانلاۋاتقان يېرىدىن گۇر قىلىپ تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشتى.

ئاندىرى خامان يېنىدا توختاپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ قۇشقاچلارغا قارىدى. ئاندىرىيېۋ ئىكىنزارلىغى تەرەپكە ئادىمىزات قەدىمى ئاز يەتكەچكە قۇشقاچ يوق ئىدى. ئۇ ئۇزىدىن: "قۇشقاچ قانچە ئۇزۇن ئومۇر كورىدىغاندۇ؟" دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇشۇ بىر توپ ئاچ، قورقۇنچاق قۇشقاچلارنىڭ ئىچىدە ئەينى يىللىرى ئۇزى مۇشۇ يەردە بولغان چاغدا مۇشۇ يەردە ياشىغان قۇشقاچلارنىڭ بار-يوقلۇغىنى بىلمەكچى بولدى. ئۇ قۇشقاچنىڭ قانچە ئۇزۇن ئومۇر كورىدىغانلىغىنى بىلمەيتتى، ئۇ ئىلگىرى بۇنداق ئۇششاق-چۇششەك ئىشلارغا زەڭ قويمىغانلىغىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ قۇشقاچلارنى ئۇركۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، قىشلىق كىچىك ئوي ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، بىر قىشتىن بۇيان ھىم تاقى-

ۋېتىلگەن ئىشكنى تەسلىكتە ئاچتى. ئۇي چولدەرەپ قالغان، ئىچى قۇپ-قۇرۇق تۇراتتى. ئۇ بىرەر نەرسە چىقىپ قالارمە-كىن دەپ، بىر هازاغىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، هېچنېمە تاپالمىدى، شۇنىڭ بىلەن تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرئاز بىارام بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى؛ تۇرۇپ بىرنېمە يىگۈسى كەلسە، تۇرۇپ ئۇخلىغۇسى كېلەتتى-زادى نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايتتى. ئۇ يېنىغا ئازراق ئوزۇقلۇق ئېلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېيىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. نېمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، ئۇ بۇ يەردىن هېچقانداق نەرسىنى زادى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە بىرئاز يەيدىغان نەرسە چىقىپ قالسىدى دېگەن ئۈمىتتە بولۇۋاتاتتى: هەر هالدا كەنتكە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلغىلى بولماس، ۋاهالەنكى، بۇنداق مەۋسۇمدە كەنتتىن باشقا بۇ جاي-لاردا هېچقانداق نەرسىمۇ ئۇسمەيتتى، هېچقانداق نەرسىمۇ بولمايتتى.

ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، خېلى ئۇزاقىچە تېڭىرقاپ قالدى. كېيىن تەكرار-تەكرار ئويلىنىپ باققاندەك بىرەر جاي تېپىپ ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى. ئۇ ئايلىنىپ قىشلىق ئۇي ئارقىسىغا ئۆتتى-دە، تام تۈۋىدە تۇرغان بىر تال ياغاچ ئۈستىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاپتاپ سۈنۈشقا باشلىدى. ئىللىق قۇياش نۇرى تاغ چوققىسىدىن ئۇدۇل بۇ يەرگە چۈشۈپ

تۇراتتى. بۇنىڭدىن كوپ يىللار بۇرۇن، قەھەتچىلىك بولغان 1933 ـ يىلدىن كېيىن ئۇزۇن ئوتمەيلا ئۇ بۇ ئىگىزلىكتە بوز يەر ئاچقان ئىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇنىڭ ئالدىدا قوچاق ئېچىپ تۇرغىنى دەل شۇ يىلى ئوزى ئاچقان ئىككى يېرىم گىكتار كېلىدىغان ئىككى پارچە يانتۇ ئېتىز ئىدى. ئاندىرى زورۇرد-يىتى بولمىغان خاتىرەمنى قوزغاپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، قورۇنغان هالدا ئۇ يەرگە قاراپ قويدى. يانتۇ ئېتىز تۇۋىنىدىن باشلاپ قارايغىلى تۇرغان بولۇپ، تېخىچە ئېگىز پېتى تۇراتتى. بۇ يانتۇ ئېتىز ئۇنى يامان كورمەي، ئەكسىچە، قارشى ئېلىۋات-قاندەك، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن قوياشنىڭ ئىللىق نۇرىدا پۇتۇن ئۇستىخانلىرى بوشىشىپ كەتكەن ئاندىرى مۇگدەشكە باشلىدى. مۇگدەۋاتقاندىمۇ ئۇ يەنە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپىغىنى كوتىرىپ قوياتتى. ئۇ هازىر ئەزايىنىڭ ھېچقانداق قىسمىنى قايتىدىن چوچۇتۇپ يۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كوزلىرىنى تېپ ـ تېچ ئارام ئالغىلى قويمايتتى. بۇ كوزلەر ئاللىقانداق بىر جايدىن ئادەم قارىسى كورۇنۇپ قالارمىكىن دەپ، ئادىتى بويىچە پەخەس بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. بىراق ئەتراپ جىمجىتلىققا چوككەن بولۇپ، ئادەم قارىسى كورۇنمەيتتى.

ئاندىرى مۇگدەۋېتىپ، قالايمىقان چۇش كوردى: بىر دەم رازۇېتكا لېيەنىنىڭ لىيەنجاڭى، داۋېي لېبېدېۋ ئاندىرى تۇرۇش-لۇق پەيىنى چارلاشقا ئەۋەتىش ئالدىدا، نىمە ئۇچۇنكىن ـ تاڭ،

ئاندىرى گۇسكوۋقا ئالايىتەن: "ئەگەر سەن گېرمانىيىلىكلەر تەرەپكە قېچىپ كېتىدىغان بولساڭ، باشلىغىمىز سېنى بىر گېرمانىيە گېنېرالىغا تېگىشىپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ، لېكىن ئېتىپ تاشلاش چارىسىدىن باشقا چارە بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ياق، بۇنداقتا ساڭا تولىمۇ ئەرزان چۈشىدۇ! سېنى ئېتىپ تاشلىماي، بەلكى ئۈچ كېچە-كۈندۈز قاتتىق قىيناپ، تىرىك پېتىڭ ئازاپلاپ ئۆلتۈرىدۇ" دېدى. پاھ، بۇ نېمە دېگەن دەھشەتلىك جازا-ھە! ئاندىرى چۈشىدە بىر دەم ئۆزىنى يەنە سىمولىيانىسكىدا كوردى، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدا قالغان بۇ يەردە تۇيۇقسىزلا ئاتامان كەتتىدىكى تۇگمەن پەيدا بولۇپ قالدى، باشقىلار ئۇنى بۇ تۇگمەندە پوستەكچى بولۇشقا ئەۋەتكەن، ھەر ئىككى تەرەپ ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزمەكتە، ئۇرۇش شۇ بىر ئادەمنى دەپلا تا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا، كىمكى ئۇنى يىقىتالىسىلا، شۇ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان بولاتتى......كېيىن ئۇ يەنە ئۆزىنى يېڭى سىبىرىيىنىڭ ھەربى دوختۇرخانىسىدا كوردى. بۇرۇت قويۇۋالغان جۇڭشياۋ دەرىجىلىك بىر ھەربى دوختۇر— تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئۇنى ئىشخانىسىغا ئىسپىرت ئىچىشكە چاقىردى. ئىككىيلەن ئىسپىرت ئىچىۋاتقاندا، جۇڭشياۋ ئۇنىڭغا: "سېنى ئەمدىلا ئۆلۈپ كەتكەن، مۇھىم خىزمەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بىر شاڭشياۋنىڭ ئورنىنى بېسىشقا ئەۋەتىمىز" دېدى. ئاندىرى توساتتىن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ قالدى، شۇ چاغدا ئۇ بومبا ئاتار

زەمبىرەكچىلەر لىيەنىدە جەڭ قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇ قارىغا ئېلىش ئەسۋابى سېلىنغان ساندۇقچىنى يۈتىتۈرۈپ قويۇپ، ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۇنىدىن كېيىن ئۇ يەنە چۈشىدە تار، ئۇزۇنغا سوزۇلىغان ئېتىزلىقىنى كوردى، ئۇ ئېتىزلىقنىڭ چېتىگە كوز يەتمەيتتى، بىرنەچچە چارلاش چىرىغى ئېتىزنى يوپ-يورۇق يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ شۇ ئېتىزلىقتا ئىسسىپ كەتكەنلىگىدىن ھاسىراپ-ھومىدىگەن پېتى كېتىۋاتاتتى. چارلاش چىرىغىنىڭ نۇرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، بارا-بارا كوكۈش يالقۇن چېچىشقا باشلىدى......

ئاندىرى ئويغىنىپ، بىر ھازاغىچە قىمىرلىماي ئولتۇردى. ھېلىقى قالايمىقان چۈشلىرى ئۇنىڭ كوڭلىنى غەش قىلدى. چۈشىدىكى ئەھۋاللار ئەمىلىيەتكە ئويغۇن كەلمەيتتى، ھېچكىم ئەزەلدىن ئاندىرىنى بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويارمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ باققان ئەمەس. بىراق ئۇزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدىمى يۈتۈن ئومرىگە زامىن بولدى، شۇڭا چۈشىمۇ ئوزگىرىپ كەتتى، ھەتتا چۈشىمۇ ئۇنى تەڭلىكتە قالدۇرۇۋاتسا، باشقىلار توغرىسىدا نىمە دىسۇن؟!

ئاندىرى چۈشىدە توگمەننى كورگەچكە، ئۇ يەرگە بەكمۇ بارغۇسى كېلىپ كەتتى. توگمەن بۇ يەرگە ئانچە يېقىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئاندىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر كۈن تېخى ئەمىدىلا باشلانغان بولۇپ، ۋاقىت كەڭتاشا ئىدى. ھازىر توگمەندە ھېچقانداق ئادەم بولمايتتى، چۈنكى ھازىر ئۇن

تارتىش ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئۇ توپان دوۋسىدە دانلاۋاتقان قۇشقاچلارنى يەنە بىر قېتىم ئۈركۈتۈۋەتتى. شۇ پەيتتە ئۇ بۇ قۇشقاچلاردىن تولىمۇ بىزار ئىدى. ئۇ ئىتتىز قىرنى ياقىلاپ توپىلىكىنىڭ تۈۋىنىگە قاراپ ماڭدى، ئىتتىزلىقنىڭ چېتىگە چىققاندا، شارت قىلىپ يانغا بۇرۇلدى-دە، ئۇستەڭ بويىغا يېتىپ باردى. شەمشادزارلىقتا سوغاق ئادەمنى چېقىپ تۇراتتى، قار پەقەت ئېرىمىگەن ئىدى. بۇ شەمشادزارلىقنىڭ بوش يەرلە-رىگە چۇشۇپ تۇرغان قۇياش نۇرىمۇ ئىگىزلىكتىكىدەك ئىللىق ئەمەس ئىدى. بوش يەرگە چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇنچاق دەرەخ سايىلىرى خۇددى مەتبەئەدە بېسىپ چىقىرىلغاندەك ئېنىق كورۇنەتتى. بۇ يەردە ئاندىرى ھىلىقى بىر جۇپ پىمىسنى سورەپ يول مېڭىشتا ئانچە بەك قىينىلىپ كەتمىگەچكە، روھىمۇ بىرئاز كوتىرىلىپ قالدى. ئۇ قايتىدىن ئەينى يىللاردىكى ھاياجانلىق ھىسسىياتنى ئوز كوڭلىدىن ئوتكۈزدى. ئىلگىرى ئۇ تۈگمەنگە بېرىشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇن تارتىش بايرام كەيپىياتى چىقىپ تۇرىدىغان، چىچەكلەپ مىۋە بېرىدىغان كوكۇللۇك ئىش بولۇپ، ئۇنى كىم ياخشى كورمىسۇن دەيسىز؟! ياز پەسلىدىكى دىخانچىلىقنىڭ قاتىلاڭ چاغلىرى ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەن بۇ يەرگە كېلىپ رەت بويىچە ئۇن تارتىش نوۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، ھەممە ئادەم بۇ يەردە قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا تۇنەيتتى، بىراق ئۇخلايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايتتى: ياشانغانلار تاماكا چەككەچ گۇدۇڭلىشىپ

پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى؛ ئويلەنمىگەن يىگىتلەر كۈلۈشۈپ چۇقان سالاتتى؛ قىزلار چاتقاللىقلار ئارىسىدا چىقىرىشىپ، ھەر خىل ئويۇنلارنى چىقىرىشاتتى. كۈلگەن لاۋۇلداپ تۇراتتى، چوكۇنلەپ-چوكۇنلەپ چاي قايىنىتىلاتتى، تۈگمەن تېشى غۇيۇڭلاپ توختىماي ئايلىناتتى. قىزىپ كەتكەن، ھور چىقىپ تۇرغان ئۇن ئاغزى ئېچىپ قويۇلغان تاغار-خالتىلارغا ئۇزۇلمەي قاچىلىناتتى.

بۇ خاتىرىلەر ئاندىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى، ۋۇجۇدى شۈررىدە ئېرىپ، تەنلىرى يايراپ كەتتى. بىراق يايراش ئۇزاققا بارمىدى: ئۇ تۈگمەنگە يېقىنلاشقاندا يەنە ئاسقىپ قالدى-دە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالدىغا ئىگىشىپ، قەدىمىنى توختىتىپ، كالپۇكلىرىنى دومسايتىپ، يېنىك نەپەس ئالدى ۋە ئۇزىگە: "تۈگمەننىڭ ئىچىدە شەپە بار-يوقلۇغىغا پۈتۈن دىققەت-ئېتىۋارىڭنى يىغىپ قولاق سال" دەپ ئەسلەتمە بەردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ قارىسى يوقتەك تۇراتتى، بولمىسا ئىشىكلىرى ھەم ئېتىۋېتىلمىگەن، بوغدايىنى سۆكەنگە قۇيۇش ئۈچۈن چىقىدىغان پەلەمپەيىنىمۇ قار بېسىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئاندىرى ئۇزىنى ئالاقزادىلىكتىن ساقلاش ئۈچۈن تىرىشىپ، يەنە بىر دەم كۈتتى-دە، يېقىن جايدىكى سۆكەتلىكتىن ئىشىك يېنىغا كەلدى. ئىشىكتە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا يالغان قۇلۇپ تۇراتتى. ئاندىرى كۆچەپ بىر تارتىۋىدى قۇلۇپ ئېچىلىپ كەتتى. بۇنى ئۇ توغرا قىلدى، بولمىسا

نائىلاج ئىشلەك زەنجىرىنى سۇغۇرۇۋالاتتى، ياكى دەرىزىنى رامكىسى بىلەنلا قومۇرۇۋالاتتى، ئىشقىلىپ، قانداقلىكى بولمىسۇن، تۇگمەنگە بىر قېتىم كىرمىسە ئۇنىمايتتى.

تۇگمەننىڭ ئىچى ناھايىتى سوغاق ئىدى، ئۇنىڭ ھەممە يېقىنى چاڭ-توزاڭ قاپلاپ كەتكەن، يەردە پىمىلىق بىرنەچچە ئاياقنىڭ ئاپپاق ئىزلىرى تۇراتتى. ئاندىرى ئاۋال پوستەكچىنىڭ كىچىك ئۆيىگە بىر قاراپ قويىدى، تاختىۋېشىدا بىر چوڭ چىنە، ئىككى تال سامساق ۋە يېرىم بولاق تۇز؛ قۇزۇقتا يايىسمان ھەرە ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئۇزۇن بەلدىك ئاستىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر چىپتىغا تىقتى. ئاندىن كېيىن تۇگمەننىڭ ھەممە يېقىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى، ئىككى قېتىم ئىگىز يەرگە چىقىپ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنى قالدۇرماي ئىنچىكىلەپ ئاختۇرۇپ چىقتى، بىر كاناپ تاغار ۋە مۇقاۋىسى يىرتىلغان بىرنەچچە كىتاپتىن باشقا، كارغا يارىغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى، ئۇ بۇ نەرسىلەرنىمۇ لازىم بولۇپ قالار دەپ چىپتىغا سالدى.

ئاندىرى تالاغا چىقىپ قۇلۇپنى ئىشىككە قايتىدىن سېلىپ قويىدى. ئۇ توت ئەتراپىقا قارىۋىدى، تۇيۇقسىزلا كوڭلىگە: "ئوت قويۇپ تۇگمەننى كويدۇرۇۋېتەيمۇ" دىگەن توسۇۋالغىلى بولمايدىغان زەھەرلىك بىر خىيال كېلىپ قالدى. بۇنىڭغا ئانچە كوپ ئىش كەتمەيتتى — تۇگمەننىڭ يېنىدىلا قېيىن قوۋزاقلىرى دوۋىلەگلىك تۇراتتى، سەرەڭگىمۇ يېنىدا بار ئىدى، بۇ ئويلەر

سىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولغاچقا ئىچ-تېشى بىردەك قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئوت يېقىپ بولغىچە تۇتىشىپ كېتەتتى. بىراق ئۇ تېخى ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ قويمىغاچقا، ئوت قويۇشقا بولمايدىغانلىغىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئوت قويۇپ تۈگمەننى كويدۇرۇۋېتىشكىمۇ پېتىنالمايتتى. ئەمما بۇ خىيال خۇددى ئالۋاستىغا ئوخشاش چاپلىشىۋېلىپ، ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن سىنىماقتا ئىدى. ھالبۇكى، ئۆزىنىڭمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆزى ئۇچۇن بىر ئوتلۇق خاتىرە قالدۇرغۇسى، ئاخىر ئىرادىسىنىڭ ھەركىتىنى بەلگىلىيەلەيدىغانلىغىغا قايتا ئۈمىت باغلىمايدىغان، ئۆز ئىرادىسىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تۈگمەندىن يىراق جايغا غىپپىدە تىكىۋېتىشكە، جىنايەت ئوتكۈزۈشكە قىزىقتۇرۇۋاتقان بۇ جايدىن چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ تاكى كولچەككە يېتىپ بارغىچىلىك يۈگۈرۈپ، ئاندىن توختىدى. كولچەك يۈزىدىكى ئەينەككە ئوخشاش پاقىراپ تۇرغان سۈپ-سۈزۈك مۇزنىڭ كوكۇش نۇرى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مۇز ئاستىدىكى سۇ بىلىنەر-بىلىنمەس داۋالغۇپ تۇراتتى، بۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلماي قالمايتتى. ئاندىرى ئۆزىنىڭ تۈگمەنگە ئوت قويۇۋەتكەندىن كېيىن لاۋىلداپ كويۇۋاتقان ياغاچلارنىڭ قانداقچە ئىس چىقىرىپ، پىژ-پىژ قىلغان ئاۋازلار بىلەن بۇ يەردىكى مۇز ئۈستىگە ئارقا-ئارقىدىن چۈشۈپ، پۈتۈن كولچەكتە تۇتقان مۇزلارنى بولغاي-

دىغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مۇشۇ مەنزىرىنى راستىنلا مەيدانغا كەلتۈرسەم دېگەن تېخىمۇ كۈچلۈك بىر خىيال مېڭىسىنى چۇلغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ئۆزىنى بۇ يەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدىدە، يەنە تاققا، توپىلىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ پۈتۈن بىر كۈن ئەتراپتىكى ھەرقايسى ئېگىزلىكلەردە ئايلىنىپ يۈردى، بىر دەم گىدەيگەن ھالدا ئوچۇقچىلىققا چىقىۋالسا، بىر دەم دەككە-دۈككە ئىچىدە ئورمانلىققا ئۆزىنى ئاتاتتى، بەزىدە ئادەمنى شۇنداق كۆرگۈسى كېلىپ كېتەتتىكى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يېتەتتى، بەزىدە: "ئادەملەرمۇ مېنى كۆرۈپ قالسا، كۆرگەن ھامان قورقىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشسا، نەدىن كەلگەنلىكىمنى ئاڭقىرالمىسا" دەيتتى. بەزىدە ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ۋەھىمىدىن قورقۇپ كېتىپ، بىر جايىدا ئۆزۈنىچە قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالاتتى. ئېرىقتىكى سۇ شىرىلداپ ئېقىۋاتاتتى، قۇياش نۇرىدا يەر يۈزىدىن ھور كۆتىرىلىۋاتاتتى. ئەتراپىدىكى كۆڭۈلگە تېگىدىغان، ئادەمنى مەس قىلىپ قويىدىغان ھىد بېشىنى قايدۇراتتى، مۇشۇ ھىد تۈپەيلىدىنمۇ، ياكى ئاللىقانداق باشقا سەۋەپتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئاندىرىنىڭ بېشى گاڭگىراپ قالغان ئىدى. نەتىجىدە چۈشتىن كېيىنكى كەم-كۈتىسىز ئىككى-ئۈچ سائەتتەك ئۇزاق ۋاقىت بىكار ئوتۇپ كەتتى، ئەگەر

كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزەڭگىنىڭ مۇشۇ ئىككى-ئۈچ سائەت ۋاقىت ئىچىدە قەيەردە تۇرغانلىقىنى ۋە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئەسلەپ باقى دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇ جەزمەن ھېچبىرىگە جاۋاپ تېپىپ بېرەلمىگەن بولاتتى. مۇشۇنداق گاڭگىراپ قالغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كەنتتىن خورازلارنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىدىغان چىللىشى ۋە سۇنىڭ شىرىلداپ ئېقىشلىرىلا ئاڭلىناتتى. يېمىسى سىقىسا سۈيى چىقىقۇدەك چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى، پۇتى نەملىكتىن قىچىشاتتى، ھەر بىر قەدەم باسقاندا يېمىدىن شالاپ-شۇلۇپ قىلغان ئاۋاز كېلىپ تۇراتتى. بىراق ئۇ يەنىلا قىلچە نىشانسىز ھالدا يول-نىمۇ تاللاپ ئولتۇرماي، ئايىغى ئاستىدىكى يەرنىڭ قۇرۇق-ھۆللىكىگە قاراپمۇ قويماي كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ۋاقىتنى ئوبدان ھېساپلىۋالمىغاچقا، تاغدىن چۈشۈپ كەنت چېتىگە يېتىپ كەلگەندە گۇگۇم چۈشۈپ قالغان ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۆي-ئارام ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ قارىسى يەنىلا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىراپقا نەزەر تاشلاپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ مونچىسىنى تاپتى. ئەمما مونچىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقمايۋاتاتتى، بۇ ئاندىرىسىنىڭ كۆڭلىنى خېلى سۇۋۇ-تۇۋەتتى. بۈگۈن كۈن بويى ئۇ، ئىمىشقىكىن-تاڭ، ئۆزىنىڭ مونچا مورىسىدىن تولغىنىپ چىقىۋاتقان تۈتۈننى كۆرەلەيدىغان-لىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىغان، ھەتتا تولۇق ئىشەنچ بىلەن: ھازىر ناستيۇنا سۇ توشۇۋاتامدىكىن، ئەمدى ناستيۇنا مەشكە

ئوت يېقىۋاتامدىكىن...... دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئىش راستتىنلا سۇغا چىلاشقانمىدۇ؟ "ئاھ، خۇدا، مېنى تاشلىۋەتمىگىن، ماڭا رەھمى قىلىپ، مەشكە لاۋىلدىتىپ ئوت ياققۇزۇۋەتكىن، ئى خۇدا، ئوزەڭ ھەممىگە قادىر، ھازىر مەشكە ئوت ياققۇزساڭمۇ كىچىككەن بولمايدۇ، مەن ئۇچۇن مۇشۇ ئىشنى بېجىرىپ بەرسەڭلا، مېنى قانداق قىلسەن دىسەڭمۇ مەيلى، بەرىگە ماقۇل دەيمەن" ــ بۇ، ئاندىرىنىڭ سەرسانە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغىنىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم خۇداغا يېلىنىشى بولسا كېرەك. تۇيۇقسىز، نېرۋا خاراكتېرلىق قاتتىق تىترەك گويا بىر دىسكا ئوقتەك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوتمە-تۇشۇك قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىر-دىر تىترەپ كەتتى، بىراق بۇ تىترەك ئۇنى بىر ھازا ئازاپ-لىغاندىن كېيىن، باشلانغىنىغا ئوخشاشلا تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. نېرۋا خاراكتېرلىق بۇ تىترەك گويا ئۇنىڭغا ئالايىتەن ئاللىقانداق بىر بىشارەت بېرىدىغاندەك تۇراتتى. تىترەكتىن كېيىن ئۇنىڭ ئەزايىدا پەقەت جان قالمىدى. ئۇ يېنىدا كىچىكرەك بىر كوتەك تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەرھال ئولتۇردى-دە، قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈشكە باشلىدى.

كەنتتىن ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشى ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ بىرنىمىلەرگە ئالدىراۋاتقان ئاۋازلىرى، بەزىدە يەنە تېخى گەپ قىلىشقان ئاۋازلىرى قۇلاققا كىرىپ قالاتتى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى گويا نىمە سەۋەپتىن

چاچرىغانلىغىنى بىلىپ بولمايدىغان كۆچسىز بۆژغۈندەك، ئاندى-رىنىڭ ئۈستىۋېشىغا چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ يەنە تاڭ ئاتقان چاغدى-كىدەك داڭقېتىپ قالغان ئىدى، پەقەت: "ناستيۈنا بىرەر كېلىش-مەسچىلىككە ئۇچرىغانمۇ-قانداق؟" دىگەن بىرلا ئىش، ئەڭ مۇھىم بىرلا ئىش ئۇنى ئەندىشىگە سېلىۋاتاتتى. بىراق ئۇينىڭ بىرقانچە دەرىزىسىدىن چىراق نۇرى كورۇنۇپ تۇرغانلىغى ئۇنى يەنىلا قاتتىق ھاياجانلاندۇراتتى. ئۇ: "شىرە ئۈستىگە ساماۋار قويۇلغان، تام مەشتىكى ئوت يالقۇنجاپ كويۇۋاتقان، ئوت يورۇغى تامغا پىلىلداپ چۈشۈپ تۇرغان، كارۋاتقا كوپتۇرۇلگەن ۋە يۇمشاققىنا بىرنەچچە ياستۇق تىزىپ قويۇلغان، كەش-پاپپاقسىز يالڭاياقلار ئۇزۇنچاق، قوپال كىلەمگە دەسسەپ تۇرغان بولسا كېرەك" دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتاتتى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۇزىگە شۇنچە يېقىملىق بولغان ئائىلە كەيپىياتىغا چومگەن ئىدى. بۇلارنى ئەسلەپ ئۇنىڭ كوڭلى ھەم شىرىن تۇيغۇ، ھەم ئۇمىتسىزلىك بىلەن تولدى-دە، يۇرىكى ئوز ئوزىدىن ئازاپلىنىپ سىقىلدى. ئۇ چىراق يورۇغىدىن كوزىنى ئۈزۈپ، بېشىنى باشقا ياققا بۇراپ، كوزىنى يۇمدى. ئۇ بارغان-سېرى قويۇقلىشىۋاتقان تۇن قاراڭغۇسىدا بەئەينى ئەگرى-بۈگرى، مۇدۇر-چوقاي ياغاچ مومىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

كېيىن پۈتۈن كەنت جىمجىتلىققا چوكتى. ئاندىرى ئاللىبۇرۇن تەييارلىق كورۇپ قويغاچقا، كۈتۈپ كەلگەن شۇ مىنۇت يېتىپ كەلگەن ھامان قەتئىلىك بىلەن ئورنىدىن دەس

تۇرۇپ، قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى بېشى بىلەن كىرىست سىزىش ئىشارىتىنى قىلدى ـ دە، چوك ـ چوك قەدەم تاشلاپ دەريا قىشىدىن چۈشۈپ، مۇزلاپ كەتكەن ئانگارا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مونچىغا يول ئالدى، ئاندىن كېيىن تىك قىرغاقنى چىقتى، بىراق مونچىنىڭ قاشاسى ئالدىغا بارغاندا، ئالدىغا قەدەم باسالماي، تۇرۇپلا قالدى، بۇ ئېھتىياتچانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئاپەت ياكى ئامەتنىڭ بىر مىنۇتتىن كېيىن مەلۇم بولىدىغانلىقىدىن بولغان ئىدى. كېيىن ئۇ توغرىسىغا تېگىلغان توساق تېگىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ ھويلىغا كىردى. مونچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىشىغا ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىسسىق پار يۈزىگە ئۇرۇلدى.

ئۇ مونچىغا كىرىپلا ئىشىكنى ياپتى. ھول بولۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن پىمىسىنى ئالدىرىماي سالدى. بىر كۈندىن بۇيان ئۇ پىمىدىن بەكمۇ بىزار بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ھەممە نەرسىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا، زەردە بىلەن غالىپلارچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇزىنى ۋاقىراپ ـ جاقىرىشىپ ـ تىشتىن، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىۋېتىشتىن ئاران تەستە توختىتىۋالدى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى غۇلغۇلا قىلىپ ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇزىنى قانغىچە تەبرىكلەپ كەتمىدى.

ئۇ بۇ يەردە ناستيۇناغا يېقىنلا بولسىمۇ، لېكىن نىمە ئۈچۈندۇر، ئۇنى قايتا سېغىنمىدى. مونچا راسا ئىسسىق ئىدى، بۇ ئۇنىڭغا كۆپايە قىلاتتى.

# 14

ئىش ئاخىر ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى، ناستيۇنا ئالىلىقاچان ئالدىنى ئالغان، تەييارلىق كورۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئىش يەنىلا كۇتمىگەن يەردىن چىقتى.

توتىنچى ئايدا، قارلار ئېرىپ بولۇشىغا مىخئىچ ناستيۇنا بىلەن بىللە ئوتۇن كەسكىلى ماڭىدى. ئۇلار ئوتۇن كەسكىلى بارىدىغان ئورمانلىق كەنتتىن يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار بوش ۋاقتى چىققان هامان دىككىدە بېرىپ، بىرە-ئىككى سا- ئەتكىچە ئوتۇن كېسۋالاتتى-دە، قانچىلىك كېسىلسە شۇنچىلىك كېسىپ قايتىپ كېلەتتى. ئوتۇن يېرىش كوپىنچە مىخئىچ يالغۇز قىلىدىغان ئىش بولۇپ، كېيىن ناستيۇنا ۋاقىت چىقىرىپ تەييار يېرىلغانلارنى دوۋىلەپ قويىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق ئەمدىلىكتە ئوتۇن كېسىش مىخئىچنىڭ قولىغا ئەپ كېلىپ بەر- مەيدىغان بولۇپ قالدى، بىر دەم كەسسىلا هېرىپ كېتىپ، بىر دەم ئارام ئېلىۋالاتتى، ئىلگىرى بولسا بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى ئوتۇن كەسكەندىمۇ يوغان كوتەكلەرنى تاشلىۋەتمەيتتى، بۇ يىل قىشتا بولسا، هەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كوتەكلەرنى تاشلىۋېتىشكە بولمايتتى.

مىخئىچ ئوتۇن كەسكىلى بارغاندا ئۇۋ مىلتىغىنى ئالغاچ بارمى-

غان ئىدى. ئورمانلىق ناھايىتى يېقىن ئىدى، كەنتتىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا بولغاچقا ئۇۋ ملتىغى ئېلىۋېلىشقا ھاجەت چۈشمەيتتى. بىراق ئورمانلىقتا قىلىدىغان ئىشى ئۇنىڭ ئۇۋچە-لارغا خاس ھەۋىسىنى قوزغىغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، ئۇ ئوق-دورا ھازىرلاشقا تۇتۇش قىلدى، ئۇزىنىڭ ئۇۋ ملتىغىنى بىر قېتىم سۇرتتى. ئۇ بىر كۈنى ئورمانلىقتا بېرىشتىن بۇرۇن ئامباردا بىر دەم پايىپىستەك بولغاندىن كېيىن، يولغا چىقىش ئالدىدا، ئامبارنىڭ ئىشىگىنى يېپىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ناستيۇنادىن:

— قىزىم، ئاندىرىنىڭ "تۇلكا"سىنى كوردىڭىزمۇ؟ مەن ھەممىلا يەرنى ئاختۇرۇپ قارىدىم، يەر يۇتۇپ كەتكەندەكلا، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كورۇنمەيدۇغۇ؟ — دەپ سورىدى.

قېيناتام بىلەن بىللە ماڭىمەن، دەپ قولىدا ھەرە تۇتقان پېتى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقلاپ تۇرغان ناستيۇنا ئۇنىڭ ئۇۋ ملتىغىنى سۇرۇشتۇرۇۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ، داڭقېتىپ قالدى. ئۇ مىخئىچنىڭ بۇ ئىشنى سۇرۇشتۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ھەمدە ئۇنىڭغا قانداق جاۋاپ تېپىپ بېرىش ئۇستىدە ئويلىنىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ راستتىنلا سۇرۇشتۇرگەندە يەنىلا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى: "ئەڭ ياخشىسى، قېيناتام ھازىر مەن بىلەن بۇ ئىش ئۇستىدە سوزلەشمىسكەن، ئەستا، ياخشىسى ھازىر سوزلەشمىسكەن، يەنە بىر كۈنى سوزلەشسە، ھازىر بۇنىڭ ئۇستىدە سوزلىشىش بەكمۇ ناباپ."

— ھىچ يەردە كورمىدىڭىزمۇ؟ — مىخئىچ يەنە بىر قېتىم سورىد-

غان بولسمۇ، لېكىن تەلەپپۇزىدىن كوچىلاپ سوراۋەرمەيدىغان-لىقى چىقىپ تۇراتتى.

كورگەنتىم، — دىدى ناستيۇنا ئىقرار قىلىپ. ئۇ ئوگايىسىز-لانغان ۋە ئالاقىزادە بولغان هالدا كۈلۈمسىرەپ، مىخنىڭ يېنىغا يېقىن كەلدى-دە، ئاۋازىنى پەسەيتىپ: — مەن ئۇنى سېتىۋەتتىم، ئاتا، — دىدى. ئۇ پەقەت پەۋقۇلئاددە سورۇنىدىلا قېيناتىسىنى ئاندىرىغا ئوخشاش "ئاتا" دەپ چاقىراتتى.

— سېتىۋەتتىم؟ قاچان سېتىۋەتتىڭىز؟ كىمگە سېتىۋەتتىڭىز؟

— خېلى بۇرۇنلا سېتىۋەتكەنتىم، سىزنى تىللامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ زادى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەن. مەن چانا هەيدەپ مەخسۇس خادىمنى كاردا كەنتكە ئاپىرىپ قويغان چاغدا.....سىز ئۇ چاغدا مېنىڭ زايوم سېتىۋالغانلىقىمدىن چېچىلغانتىڭىز، مەن ئىچىمدە: "شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇنچىلا كوپ پۇلنى نەدىنمۇ تاپقۇلۇق؟" دەپ ئويلىدىم. مەن ئەسلىدە دەمال-لىققا كاللام ئىشلىشىپ، گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىپ تاشلاپ، شۇنچە كوپ زايوم سېتىۋاپتىكەنمەن، بىراق ئۇنچىلا كوپ پۇلنى قەيەردىن تاپىمەن؟ ئۇ مىلتىقنى كورگەندىن كېيىن كوڭ-لىگە يېقىپ قالدى بولغاي، ماڭا زادى سېتىپ بەرمىسىڭىز بول-مايدۇ دەپ ئېسىلىپلا ئالدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇۋ مىلتىغىنى سېتىۋەتتىم.....ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئېرىپ كېتىپتىمەن.

— نىمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسىز، قىزىم؟ مىلتىقنى كىم كور-دى؟ كىمنىڭ گەپلىرىدىن ئېرىپ كەتتىڭىز؟ هېچ چۈشىنەلمىدىم.

ــ كاردا كەنتىدە ئۇچراپ قالغان بىر دىخاننىڭ. مەن ئۇنى تونۇمايمەن. پەقەت ئۇنىڭ بىر ھەربىچە ئۇزۇن پەلتو كىيىۋالغانلىقىلا يادىمدا. ئۇنى كاتىيە خىرىستوۋا يەنى ئافاناش خىرىستوۋانىڭ ئايلى تونۇيدىكەن. كاتىيە ئۇنىڭ بىلەن ئۇز ئادەمدەك سوزلىشىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ كىملىگىنى سورۇشتۇرۇشكە ئەپسىز بولدى. سوزلىشىپ كېلىشتۇق ــ ئىش پۈتتى.

ــ بۇ كېپىكىزچە، ئۇۋ مىلتىغىنى بىللە ئالغاچ بارغانكەنسىزدە؟

ــ شۇنداق، چاننى ھەيدەپ قايتىپ كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە، قورقۇپ كېتەرمەنمىكىن دەپ ئېلىۋالغانتىم.

ــ شۇنداق قىلىپ سېتىۋەتتىم دەڭ؟

ــ ھەئە.

مىخئىچ ئامبارنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى سۇپىدا تۇرغان پېتى ناستيۇنانىڭ بۇ يېڭى كەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ قورۇق باسقان چىرايى ھەيران قالغانلىغىدىن قېتىشىپلا قالدى. ئۇ بويىنىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئالدىغا چىقىرىپ، كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ناستيۇناغا قارىدى.

ــ مەن بىلەن چاخچاقلىشىۋاتمايدىغانسىز، ناستيۇنا؟ راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟ ــ ئۇنىڭ يەنىلا بۇ ئىشقا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ــ ھەممىسى راست گەپ. ئەسلى شۇ چاغدىلا.....بىراق سىزگە ئېيتىشقا يېتىنالماي ھازىرغىچىلىك سورەپ كەلدىم.

— سىز بۇنى قانداقىراق ئويلىدىڭىزكىنا، ئۇۋ مىلتىغىنى سېتىۋەتىسىڭىز، ئاندىرى قايىتىپ كەلسە بىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ دەپ ئويلىدىڭىزمۇ قانداق؟

— ئاندىرى قايتىپ كەلسە بىز ئۇنى قايتۇرۇۋالالايمىز، قايتۇرۇۋالالايمىز. مەن پەقەت كوز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشنىلا ئويلىدىم، بۇنى ياكى ئوزەم ئۇچۇن قىلغىنىم يوق.

— قايتۇرۇۋالالايمىز......— مىخئىچ ناستيۇنانىڭ سوزىنى تەكرارلاپ، ئارقا - ئارقىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولغانلىغىنى بىلدۈردى، ئۇ ناستيۇنانىڭ سوزىگە ئەمەس، ئوز كوڭلىدە ئويلاۋاتقان كوڭۈلسىز بىر خىيالغا ماقۇل بولغان ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ ئوزىنىڭ بۇ خىيالىغا مۇكەممەل، ئاخىرقى جاۋاپ تېپىش ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ، بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن، سوراشقا تېگىشلىك ئىشنى ئېسىگە ئالدى - دە سورىدى، — ئۇنداق بولسا......ئۇنى قانچە پۇلغا ساتتىڭىز؟ — ئۇ سوزىنى تۈگىتىپ، ناستيۇنانىڭ جاۋاۋىنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئاڭلىماقچى بولۇۋاتقاندەك، بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس قىيسايتىپ، قۇلىغىنى دىڭ تۇتتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە گەپ بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ ئوتكۈزۈۋېتىش ئەڭ تەس بولغان پەيت يېتىپ كەلدى.

— مانا ھازىر چىقىمەن، — ناستيۇنا شۇنداق دەپ قويۇپلا

ئۆيگە كىردى ـ دە، تاختىئۇيشىدىن لاتا بىلەن ئوراپ قويۇلغان ھىلىقى قول سائىتىنى ـــ ئۆتكەن قېتىم ئاندىرى بەرگەن قول سائىتىنى ئېلىپ، قېيناتىسىنىڭ يېنىغا يېنىپ چىقتى، شۇ چاغدا مىخئىچ سۇپىدىن چۆشۈپ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. ـــ مانا، ئېلىڭ، ـــ دېدى ناستيۇنا قول سائىتىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ.

مىخئىچ ناستيۇنانىڭ سائەت ئۇزاتقان قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـــ بۇ......بۇ......نىمە بۇ؟ ـــ دېدى ئۇ ئالاقىزادە بولۇپ، چىرايىنى تۇرۇپ.

ـــ قول سائىتى، بۇ قول سائىتى. ـــ دېدى ناستيۇنا دەرھال چۈشەندۈرۈپ، ـــ مەن ئۇۋۇ مىلتىغىنى پۇلغا ساتماي، مۇشۇ نەرسە بىلەن تېگىشتىم. دىمەكچىمەنكى، مىلتىققا قول سائىتىنى تېگىشتىم. چۈنكى سائەتنى ئاسان ساتقىلى بولىدىكەن، ھىلىقى ئادەم بۇنىڭ ئادەتتىكى قول سائىتى ئەمەس، بەلكى چەتئەل مېلى ئىكەنلىگىنى، كوپ پۇلغا يارايدىغانلىغىنى ئېيتتى. قارىمامسىز، بۇ سائەتنىڭ ئۈچ تىلى بار ئىكەن. ـــ ناستيۇنا ناھايىتى چاققانلىق بىلەن سائەت پۇرژىنىسىنى چىڭ تولغىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇنى بىرىنچى قېتىم تولغاۋاتقانلىغى چىقىپ تۇراتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ سائەتنى مىخئىچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ـــ قارىڭا: مانا ماۋۇ ھەم ئۇزۇن، ھەم ئىنچىكە تىلىنىڭ مېڭىۋاتقانلىغىنى بىر قاراپلا كورگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ

شۇنچە تېز مېڭىشىنى دېمەمسىز، نېمە دېگەن تېز-ھە. بۇنداق سائەتنى مەن ئانامنىڭ قوسىغىدىن يەرگە چۈشكەندىن بۇيان كورۇپ باقمىغان ئىدىم. قارىماسىز، بۇنىڭ نەقەدەر نەپىس، نەقەدەر چىرايلىق ياسالغىنىنى..... يەنە كېلىپ بۇ ئىنتايىن توغرا ماڭىدىكەن. زادىلا خاتا مېڭىپ قالمىدى.

مىخئىچ بىر ئالقىنى ئۈستىگە يەنە بىر ئالقىنىنى قويۇپ، بۇ سائەتنى خۇددى بىر بومبىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۇتقان پېتى بىرنەچچە قېتىم ئورۇپ-چورۇپ كوردى-دە، دەرھال ناستيۇناغا قايتۇرۇپ بەردى. ناستيۇنا سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ سائەت تېخى قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان پاقىراپ كېتىدۇ، قارىڭا، ماۋۇ چېكىتلەر خۇددى سان-ساناقسىز چىراقلارغا ئوخشاش چاقناپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ ھەر بىر چېكىتىنى شۇنچە ئېنىق كورگىلى بولىدۇ، — ناستيۇنا مەقسەتسىز، ئۈمىتسىز ھاياجان ئىچىدە بىر-ئىككى ئېغىز قوشۇمچە قىلدى-دە، جىم بولۇپ قالدى.

— ئۇۋ مىلتىقىنى سائەت بىلەن، ئويۇنچۇق بىلەن تېگىشىپسىز، — دېدى مىخئىچ چۈشىنىپ، — سىززە.

— سائەتنى ساتماق ئاسان، ھەش-پەش دېگىچىلا سېتىۋېتەلەيمەن..... بىزنىڭ بۇ يەردە ھەممەيلەننىڭ ئۇۋ مىلتىقى بار، بىراق سائەتنى..... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ياخشى سائەتنى دەڭا..... بۇنى شۇنداق چىقىرىپ قويساملا ھەممەيلەن تالىشىپ

تۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا تالىشىپ بىلەكلىرىنىمۇ سۇندۇرۇپ قويۇش-
لىرى مۇمكىن.
— گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، قىزىم، بۇنداق ئىشنى قىلغىنى-
ڭىز ئۇچۇن راستىنلا سىزنىڭ بىلىگىڭىزنى ياكى بولمىسا باشقا
بىر يېرىڭىزنى سۇندۇرۇۋېتىش كېرەك. سىزچۇ، بىرەر ئىشقا
دۇچكەلگەندە ھەمىشە ئېلىشىپلا يۈرمەي، كاللىڭىزنى ئىشقا سېلىپ
ئويلاپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزمۇ نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى
بىلمەيسىز. قول سائىتىنى كىمگە سېتىپ بەرمەكچى؟ بۇنداق
نەرسىنى كىممۇ ئالسۇن؟! ۋاقىتنى بىلمەكچى بولسىڭىز، كۈنگە
قاراپ قويسىڭىزلا ئىش پۈتمەمدىمۇ. ھىم، "قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان
ياتقىراپ كېتىدىكەن تېخى". — مىخئىچ ناستيۇنانىڭ باياتىن
ئالىقاندا قالتىس، ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش قىلغاندەك
داڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىرنى تۈكۈردى-دە، زەردىسى
بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ يورۇغىنى نىمە قىلات-
تىم؟ مەن شۇ يورۇقتا ئولتۇرۇپ پىت باقامتىم-يا؟
— ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ئالدۇ، — دىدى ناستيۇنا بوش كەل-
مەي، — بۇ سائەتنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە جەزمەن يېقىپ قالىدىغان-
لىقىنى بىلىمەن، ئۇ بۇنداق نەرسىلەرگە بەكمۇ ئامراق. ئۇنىڭغا
كۆرسىتىپ قويساقلا، جەزمەن سېتىۋالىدۇ. — تېخىمۇ قايىل
قىلارلىق كۆچكە ئىگە بولسۇن ئۈچۈن ئۇ يەنە بىر ئېغىز سۆز
قوشۇپ قويدى، — ھىلىقى مەخسۇس خادىم، مەن ئاپىرىپ قوي-
غان ھىلىقى ئادەم سائەتنى ماڭا سېتىپ بەر، ئىككى مىڭ رۇبلى

بېرەي دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى ماڭا سې-
تىپ بەرمىسەڭ زادى بولمايدۇ دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋالدى......
— نەچچە پۇل بېرەي دىدى، نەچچە پۇل؟
— ئىككى مىڭ رۇبلى.
— راستىنلا شۇنداق ئەخمەقلەر چىققان بولسا، نىمىشقا شۇلارغا سېتىپ بەرمىدىڭىز؟
— ئېھتىمال بۇ سائەتنى ئۇنىڭدىنمۇ ئورە باھادا سېتىش مۇمكىن.
— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ كوپرەك پۇل چىقىرىدىغان ئادەمنى تېپىپ بېقىڭا قېنى. شۇنداق ئادەمنى قانداق تاپىدىغانلىقىڭىزغا قاراپ باقاي. ئىككى مىڭ رۇبلى......ئۇ، ھىلىقى مەخسۇس خادىم، سىز بىلەن چاخچاقلىشىپ قويغان بولسا كېرەك، شۇنىڭ-غىمۇ ئىشىنىپ كېتىپسىز، — ئۇ ئوز سوزىنى داۋاملاشتۇرۇشەرگۈسى كەلمىگەنلىكتىن، ئۇزۇپ ئېيتتى، — بوپتىلا، ماڭايلى. مۇشۇ سائەتنىڭ كاساپىتىدىن شۇنچە ۋاقتىمىزغا دەخلى يەتتى. خوشال-لىنارلىق يوغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرگىنىڭىزگە كوپ رەھمەت. شۇمۇ يېتەر. ئېلىڭ بۇ سائىتىڭىزنى، خۇدا ھەققى، تېزرەك ئېلىڭ.
ئۇلار دەرەخ كېسىشكە ماڭدى. بىراق ناستيۇنا بۇ پاراڭنىڭ تېخى ئايىغى چىقمىدى، مىختىچ جەزمەن تاقەت قىلىپ تۇرال-ماي، يەنە بۇ سوزنى تىلغا ئالماي قويمايدۇ دەپ ئويلىدى. چۈنكى ئۇلار بىللە بولىدىغان ۋاقىت خېلى ئۇزۇن ئىدى، ئۇنىڭ

ئۈستىگە بۇ ئېتىمقى پاراڭدىن شۇنچىلا يوغان تۇگۈن .قېپقالغان تۇرسا، گەپىنىڭ يەنە باشقا ئىشلارغا ئۆتۈپ كېتىشى ئۇنچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. خۇددى ناستيۇنانىڭ ئۈمىت قىلغىنىدەك، بۈگۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يۈرەك ئالدى بولۇپ تۇراتتى: "ئەمدىلىكتە ئەڭ زورۇرى باياتىن دىگەن گەپلىرىمدە چىڭ تۇرىۋېرىش، ئۇ گېپىمنى ھەرگىز ئۆزگەرتىۋالماسلىغىم، ھەرگىز چاندۇرۇپ قويماسلىغىم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىلمەسلىككە سېلىۋېلىشىم كېرەك. قېيناتام قاچان سۈرۈشتۈرۈپ قالاركىن دەپ دەككە-دۈككىدە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن كۈنلىرىم ھەر ھالدا تۈگىدى، نەرسە-كېرەكنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېيتقان سوزلىرىمنىڭ جايىدا بولغان-بولمىغانلىغىدىن، شۇ سوزلىرىمنى ئۆتكۈزەلىگەن-ئۆتكۈزەلمىگەنلىگىمدىن قەتئىي نەزەر، ئىشقىلىپ ئۇ گەپنى ئالدىدىن ئۆتكۈزدىم. بۇنىڭدىن كېيىن چېنىپ قالمىسىلا ئانچە تەس كۈنگە قالماسمەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق كۈنلەرمۇ پەقەت ھېلىقى نازۇك پەيت يېتىپ كەلگىچىلا داۋاملىشار. شۇ پەيت يېتىپ كەلگەن ھامان مەن نەرسە-كېرەكنىڭ قانداق يوقىلىپ كەتكەنلىگىگە ئەمەس، بىر نەرسىنىڭ كوپ بولۇپ قالغانلىغىغا، قىسقىسى، نىمە ئۈچۈن قوساقتا بالا پەيدا بولۇپ قالغانلىغىغا جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر بولىمەن. شۇنداق پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشى ناھايىتى يىراقتىكى ئىشتەك قىلىسىمۇ، لېكىن بەربىر يېتىپ كېلىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق."

ئۇلار دەرەخ كېسىدىغان جايغا كېلىپ ھايال بولمايلا بىر قارىغاينى ھەرىدەشكە كىرىشتى، ئۇلار بۇ قارىغاينى خېلى بۇرۇنلا كوزلەپ قويغان ئىدى. مىخئىچ ئاۋال قارىغاينىڭ باراقسان ئوسكەن تەرىپىگە ئۇتۇپ، تۇۋۇگە بىرنەچچە پالتا ئۇردى، ئاندىن كېيىن ئىككىلەن پالتا ئۇرۇلغان يەرنىڭ قارشىسىدىن ھەرىدەشكە كىرىشتى. بۇ دەرەخنى غولى ئانچە يوغان ئەمەس، ئاسان ھەرىدىگىلى بولغىنى ئۇچۇن تاللىغان ئىدى، بىراق ئىمشىقىدۇ ھەرە چىڭ قىسىلىپ قېلىپ، ھەرىدەش ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالدى؛ ئۇزۇن ئوتمەيلا مىخئىچ ھارغىنىدىن دېمىنى ئالالماي يوتىلىشكە باشلىدى. ناستيۇنا يەردە قېيناتىسى-نىڭ يوتىلىپ بولۇشنى كۇتۇپ ئولتۇردى، ئۇ ئوتكەن يىلقى سارغايغان ئوت-چوپلەر ئارىسىدىن ئاچ يېشىل بىر تال ئوتنى كورۇپ قالدى، ھىلىقى يۇمران ئوت غىل-پال قىلىپ قويۇپلا كوزدىن غايىپ بولدى، بىراق ناستيۇنا ئىگىشىپ ئۇنى قايتىدىن تېپىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇن يۇمران ئوتلار بارلىغىنى كوردى. ئۇ بىر تال ئۇزۇۋېلىپ، ئالقىنىغا قويۇپ سى-لاپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. ئۇ ئوز خىيالىدا ئوزىگە ئۇمىت بېغىشلىيالايدىغان ئىنتايىن مۇھىم، بىراق يەنە خېلىلا گىرىم-سەن ئوي-پىكىرنىڭ ئوزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىغىنى سەزگەندەك بولدى، ئەمما بۇ ئوي-پىكىر قەستەن چېقىشىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ قولىغا چۇشەي دەپ قالغاندا، يەنە غىپپىدە تىكىۋەتكەندەك بول-دى. مىخئىچ يوتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ناستيۇنا قولىنى سوزۇپ ئوتنى ئۇنىڭغا كورسەتتى:

— قارىغا، يېڭى ئوتلار ئۇسۇپ چىقىپتۇ، بۇ يىل بۇنى تېخى تۇنجى قېتىم كورۇشۇم.

مىخئىچ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ھەرىدەشكە كىرىشتى. ناستيۇنا: «ئۆزەمنىڭ سەۋەنلىكىمنى يېپىش كويىدا قېيىناتامغا ياخشىچاق بولۇۋاتقاندەك بىر ئىش قىلىپ قويۇپتىمەن» دىگەن ئويدا، ئېغىز ئاچمىسام بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلدى.

بۇگۈن ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، لېكىن ئاپتاپنىڭ تاۋى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، قۇياش يەر-زېمىننى تۇتۇق يورۇتۇپ تۇراتتى، ھازىر دەل چۈش ۋاقتى بولسىمۇ، لېكىن قۇياش نىمىشقىدۇ بىرئاز روھى چۈشكۈن كورۇنەتتى؛ ئۇ گويا ئورۇقلاپ، ھارارىتى بارا-بارا تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئاجىز نۇرى ھاۋا بوشلۇغىدا ئېرىلىپ قىلىپ، يەر يۈزىگە يېتىپ كېلەلمەيۋاتقاندەك كورۇنەتتى. بىر چاشقان ئاللىقانداق بىر جايدا ۋىچىلداۋاتاتتى، بىر ئىت يىراقتىكى تاغ ئۈستىدە ھاۋ-ھاۋ قىلىپ قاۋاۋاتاتتى، بىر قېرى دەرەخ غىرىس-غىرىس قىلىپ تۇراتتى، بىراق بۇ ئاۋازلار بۇ يەرنىڭ جىم-جىتلىقىغا دەخلى يەتكۈزمەي، ئەكسىچە، جىمجىتلىقتىكى غەمكىنلىكنى قوغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ كۈن ئاللايىتەن يېشىل ئوت-چۆپلەرنىڭ يۈرەكلىك ھالدا تۇپراقتىن باش كوتىرىپ چىقىۋېلىشى، دەرەخلەرنىڭ يۇمران بىخلىرىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماي يوپۇرماق سۇرۇۋېلىشى ئۇچۇن شۇنچىلا ئادەتتىكىدەك، شۇنچىلا جىمجىت بولۇپ

بېرىۋاتقاندەك تۇراتتى.

ھېلىقى قارىغاي ئاخىر ھەرە چىشلىرىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قاراسلاپ سۇندى. شاخلىرى بىر پەس تارتىشىپ، يىغلىغۇسى كەلمەي، ئۇمىتسىزلىك ئىچىدە زورمۇ-زور جان تالىشىپ باقتىيۇ، لېكىن ئاخىر ئامالسىز قىڭغىيىشقا، يىقىلىشقا باشلىدى، دەرەخنىڭ قوۋزىقى يىرىلىپ كەتتى. مىخئىچ بىلەن ناستيۇنا دەرھال ئۇزلىرىنى بىر چەتكە ئالدى، دەرەخنىڭ ھەرىدەلگەن غولى بىر تولغاندى-دە، شاخلىرى ھاۋا بوشلۇغىدا بىر ئايلىنىپلا غاراسلاپ دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن يىقىلدى — ئۇنىڭ سۇنغان بىر شېخى كوككە قاڭقىدى، چاتقاللىق ئۇنىڭ زەربىدىن تىترەپ كەتتى، دەريانىڭ ئۇ يېقىدىنمۇ ئەكس سادا ياڭرىدى. مىخئىچ ئوتتۇن دوۋىسى ئۇستىدىكى پالتىنى قولىغا ئېلىپ، يۇگۇرۇپ بارغان پېتى شاخلىرىنى چاتاشقا باشلىدى، ناستيۇنا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا چاتالغان شاخلىرىنى بىر يانغا سورەپ ئاپىرىپ دوۋىلەپ قويدى.

كەسلەم قىلىپ ھەرىدەيدىغان غولنى توغرىلاپ قويۇۋالغاندىن كېيىن، ئازراق ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ ئولتۇرغاندا مىخئىچ:

— ناستيۇنا، سىز راستىنلا ئانىدىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەمسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بۇ سوئال ئۇنىڭ زادىلا كۇتمىگەن يېرىدىن چىقتى، ئۇ ھەممە ئىشنى ئالدىنئالا مولچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىنى مولچەرلىمىگەن ئىدى؛ بۇ قانداقمۇ ئۇنى ئالاقزادە

قىلىۋەتمىسۇن؟!

— ئاندىرىنى دەمسىز؟ — ئۇ ئالدىراپ قايتۇرۇپ سوئال قويۇپ، ھەيران بولغان بولۇۋېلىپ، ئالاقزادىلىگىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوشۇردى. — مەن نەدىن بىلەي؟ نىمىشقا مەندىن سورايسىز؟

— بۇ گېپىڭىزچە، بىلمەيدىكەنسىز — دە؟

— ھىچنىمىنى بىلمەيمەن، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىممۇ سىز بىلىدىغان ئاشۇ ئىشلار — دە. يەنە ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىنى مەن قاياقتىن بىلەي؟ ئىككىمىز بىر ئۆيدە تۇرىمىزغۇ!

مىخئېچ يۈرىگىنى پىچاق تىلىۋەتكەندەك ئازاپلانغان ھالدا ناستيۇناغا كۆزىنى ئۈزمەي قارىماقتا ئىدى، ياق، ئۇنىڭغا قاراۋاتقىنى يوق، ئۇنىڭ سوزلىرىگە ئىشەنمىگەچكە، ئۇنىڭ ئاندىرىنىڭ نەدىكىنى راستتىنلا بىلىدىغانلىغىنى چىراي ئىپادىسى ۋە يۈرۈش — تۇرۇشىدىن ئېنىقلىۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنى كۆزىتىۋاتاتتى.

— مېنىڭچە سىز جەزمەن باشقا ئىشلارنىمۇ بىلىسىز. بەلكىم ئېيتىپ بەرگۈڭىز كەلمەيۋاتقاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا..... ئېيتىپ بېرىڭ، ناستيۇنا. يالغۇز ماڭىلا ئېيتىپ بېرىڭ. مەندىن يوشۇرماڭ.

— مەن نىمىنى ئېيتىپ بېرىمەن؟ — ناستيۇنا ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تېخىمۇ ئېنىق جاۋاپ بەردى، — تازىمۇ قىزىق ئىش — تە، مەن سىزگە نىمىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتىم؟ راستتىنلا

سىزگە ئېيتىپ بەرگۈدەك بىر نەرسە بولسا، ئېيتىپ بەرمەي قالامتىم؟ مېنىڭ بىلىدىغانلىرىممۇ سىز بىلىدىغان ئىشلار-دە.
— مەن شۇنداقلا سوراپ باقتىم......چۈنكى سىز يېقىندىن بۇيان بىر قىسمىراق بولۇپ قالدىڭىز.
— قانداق بىر قىسمىراق بولۇپ قاپتىمەن؟ — دەپ سورىدى ناستيۇنا چوچۇپ كېتىپ، گەپ ئېلىش تەلەپپۇزى بىلەن.
— ئەس-ھوشىڭىزنى يوقاتقاندەكلا يۈرۈپسىز، بەلكىم گۇمانخورلۇق قىلىۋاتقاندۇرمەن......بىراق سىزنىڭ مەندىن سوراپ باقمايلا، ئۇۋ مىلتىغىنى ئاللىقانداق بىر سائەت بىلەن تېگىشىۋېتىدىغانلىقىڭىزنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. سىز ئىلگىرى ئەزەلدىن بۇنداق قىلمايتتىڭىز. مېنىڭچە، قىزىم، ئۇۋ مىلتىغىدىن باشقا كۆڭلىڭىزدە يەنە ئاللىقانداق بىر ئىش بار. سىز ھەمىشە دەككە-دۈككىدە......ھەمىشە ئالاقزادە بولۇپ يۈرگەندەكلا قىلىسىز......بىزدىن ئايرىلماقچى بولۇۋاتامسىز-يا؟
— ياق! ياق! نەگە باراتتىم؟ ئۇزەڭلار قوغلاپ چىقارمىساڭلار ئۆزەم كېتىپ قالمايمەن. — دېدى ناستيۇنا گەپنى چىن قەلبىدىن چىقىرىپ سەمىمىلىك بىلەن، — ئۇرۇش، ئەتىمالىم، ئاياقلىشاي دەپ قالغاندۇ، شۇ چاغدا كورەرسىز.
— ئۇ قەيەردىكىنا؟
— ئېيتتىمغۇ، مەن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن دەپ.
— سىزنى جاۋاپكارلىققا تارتىۋاتقىنىم يوق، قىزىم.
ئۇلار يەنە دەرەخنى ھەرىدەشكە باشلىدى؛ ناستيۇنا ھەرىنى

تارتىۋېتىپ، قېيناتىسىنىڭ ئۇزىنىڭ سوزىگە ئىشىنىدىغان-ئىشەن-
مەيدىغانلىقىنى بىلىۋالماقچى بولۇپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۇنىڭغا
يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قوياتتى. "مېنى ئاندىرىنىڭ يەنە باشقا
ئىشلىرىنىمۇ بىلىدۇ دەپ گۇمانلىنىۋاتىدۇ، بۇ ياخشىلىقنىڭ
ئالامىتى ئەمەس، سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، قېيناتام
بۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مېنىڭ ھەركەتلىرىمنى كۇزىتىدۇ، ھازىرچە
مېنىڭ سوزۇمگە ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، بىر دەمدىن كېيىن
يەنىلا ئىختىيارسىز نازارەت قىلىدۇ، چۈنكى كوڭۇلدە پەيدا
بولغان گۇماننى توگىتىش ئۇنچىلا ئاسانغا چۈشمەيدۇ، گۇمان
پەيدا بولۇپ قالغان ئىكەن، ئادەم گۇمانغا مەھكۇم بولۇپ
قالىدۇ. بۇگۇندىن باشلاپ ئېھتىيات قىلمىسام، ھەر بىر قەدىمىمنى
ئويلاپ باسمىسام بولمايدۇ. بىراق گەپ شۇ يەردىكى، يەنە
ئىككى ئاي ئوتسە قوسىقىم يوغىناشقا باشلايدۇ، بۇنى ھەرگىز
ئوۋ ملىتىغا ئوخشاش كوز بوياش بىلەن ئوتكۇزۇۋەتكىلى
بولمايدۇ. ھەرقانچە ئويلانسامۇ، ھەرقانچە ئېھتىيات قىلسامۇ
بۇ 'سائەت' يەنىلا قاتتىق ئاۋاز بىلەن تىك-تاك، تىك-تاك
قىلىپ توختىماي ماڭىدۇ"......ناستيۇنا كەلگۇسىدە ئۇزىنىڭ
قانداق ئەھۋاللارغا دۇچكېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى،
بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى تولىمۇ ئاجىز ئىدى،
چۈنكى ئۇ دۇچكېلىۋاتقان قىيىن ئەھۋال ئادەمنى تولىمۇ ئوسال
قىلىدىغان ئەھۋال ئىدى. باشقىلار سېزىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلار
ناستيۇنانى يۇز تۇرانە ئەيىپلەشتىن ئىلگىرى ئۇ ھېچقانداق

ئامال قىلالماي، پەقەت پېشانەمگە كەلگەننىنى كورەرمەن دەپ ئولتۇرماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە پەقەت ئوز كۈچى بىلەن، ئوز ئەقلى بىلەن يول تاپماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى، ياردەم بېرىدىغان ئادىمى يوق ئىدى، يالغۇز ئوز كۈچىگە تايىنىپ ئۈچ جاننى ساقلاپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنداق بولسا، شۇ پەيت يېتىپ كەلگەندە بۇنىڭغا يەتكۈدەك كۈچ تاپالامدۇ، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالدىنئالا باش قاتۇرغۇسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئوزىنى ئاجىز ئەمەس دەپ ھېساپلاپ كەلگەن ئىدى، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەسىلىدە يالغۇز كۈچ-قۇۋۋەت ۋە سەۋرچانلىقلا زورۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئوزەمدە تەخ بولمىغان مەلۇم نەرسە بولمىسا بولماسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتى. بەلكىم ئۇ ھەرقانداق خورلۇقنىمۇ چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ ئوتكۈزۈۋېتىشى مۇمكىن، بىراق ھەممە ئادەمنى، پۈتكۈل دۇنيانى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ھەققى ئەھۋالنى تەكشۇرۇپ ئېنىقلىشىغا مەڭگۇ يول قويماسلىق مۇمكىنمۇ؟ بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىر ئادەمنىڭلا كۈچىگە تايىنىش — مەيلى ئۇنىڭ قانچە چاققان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر — تولىمۇ ئاز كېلىپ قالامدۇ-قانداق؟ ئاندىرىنىڭ ئوز زىممىسىگە ئالىدىغان گۇنايى تولىمۇ چوڭ بولۇپ كەتكەنمۇ-قانداق؟ ئۇنىڭ گۇنايىنىڭ چوڭلۇغى ئوزىنىڭ چوڭلۇغىدىن، قالغان پۈتكۈل ئومرىدە زىممىسىگە

ئالالايدىغان دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەچكە، نائىلاج قالغان پۈتكۈل ئۆمرىنى خۇدادىن ئۆز گۇنايىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا سەرپ قىلامدىكىن.

ناستيۇنا بۇ ئىش چېنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بۇ ئىنتايىن ئېغىر غەم يۈكىنى يۇدۇپ يۈرۈپ، دەككە-دۈككە ئىچىدە يۈرۈشتىن خالى بولۇش ئۈچۈن، ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى قېيناتىسىغا مۇۋاپىق پەيت تېپىپ ئېيتىپ قويماقچى بولغان ئىدى. "ھەرقانچە سەت كېلىنمۇ بەرىبىر قېيناتىسى-قېيناتىسىغا كۆرۈنمەي قالمايدۇ." ئەگەر قېيناتىسى ئۆزىنى كەچۈرسىلا، ئاسانلىقچە كەچۈرمىسىمۇ، دەرھال كەچۈرمىسىمۇ، لېكىن ئاخىر بەرىبىر كەچۈرسىلا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازادىرەك بولغان بولاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن بولاتتى. بىراق ناستيۇنانىڭ مىجەزىچىقا ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇ قېيناتىسىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جەزمەن چوچۇپ قېتىپلا قالىدىغانلىقىنى، ئازاپلانغان، ھەسرەتلەنگەن ھالدا بېشىنى تووەن سېلىپ، ئۆزىدىن مۇشۇنداق پەيتتە سوراشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى سوراشقا پېتىنالمايدىغانلىقىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى......ياق، بۈگۈن ئۇۋ ملتىغى توغرىسىدا بولغان گەپلەرمۇ يېتىپ ئاشتى، باياتىنقى پاراڭمۇ ئۇنى—ناستيۇنانى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە "چاپىغىنى ئالمەن دەپ قارغۇ قىلىپ قويۇپتۇ" دىگەندەك ئىش بولۇشى مۇمكىن: بۇ ئىشنى قېيناتىسىغا ئېيتىپ قويىدىغان بولسا، ئەكسىچە، ئۇنىڭ گۇمانى

كوپييىشى مۇمكىن، ئەسلىدە قارىسىغا پەرەز قىلغان بولسا، ئەمدى راست ئىكەن دەپ ئىشىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ناستيۇنا مىخئىچنىڭ ھەر تەرەپتىن چىقىپ تۇرۇدىغان يالغان-ياۋىداق سوزلەرگە ئىشەنمەي قىلىشىدىن ئەنسىرىدى. چۈنكى مىخئىچ ناستيۇنانى ھەرقانداق ئادەمدىن بەكرەك چۈشىنەتتى. شۇڭا ۋاقتى كەلگەندە مىخئىچ ھەممە ئىشلارنى بىر بىرى بىلەن چېتىپ، ئاندىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىشى مۇمكىن. ناستيۇنانىڭ بۇنداق قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ھەرگىز تىنىماس-لىق ۋە ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىق نىيىتىگە كەلدى.

ئۇلار قارىغاينى ھەرىدەپ پارچىلاپ بولغاندا، كەچ بولۇپ قالغاچقا، ئۆيگە قايتماقچى بولۇشتى. قۇياش غەرپكە ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يەر-زېمىنغا قاراپ تۇراتتى؛ كۈن بىلەن ئاي بىپايان ئاسماننىڭ ئىككى يېقىدا بىر بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى؛ ئۇغاقتەك ئاي ئاخىر كەچكى شەپەق نۇرىدا خىرىس قىلغاندەك پاقىراپ تۇراتتى. ناستيۇنا ھەر قېتىم كۈن بىلەن ئاي ئاسمان چېتىدە تەڭلا پەيدا بولغاندا، بىرئاز قورقۇپ قالاتتى. نىمشقا ئۇلار قائىدە بويىچە ھەرقايىسى ئۆز يولىغا ماڭمايدىكىنا دەپ، چۈشەنمەيلا كېتەتتى. بۇ نوۋەتمۇ ئۇ بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ كوزىنى قىسىپ ئەمەس، بەلكى يوغان ئېچىپ كۈنگە قارىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ سوغاق، كوزگە قادىلىدىغان ئاي نۇرىنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى سەز-گەندەك بولدى.

ئۇيگە قايتىش ئالدىدا مىخئىچ بىر كوتەك ئۇستىدە ئولتۇردى، ناستيۇنا ئۇنىڭ ئاندىرىنى قايتىدىن تىلغا ئېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خۇدۇكسىنىپ تۇراتتى. بىراق ئۇزى يالغۇز كېتىپ قالغۇسى كەلمەيتتى، قېيناتىسىدا مەندىن ئۇزىنى چەتكە ئېلىۋاتىدۇ دىگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويۇشنى خالمايتتى. مىخئىچ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىككى مىنۇت چەكتى-دە، ئورنىدىن تۇردى؛ ناستيۇنا مانا شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يول ماڭغاچ تاماكا چېكىشنى ياقتۇرمايدىغانلىغىنى ئېسىگە ئالدى. ھەر ئىككىلىسى قوسىغىدا بىر تاغاردىن گەپ بولغانلىغى، كوڭلى بىارام بولۇپ تۇرغانلىغى ئۇچۇن، كەنتكە قايتقىچە يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ماڭدى.

ناستيۇنا بىر كۇنى كەچتە ئۇي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، بىرنەچچە قېتىم ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىشىنىڭ بۇگۇن مىخئىچنى ئالدىماقچى بولغانلىغىنى، ئەمما ئالدىيالماي، ئەكسىچە، ئۇنى تېخىمۇ ھوشيارلاشتۇرۇپ قويغانلىغىنى ئېسىگە ئېلىپ چوچۇپ كەتتى. ئۇ بۇ كىشىنى ئېسىگە ئالغان، بۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى كوز ئالدىغا كەلتۇرگەن ھامان ئىختىيارسىز تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى، بۇ كىشى قەستەن نۇرغۇن ئەخمەقانە ئىشلارنى قىلىپ ئۇزىنى نابۇت قىلماقچى بولغاندەك، بۇ كىشىنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئومرى قالغاندەك، يېقىنقى بىرقانچە ئاي ئىچىدىلا تۇگىشىپ كېتىدىغاندەك، بۇ كىشىنىڭ بۇگۇنى چاك-چېكىدىن بوسۇلۇپ، بىر بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ھەم يەنە

بىر بىرىگە يېپىشمايدىغان ئۇششاق پارچىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن-
دەك قىلاتتى — بۇ كىشى دەل ناستيۇنانىڭ ئۆزى ئىدى.
ناستيۇنانى بارغانسېرى ۋەھىمە باستى، تومۇرنى تۇتۇپ،
چېكىپ باقىدىغان بۇ ۋەھىمە پات-پات ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى،
ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇزاققا سوزۇلىدىغاندەك ۋە شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ھەم كەپسىزلىك قىلىدىغاندەك، ھەم گەپكە كىرىدىغاندەك
قىلاتتى، ئۇنى كەت دەپ قويسا، گويا ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن
ئۆزىنىڭ مەيدانىغا چىقىش پەيتىنىڭ كەلگەنلىكىنى كورستىپ
قويماقچى بولۇۋاتقاندەك دەرھال كېتىپ قالاتتى. بىراق كېتە-
كەتمەيلا يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلەتتى، ئاندىن كېيىن
يەنە كېتىپ قالاتتى، ئۇ ھەر قېتىم كېلىپ كەتكىنىدە ناستيۇنانى
ئىنتايىن ئازاپلايتتى، ھودۇقتۇراتتى، تەشۋىشكە سالاتتى.
شۇنداق قىلىپ، بۇ ھودۇقۇش ۋە تەشۋىش بارغانسېرى ئېشىپ
كەتكەنلىكتىن، ناستيۇنا ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالدى. ئۇ
ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بۇگۈن مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىش تەرەپكە
قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلىغانلىغىنى؛ پەقەت يالغۇز بىر ئۆزى
بىلىشكە تېگىشلىك سىرنىڭ بۇگۈن باشقىلار ئالدىدا بىلىنەر-
بىلىنمەس ئاشكارا بولۇپ قالغانلىغىنى، بۇنىڭدىن كېيىن زادىلا
خاتىرجەم ئوتەلمەيدىغانلىغىنى بايقىدى. ناستيۇنا گەپنى جايىدا
توقۇيالماپتىمەن، سوزۇمنى ئوتكۇزەلمىدىم، ئالاھىدە ئېھتىيات
قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى يوشۇرالماپتىمەن، مىخئىچنى ئۆزەمنىڭ
ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئاقكوڭۇل ئىكەنلىكىمگە، قېيناتام،

قېپىنانىڭ ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەلمىدىم.....دەپ ئوزىنى ئەيىپلىدى.

ناستيۇنا قېپىناتىسىنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىشىنى تەشۋىش بىلەن كۈتتى. ئۇ قېپىناتىسىنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى، نىمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. قېپىناتىسى بىلەن بىرگە بولۇشقا ئالدىرىدى، بىللە بولسا ئەڭ يامان ئەھۋال يۈز بەرگەندىمۇ ھەممە ئەھۋال كوڭلىدە ئايان بولغانلىقتىن ئوزىنى يېنىكرەك سەزگەن بولاتتى، ئىشقىلىپ ھېچنىمىنى چۈشەنمەي، بېشىنى گاڭگىرىتىپ، تەشۋىش ئىچىدە يۈرگەندىن ياخشىراق بولغان بولاتتى. ئۇ مىخىئىچىنىڭ بىرەر خىيالى بولىدىغان بولسا جەزمەن تاقەت قىلىپ تۇرالماي، دەپ تاشلايدىغانلىقىغا، دىمىگەن تەقدىردىمۇ ئازدۇر-كوپتۇر چاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، چۈنكى مىخىئىچ ھەرگىزمۇ كوڭلىدىكىنى چاندۇرمايدىغان ھىلىگەر ئادەم بولماستىن، كوڭلى تۈز ئادەم ئىدى.

بىراق ناستيۇنا مىخىئىچنىڭ ھەمىشە ناھايىتى بەك كەچ — قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئات بېقىش مەيدانىدىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ ئوزىنى يەنە بىھۇدە ئازاپ-لاپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئويىدە ئولتۇرۇپ چىققىنىم، بىرەر ئىش بىلەن مەلىكە بولغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلىدى-دە، ئوي ئىشلىرىنى تۈگىتىپلا نادكىنىڭ ئويىگە باردى.

نادكىنىڭ ئۆيىدىكىلەر كەچكى غىزا ئۈستىدە ئىدى، توغرىراق ئېيتقاندا، ئەمدىلا ئولتۇرۇپ كەچكى غىزا يېيىشكە تەرەددۇت قىلىشۋاتاتتى. شىرە ئۈستىدە ھەركىمنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە تال ياڭيۇ قويۇلغان بولۇپ، سانى ھەركىمنىڭ يېشىغا قاراپ تەقسىم قىلىنغان ئىدى: ئەڭ كىچىك لىتكىنىڭ ئالدىدا تۆت تال، پېتكىنىڭ ئالدىدا بەش تال، رودكا بىلەن نادكىنىڭ ئالدىدا ئالتە تالدىن ياڭيۇ تۇراتتى. ھەركىمنىڭ يەنە بىر پارچىدىن بولكىسىمۇ بار ئىدى. نادكا ناستيۇنانى كەچكى غىزاغا تەكلىپ قىلىشۋىدى، ئۇ رەت قىلىپ، ئۆزىگە بىر ئىستاكان چايلا قويدى-دە، لىتكىغا يانداشىپ ئولتۇردى. لىتكىنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇراتتى: ئۇ كوزىسىنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئۆزىنىڭ بولكىسىنى يەپ تۈگىتىپ — ياڭيۇنى يېيىشكە باشلىدى ۋە ئېچىرقىغان كوزلىرىنى تېزلىك بىلەن ئىككى ئاكىسىنىڭ بولكىسىغا تىكتى. نادكا ئۇنىڭغا قاراپ: كېلىڭغا تۇرۇپ قالمىسۇن يەنە دەپ ۋاقىرىدى. ناستيۇنا لىتكىغا قاراپ، يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، ئېغىر غەم ئاستىدا دەرمانىدىن كېتىشۋاتاتتى: بۇ كۈنلەر قاچانمۇ تۈگەر؟ باشقىلارغا زورلۇق بىلەن تاڭغان زوراۋانلىق ئاستىدا ۋە ئوت يالقۇنى لاۋىلداۋاتقان دوزاق ئىچىدە ئۆتىدىغان تۇرمۇش ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى خوجا بولىدىغان نورمال تۇرمۇش قاچان ئەسلىگە كېلەر؟ قاچانمۇ بالىلارنىڭ قوسىقى تويۇپ ئۆتەر؟ بالىلاردا نىمە گۇنا بولسۇن؟

لىتكا ياڭيۇنسمۇ ھەش-پەش دېگىچە سىرىپ-سۈپۈرۈپ تۈگەتتى، ئۇ ئۆز ئالدىدا يىگۈدەك بىر نەرسە قالمىغاچقا ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ئاغزىنى چاكىلىدىتىپ، ئىككى قولىنى ئىگىز كوتىرىپ، كوزلىرىنى مولدۈرلىتىپ تۈرۈپ قالدى، تۈرقىدىن ئىچىرقاپ كەتكەنلىكى، بىرەر نەرسە تېپىپ يىمەكچى بولۇۋاتقانلىغى چىقىپ تۇراتتى.

ئاكىلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ كورمەسكە سېلىپ تۇرغانلىغى، ئانىسىنىڭ يەيدىغان نەرسىلەرنى ھەممەيلەنگە بولۇپ بەرگەنلىكى ھەركىم ئۆز رىزقىغا قانائەت قىلسۇن دېگەن گەپ ئىدى.

—ئازراق چاي ئىچىۋېلىپ، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا،—دېدى نادكا قىزنى ئاستا ئىتتىرىپ. لىتكا گەپكە كىرىپ ئىستاكاننى قولىغا ئالدى.

ناستيۇنا چىداپ تۇرالماي ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىردى-دە، ئۇ يەردە تۇرغان بىر بولكىنى كوردى، بولكا لوڭگا بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئەتىلىككە يىيىش ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان ئىدى، ئۇ نادكىنىڭ ۋاقىراپ كېتىشىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭغا قارىماي، بولكىنىڭ چېتىدىن كىچىك بىر توغرام كەستى-دە، لىتكىغا بەردى. بۇ بىر توغرام بولكا بىلەن بۇ قىزچاقنىڭ قوسىغى تويۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ھېچ بولمىغاندا ئۇ ئاچلىقنى بېسىپ، ئىچىرقاش ئوتىدا ئورتىنىشتىن ساقلىنالايتتى. نادكىمۇ لام-جىم دېمىدى. ئەمما بىرئازدىن كېيىن ناستيۇنا لىتكىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تىزىغا

ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتقان ۋىجىك ئۇستىخىنىغا ئۇزىنى چىڭ ياققاندا، نادكا مەيۇس هالدا چىقىشىش تەلەپپۇزى بىلەن:

ـــ ساڭا بىر نۇپتەي، بىقىۋالامسەن؟ ـــ دىدى.

ـــ نىمە ئۇچۇن سىنىڭ بالاڭنى بىقىۋالىدىكەنمەن؟ بەلكىم ئۇزەممۇ پات ئارىدا بىرنى تۇغۇۋالارمەن. بۇنى بىلمەيسەنغۇ دەيمەن.

ناستيۇنا بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپ تاشلاپلا پۇشايمان قىلىپ قالدى: "كەلسە ـ كەلمەس سوزلەۋەرگىنىم نىمىسى؟ نادكا كىيىنكى كۇنلەردە بىر قانداق قۇسۇرۇمنى تېپىۋالسا، دەرهال مۇشۇ سوزۇمنى ئېسىگە ئالار، دەل مۇشۇ سوز نادكىغا قۇسۇرۇمنى هەممىدىن ئاۋال بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتى بېرىپ قويار. بەلكىم ئۇ هازىر مېنىڭ جاۋاپ بەرگەن چىغىمدىكى ئاهاڭىمغا، تېرىككەندەك كەسكىن جاۋاپ بەرگەنلىكىمگە قاراپ، بۇنىڭ ئادەتتىكى چاخچاق گەپ بولماي، بەلكى تېگى بار گەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپمۇ بولغاندۇ."

ـــ ئىلگىرى نىمىشقا تۇغۇۋالمىغان؟ ـــ دەپ سورىدى نادكا ناهايىتى ئورۇنلۇق هالدا.

ـــ تۇققۇم كەلمىگەن.

ـــ قارا، سېنى، تۇققۇڭ كەلمەپتىكەن ـ دە. ئۇرۇش تۇگىگەندىن كېيىن تۇغۇۋالماقچى بولغان، شۇنداقمۇ؟ هەممىڭلارچۇ، بىر بىرىڭلاردىن قىلىشمايدىغان شەيكان ئىكەنسىلەر. بىراق

ھىچكىممۇ مىنى: ئۇرۇش پارتلاي دەپ قالدى دەپ ئاگاھلان-دۇرۇپ قويمىدى. ئاگاھلاندۇرۇپ قويغان بولسىدى، مەنمۇ باللارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ تۇغۇۋەرمەي، چىداپ تۇرغان بولاتتىم.

ناستيۇنا ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. كوڭلىدە: "نادكا قانداقمۇ ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرى بەش يىل، ئاندىن كېيىن يەنە ئۇرۇش ئاياقلىشىپ بولغىچىلىك توت يىل كۈتۈپ تۇرالىسۇن، بۇ جەرياندا مەيلى ۋىتيا بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولسۇن، ھىچقايسىسىنى يېنىغا يولاتماي يۈرەلىسۇن" دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئوي-پىكىرىنى نادكاغا ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئۇمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداقتا مەن قانداقمۇ چىداپ تۇرالايتتىم، — دېدى نادكا ناستيۇنانىڭ سوزىگە قوشۇلۇپ، — ئۇنىڭغا زور سەۋرى-تاقەت كېرەك-تە! ئەگەر ئىختىيارىمچە بولىدىغان بولسا، ھەر يىلى بىرنى تۇغالايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى يەنە ئۈچ ئاي ۋاقىت ئېشىپ قالغان بولاتتى، شۇ جەرياندا يەنە بىرسىگە ھامىلدار بولاتتىم. مەن تويغۇدەك ئۇغۇتلانغان، بىر قېتىمدىلا بويۇمدا قېلىۋېرىدۇ. مەن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمەن، بەزىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايمەن، — نادكا ناستيۇنانى گەپ بىلەن چېقىۋالدى، — ئەگەر ئېھتىيات قىلمايدىغان بولسام، بىرتالاي بالا تۇغۇۋەتكەن بولاتتىم، ئۇلار ھەتتا تۇغدۇرۇشقىمۇ ۋە بالىلارنى بېقىشقىمۇ يېتىشەلمەي قالغان بولاتتى. ھەرقانداق باينىڭ مەھرەم-

لىرىمۇ ماڭا يېتىشەلمەيدۇ. مەھرەملەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغان-مىدىڭ؟ ماڭا ئۇنى ۋىتا كىتاپتىن ئوقۇپ بىلگەنلىكىنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇلار قانداق ئاياللاركىن-تاڭ؟ بىر ئەرنىڭ شۇنچە كوپ ئاياللارنى ئېلىۋالغىنى نىمىسى؟ قارىمامسەن، ئۇ ئاياللار ئالدىدا نىمە دىگەن تەكەببۇر-ھە! كىم كوڭلىگە ياقسا شۇنى تالليۋالىدىكەن، ياقمىغانلىرى بىر چەتتە قالىدىكەن. ئەگەر ئۇ ماڭا چاپلىشىدىغان بولسا، ئۇنىڭ خورازغا ئوخشاش تەكەب-بۇرلۇغىنى يەرگە ئۇرغان بولاتتىم، بىرتالاي كىچىك خوتۇن-لىرى بولغان شۇنداق بايغا ئوزەمنى بىر تونۇتۇپ قويغان بولاتتىم. بىراق جىك گەپنى قىلسام، ئۇلار ئوزى قانداق ئاياللاركىنا، ئۇلاردىن بىرتالاي باقساڭ، بىرنەچچە بالىمۇ تۇغالمىغىنى نىمىسى؟ مەن ئوزەم يالغۇزلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى-دىن ئېشىپ چۈشتۇم.—نادكا مۇشۇنداق بەزەپ سوزلەرنى قىلىپ ئوزىنى بىر قۇر مەسخىرە قىلدى، بىراق ئۇ يەنىلا ئوزىنىڭ ئاياللارغا خاس مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالىغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. بۇنى ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايتتى. نادكا ئەگەر بۇ ماختىنىش سوزلىرىنى ئىلگىرى ئېيتقان بولسىدى، ناستيۇنا-نىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانمۇ بولاتتى، ئەمما ئەمدىلىكتە ناستيۇنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەتتا خوشال بولۇپ قالدى.

لىتكا ناستيۇنانىڭ قۇچىغىدا ئۇيىقۇغا كەتتى. ناستيۇنا ئۇيىقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن قىزچاقنى قۇچىغىدا تۇتۇپ ئولتۇرغانلىغىدىن كوڭلى بەكمۇ يايرىدى، ئۇنىڭغا قوسىغىدىكى

بالىسمۇ بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈرۈۋاتقانىدەك بولۇپ تۇيۇلدى. بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بالا قىزغانىغان ھالدا تەۋرىدى، بۇنداق ئىش ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئىدى.

ناستيۇنا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى كوردى. مىخئىچ سېمىيونوۋناغا قولتۇق تاياقتا تايىنىپ مېڭىشنى ئۈگىتىۋاتاتتى. قولتۇق تاياقنى ئۇ ئاللىقاچان ھازىرلاپ قويغان ئىدى. بىراق سېمىيونوۋنا قولتۇق تاياقتا تايىنىپ مېڭىشنى قەتئىي تۈردە رەت قىلىۋەتكەن ئىدى. بۈگۈن قانداق موجىزە يارالدىكىن ـ تاڭ، ئۇ مىخئىچنىڭ گېپىگە كونۇپتۇ. سېمىيونوۋنا ئازاپلىنىۋاتاتتى: ئۇ قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ مېڭەۋاتاتتى، نىمىشقىكىن ـ تاڭ، ئىككى پۇتى ئاغامچا بىلەن چىرماپ قويۇلغاندەك، ھەر قېتىم ئىككى قولتۇق تايىقىنى تەڭلا ئالغا يوتكەيتتى، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئاغرىق ئازاۋىدىن ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان كېسەلمەن پۇتى بىلەن يەرگە دەسسىۋالاتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىككى قوللاپ ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرگە ئېسىلاتتى، نالە قىلاتتى، قاخشايتتى.

ــ قولتۇق تايىقىنى نوۋەت بىلەن يوتكە، بىرنى ئاۋال بىرنى كېيىن، ــ دېدى مىخئىچ يول كورسىتىپ، ــ قانداق كالۋالىق بۇ؟ ــ سەكرىمە، شۇنچىلىك سەكرىگىنىڭمۇ يېتەر، يېتەر، خەق بىر پۇتى بولىسمۇ ماڭالايدىكەن، سېنىڭ قانداقلا بولمىسۇن، ئىككى پۇتۇڭ بار، كارغا كېلىدۇ، ھەر ھالدا بۇنىڭ ئاز ـ پاز ياردىمى بولىدۇ. ئاۋال بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن مېڭىشنى

ئۇگەنگىن، كېيىنچىرەك تېز مېڭىشنى ئۇگىنىۋالارسەن.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دەپ نالە قىلاتتى سېمىيونوۋنا، — يېشىم شۇنچىگە كىرىپ قالغاندا بۇ ئازاپنى چەككىنىم نىمىسى؟ ھەزرىتى مەريەم ئانا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بۇ ئالجىپ قالغان قېرىنغا نەسىھەت قىل، قولتۇق تايىقىنى ماڭا تاڭمىسۇن، قولتۇق تايىقىسىزمۇ ئۇز گورۇمگە كىرىپ كېتەلەيمەن. قولتۇق تاياقىنى گورۇمگە سېلىپ قويمىغىن يەنە، — ئۇ مىخئىچقا قاراپ ئاچچىقلانغان ھالدا سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنى ئۇ يەردە شەرمەندە قىلمىغىن. ئويگە قايتىپ كېلىپلا مېنى كاڭدىن سورەپ چۇشۇرۇپ ماڭ دەيدىغانلىقىڭ راستىنلا خىيالىمغىمۇ كىرىپ باقماپتىكەن، مېڭىپ نەگە باراتتىم؟ نەگە باراتتىم؟

— بولدى، بىر دەم ئولتۇرۇۋال، بىر دەم ئولتۇرۇۋال، — دىدى مىخئىچ ئۇنى يولەپ كارۋاتقا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، — ھارغاندىكىن، بىر دەم دېمىڭنى ئېلىۋال. پۇتۇڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— قانداقمۇ ئاغرىمىسۇن؟ قانداقمۇ ئاغرىمىسۇن؟ كويگەندەك ئاغرىۋاتىدۇ. ۋاي خۇدايىمەي......ئۇنىڭ تېخى ئاغرىمايدۇ دىگىنىنى......

ناستيۇنا ساماۋارنى كاڭنىڭ لېۋىگە قويۇپ، كانىيىنى مورىغا توغرىلىدى-دە، چىراق ياقماقچى بولدى. بىراق مىخئىچ كىرىسىن تۇگەپ قالاي دەپتۇ، تېجەپ ئىشلىتەيلى دەپ ياققىلى قويماي، تام مەشكە ئوت يېقىپ قويدى. بۇ ناستيۇناغا ئەلەم قىلدى: ”مەن چىراق يېقىپ قوياي دىمىگەن بولسا، بىرئازدىن

كېيىن قېيناتامنىڭ ئۆزى ياققان بولاتتى، ھازىر ئۇ مەن بىلەن قېرىشىپ قەستەن مۇشۇنداق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. تام مەشكە ئوت ياقمىغىنلى بىر ئايدىن ئېشىپ قالغان ئىدى. ئەمدى-لىكتە يادىغا يېتىپ قاپتۇ، تېخى دېۋىرقايلىرى بار قارىغاي يېرىندىلىرىنى ئېپكىرگىنىنى قارىمامدىغان، قېيناتام تېخىچە ئارىسمىزدىكى ئون-تىنسىز مۇرەسسەلەشكىلىمۇ بولمايدىغان مۇنازىرىدىن تېخىچە كوڭلىدە خاپا ئوخشىمامدۇ!؟"

ساماۋار پۇرۇقلاپ قايناشقا باشلىدى، تام مەشتىمۇ ئوت گۇكىرەپ كويمەكتە، مەشتىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان غەلىتە ئەكس نۇر تام ۋە دەرىزىگە چۈشتى، ئوي ئىچى ئىسسىپ، جانلانغان-دەك بولدى. سېمىيونوۋنا كارۋاتتا دۈمچەيگەن پېتى ئولتۇراتتى، چىرايىدىن ئادەمنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىغان سوغاقلىق چىقىپ تۇراتتى، ئىككى قولى پۇتلىرىنى كۆچسىز ھالدا ئۇۋۇ-لاۋاتاتتى.

— قانداق، كەمپىر، يەنە ماڭامسەن؟ — دېدى مىخئىچ ئۇنىڭغا قاراپ.

— قېرىغاندا قەستەن جېنىمدىن ئايرىماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى سېمىيونوۋنا تەئەددى بىلەن يىغلامسىراپ.

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا، جېنىمدىن ئايرىساڭ-ئايرى. ماڭا ئىچىڭ ئاغرىپ يۇرمىسۇن.

سېمىيونوۋنا پىشانىگە پۈتۈلگەننى كورمەي چارە يوق دېگەن

قەھرى-غەزىۋى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى: ئاۋال ئورنىدىن ئىڭىشىپ قوزغىلىپ، پۇتلىرىنى ئولتۇرغان چاغدىكىدەك ئەككەن پېتى كارۋاتتىن چۈشتى، ئاندىن كېيىن قولى بىلەن تىزىغا تايىنىپ ئاستا-ئاستا ئۆرە بولۇۋالدى. مىخئىچ قولتۇق تايىقىنى ئۇنىڭ قولتۇقىغا قويۇپ بەردى. ناستيۇنا قېپىنىسى يىقىلاي دېگەن ھامان يۆلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا باردى. بىراق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىگە تامامەن يېڭى بولغان مېڭىش ئۇسۇلىنى تېزلىك بىلەن بىلىۋالدى: ئاۋال بىر قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، يەنە بىرىنى توكۇلداتقان پېتى ئالغا قاراپ يۆتكىدى، ئاندىن كېيىن بەدەن ئېغىرلىقىنى بۇ قولتۇق تايىقىغا يۆتكىدى.

— نېرى تۇرۇڭلار، نېرى تۇرۇڭلار، ئۆزەم ماڭاي، يولمەڭلار، — دېدى سېمىيونوۋنا ئۇلارغا قاراپ. ئاۋازىدىن ئەمدىلەتىن يول مېڭىشنى ئۆگەنگەن باللارنىڭكىگە ئوخشاش ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان تەقەززالىق ۋە ئىپتىخارلىق چىقىپ تۇراتتى.

سېمىيونوۋنا ئۆينىڭ بۇ بۇلۇڭدىن-ئۇ بۇلۇڭىغىچە مېڭىپ باردى، ئاندىن خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، باياتىنقى نىشانىنىڭ ئەكسىچە مېڭىپ كارۋات يېنىغا كېلىپ توختىدى-دە، ئىنتايىن مەمنۇنىيەت بىلەن دېمىنى تارتىپ قويۇپ ئولتۇردى. مىخئىچ ئۇنىڭغا قاراپ، ئاۋازىنى چىقارماي كۈلدى، ئۇنىڭ مۇرىسى تىترەيتتى، ساقال-بۇرۇتلىرى توختىماي لىكىلدايتتى. سېمىيونوۋنا ئۇ تەرەپكە قارىماي پەقەت

ھارغىن ئاۋازى بىلەنلا ئىقرار بولدى:
— راستكەن، پۇتلىرىم كارغا كېلمەيدىكەن، بىرئاز مېڭىپ ھەركەتلىنىۋالغاندىن كېيىن يەرگە دەسسىسەم قەدەم تاشلىيالايدىكەنمەن.
— شۇنداق-تە، — دېدى مىخئىچ خوشال بولۇپ، — بولمىسا، ئىككىمىز يالغۇز مېنىڭ بىرلا پۇتۇم بىلەن قانچىلىك ئۇزاققا بارالايتتۇق دەيسەن؟ ئەمدى ئەھۋال بۇرۇنقىغا پۇتۇنلەي ئوخشىمايدۇ: سەللىمازا ئۈچ پۇتىمىز بار بولدى. بۇنىڭ ئىككىسىنى ئېھتىمال ساقايتىۋالغىلى بولار، يەنە بىرسى زاپاس تۇرۇپ تۇرار.
— ۋاي جېنىمەي، ئەگەر ئاندىرى مېنىڭ قولتۇق تايىقىغا چۇشۇپ قالغانلىقىمنى كورسە چوقۇم كۇلەتتى.....ھەي، راستتىنلا، بەزىلەرگە كۇلكىلىك تۇيۇلىدىكەن، بەزىلەر جاپا چېكىدىكەن.
— خوتۇن، ماگا-ساگا ئوخشاشلار كۇن بويى كاگدا ياتقان بىلەن بولمايدۇ، — دېدى مىخئىچ ئاجايىپ ئىسسىق تەلەپپۇز ۋە تولۇق ئىشەنچ بىلەن. بىراق شەك-شۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزى ناستيۇناغا تاسادىپى ئەمەستەك تۇيۇلدى. — قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ بولسىمۇ مېڭىپ كورۇش كېرەك.
”قېيناتامنىڭ بۇ گەپلىرىدە تىكەن بار، — دەپ ئويلىدى ناستيۇنا، — گەپ ئىچىدە گەپ بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ گەپلەر بۇگۇن ئوتتۇرىمىزدا بولۇپ ئوتكەن پاراڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق، قېيناتامنىڭ نەزىرىدە بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پاراڭ

شۇنىڭ بىلەن تۇگەپ كەتكىنى يوق، ئۇ بۇنىڭدىن ئىملەرنىدۇ چۈشىنىۋالغاچقا، ئىملەرنىدۇ جەزمەنلەشتۈرگەچكە، سېمىيونوۋنانى قىلچە كېچىكتۈرمەستىن قولتۇق تايىغىنى تايىنىپ ماڭدۇرۇش قارارىغا كەلگەن. ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە مېنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە سېمىيونوۋنانىڭ تەييارلىق كورۇپ قويۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقانمىدۇ؟ بۇنىڭ زادى سەۋەبى نىمىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟»

ــ ياز كېلەي دەپ قالدى، پۇتۇڭ يەنىمۇ ئوبدانراق ساقىيىپ قالسا، راۋۇرۇس مېڭىپ كېتىشىڭمۇ مۇمكىن، ــ دېدى مىخئىچ خوتۇنىغا مەدەت بېرىپ.

ــ ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بولغان بولاتتى، ھەي! راستىنلا شۇنداق كۈنلەر كەلسە نىمە دىگەن ياخشى، ــ دېدى سېمىيو-نوۋنا سوز ئارىلاپ.

ــ ھىلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ ئىلگىرى تاققا چىققاندا ھەممىدىن تېز يۈگۈرەيتتىڭ، ھەممىشە ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتىڭ.

ــ ئېسىمدە......فېودور......نىمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن......

بۇ كونا گەپلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرىگىمنى زىدە قىلمىغىنا.

ناستيۇنا شۈركۈنۈپ كەتتى، قېناتىسى بىلەن قېنانىسى بىر بىرىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ چاقىرىشمىغىنىغا خېلى زامان بولغان ئىدى، ناستيۇنامۇ قېناتىسىنىڭ فېودور دەپ ئاتىلىدىغانلىغىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغان ئىدى؛ بۇ ئىسىم گويا قېناتىسى بىلەن قېنانىسىنىڭ بۇرۇنقى جانلىق-جۇشقۇن ياشلىق

دەۋرىدىن كېلىۋاتقان ئەكس سادادەك قىلاتتى. ناستيۇنا ئۇلار-
غا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۈن-تىنسىز ئەسلىمە قوينىغا غەرق بولۇپ
كەتكەنلىكىنى بىلدى.

كېيىن ئۇنىڭدا تۇيۇقسىزلا چۈشىنىكسىز بىر خىل بىئاراملىق
پەيدا بولدى، ئۇ ئۆزىنى شۇنداق يېتىم، يەر-جاھان سىغدۇر-
مايدىغان بەختسىز كىشى، بىهۇدە قۇربانلىق، ئالدانغۇچى، ئادەملەر
قىبتىغا ئالمايدىغان يات ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھىس قىلدى.
مۇنەك بىر نەرسە كېلىپ قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، دېمىنى
ئالالماي قالدى-دە، ھوكۇرەپ يىغلاپ، ئىچىدىكى دەردىنى
قويماي توكـكۇسى كەلدى. بىراق ئۇ تاقەت قىلدى، چۈنكى
يىغلىسا بولمايتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇنداق ھىسسىياتىنى چاندۇرۇپ قويۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مىخئىچ ئاشخانىغا
كىرىپ كەلگەندە، ئۇ بۇ مۇۋاپىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي،
دەرھال ئالدىغا باردى-دە، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ تۆۋەن ئاۋاز
بىلەن سورىدى:

—ئاتا، ئۇۋ ملتىغىنى سېتىپ قويغانلىغىمدىن ھىلىغىچە
خاپا بولۇۋاتامسىز؟ شۇنداقمۇ؟

—ئۇۋ ملتىغىنى؟—شۇ پەيتتە مىخئىچ باشقا ئىشلارنى ئوي-
لاۋاتقاچقا، ناستيۇنانىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنى دەرھال چۈشىنىپ
كېتەلمىدى.—ھە، ياق، قىزىم، خاپا بولمىدىم. ئۇۋ ملتىغىنىڭ
كارى چاغلىق......

بىراق ئايىغى چىقماي تۇگىگەن بۇ گەپ ناستيۇنانىڭ بىئارام

بولۇۋاتقان قەلبىدىكى ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىكنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

## 15

ئاندىرىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئانگارا دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مونچىغا ماڭغان ۋاقتى 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، دەريا يۈزىدىكى مۇزلار ئېرىپ بولاي دەپ قالغان، قېلىن مۇزلار نېپىزلەپ قالغان ئىدى. ئۇ مونچىنىڭ تاختىۋېشى ئاستىدىن بىر كاناپ تاغارنى تاپتى-دە، ئۇنى يۈدۈگەن پېتى قىشلىق ئۆيگە ئېپكېلىۋالدى. كاناپ تاغارغا ياڭيۇ، بىرنەچچە باش پىياز، ئىككى تال تۇرۇپ، بىر ياستۇق قېپىغا نوقۇت تالقىنى قاچىلانغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاغارغا يەنە ئاۋالقىغا ئوخشاشلا ئوندەك تۇخۇم، خام بىلەن ئورالغان يوغان بىر بولكا، يەنە بىر پارچە پايتىما بىلەن ئورالغان، كونىراپ كەتكەن كالتا قونجلۇق بىشۇ ئوتۇك، ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە بىر پارچە ياماقلىق بىشۇ، بىر تال ياماقچىلىق يىڭنىسى ۋە بىر كاللەك چىگە يىپ سېلىپ قويۇلغان ئىدى؛ كاناپ تاغاردا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە توق رەڭلىك بىر كوينەك، قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر شۇشاڭ، كىچىككىنە بىر تال خىمىيىۋى قېرىنداش، ئازغىنا تۇز، كوك تاماكا ۋە قارىداپ كەتكەن بىر پارچە يالاندا

تۇراتتى، كاناپ تاغار ئىچىدىن يەنە ئويىدە ئىچىتىلغان يىرىم بوتۇلكا ئاق ھاراقنىڭ چىقىپ قېلىشى ئاندىرىنى تېخمۇ ھەيران قالدۇردى. ئاندىرى بۇ نەرسىلەر بىلەن قاچانغىچە جان بېقىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئاز دىگەندە بىر ئايغا يېتىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى، چۈنكى ناستيۇنا ئەتىيازلىق كەلگۈن يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن قېيىق بىلەن بۇ ياققا كېلەلەيتتى. ئاندىرى تاغاردىن بارلىق نەرسىلەرنى يەرگە توككىنىدە، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى مول بولۇپ كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈش بىلەنلا، ھەتتتا بىر تال ياڭيۇ، بىر سىقىم نوقۇت تالقىنى ئۇستىدىمۇ يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ھىساپلاپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ كوك تاماكا بىلەن مۇخىنى تەڭگە ـ تەڭ ئارىلاشتۇرۇپ چەكتى، بىراق مۇشۇنداق مەينەت نەرسىنىمۇ بىر كۈندە ئەڭ كوپ دىگەندە ئاران ئۈچ تال ئوراپ چېكىپ يۈردى، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئاران ئىككى تال ــ ئەتىگەن، ئاخشامدىلا ــ چېكىدىغان بولدى.

ئانىگارا دەرياسى قىش پەسلىدىكى گۈزەل مەنزىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئىنتايىن كورۈمسىز بولۇپ قالدى. مۇز گويا كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك قارىداپ كەتتى. دەريا قىرغاقلىرىدا، دەريا قىرغاقلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرلىرىدىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كاچكۇللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئانگارا دەرياسىدىكى مۇز يولىنىڭ ئىككى قاسنىغى ئېرىپ، قاپ ـ قارا

رەڭگە كىرىپ قالغان، مۇز يول كوتىرىلىپ چىقىپ قالغان ئىدى، بىرنەچچە قاغا ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇ يان ـ بۇ يان تاخلىغىنىچە، نارازى بولۇشۇپ ھە دەپ قاقىلدايتتى. ئارالدىكى ئەگرى ـ بۈگرى ئۆسكەن، غازاڭ تاشلايدىغان قارىغايلار باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىدا سۇرلۇك كورۇنەتتى. كوز تاشلايدىغان بولسىڭىز، ئۇلار شۇنداق غەيرى، كورۇمسىز ئىدىكى؛ گويا بىركىم ئۇلارنى يامان غەرەز بىلەن قەستەن ئاشۇنداق ھالغا چۇشۇرۇپ قويغاندەك تۇراتتى. دەرۋەقە، بۇ يەردىكى دەرەخلەر يىل بويى قاتتىق بورانىنىڭ تەھدىدى ئاستىدا تۇرغاچقا، راۋۇرۇس ئوسۇشى ناھايىتى قىيىن ئىدى، بۇنى چۇشىنىش تەس. راستىنى ئېيتقاندا، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ئورماندىمۇ، ناھايىتى كوركەم قېيىنزارلىقتىمۇ ئەھ‍ۋال شۇنداق بولىدۇ، چۇنكى قار ـ مۇزلار ئېرىپ، يەر ـ زېمىن كوكەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەممە يەرنىڭ ۋەيرانە، كورۇمسىز بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان، ئەنە شۇنداق چاغلاردا كىشىلەر ئوزلىرىنىڭ غەمكىن، پەرىشان بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاچلىقتىن قوساقلىرىنىڭ تارتىشۋاتقانلىقىنى قاتتىق ھىس قىلىدۇ، بۇنداق بىمەنىلىككە، كوڭۇلسىزلىككە ۋە ئىسسىق ھاۋاغا ھېچكىم چىداپ تۇرالمايدۇ، كۇزدە بولسا بۇنداق ئەھ‍ۋال يوق.

ئاندىرى ئاخىر ئوزىنى بىزار قىلغان پىمىنى سېلىپ تاشلاپ، يېنىك، جانغا ئارام بېغىشلايدىغان كالىتا قونجلۇق ئوتۇكىنى كىيىۋالدى؛ ئۇ دائىم تالا ـ تۇزگە چىقىپ، ناھايىتى نۇرغۇن

يوللارنى باساتتى، كەيپىياتى ياخشى بولۇپ قالغان چاغلاردا، سەيلە قىلىپ ئالدى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتەتتى، نەگە بېرىپ توختىسا، شۇ يەردە بولىدى قىلاتتى. يول ئۈستىدە پىكرى ئۈنچىلا چېچىلىپ كەتمەيتتى، دىققەت-ئېتىۋارى ھەمىشە يول بويى ئۇچرىغان نەرسىلەرگە مەركەزلىشىپ قالغاچقا، كوڭلىدىكى پەرىشانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇ ھەر قېتىم تالا-تۈزگە چىققىنىدا ئۇۋ مىلتىغىنى ئېلىۋالسىمۇ، لېكىن زادىلا ئىشلىتىپ باقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوۋلىغۇدەك ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارمۇ ئۇچرىمايتتى. ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلار توتىنچى بەشىنچى ئايلارغا كەلگەندە ھەرقانداق چاغلاردىكىدىنمۇ بەكرەك ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالاتتى، يېقىن ئەتراپتىمۇ توندىرا كەكلىكلىرى كۆيلەش مەزگىلىدە توپلاشقۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئېتىزلىق بولمىغاچقا، ئۇچار قاناتلارمۇ ئادەتتە بۇ يەرگە ئانچە ئۇچۇپ كېلىشمەيتتى.

ياز پەسلى يېقىنلىشىپ، ھاۋا ئىسسىغانسېرى، ئاندىرى قىش پەسلىنىڭ ئىز-قالدۇغىنى — خىلۋەت، خۇنۇك بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ساقلىنىپ قالغان قارلارنى تەقەززالىق بىلەن ئىزدەيتتى. ئۇ بەزىدە شۇنداق قارلارنى ئۇچراتقاندا، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، پاسكىنا، نەمخۇش قالدۇق قار ئالدىدا توختاپ قالاتتى-دە، يېڭى قارلارنى قايتا كورۇش ئۇزىگە نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى ئىشەنگەن ھالدا قايغۇرۇپ، ھاڭۋاققىنىچە قار بىلەن خوشلىشاتتى. "ھازىر بۇ يەرنى ئاخىرقى نوۋەت ئايلىنىۋاتىمەن،

كوپ ئوتمەيلا بۇ يولۇمۇ چېكىگە يېتىپ بارىدۇ: ئاخىرقى بىر كۈزنى، ئاخىرقى بىر قىشنى ئۆتكۈزۈپ بولدۇم، ئەمدىلىكتە ئاخىرقى بىر ئەتىيازنى ئۆتكۈزمەكتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى ياز كېلىدۇ“ دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ ئېرىپ كېتىۋاتقان قارلارغا كوز تىككىنىدە، ئوزىنىڭ قار بىلەن چۇشەنگىلى بولمايدىغان قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىغىنى ھىس قىلاتتى: قاچانىدۇ بىر چاغلاردا ئۇ بۇ يەرلەردە قار بىلەن ئەتىدىن-كەچكىچە بىللە بولۇپ كەلگەن ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا كوز ئالدىدىكى قالدۇق قار-مۇزلار ئوزىنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگىنى بويىچە ئۆزىتىپ قويالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تۇركۇم قار-مۇز بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاندىرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئۇ ئوزى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بۇرۇلۇش پەيتىنى بەلگىلىدى، شۇ پەيت يېتىپ كەلگەن ھامان، ئۇنىڭ ھايات تۇرالىشىغا ھېچقانچە ۋاقىت قالمايتتى. شۇ ئەڭ ئاخىرقى بۇرۇلۇش پەيتى ئانگارا دەرياسىنىڭ مۇزلىرى ئېرىپ پۈتكەن كۈنىنىڭ ئوزى ئىدى، باشقىچە ئېيتقاندا، تاغ ئۈستىدىكى قىشلىق كىچىك ئويگە كوچۈپ بارغان كۈنىنىڭ ئوزى ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق كورۇپ قويدى. ھەتتا ھازىرچە لازىم بولمايدىغان كىيىم-كېچەككە ئوخشاش بەزى نەرسىلەرنىمۇ ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويدى، قارىغاي شاخلىرىنىڭ بالدۇرراق قۇرۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى كېسىپ توشەككە يېيىپ قويدى،

بۇنداقتا باشقىلار بۇ شاخلارنىڭ قاچان كېسىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلەلمەيتتى. بىراق ئاشۇ كۈن يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئاندىرى ئۇزىنىڭ كوچىۇش ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەرمەيتتى. چۈنكى دەل شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە، ئانىگارا دەرياسى ۋە ئۇنىڭ بويلىرىدىكى ھەممە شەيئىلەر زىمىننىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىغىغا بىردەك تەنتەنە قىلىۋاتقاندا، ئۇ، ئەكسىچە، ئۇز ئۇمرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پانا جايىغا كوچۇپ بېرىۋالاتتى. ئۇ يەردىن ھەيۋەتلىك ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريانى شۇنداق.بىر قاراپلا كورەتتى-دە، ھەم ھاياجانغا چومەتتى، ھەم ۋەھىمە ئىچىدە قالاتتى، چۈنكى ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريانى كورۇش دەل ئۇنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالماقچى بولغان چېغىدىلا ئوزى ئۇچۇن بېكىتكەن ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئىدى، بۇ نىشان ئەمەلگە ئاشقان ھامان بۇ يەردىن ئوزىمۇ كوزدىن غايىپ بولغان بولاتتى. ئوز ۋاقتىدا ئۇنىڭچە بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن يىراق ئىش ئىدى، بىراق نەتىجىدە بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تولىمۇ تېز بولدى! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن يەنە ئاللىقانداق باشقا نىشانىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇ ئەسلىدە ياز پەسلى يېتىپ كېلىشكە خېلى ۋاقىت بار، ئۇنىڭغا يەنە توپ-توغرا بىر ئومۇر ۋاقىت كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى توپ-توغرا بىر ئومۇر ۋاقىت خۇددى چاقماقتەك تېز ئوتۇپ، كوزنى يۇمۇپ-

ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ياز پەسلى يېتىپ كېلىپ قالدى، كېيىن-
چە قانداق بولار؟ كېيىنچە ئۇ ناستىيونا كاناپ تاغارغا سېلىپ
قويغان ئويدە ئېچىتىلغان يېرىم بوتۇلكا ئاق هاراقنى قولىغا
ئېلىپ، مەيلىچە تىنىماي ئوركەشلەۋاتقان ئانگارا دەرياسىغا
قاراپ تۇرۇپ،—ئانگارا دەرياسى ئۇنىڭ ئوز ئارزۇسىنى قانداق
ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا كوز سېلىپ تۇرىدۇ،—بىراقلا كوتىرى-
ۋەتكەندىن كېيىن يەككە-يېگانە هالدا خىرە-شىرە كەيىپ
ئىچىدە قەلبىدىكى دەرت-ئەلەمنى، خاتىرجەملىك بىلەن ئۈمىتنى،
ئۈمىتسىزلىك بىلەن ۋەھىمىنى غەزەپ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ
پۇملاپ، گۇررىدە ئوت يېقىپ، قەلبىنى ئورتەيدۇ، ئۇ چاغدا
ئۇنىڭدا: "دۇنيادا مەن مەۋجۇت، ئەتە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىشقىلىپ بۈگۈن مەن مەۋجۇت"
دىگەن بىرلا ئوي-پىكىر، تولۇقتەك بىر قاراش بىلەنلا كوزگە
چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاددىلا ئوي-پىكىر قالىدۇ. ئۇ ئاقىۋەتنىڭ
ئەنە شۇنداق بولىدىغانلىقىغا كوزى يېتەتتى، شۇ كۈننىڭ
يېتىپ كېلىشىدىن هەم ئەنسىرەيتتى، هەم خوشال بولاتتى، ئۇ
شۇ كۈننىڭ مۇقەررەر يېتىپ كېلىشىنى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن
تەئەججۇپلەنگەن هالدا كۈتەتتى.

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولمايۋاتاتتى. ئايدىڭ
كېچە ئۇنى ئازاپلايتتى، جىلە قىلاتتى، ئۇ هەمىشە بىر خىل
غەمكىن، چۈشىنىكسىز ۋەھىمە ئىچىدە چوچۇپ ئويغىنىپ كېتەت-
تى-دە، قىشلىق ئويدىن تالاغا چىقاتتى. ئۇ هەر قېتىم مۇشۇن-

داق پەيتتە ئۆزىنىڭ يارىلانغان كوكرىگىنىڭ ئادەتتىكى چاغ-لاردىكىدىنمۇ بەكرەك ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئاي يورۇق نۇر چاچقانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى بارام بولۇپ كېتەتتى، دېمى شۇنچە سىقىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلگەنىدىن كېيىن ئۇ ئالەمدە كورىدىغىنىنىڭ جەزمەن تولۇن ئاي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا تۇتۇلۇش، ئېچىلىش، تولۇن بولۇش، ئوغاق بولۇش، چىقىش، پېتىش دېگەنلەر زادىلا بولماي، خۇددى ئوينىڭ تورۇسىدەك ھەم پەس، ھەم تەكشى ئاسماندا باشتىن-ئاياق قىمىر قىلماي قويىماي تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىمە ئۇچۇنكىن-تاڭ، ئۇ ئاينىڭ يۈزىدىن ھەمىشە ئۇزۇلمەي ئىس-تۈتەك كوتىرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۇر قىلاتتى.

ئۇ دائىم ئانگارا دەرياسى بويىغا بېرىپ، خىرە ئايدىڭدا دەريا يۈزىدىكى مۇز قاتلىمىدىن كوز ئۈزمەي ئۇزاقىچە ئولتۇرۇپ قالاتتى، مۇز قاتلىمىنىڭ بىھۇدە ئەمما قەيسەرلىك بىلەن جان تالىشىشىدىن قايىل بولاتتى، مۇز قاتلىمىنىڭ شۇ غەيرىتىدىن تەسىرلىنەتتى. ھازىر مۇز قاتلىمى كېچىلىرى يەنە توڭلاشقا باشلىغان چاغلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئاجىزلاپ كېتىۋاتات-تى، چۈنكى مۇز قاتلىمى ئاستىدىكى سۇ ئۇركەشلەپ، تەكتى تەرەپتىن ئۇنى يالىماقتا ئىدى، ئۇيۇل-ئۇيۇل مۇزلار بارغان-سېرى كىچىكلەپ، نۇرغۇن مۇز چوكىلىرىنى ھاسىل قىلاتتى، ئارقا-ئارقىدىن يېرىلىۋاتقان مۇز قاتلاملىرى ھەش-پەش دېگىچە غايىپ بولىدىغان سادا بىلەن پارچىلىنىپ تۈت ئەتراپقا

كېڭىيىپ كېتەتتى، مۇز يېرىقلىرىدا تۇتقان نېپىز مۇزلار سۇ يۈزىدە لەيلىگىنىچە ھاسىراپ-ھومدەيتتى. ئاندىرى دەريا بويىدا دېمىنى قىسىپ، قىمىر قىلماي ئولتۇرغىنىچە، خۇددى ياۋايى ھايۋانلاردەك سەزگۈرلۈكى بىلەن ھەر بىر سادا-نى سېزىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ھېسسىياتىنى پەقەت بىرلا ھېسسىيات ئىلكىگە تاپشۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىپ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يېتەلمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ، گويا ئاي نۇرىنىڭ مۇز يۈزىدە قانداق ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى، ئۇزۇل-مەي ئېيتىلىۋاتقان ئۇ ناخشىنىڭ شۇنچە لەرزان، يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولاتتى. بەزىدە پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، ئانگارا دەرياسى سۈيىنىڭ كوكۇش پاقىراپ تۇرغان مۇز قاتلىمى ئاستىدا قانداق ئوركەشلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورگەندەك بولاتتى. ئۇ ھەتتا دەريادا بىرەر نەرسىگە بەلگە سۈپىتىدە كوز سالاتتى-دە، ئۇنىڭ ھەش-پەش دېگىچە دېگەن يېرىگە ئېقىپ بېرىپ قالغانلىقىنى كورگەندەك بولاتتى. مۇشۇن-داق يېرىم كېچە بولۇپ قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى مانا مۇشۇنداق سەزگۈرلۈككە تايىنىپ ئاڭلاش، كوز سېلىش ئىدى، باشقا ئىشلارنى زادىلا خىيالىغا كەلتۇرمەيتتى، ئۇ يەنە شۇنداق سەزگۈرلۈككە تايىنىپ، ھەممىشە تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى قىشلىق ئويگە يېنىپ كېلىپ، ئۇيقۇغا غەرق بولاتتى.

ئۇ تېخى كېچىدە قانماي قالغان ئۇيقۇسىغا كۈندۈزى ئۇخلاپ قېنىۋالاتتى. دائىم ئورمانلىق ئارىسىدىن ئاپتاپ چۈشۈپ

تۇرىدىغان جاي تېپىپ جايلىشۋالاتتى-دە، بىرنەچچە مىنۇتقىچە ئاسماندىن كوز ئۈزمەي ياتاتتى. ئۇ چاقناپ تۇرغان، پايانسىز كەتكەن ئاسمانغا قاراۋەرگەچكە، ئۇستىخانلىرى بوشىشىپ، كوزلىرى ئىلىشىپ ئۇيقۇغا كېتىپ قالاتتى. ئۇخلىغاندىن كېيىن ھەم توڭۇپ، ھەم قوسىغى ئېچىپ ئويغىنىپ كېتەتتى-دە: "ئەمدى قايان بارسام بولار؟" دەپ ئويلىغىنىچە، نارازى بولغان ھالدا توت ئەتراپقا قارايتتى. قەيەرگە بېرىش مەسىلىسى ھەمىشە ئاندىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان مەسىلە ئىدى، لېكىن ئۇ كوپ ھاللاردا بۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلمەيتتى، شۇڭا ھەمىشە سەيلە قىلغاچ ئالدى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتەتتى، نەگە بېرىپ توختىسا شۇنى ھساپ قىلاتتى، ئىشقىلىپ يول ماڭسىلا كۇپايە ئىدى.

ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئۇنى-بۇنى پۇرايتتى، كوزلىرىنى مولدۇرلەتكىنىچە ئۇ يان-بۇ يان قاراپ، ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى، بەزى چاغلاردا يەنە ئاللىقانداق كىشىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، بۇ باللىق مىجەزدىن كېلىپ چىققان ھەركەت بولماي، بەلكى قىلچە ئەھمىيەتسىز ھالدا شۇ يول بىلەن ئوزىنىڭ ئىچى پۇشۇشىنى چىقىرىشى ئىدى، ئۇ ئوزىنىڭ ئاللىقانداق بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە باشقىلارنىڭ قوغلىشىدىن ئوزىنى چەتكە ئېلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى، ھەر بىر قەدەم باسقاندا ئېھتىيات قىلاتتى، ئوچۇق-

چىلىققا كېلىپ قالغاندا ئايلىنىپ قارىغايلىققا كىرىپ كېتەتتى، شۇنداق ئويۇنلىرىغا قانغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلىرى ئۆزىگىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كېتىپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە چىقىرىپ، ئۇچۇق كوكۇللۇك بىلەن، ھەممە يەنە قەھرى-غەزىۋى بىلەن ساراڭ-لارچە كۈلۈپ كېتەتتى. مانا شۇنداق پەيتلەردە ئۇ ھەممىشە ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى يوقاتقاندەك، ئۆزىنىڭ جەڭگىلەرگە قاتناشقانلىقىغا، ئادەملەر ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ باققان-لىقىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن مۇشۇنداق يەككە-يىگانە لاغايلاپ يۈرگەندەك، ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ باقمىغاندەك، ھېچقانداق مەجبۇرىيەت ئۆتەش ھاجەتسىزدەك، گويا تۇغۇلۇشى بىلەنلا مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈش پېشانىسىگە پۈتۈلگەندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

ئۇنىڭ دائىم بىر نەرسە يىگۈسى كېلەتتى، ئۇنىڭچە، ئەت-راپتىكى بارلىق نەرسىلەرمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا ئېچىرقاپ كەتكەن، ئاچكوز ئىدى، ھەتتا ھاۋامۇ ئۇنىڭ يىلىكىنى شورايتتى، ئۇنى ئازاپلايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھاۋانىڭ قويۇقلۇغىدىن قاقىلىپ كېتەتتى. بۇ يەردىكى ھاۋا بىر ئادەم ئۇچۇن ھەقىقەتەن تولىمۇ ئارتۇقچە ئىدى. ئاندىرىنىڭ دېمى سىقىلاتتى، ھاۋادىن گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولاتتى، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق ھەم كۈچلۈك نەپەس ئېلىشنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇ-رىدىن كەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ماي ھارپىسىدا ئۇ ئانگارا دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغا بېرىپ ئۇۋ ئوۋلاپ كېلىشكە تەرەددۇت قىلدى. يۈك ـ تاقلىرىنى ئىنتايىن ئەتراپلىق ئويلانغان ھالىدا جايلاشتۇردى: ئۇۋ مىلـتىقىدىن باشقا، كۆتۈلمىگەن ئېھتىياجلار ئۈچۈن پالتا ۋە بىر كاناپ تاغارمۇ ئېلىۋالدى. تالادا تۇنىگەندە بۇ ئىككى نەرسە ئەسقىتىپ قالاتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئوۋغا چىقىشقا بىر كۈن ۋاقىتـنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى تەخمىنەن مولچەرلىدى. ئۇنىڭ يەنە ئاھالىلەر تۇرۇشلۇق جاي ئوپىچورىسىگە بېرىپ ئايلىنىپ كەلگۈسى، كىشىلەرنى كورگۈسى كېلەتتى، ئەمما بۇ يەردىن كەنتكىچە توپ ـ توغرا ئوتتۇز چاقىرىمدەك يول يۇرۇشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ ھازىرچە ئۇ يەرگە بېرىش ـ بارماسلىق ئۈستىدە بىر يەرگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بېرىشقا تەقەززا ئىدى. تىنىم بەرمەيدىغان ئارزۇ ئۇنى كىشىلەرنى كورۇپ كېلىشكە، شۇنىڭ بىلەن ئوزىنى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىشقا، ئەگەر ئېپى كېلىپ قالسا كىشىلەرنى ئاز ـ تولا چوچۇتۇپ قويۇشقا ئالدىرىتاتتى. ئېھتىمال، ئۇلارنى چوچۇتۇپمۇ يۇرمەس، ئوز كوڭلىدىكى ئاشۇنداق خاتىرجەم بولالمايدىغان ۋە قانائەت ھاسىل قىلالمايدىغان بوشلۇقنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پەقەت بىر چەتتە تۇرۇپ قاراپ بېقىپ، ئاڭلاپ بېقىپ، كىشىلەرنىڭ نىمىلەر ئۈستىدە سوزلىشىۋاتقانلىقىنى، نىمىلەرگە كوڭۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇۋېلىپ باققاندىن كېيىن ئوزىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا قايتىپ كېتەر. ئۇ رىبنايا كەنتىگە بېرىشقا جۇرئەت قىلالمايتتى،

چۈنكى ئۇ يەردە ئۇلتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر ئۇنى تونۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەڭ ياخشىسى ناتونۇش كەنتلەر ئەتراپىغا بارغان تۈزۈك. يەنىلا ئېھتىيات قىلغانغا يېتەمدۇ، بىرەر ئىش چىقىپ قالمايدۇ دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن؟!

تاڭ سەھەر ۋاقتى، تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، ئۇ يولغا چىقتى، چۈشتىن بۇرۇن تاش ئارالنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىرغاقتا يېتىپ باردى، ئۇ قىشتا بۇ ئارالدا تاغ تېكىسىنى ئۆۋلىۋالغان ئىدى. قۇياش نۇرىدا ۋە دەريا سۈيىنىڭ ئۇرۇشى بىلەن قارىداپ-كوكۇرۇپ كەتكەن مۇز قاتلىمى ئۈستۈرىسىدا قەد كوتىرىپ تۇرغان بۇ تاش ئارال ئادەتتىن تاشقىرى تاقىر، كورۇمسىز كورۇنەتتى، ئاندىرى قاچە كېچىكمەستىن دەرھال ئۇ يەرگە بېرىشقا تەقەززا ئىدى، ئۇ يەردىكى بىر ئۆڭكۈر ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەينى چاغدا ئۇ تاغ تېكىسىنى ئېتىۋالغاندا، مانا شۇ ئۆڭكۈردە قونغان، مانا شۇ ئۆڭكۈر بولغانلىقتىن ئاندىرى شۇ قېتىمقى ئوۋدا چوڭ بەركەت تاپقان ئىدى. شۇ قېتىم ئەگەر شۇ ئۆڭكۈردە تۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچە ياخشى ئامەت كېلىش-كەلمەسلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىدىكى سەۋەبمۇ ئۇنىڭدا مەلۇم پەۋقۇلئاددە كۈچ، خۇددى ئاندىرىنىڭكىدەك سىرلىق، تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان كۈچ بولغانلىقىدا ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ مەخپىي جاي ئىدى، ئۇ يەردە مەخپىيەتلىكنى ئېيتىۋېلىشقا بولاتتى، مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇپ قويۇشقىمۇ

بولاتتى، ئاندىرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۆڭكۈرنى تېپىۋېلىشىنىڭ ھەرگىز تاسادىپى بولمىغانلىغىنى، بۇنى تېپىۋالغانلىغى خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ كەلدى. يېقىندىن بۇيان ئورمانلىقتا تېپىلغانلىكى خىلۋەت جاي، ئىنتايىن كىچىك، قىلچە كارغا كەلمەيدىغان جايلارمۇ ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. مەسىلەن، ئېيتايلۇق: ئۇ چاشقان ئۇۋىسى ئالدىدا تۇيۇقسىز توختاپ، گويا ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ بىرەر ھاجەتكە ياراپ قېلىشىنى بىلىپ باقماقچى بولۇۋاتقاندەك، تاياق بىلەن ئىچىنى كوچىلاپ قوياتتى، بەزىدە كىچىككىنە ئازگاللارنى كورۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ بېقىپ، ئىچىدە ئادەم يوشۇرۇنۇشقا بولامدۇ-يوق دەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سىناپ كورەتتى؛ بەزىدە ئىسمى جىسمىغا لايىق چوڭقۇر گوداڭلارغا دۇچكەلگەندە، گوداڭدا يىغىلىپ قالغان سۇ يۈزىدە بىر قەۋەت قار لەيلەپ تۇرسىمۇ، گوداڭ ئالدىدا خېلى ئۇزاققىچە توختاپ، چوڭقۇر گوداڭنىڭ تىكلىكىگە ھەۋەس قىلىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇغىنى بورداپ باقاتتى؛ بەزىدە ئورۇلۇپ چۈشكەن دەرەخ تۈۋىدىن تاشلىنىپ قالغان ئېيىق ئۇۋىسىنى تېپىۋېلىش كويىدا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كېتەتتى؛ ئۇ جىلغا ئىچىدە مېڭىشنى ياخشى كورەتتىيۇ، لېكىن ھەمىشە بىر ئويدان مېڭىپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا دەرەخ ئارقىسىغا موكۇۋالاتتى، ئاندىن كېيىن توت ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، قويۇق ئورمانلىققا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئۇ گويا ئۆزىنى نۇرغۇن پارچىلارغا بولۇۋەتكەندىن كېيىن شۇ پارچىلارنى

ئايرىم-ئايرىم يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك، بىر دەم بۇ يەرگە موكسە، بىر دەم ئۇ يەرگە موكەتتى، ئۆزىنىڭ كوزگە كورۇنمەس غايىپ ئەۋلىيا بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئادىمىزات بولمىغان ئارالدىكى ھىلىقى ئوڭكۈرگە ئۇنىڭ كوزى چۈشمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ ھەممىلا جايدا ئىزدەۋاتقان پانا جايلارنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئارتۇقچە-لىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئۇششاق ئارتۇقچىلىقلار ئىدى، لېكىن بۇ يەرگە بولسا مۇشۇ بارلىق ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسى مەركەزلەشكەن بولۇپ، ھېچ يېرىگە قىل سىغمايتتى.

تاش ئارالنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەريا قىرغىقى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ يەر ئاستا-ئاستا قۇرۇپ، يۇمران، ياپ-يېشىل يېكى ئوت-چوپلەر ئوسۇشكە باشلىغان ئىدى. ئانىگارا دەريا-سىنىڭ ئاسمىنىدا قاراس-قۇرۇس قىلغان بۇرۇختۇم ئاۋازلار ياڭرايتتى، بۇ دەريا يۈزىدە لومۇلدەپ تۇرغان مۇزلارنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاز قالدى، ھەقىقەتەن ئاز قالدى، يېقىنقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا مۇزلار يېرىلىپ، ھەيۋەت بىلەن تووەنگە ئېقىپ كېتىدۇ — ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەر بۇ دەبدەبىلىك پەيتنىڭ يېتىپ كېلىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى ھەر بىر تال گىيا، ھەر بىر تۇپ دەرەخ شۇ پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى، ئانگارا دەرياسىدىكى مۇزلار ئېرىپ پۈتكەن ھامان، ياز پەسلى قىلچە

كېچىكمەي دەرھال يېتىپ كېلىدىغاندەك تۇراتتى، ئۇنىڭ سۈرئىتى ياققان ھامان تۇتۇشۇپ، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلايدىغان ئوتقا ئوخشاش تېز ئىدى. ئۇنى توسۇۋالغىلى بولمايتتى، مەيلى ھەرقانچە ئېھتىيات قىلغان بىلەنمۇ، ئۇنى توختىتىپ قويۇش تەس ئىدى. مەلۇم يېڭى، ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىش ياسايدىغان تەقدىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئاندىرىمۇ: "بىرەر ئامال قىلىپ، بىرەر جايغا تېزرەك بېرىپ بىرەر ئىش قىلغىنىم تۈزۈك" دەپ ئويلاپ، تۇيۇقسىز ئىچ-ئىچىدىن بىتاقەت بولۇپ كەتتى. ئۇ بىلىنەر-بىلىنمەس پىلىلداپ تۇرغان كاچكۇلىدىن ئازراق سۇ ئېلىپ ھاپىلا-شاپىلا ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز يولىنى داۋام قىلدى.

ئۇ يېرىم يولدا بىر قۇشقاچنى ئېتىۋالدى. قىممەتلىك ئوق-دورىنى قۇشقاچقا ئىشلىتىش ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئاندىرىغا ئايان ئىدىكى، مۇشۇنداق ئۇزۇن يول يۈرگەندە، كەچقۇرۇنلۇققا بەكمۇ ھېرىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە يەنە يول مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا بىر ۋاق ئوبدان غىزالىنىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى.

قۇياش تېخى پاتماستا ئۇ دەريا ئەگگەن جايدا بىر كەنتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كەنتكە يېقىن بارماي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. گەرچە شۇ چاغدا چارچاپ ماغدۇرىدىن كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى

يەنىلا كەنتتىن يىراقراق كېتىشكە زورلىدى. ئۇ ياۋايى هايۋان-لاردىن ئاللىقاچان قورقماس بولۇپ قالغان ئىدى، بىراق باشقا ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ شەپىسىنى بىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئۇ كەنتكە يېقىن كېلىشتىن ئاۋال تاغنى بىر ئەگىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ كەنتنى توپىلىك تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە خورازلارنىڭ چىللىشى ۋە هەر بىر مەهەللە ئاسمىنىدا ياڭراپ تۇرىدىغان مۇجمەل، ئۈزۈلمەس، لەرزان سادالار ئاڭلاندى. ھەقىقەتەن قىزىق گەپ، بۇ يەردىكى خورازلارنىڭ چىللىشىمۇ ئاتامان كەنتىدىكى خورازلارنىڭ چىللىشىغا ئوخشىمايتتى، بۇ يەردىكى خورازلار ئۆز كەنتىدىكى خورازلارغا ئوخشىشاش غەلىتە ئاۋاز بىلەن جېنىنىڭ بىرىچە كاكىرىماي، بەلكى ھەقىقى خوراز چىللىغاندەك چىللايتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەپ، بۇ يەر ياقا يۇرت ئىدى. ئۇ غەربىي رايون-دىكى جەڭ مەيدانىغا بارىدىغان يولدىمۇ خورازلارنىڭ چىللى-شىنى ئاڭلىغان، ھەر قېتىم ئۇ يەردىكى خورازلارنىڭ ئانىگارا دەرياسى بويىدىكى خورازلارغا قارىغاندا ئاجىزراق، ئېهتىياتچان-راق، تەجرىبىلىكرەك ياكى تېخىمۇ ھىلىگەررەك كېلىدىغانلىقىنى ھىس قىلغان ئىدى، ئەمدىلىكتە ئانگارا دەرياسى بويىدىكى خورازلارنىڭ چىللىشىمۇ بىر بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدى.

ئاندىرى تاغدىن پەسكە چۈشۈپ بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنى
ئۇچراتتى، مەيداننىڭ دوڭدىن باشلانغان ئىگىز-پەس، قىڭغىر-
سىڭغىر، نۇرغۇن جايلىرى ئۇتمە-توشۇك بولۇپ كەتكەن قاشا-
سى ئەگرى-بۈگرى ئەگىپ قېيىنزارلىققىچە تۇتىشىپ تۇراتتى.
بۇ قاشانى يېزا ئاياللىرى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ياسىغان-
دەك قىلاتتى. ئۇششاق دەرەخ غوللىرىدىن قىلىنغان توغرا
چېتىقلىرى قولىنىڭ ئۇچىدىلا چېگىپ قويۇلغان ئىدى، بەزى
جايلارغا قوزۇق قېقىلغان، چېتىقنىڭ بەزى جايلىرى مانا ئەمسە
دەپ دەرەخقە مىخلىۋېتىلگەن ياكى شوينا بىلەن دەرەخقە چېگىپ
قويۇلغان ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ كوپىنچە جايلىرى مىخلانغان
ياكى چېگىلگەن جايىدىن ئاجراپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن
ئىدى. ئۇنى ئوڭشاپ قويۇشقا ھازىرچە ۋاقىت بولمىغانلىقتىن،
تېرىلغۇدىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇلغاندەك تۇراتتى.
ئاندىرى بويىنىنى سوزۇپ سول تەرەپكە قارىدى، ئوزى تۇرغان
يەردىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق بىر
جايدا كەنت چېتىگە سېلىنغان بىر ئوي كوزگە چۈشۈپ تۇراتتى.
ئۇ كەنتتىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىش ئۇچۇن قانداق قىلغاندا
كەنتكە تېخىمۇ يېقىنراق جايغا يوشۇرۇن بارغىلى بولىدىغانلىقىنى
ئويلاندى، گەرچە قورقۇپ تۇرغان بولىسىمۇ، لېكىن
بىر قېتىم قاراملىق قىلىپ، ئاز-تولا ئىش تېرىپ ئوزىنى قورقى-
تىپ قويۇشىنى، باشقىلارنىمۇ قورقىتىپ قويۇشىنى كوڭلىدىن
چىقىرىۋېتەلمىدى؛ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جەم بولغان، يامانلىق

قىلىشىقا ئىتتىلىپ تۇرغان قانىلىرى قايىناشىقا باشلىدى، ئۇنىڭدا بىردىنلا بىرەر ئىشنى بانا قىلىپ ياۋۇزلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇش غەرىزى پەيدا بولىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئاتايىتەن ئۇتتۇز چاقىرىمدەك يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى چۈشەنەلمەيتتى، ھەر ھالدا قاشا يېنىدا مۇشۇ پېتى بىر دەم تۇرۇپ، ئاندىن قايتىپ كېتىش ئۈچۈن كەلمىگەن بولغىيدى. "ياق، بىرەر نەتىجە چىقىرىشىم كېرەك، ئاندىن بۇ يولنى بىكار ماڭمىغان بولىمەن!"

ئاندىرى تۇرغان جايدىن يىراق بولمىغان بىر يەردە بىر تال دەرەخ شېخىنىڭ قاراسىدا ئۇشتۇلۇشى ئۇنى چوچۇتۇۋەتتى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇ مەيداندىكى باراقسان ئالۇچا دەرىخى كەينىدە بىر ئىنەكنىڭ تۇرغانلىغىنى كوردى. ئۇ ناھايىتى يوغان تاغىل ئىنەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقلىرى ئۇستىگە يوغان قارىلار چۈشكەن، ياكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، قارىلىرى ئۇستىگە يوغان ئاقلار چۈشكەن ئىدى. ئەسلىدە ئاندىرىنىڭ ئۇنى كورمىگەنلىگىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇ ئىنەك قېيىنزارلىق ئارقىسىدا ئىدى، تاغىل ئىنەكنى دەل غوللىرىغا ئالا-يېشىل داغلار چۈشكەن قېيىنلار توسۇۋالغان ئىدى. ئىنەكنىڭ يېنىدا ئانىسىغا ئوخشاش بىر تاغىل موزايمۇ تۇراتتى، ئۇ بىر ياشقا توشمىغان، ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق ياكى توت ئايلىق بولغان ئىدى. ئاندىرى قىلىدىغان ئىش تېپىلدى دەپ ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئۇلارنى كوزىتىشكە باشلىدى. ئىنەك بېشىنى توۋەن ئېگىپ، يەيدىغان بىر نەرسە

ئىزدەۋاتاتتى، بىراق بۇ چاغدا تېخى ئوت-چۆپلەر بىخ سۈرمە-
گەچكە، ئۇ پەقەت ئاز-پاز شەبنەمگىلا ئېغىز تېگەلەيتتى. موزاي
قوسىقىغا بىر نەرسە تېپىپ يېيىشتە ئانىسىدىن ئېقىلىلىقراقتەك
تۇراتتى. ئۇ ھە دەپ ئانىسىنىڭ يېلىنىغا ئۇسۇيتتى، بىراق
ئانىسى ئەمگىلى قويماي، پۇتلىرىنى يوتكەپ ئوزىنى قاچۇراتتى.
موزاي يەنە چاتىرىقىغا كىرىۋالسا، ئانىسى بۇرۇلۇپ، ئوزىنىڭ
موڭگۇزسىز كەڭ ماڭلىيى بىلەن بالىسىنى ئۇسۇيتتى.

ئاندىرى خۇددى بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن ئات بېقىش
مەيدانىدا ئاتىسىنى ئۇغرىلىقچە كورگەن چېغىدا ھېلىقى
تايچاقنى دىققەت بىلەن قارىغىنىغا ئوخشاشلا، ئۇلارغا كوزىنى
ئۈزمەي سەپسالدى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن دىققەت-
ئېتىۋارىنى تېخىمۇ يىغىپ سەپسىلىشى قىلچە سەۋەپسىز ئەمەستەك
تۇراتتى، ئۇنىڭغا گويا يەنە ئوزىنىڭ بۇ ئومرىدە ئىنسانىيەتكە
پايدىلىق ئوي ھايۋانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشى مۇمكىن
ئەمەستەك، ئوزى بىلەن ئوي ھايۋانلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ھاڭ
تۇرغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. بىراق ئۇنى ئوي ھايۋانلىرىدىن
يىراق تۇر دىگەنسېرى، ئۇنىڭ ئۇلارغا شۇنچە يېقىنلاشقۇسى
كېلەتتى. ئۇنىڭ ئوي ھايۋانلىرى بىلەن قايتا ئالاقە قىلالماس-
لىقىنى، بۇ زىيان ئوزى ئۇچرىغان باشقا زىيانلارغا سېلىشتۇرغاندا
ناھايىتى چوڭ زىيان بولۇپ ھىساپلانمىسىمۇ، لېكىن، نىمە
ئۈچۈنكىن-تاڭ، ئۇنى ئازاپلايتتى ۋە بىئارام قىلاتتى، ۋۇجۇدىدا
ئاللىقانداق بىر نەرسە ئۇنى بۇ زىيانغا تەن بەرگىلى قويماۋاتا-

قاندەك قىلاتتى.

ئىنەك موزىيىنى ئېغىلدىن ئۆز مەيلىچە باشلاپ چىققان بولسا كېرەك، چۈنكى ھەرقانداق ئايال ئېمىۋاتقان موزايىنى بۇنداق چاغدا قويۇپ بەرمەيتتى. ئىنەك موزىيىنى ھەرقانچە ئەمگىلى قويمىغان بىلەن ئىشقىلىپ بۈگۈن قايتىپ كەتكەندە، سىغىۋال-غۇدەك سۈتى قالمايتتى. ئاندىرى كوڭلى ئېچىلىپ كۈلۈپ قويدى: "ئۇلارنىڭ ئېغىلدىن چىقىشى باشقا بىرەر ئادەمنىڭ سەۋىسۋى بىلەن ئەمەس، دەل مېنىڭ سەۋىۋسم بىلەن بولغان بولسا كېرەك. ئەگەر مەن كەلمىگەن بولسام، موزايىڭمۇ ئېغىلدىن چىقماي تۇرىۋېرىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ھازىر ئېغىلدىن چىقىۋالغاندىكىن، ئارقىغا چېكىنمەي، ئانىسىغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ سۈتىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچىسىغىچىلىك ئېمىپ تۈگەتسۇن، بۈگۈن ئاخشام ئايال خوجايىنىنىڭ قىلغىلى كېپى چىقىدىغان بولدى".

ئەمدىلىكتە تۇيىدۇرماي كەتتكە يېقىن بىرىشىنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ يەردە ھازىرچە تېخى ئايدىڭلاشمىغان بىر ئىش ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئاندىرى دەل مۇشۇ ئىشنى دەپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئىش ئۆز يولىچە بولغاندا، ھېچكىم تەكلىپ قىلمىغان بۇ جايغا قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئوتتۇشكە توغرا كېلەتتى، بىراق ئۇنىڭ يەنە كۈتۈپ تۇرغۇسى كەلمىدى، بىر خىل تەقەززالىق ئۇنى يەنە ئالدىراتقىلى تۇرغاچقا، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە

بۇنداق كەيپىيات بارغانسېرى كۈچەيدى، بارغانسېرى ئۆكـتەمـلىك قىلىشقا باشلىدى. ئاندىرىغا ئايان ئىدىكى، ئۇ تەۋەككۇلـچىلىك قىلمايتتى، ئىنتايىن ئەخمـقانە ئىشلارنـىمۇ قىلمايـتتى ھەمدە قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىـى نەزەر، ئۆزىنىڭ ۋاقتىدا قېچىپ كېتەلەيـدىغانلىقىغا ئىشىنـەتتى. باشـقىلار ئۇنى قۇرۇق قول بىلەن تۇتۇۋالالمايتتى.

ئۇ قاشانى بويـلاپ، ئېھتىياتچانـلىق بىلەن ئالـدى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، پات ـ پات توخـتاپ، ئەتراپـقا قاراپ قوياتـتى. ئۇزاققا بارمايلا كەنت چېتىنى كوردى، گارمۇن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئاندىرى بۇگۈن ئادەتتىكى كۈن بولـماي، "1 ـ ماي" ئەمـگەكچىلەر بايرىمى ئىكەنلىكىنى ئالاقزادە بولغان ھالدا ئېـسىگە ئالدى. ياھ، بۇ كەپچە ئۇلار بايرام ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىكەن ـ دە. ئۇرۇش دىگەن ئۇرۇش ئىكەن، بايرامنى يەنە ئوخشاشلا ئۆتكۈـزىدىغان، كىشلەر ئوخشاشلا كوكۇل ئاچىدىغان گەپ ئىـكەن. قارالى، قىزىل بايىزاقلار ئېـسلىپ كېتىپتۇ، ئاۋايـلاپ ساقـلىغان گارمۇنلىرىنىمۇ ئېلىپ چىقىشىپتۇ. گۈكۈم چۈشكەندە ھەممەيلەن يەنە توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ئويمۇ ـ ئوي ئارـلاپ يۈرۈپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ دىگەندەك قانغـىچە كوكـۇل ئاچىدۇ. شۇنداق، ئەھۋالدىن قارىغانـدا ھېچقانـداق نـىمە كىشىـلەرنى روھسىزلاندۇرالمايدىكەن. ھازىر ئاتامان كەنتىدىكىلەرمۇ بايرام قىلىپ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىۋاتىدىغانـدۇ.....ئاندىرىنىڭ قەلبىنى ئۆمىتسىزلىكمۇ ئەمەس، ئاغرىنىشمۇ ئەمەس، ـــ ھازىر يەنە ئاغـ

رىنىپ ئولتۇرغۇدەك نېمىسى بولسۇن! — بەلكى ئەجەپلىنىش چۇلغىۋالدى: كىشىلەر بايرامنى زادىلا ئۇرۇش بولۇپ باقمىغاندەكلا، ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تەبرىكلەۋېتىپتۇ. ھەقىقەتەن بۇنىڭغا ئىشىنىش تەس ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرۈشكە پىسەنت قىلىپمۇ قويماۋېتىپتۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەۋجۇتمۇ ئەمەس.

نېمە ئۈچۈن موزاينىڭ ئېغىلدىن تالاغا قېچىپ چىقىۋالغانلىغىنى مانا ئەمدى چۈشىنىش تەس ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە كىشىلەر بايرام تاماشاسى قىلماقتا ئىدى، بۈگۈن ھېچكىمنىڭمۇ بۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا چولىسى تەگمەيتتى، چۈنكى ئۇلار بايرام ئۆتكۈزمەكتە. ئاندىرى بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ھىلىقى ئىنەكنىڭ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قېيىنزارلىققا قاراپ كېتىۋاتقانلىغىنى، باياتىن ئۆزى تۇرغان جايغا يېقىن كېلىپ قالغانلىغىنى كوردى. ئۇ يەنە ئۆز يولىنى داۋام قىلدىيۇ، لېكىن بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، موزايغا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭدا توساتتىن ئىختىيارسىزلا بىر ياۋۇز نىيەت پەيدا بولدى. موزاي ئاللىقانداق بىر نەرسە چېقىۋالغاندەك ياكى بىر نەرسە سانچىلغاندەك تېپىپ قويۇپ، بىر چەتكە سەكرىدى، بىراق دەرھاللا خاتىرجەم بولۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن قۇيرۇغىنى بىرنەچچە قېتىم شىپاڭلىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئاندىرى بۇرۇلۇپ كەنت تەرەپكە قاراپ، مەيدانغا بارىدىغان يولدا بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇغىنى كوردى-دە، غاچچىدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ،

كەلگەن يولىغا قاراپ ماڭدى.

چىڭقى چۈش بولۇپ قالاي دېگەن چاغ ئىدى، ساپ ھەم ئىنتايىن ئىللىق ھاۋادا قۇياشتىن كەلگەن بىر خىل يېقىملىق، كۆڭۈللۈك تەبىەت ھاۋاسى جىمجىت كەيپىيات پەيدا قىلغان ئىدى. كەنتنىڭ كوزدىن يوتۈشى بىلەن تەڭ گارمۇن ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي قالدى. تەرەپ-تەرەپتىن ئۇزۇلمەي كەلگەن سادالار قوشۇلۇپ، كەڭ، ئەركىن، چېكى يوق دەريا ھاسىل قىلدى. ئاندىرى ھىلىقى ئىشنى قىلىشتىن ئوزىنى كۇچەپ توسقانلىغى ئۇچۇن، سەكرەپ ئوتۇپ كەتمەكچى بولغان ھىلىقى قاشا يېنىدا بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇردى-دە، يەنە بىر قېتىم قۇلغىنى دىڭ قىلىپ ئەتراپتىكى شەپىنى تىڭشىدى ۋە توت ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوزىنىڭ ھىلىقى ئويىدىن بىردىنلا يالتىيىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پاكار قاشادىن بىر تاقلاپلا سەكرەپ ئوتۇپ كەتتى. ئۇ مېڭىۋېتىپ يەردىن بىر تال شوپۇڭنى ئېلىپ، توپىلىكتىن ئايلىنىپ ئىنەكنىڭ كەينىگە ئوتتى. ئىنەك ئۇنى كورۇپ قېلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئوزىنىڭ مول-دۇرلەپ تۇرغان كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئاندىرى ئۇنىڭ شۇنداق مولدۇرلەپ تۇرغان بىگۇنا كوزلىرىگە قاراپ تەسىرلىنىپ، ئىختىيارسىز كوزىگە ياش ئالدى. ئۇ شوپۇڭ-نى شىلتىپ، ئىنەكنى قاشانىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن تاغ ئارىسىغا قاراپ ھەيدىدى. ئىنەك ئىنتائىتمەنلىك بىلەن قەدەم تاشلىدى. موزاي ئەركەك بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا قىسقا ھەم ئۇچسىز كىچىك-

كىنە موڭگۈزى بار ئىدى. ئۇ ئانىسىغا يېقىن ئەگىشىپ ماڭدى. بىراق ئىنەك ئوتلاقتىن ئوتكەندىن كېيىن، سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كەنتكە قاراپ قاچتى، ھىلىمۇ ياخشى، قېيىنزارلىقتا تېز قاچالمىغانلىقتىن، ئاندىرى ئۇنى ئارقىسىغا ياندۇرۇشقا ئۇلگۇردى. ئىنەك جايىدا توختاپ، غەزەپ بىلەن قاتتىق مورەشكە باشلىدى، موزايمۇ مورەپ قويدى، ئاندىرى ئالاقىزادە بولۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ تېز ھەيدەشكە باشلىدى.

ئۇ موزايلىق ئىنەكنى ھەيدىگەن پېتى ئوستەڭنى ياقىلاپ تاغدىن چۈشكەن ئىدى، ئۇ ئۇ يەردە بىر خىلۋەت جاينىڭ بارلىقىنى، بۇگۇنكىدەك كۈندە ھېچقانداق ئادەمگە يولۇقۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق ئىنەك دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ يەرگە بېرىشقا ئۇنىمايتتى، ئۇ بىر تۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە قاراپ قاچسا، يەنە بىر تۇرۇپ سول تەرەپكە قاراپ قېچىپ، ئادەمدىن قۇتۇلۇپ ئارقىغا قاراپ مېڭىشقا ئۇرۇناتتى، موزايمۇ ئىشنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئىنەككە يېقىن ئەگىشىپ ماڭماقتا ئىدى. ئىنەكنىڭ ئىككى بىقىنى كوپۇپ كەتكەن بولۇپ، قېينالغان ھالدا ھاسىرايتتى، كومشىرىدىن توختىماي شالى ئېقىپ تۇراتتى. ئاندىرىمۇ يۇگۇرۇۋېرىپ دېمىنى ئالالماي قالدى، مىلتىق مۇرىسىدە تولىمۇ ئىچىنى پۇشۇرغاچقا، ئۇنى مانا ئەمىسە دەپ قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ ئورمانلىقتا يېرىم سائەت چامىسىدا چېپىشىپ يۇرگەن بولىسىمۇ، لېكىن ئوستەڭدىن يەنىلا خېلى يىراقتا ئىدى. ئىنەك بىلەن ئادەم بىردەك

ھىلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر بىرىنى ئالدىماقچى بولاتتى، ھەر قېتىم ھىلە-مىكىرلىرى چېنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆز جايىدا توختاپ، بىر بىرىگە غەزەپ بىلەن قارىشاتتى؛ ئىنەك نائىلاج ھە دەپ مورەيتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىكى ئاقلىرى ئۈستىدە تارام-تارام تەر دانچىلىرى كوزگىدە كورۇنۇپ تۇراتتى.

ئاندىرى ھېرىپ ھالى قالمىغانلىقتىن، باشقىچە ئامال تېپىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بېلىدىن كەمىرىنى يېشۇېلىپ، ئىنەكنى يەنە چوچۇتۇپ ئولتۇرماي، موزايغا تۇيدۇرماي تۇرۇپ سىرتماق سېلىۋېلىشقا تەرەددۇت قىلدى. دەرۋەقە، بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشىسى كەنتتىن تېخىمۇ يىراقراق جايدا قىلغان ئەپلىك ئىدى. بىراق ھازىر بۇنىڭدىن باشقا يول تېپىلمايتتى، لېكىن كىچىك موزايمۇ بوي بەرمەي، ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردە توختىماي ئارقىغا چاپچىدى، ئۇ يان-بۇ يان سەكرىدى. ئاندىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇ ياندىن-بۇ يانغا سەكرەپ، موزاينىڭ كاللىسىنى مولجاللاپ سىرتماق تاشلاپ، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولاتتىيۇ، لېكىن ھامان ئىش كوڭۇلدىكىدەك بولمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى خاپىلىق قەھرى-غەزەپكە ئايلىنىپ، مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىپ، بۇ قېتىمقى تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەخمىقانە، كۇلكىلىك ئوۋغا بىراقلا خاتىمە بېرىشنى تىكۇسى كېلىپ كەتتى، لېكىن ئاخىردا يەنىلا ئوق چىقارمىدى، بۇ ئوزىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىنلا بولغان ئىدى.

ئاندىرىنىڭ ھەر ھالدا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالدى، ئاخىر موزاينى قېلىن ئورمانلىققا ھەيدەپ كىردى، ئۇ چاتقاللىقتا ئۇ يان-بۇ يان ئۈسۈپ يۈرگەندە، ئاندىرىنىڭ سىرتمىغى ئۇ يان-بۇ يان كەتمەي، دەل بويىنغا سېلىندى. موزاي ئاۋال گوس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تىزلانغان ھالدا يىقىلىپ چۈشتى، ئاندىن كېيىن بىر سەكرەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ تاخلاپ، سەكرەپ قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ كوردى. بىراق ئادەم بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھايۋانىنى قانداق بوي سۇندۇرۇشنى بىلىدۇ؛ ئاندىرى يەنە بىر قولى بىلەن موزاينىڭ قۇيرۇغىدىن تۇتۇپ، ئۇنى قولىغا مەھكەم ئورىۋالدى-دە، سورەپ-تارتىپ دىگەندەك چاتقاللىقتىن چىقاردى. موزاي ھەم غەزەپلىنىپ، ھەم قورقۇپ قاتتىق مورىدى. ئاندىرى موزاينى ئەس-ھۇشىنى تاپقىچە سورىگەن پېتى ئۇستەڭ تەرەپكە قاراپ چاپتى. ھىلىقى ئىنەكمۇ ھە دەپ مورەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. موزاي يول بويى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۈزۈپ-ئۈزۈپ مورەپ ماڭدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ سىرتماقتا سىقىلغان كانىيىدىن زورمۇ-زور چىققان بوغۇق ئاۋاز مۈشۈكنىڭ مىياڭلىشىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

ئاندىرى يۈگۈرۈۋېرىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى-دە، ئۇستەڭ يېنىغا بارغاندا قەدىمىنى توختىتىپ، بىر دەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى. ئۇ موزاينى ئاق تېرەككە باغلاپ قويۇپ، ئىنەكنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئىنەك زادىلا كەتكىلى ئۇنىمىدى، بىرقانچە قېتىم قوغلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە

كەتمەي تۇرۇۋالدى، ئاندىرى يېنىدىن شۇنداق كەتكەن ھامان ئۇ يەنە دەرھال موزىيى ئالدىغا كېلىۋالاتتى-دە، ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايىنى پۇرايتتى، يالايتتى، گويا بالىسىغا: "دەرھال بوشىنىپ قېچىپ كەت، ھېلىمۇ تېخى كېچىككەن بولمايسەن" دەۋاتقاندەك، بېشى بىلەن ئاستا ئۇسۇپ-ئۇسۇپ قوياتتى. موزاي ئانىسىنىڭ تەۋرەنمەس ئەمما ئالاقىزادە ھالەتتىكى كويۇنۇشىنىڭ تەسىرىدە تولغىناتتى، پىغىلدايتتى؛ موزاي ئىچىدىن زەخمە يېگەچكە، ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى، سېزىمچانلىقى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، چۈشىنىش ئىقتىدارى — قىسقىسى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق نەرسە زەئىپلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئاندىرى دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە موزاينى يېتىلىگەن پېتى داۋاملىق يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۇستەڭدىكى مۇز ئىنەكنىڭ يولىنى توساپ قويىسىكەن دىگەن ئۈمىت بىلەن ئۇنى كېسىپ ئۆتۈش قارارىغا كەلدى. ياق، مۇزمۇ توساپ قالالمىدى، ئىنەك قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا مۇزلىغان ئۇستەڭگە چۈشتى. بىراق ئىنەك ئۇستەڭگە چۈشۈش بىلەنلا ئورە تۇرالماي قالدى — ئالدىنقى ئىككى تۇيىغى پالاكەتلىك بىلەن ئىككى ياققا قاراپ قايرىلدى-دە، يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ ئورنىدىن قوپۇۋېلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھەممە ھەركىتى بىكارغا كەتتى — نەتىجىدە تىزلىنىپ ئومىلەشكە باشلىدى، ياق، ئومىلەپ ئەمەس، بەلكى

قارشى قىرغاقتا قاراپ سىرىلىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئاندىرى ئۇنىڭ سىرىلىپ كېلىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ئىنەك ئالدى تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بېرىچە بىر سەكرەپلا قىرغاققا چىقىۋالدى.

ئۇلار ئەمدى كەنتتىن تەخمىنەن ئۈچ چاقىرىمدەك يىراقلىقتا بېرىپ قالغان ئىدى. ئاندىرى ھەر ئېھتىمالغا قارشى موزاينى يېتىلەپ تاغ ئارىسىغا قاراپ بىر پەس مېڭىپ، بىرئاز قۇرۇق، يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىكرەك بىر جاينى تاللىۋالدى-دە، ئۇنى يەنە دەرەخقە باغلاپ قويدى. ئىنەك يىراقراق بىر جايدا تۇرۇپ، ئاندىرىنىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە سەپسېلىۋاتاتتى. ئاندىرى غەزەپكە كېلىپ، بېلىدىن پالتىنى سۇغۇرۇۋالدى-دە، ئىنەككە قاراپ ئېتىلدى. ئىنەك ئاقسىغان پېتى مۇدۇرۇپ-سوقۇلۇپ قېچىپ كەتتى، يول بويى دەرەخ شاخلىرىنىڭ سۇنۇش ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، بىراق ئاندىرى توختىغان ھامان ئۇمۇ توختايتتى، ئۇنى قوغلىۋېتىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاندىرى ئارقىسىغا يېنىپ، ئاجىزلىشىپ ئۆرە تۇرۇشقىمۇ مادارى قالمىغان موزاينىڭ يەردە سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى كوردى. موزاي قەدەممۇ-قەدەم ئوزى تەرەپكە قىستاپ كېلىۋاتقان ئادەمگە ئالاقزادە بولغان ھالدا بۇرۇلۇپ قارىدى، ئاندىرى قولىنى قاتتىق بىر شىلتىپ، پالتىنىڭ چۈلدىسى بىلەن ئۇنىڭ ماڭلىيىغا ھەم تېز ھەم توغرا مولجاللاپ بىرنى سالدى، موزاي ئاران تەسلىكتە بىر ئىڭرىدى-دە، بېشى ساڭگىلاپ تاسمىغا ئېسى-

لىپ قالدى. مانا شۇ مىنۇتتا ئارقا تەرەپتە تۇرغان ئىنەك ئېچە-
نىشلىق مورەپ كەتتى. ئاندىرىنىڭ ياۋايىلىغى تۇتۇپ ئىنەكنىمۇ
چېپىپ تاشلىماقچى بولۇپ، ياۋۇزلۇق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئې-
تىلدى، بىراق ئۇ ئىنەكنىڭ قىمىر قىلىپمۇ قويماي تۇرغانلىغىنى
كورۇپ، قەدىمىنى توختاتتى. بۇگۇن بىر جاننىڭ بېشىغا چىققان-
لىغى ئۇنىڭ ئۇچۇن يېتەرلىك ئىدى، بولمىسا ئۇزىنى نەس
بېسىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى!

ئاندىرى موزايىنى سويۇۋاتقاندا، ئىنەك يەنىلا ھېلىقى
جايىدا ئۇنىڭغا كوزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن
ئاندىرىنىڭ ئىچىگە بىر قورقۇنچ چۇشتى، ئۇمۇ ئوخشاشلا
قورققان ھالدا ئىنەككە قاراشقا باشلىدى. بىراق ئىنەك ئاندا-
ساندا ئاڭلىنار-ئاڭلانماس ئاۋازى بىلەن ئۇزۇپ-ئۇزۇپ
ئېچىنىشلىق مورەپ تۇراتتى. تېخىچە ئىسسىق پېتى تۇرغان كالا
گوشىدىن چىققان ھىد دىمىغىغا ئۇرۇلۇۋىدى، ئاندىرىنىڭ كوڭلى
ئېلىشىپ، قۇسۇپ تاشلىدى. ئۇ موزاينىڭ ئىككى ئارقا پۇتىنى
كېسىۋالدى، ئاندىن كېيىن يەنە بىر پارچە گوش شىلىۋالدى-
دە، ئۇلارنى كاناپ تاغارغا تىقىپ، قالغانلىرىنى ئېيىققا ئوخشاش
غازاڭ يېپىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە توپا، تاش، دەرەخ شاخلىرى
قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاپ قويدى. ئاندىرى بۇ يەردىن
كېتىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئىنەككە قارىدى.
ئىنەك بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس تۇۋەن سېلىپ، يەنىلا
ئاندىرىدىن كوزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى، ئاندىرى ئۇنىڭ

كوزىدىن كالىغا خاس بولماي، بەلكى كالا بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ھەمدە ھەركەتىكە ئايلىنىش ئېھتىمالى بولغان بىر خىل تەھدىتنى كوردى. ئانىدىرى ئالدىراپ-سالدىراپ بۇ يەردىن يۇرۇپ كەتتى.

قايتاشىدا تاش ئارالنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورمانلىقتا قوندى. تاش ئارال يەنىلا بىر خىل چۇشىنىكسىز، ئارتۇقچە قىزغىنلىقى بىلەن ئۇنى ئوزىگە جەلپ قىلاتتى؛ ئانىدىرى قاراڭغۇ چۇشۇشتىن ئىلگىرى ئۇ يەرگە يېتىۋېلىش ئۇچۇن ھە دەپ مېڭىۋېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ قالدى. يېرىم كېچىدە ئۇ ئانگارا دەرياسىدىن چىققان، ئۇزۇلۇپ-ئۇزۇلۇپ ئاڭلانغان غاراس-غۇرۇس ئاۋازدىن چوچۇپ ئويغاندى. دەريا يۇزىدىكى مۇزلار يېرىلىشقا باشلىغان ئىدى، بىراق ئانىدىرى بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، خوشالمۇ بولمىدى، كاناپ تاغارغا قاچىلانغان نەرسە ئۇنى ئازاپلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ پۇتۇن ھىس-تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ تاشلىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئوزىنىڭ موزايىنى پەقەت كوشنى دەپلا ئولتۇرگەنلىكىنى ياكى موزايىنى ئولتۇرۇشكە تەرەددۇت قىلغاندىن باشلاپ پۇتكۇل قەلبىنى مەھكەم چۇلغىۋالغان مەلۇم ھىسسىياتنى قاندۇرۇش ئۇچۇن شۇنداق قىلغانلىقىنى تا ھازىرغىچىلىك چۇشىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئوتكەندىن كېيىن ئانىدىرى تاغ ئۇستىدىكى قىشلىق ئويگە كوچۇپ بېرىۋالدى. بىر كۇنى كۇندۇزى ئۇ ئاتامان كەنتى تەرەپتىن كەلگەن قويۇق ھەم قالايمىقان

ملتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇرۇش ئاياقلاشقان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى.

## 16

ئۇرۇش ئاياقلاشتى.

بىر ئاتلىق خەۋەرچى كاردا كەنتتىن ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ: "ئۇرۇش ئاياقلاشتى!" دەپ ۋاقىرىدى. بۇ گەپلەر گويا ئۇزاقتىن بۇيان تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن باھار گۈلدۈرمامىسىدەك پۈتۈن كەنتنى تەۋرىتىۋەتتى، كەنت قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى. نىستور ئاۋالقىدەكلا بىرىنچى بولۇپ ملتىقنى قولىغا ئالدى. باشقىلارمۇ دەرھال ئۇنىڭغا قوشۇلدى، شۇنداق قىلىپ ئاتامان كەنتتە ئەزەلدىن ئاڭلىنىپ باقمىغان قويۇق ملتىق ئاۋازى ياڭرىدى؛ ئاياللار بىر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، قاتتىق ۋاقىرىشاتتى، تولۇلشاتتى، يىغلىشاتتى، بەخت-سائادەت ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى بايان قىلىشاتتى، بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلەرگە قانداق سەۋرى-تاقەت بىلەن بەرداشلىق بېرىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە بولسا بۇنداق سەۋرى-تاقەتنىڭ ھەش-پەش دېگىچە قانداق قىلىپ پۈتۈنلەي غايىپ بولغانلىقىنى سوزلىشەتتى؛ باللار ئۇ ياندىن-بۇ يانغا چېپىشاتتى، بۇ خەۋەر ئۇلارنى ھەيران

قالـدۇرغان ئـدى. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە قەلبىگە بۇ خەۋەر سىغمايتتى، بۇ خەۋەر ئۇلار ئىلگىرى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بارلىق نەرسىلەردىن ئېشىپ چۈشكەچكە، ئۇنى قانداق قىلىشـ لىرىنى، نەگە قويۇشلىرىنى بىلەلمەيۋاتاتتى؛ ھەتتا ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشقان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ھېسسىياتىنىڭ بۇ ئىشقا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربى يەتـ مەيتتى. دەسلىۋىدە كىشىلەر كۆز يېشى قىلىشىپ، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا بىر بىرى بىلەن قۇچاقلاشتى، ئاندىن كېيىن گويا بۇ بەخت ـ سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا كۈچ ـ مادارى قالمىغاندەك، ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتقان، خۇددى مەجنۇنـ لارغا ئوخشاپ قالغان ھالدا بۇ چەتتىن ئۇ چەتكە يۈگۈرۈشەتتى، گاھ ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشەتتى، گاھ يەنە بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئاللىقانداق گەپكە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك، ئاللىقانـ داق نېمىگە تەقەززا بولۇۋاتقاندەك، ئاللىقانداق بۇيرۇقنى كۈتۈۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇشاتتى. نىستور ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، بايراق ئېسىڭلار دەپ تاپىلىدى. گەرچە نىستور ئۆزىنىڭ كولخوزنىڭ رەئىسلىك ئورنىنى ماكسىم ۋولوگژىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ھوقۇق تۇتماي كەلگىنىگە بىر ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەن يەنە ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا بوي سۇنۇپ، قىزىل رەخت تېپىشقا ئارقا ـ ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كېتىشتى. بەزىـ لەر تېپىپ كېلىشتى، بەزىلەر تاپالمىدى. بىراق پۈتۈن كەنت ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە يېپ ـ يېڭى قىلىپ بېزەلدى، كىشىلەر

كوپ يىللاردىن بۇيان قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىشكەن ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى تېپىپ كىيىۋېلىشتى، بالىلار ئىشىك، ئوگزە قاتار-لىق جايلارغا ئۆزى ياسىۋېلىشقان بايراقلارنى ئېسىۋېتىشتى. ئاگافىيە سوموۋا ئۆز ئوغلىنىڭ بىر قىزىل كوينەكنى خادىغا باغلاپ قويدى، بۇ كوينەك بۇلتۇر كۈزدىن باشلاپ ئىگىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ناھايىتى پىششىق تۇرغان بولۇپ، رەڭگىدىن كەتمىگەن ئىدى. نىستور يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا كوينەكنى ئېلىۋەت دىدى، لېكىن ئاگافىيە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ئۆزەم كېتىپ قالسام كوينەكنى باشقىلار ئېلىۋەتمىسۇن دەپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ تۇرۇۋالدى.

ئەتىگەندىن باشلاپ تۇتۇق بولۇپ كەلگەن ھاۋا ھازىر تۇيۇقسىز ئېچىلىپ كەتتى: ئاسماننى قاپلىۋالغان بۇلۇتلار تار-قىدى، قۇياش ئىللىق نۇر چېچىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خوشاللىققا چومگەن ھەم سەلتەنەتلىك نۇرى بىلەن يەر-زىمىن-دىكى ھەممە شەيئىلەرنى يورۇتتى.

كەنتتىن بىر قاتار مىلتىق ئاۋازى ياڭرىغان چاغدا، ناستيۇنا بىلەن ۋاسىلىسا يېقىن ئەتراپتىكى بىر توپىلىكتە پەر ھەيدە-ۋاتاتتى. ئۇلار بىر بىرىنىڭ كەينىدىن قوشنى ئېتىزنىڭ بۇ قىرىدىن-ئۇ قىرىغىچە سېلىپ پۇرچاق تېرىش تەييارلىغىنى كورۈۋاتاتتى. ۋاسىلىسا ئالدى بىلەن نېمە ئىش بولغانلىغىنى بايقاپ، دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتنى قوشتىن چىقاردى. ناستى-يۇنامۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتنى قوشتىن چىقاردى. ئۇلار ئاتقا

مىنىپ ئاتامان كەنتكە يېتىپ كېلىشكەندە، كەنت ئىچى قىزىپ كەتكەن ئىدى، غەلۋىسگە تۇرۇپ بولمايتتى. ناستيوْنا پۈتۈن ئەزايى قىزىغان، ھاسىرىغان ھالدا ئاتنى ئىشىك ئالدىدىلا قويىۋېتىپ، خۇددى بوراندەك ئۆي ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ ئىككى قېرىنى چوچۇتۇۋەتتى: سېمىيونوۋنا ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا كاڭدىكى ياتقان ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى، مىخئىچ دەرىزە ئالدىدىن شارتتىدا ئارقىغا بۇرۇلدى — ئۇلار، بىر خوش خەۋەردىن ھاياجانلىنىپ، يەنە بىر خوش خەۋەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. ناستيوْنا ئىختىيارسىز ھالدا بوسۇغىدىلا دەرھال قەدىمىنى توختىتىۋالدى: ئۇ نەگە قاراپ يۈگۈرمەكچى، ئۇلارغا نىملەرنى دىمەكچى؟

— بىز مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق، — دىدى ئۇ چۈشەندۇرۇپ. ئەمىلىيەتتە بۇنى چۈشەندۇرۇپ ئولتۇرمىسىمۇ، ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى. ئارقىدىنلا ئۇ دۇدۇقلىغان، گەپ-سوزلىرى بىر بىرىگە قولاشمىغان ھالدا، — بىز مۇشۇنداق پەرەز قىلدۇق، — دىدى گويا سوزىنى ئاللىقانداق بىر نەرسە ئۈزۈپ تاشلىغاندەكلا تۇيۇقسىز ئاخىرلاشتۇرۇپ.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دىدى سېمىيونوۋنا خۇدادىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك بۇتقا قاراپ كىرىست بەلگىسى سىزىۋېتىپ، — توت كوز بىلەن كۈتكەن بۇ كۈن راستىنلا يېتىپ كەلگەنمىدۇ؟ ئەمدىغۇ ئۇلار بىزنىڭ ئاندىرىنىڭ قەيەردىلىگىنى ئېيتىپ بېرەر؟

— ئېيتىپ بېرىدۇ، خوتۇن، ئېيتىپ بېرىدۇ — دىدى مىخئىچ

ناستيۇناغا كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويۇپ.

ــ ئەمدى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ......ئۇلارنى ئانىسى، خوتۇنلىرى بىلەن جەم بولۇشقا......

ــ ھەممىسىنى بىراقلا قايتۇرۇۋەتكەن بىلەن بولمايدۇ.

ــ نىمىشقا بولمايدىكەن؟

ــ نىمىشقا......ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئارمىيە بولمىسا بولمايدۇ.

ــ ئۆتكەن قېتىمقى ئۇرۇشلاردا بۇ قېتىمقىدەك جاھان تېچ بولۇپ كەتتى دەپ جاكالانمىغان ئىدى، ــ دىدى سېمىيونوۋنا بىر دەم ئۈنچىقماي جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ. ــ ئۇ قېتىم ھېچكىممۇ ئۇرۇشنىڭ تۈگىگەن ـ تۈگىمىگەنلىكىنى بىلمىگەن ئىدى......گېرمانىيىلىكلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆز ئادەملەر ئۇرۇشقان، ئۇرۇشقاندىمۇ دەھشەت ئۇرۇشقان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جاھان تېچلىنىپ باقمىغان دىيىشكە بولىدۇ. كوممۇنانى دەپ ئۇرۇشقان، كولخوزنى دەپ يەنە ئۇرۇشقان. بىر كۈنمۇ تېچلىق بولۇپ باقمىغان.

ناستيۇنا ئۆزىنىڭ ھىلىقى يېرىم ئېغىز ئۆيىگە كىرىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. ئېتىز بېشىدىكى چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى شاتلىقتىن ئويناپ كەتكەن ئىدى. ھازىرمۇ شۇ يۈرەك ئاۋالقىدەكلا ئويناپ تۇراتتى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىشقا تەشنا ئىدى، بىراق ئاللىقانداق بىر نەرسە: "بۇ سېنىڭ بايرىمىڭ ئەمەس، غەلىبە ساڭا مەنسۇپ ئەمەس، سېنىڭ غەلىبە

بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىنىڭ يوق" دەۋاتقانىدەك. ئۇنى توساۋا-تاتتى، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىۋاتاتتى. ئەڭ ئەرزىمەس ئادەم-نىڭمۇ غەلىبە بىلەن مۇناسىۋىتى بولىدۇ، بىراق ناستيۇنا غەلىبە بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ چىقىۋاتاتتى. ناستيۇنا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشىنى بىلەلمەي، مانا ئەمىسە دەپ كارۋات چېتىدىلا ياتتى-دە، كونا ئادىتى بويىچە ئىككى قولى بىلەن قوسىقىنى سىپاشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ قوسىقىغا ئاللىقانداق مېھرى-مۇھەببىتىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خىيالىنىڭ بىر يەردە بولمايۋاتقان-لىقىدىن، خۇددى بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغانىدەك، كۆڭلى پەرىشان بولغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى قولىنى قويىدىغان جاي تېپىش ئۈچۈنلا، قولىنى تېچلاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئىدى. مەھەللە كوچىسىدىن شاۋقۇن-سۈرەن ئاڭلاندى، بىر كىم ئېتىغا قامچا ئۇرغان پېتى ئۇچقانىدەك ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىركىم ئاۋازىنى تىترىتىپ چىقىرىپ ناخشا ئېيتىشقا باش-لىدى. بۇ ناتونۇش ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى:

تومۇر ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قوللارغا ئېلىپ،
ھەممە ئېتىز-دالالاردا ئۇچقاندەك چېپىپ،
ئۇرۇپ-يىقىپ، ھەيدەيمىز يەر، ئۇرۇقنى چېچىپ.

ناستيۇنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، دەرىزە سىرتىغا قارىدى: بۇگۈنلا ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن ئادەم بارمۇ نېمە؟

چوڭ يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا دەلدۈگۈنۈپ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كېلىۋاتقان ناتونۇش بىر ئادەمنى بىر توپ باللار ئارىغا ئېلىۋالغان ئىدى، ناستيۇنا بۇ ئادەمنى تونۇمايتتى، ئۇ ھەم ئىگىز، ھەم ئورۇق كەلگەن ئەر كىشى بولۇپ، چاپىنىنىڭ ئالدى ئوچۇق، يالاڭۋاشتاق ئىدى. ناستيۇنا مىخئىچىنىڭ چوڭ ئويدە سېمىيونوۋناغا سوزلەپ بېرىۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ئۇ كاردا كەنتتىن كەلگەن......خەۋەرچى. كوپچىلىك خوشال بولۇپ كېتىپ، ئۇنى مەس قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ باش تارتالماپتۇ، ئىلاجى يوق...... بۇنداق چاغلار ئاسان كەلمەيدۇ......

— يۇرت—داشلار! — ھىلىقى ئەر توساتتىن توختاپ، دەلدۈگۈنۈپ كەتمەي مەزمۇت تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپكە قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە، بار ئاۋازى بىلەن ۋاقىرىدى، — ھەممىڭلار چ—ى—ق—ى—پ نا—مايىش— قىلىڭلار! گىتلېر بېشىنى يىدى! — ئۇ يەنە گىتلېرنى قاتتىق تىللىدى-دە، گويا ئوزىنىڭ ئاۋازىدىن قوتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك، بېشىنى سىلكىپ قويدى، ئاندىن دەلدۈگۈنۈپ ماڭغىنىچە ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى:

بىزلەر مەز—مۇت—قەدەم تاشلاپ ماڭىمىز ھەيۋەت،
ئاياق ئاستى قىلالمايدۇ—مەيلىچە—چەيلەپ،
سوۋېت ئېلى زېمىنىنى دۈشمەنلەر ئەبەت.

بۇ ئاۋاز، تاسادىپى ئېيتىلغان، بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ناخشا ناستيۇنانىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېزىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرەك تارى شۇنداق چىڭ تارتىلدىكى، ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتتى، ئازاپلاندى، بىارام بولدى، دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ، قاشادىن بېشىنى چىقىرىپ قارىۋىدى، مەھەللىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە كىشىلەرنىڭ ئۇ ياندىن-بۇ يانغا ئۆتۈشۈۋاتقانلىقىنى كوردى، بىراق ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كەلمىگەچكە، سىنچىلاپ قاراپ يۈرمەيلا، ئويىغا پېتىپ كىردى. شۇ مىنۇتتا ئۇ ئاندىرىنى ئېسىگە ئالدى-دە، كوڭلىدە كۈتۈلمىگەن ئويكۇنۇش پەيدا بولدى: "بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كاساپىتى، ئۇ سەۋەپچى بولمىغان بولسا، كوپچىلىككە ئوخشاش غەلىبىدىن خوشال بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالمىغان بولاتتىم." بىراق ناستيۇنا يەنە "ئۇ ئۇرۇشنىڭ ئاياقلاشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىسا جەزمەن تېخىمۇ ئازاپلىنىدۇ، ئوزى ئۇچۇن تېخىمۇ ئازاپلىنىدۇ" دىگەن خىيالغا كېلىپ يۇمشاپ قالدى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى، ئۇ ئوكۇنۇپ تۇرۇپ ئىچ ئاغرىتقان بولىسمۇ، لىكىن يەنە بىردىنلا ئاندىرىنىڭ يېنىغا بارغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغۇسى كېلىپ كەتتى: "بۈگۈن بىرگە بولۇشىمىز كېرەك. ئاشىق بىلەن مەشۇق بىر بىرىدىن ئايرىلمىسۇن دىگەن گەپ بار. بىز بارلىق كىشىلەر-دىن، ھەممە ئادەم بىردەك تەبرىكلەۋاتقان بۇ بايرامدىن

ئۆزىمىزنى چەتكە ئىلىشىمىز كېرەك. بۈگۈن پەقەت بىزلا بۇ بايرامنى ئۆتكۈزۈشكە مۇناسىپ بولماي قالدۇق......نىمىشقا مۇناسىپ بولمايدىكەنمىز؟ " ناستيۇنانىڭ كوڭلى يېرىم بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئوي-پىكرىنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەي، ئۆزىنى ئاقلاپ، كىشلەر ئارىسىغا قايتىپ بارغۇسى كەلدى. "مەن نىمە بولۇپتىمەن؟ پۈتكۈل ئۆرۈش داۋامىدا ئىش قىلماپتىمەنمۇ؟ كۈچ چىقارماپتىمەنمۇ؟ مۇشۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن، مېنىڭ چىقارغان كۈچۈم باشقىلاردىن ئازمىكەن؟ قاراپ تۇر، مەن دەرھال بارىمەن، بارىمەن دىدىم بارىمەن". ئۇ ئۆزىنى بېرىشقا ئالدىراتتىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىپ كىشلەر ئارىسىغا بېرىشى ئۈچۈن مەلۇم ھەل قىلغۇچ خاراكتىرغا ئىگە مەلۇم سىرتقى ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچنىڭ تۇرتكە بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئەسلىدىكى جايدىن قىمىر قىلىپمۇ قويماي ئولتۇرۇۋەردى.

دەرۋەقە، شۇنداق ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ پەيدا بولدى. دەرىزە تۈۋىدىن ئات تۇيىغىنىڭ ئاۋازى ۋە ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتقان ۋاقىتتىكى ۋاقىراش ئاۋازى ئاڭلاندى، دىمەك يەنە ھىلىقى بىر دەممۇ جىم ئولتۇرالمايدىغان بوم ئاۋازلىق نىستور كەلگەن ئىدى. ئۇ ئىگەر ئۈستىدە ئىگىشىپ، دەرىزە ئەينەكلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ چەكتى ۋە جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى:

— ھەي! ئۆيدىكى ئولۇك-تىرىكلەر، بىردەك قولاق سېلىپ ئاڭلاڭلار! ھەممىڭلار مەدىنىيەت يۇرتىغا يىغىلىڭلار! تەبرىك-

لەش — يىغىنى — ئىچىشقا — يىغىلىڭلار! قەيەردىسەن، مىخئىچ؟ ناستيۇنا!

— ئاڭلىدۇق، — دىدى مىخئىچ ئالدىرىماي دەرىزە ئالدىغا بېرىپ، — نىمىگە ۋاقىر ايدىغانسەن؟

— تەبرىك — يىغىنى — ئىچىشقا — بېرىڭلار! غەلبىنى تەبرىك-لەيمىز. بۇ جىددى بۇيرۇق. ئۇيىدىكى بار-يوق نەرسىلەرنى ئېلىپ، مەدىنىيەت يۇرتىغا بېرىڭلار، ئولتۇرۇش قىلىمىز. مىخئىچ، "تاراسۇن①" نىمۇ ئېلىۋال. كوزۇك قىيماي يۇرمىسۇن يەنە، تاراسۇننى ئېلىۋال دەۋاتىمەن، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، چۈشەندىم، — دىدى مىخئىچ غودۇڭشىپ، — تاراسۇننى بېرەي. ئۇنىڭدىن باشقا ھىچ نەرسە لازىم ئەمەسمۇ؟ تاراسۇنغىلا ئىشتىيىڭ تارتىدىكەن!

بىراق نىستور مىخئىچنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمىدى، ئۇ ئېتىنى ئويناتىقان پېتى ئالىدى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

— ھەي ي ي، ھەقىقەتەن ئاجايىپ مەخلۇق-تە، — دىدى سېمىيونوۋنا ئەجەپلەنگەن ھالدا ئاغزىنى كالچايتىپ، بېشىنى چايقاپ، — ئاگاپوفكىلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ۋاقىرىغىنى ۋاقىرىغان، بۇ تېخىمۇ بولمىغۇر بىر نەرسە.

— سەن بارغىن، ناستيۇنا، — مىخئىچنىڭ سالپىيىپ قالغان

---

① ھاراقنىڭ بىر تۈرىنىڭ ئىسمى. — تەھرىردىن.

بۇرۇتىلىرىدىن ئۇنىڭ غەمكىن ھالىدا بىر نەرسە ئۇستىدە ئويلاۋاتقاندەك كۆلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى كورگىلى بولاتتى، — تاراسۇن لازىم دىسە، بار — ئۇ بىشىنى كوتىرىپ، تېخىمۇ قەتئى تەلەپپۇز بىلەن گىپىنى تەكرارلىدى، — سەن بىرىپ تۇرغىن، مەنمۇ بىر دەم تۇرۇپ بارىمەن. بۇگۇنكى كۇندە ئويدە ئولتۇرۇۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ. تاراسۇن ئورىدا. ئۇنىڭ قول تەرەپتىكى تاختاينىڭ ئارقىسىدا. بىرىپ ئىلىۋەرگىن. ھەممەيلەن كوڭۇل ئاچسۇن، بارغىن.

— تاراسۇننى باشقىلارغا بىرىۋەتسەڭ، بىزنىڭ ئاندىرى قايتىپ كەلگەندە نىمىنى ئىچىدۇ؟ — دىدى سىمىيونوۋنا سوز ئارىلاپ.

— ئاندىرى قايتىپ كەلگەن كۇنى يەنە تاپالايمىز. بىراق ئۇنى قاچانغىچە كۇتەرمىزكى؟ لىكىن بۇگۇنكىدەك كۇن ئىككىنچى كەلمەيدۇ. ئورىغا چۇشۇپ، ھاراقنى ئىلىپ بارغىن، ناستيۇنا.

تاراسۇن ئويدە ئىشلەنگەن ئادەتتىكى بىر خىل ھاراق بولۇپ، ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى مول ھوسۇل ئىلىنغان يىلى چىققان ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن ئىدى. بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئەزەلدىن بۇنداق ھاراقنى بورىيات موڭغۇل تىلى بىلەن "تاراسۇن" دەپ ئاتايتتى، ناستيۇنا بۇ ھاراقنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى: باھار كىرگەن چاغدىلا ئۇ ئورىغا ياڭيۇ ئىلىشقا چۇشكەندە توپىدىن پىلىككە ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ، شۇ نەرسىگە ئاساسەن يوغان بىر

هاراق بوتۇلكىسىنى تاپقان. بۇ هاراق ناستيۇنادىن ياكى باشقا بىرسىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنى كورگەنىدە پەيدا بولىدىغان بىھۇدە پەرىشانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ۋاقتىنچە كورمەسلىك مەقسىدىدە شۇنداق يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىدى. كېيىن ناستيۇنا مۇشۇ بوتۇلكىدىن يەنە بىر بوتۇلكىغا بىر ئاز هاراق توكۇۋېلىپ، "ئېرىم بۇ هاراق بىلەن قانداقلا بولمىسۇن غەم-قايغۇدىن خالى بولۇپ، ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىپ، بىرەر-ئىككى سائەتكىچە كەيىپ بولۇۋالار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ غەم-قايغۇدىن قۇتۇلۇپ، ئىچ پۇشۇغىنى چىقارغۇدەك نىمىسى بولسۇن؟ ئۇ قەيەرگىمۇ بېرىپ كوڭۇل ئېچىپ، قەلبىنى چۇلغىۋالغان پەرىشانلىق ۋە ئازاپتىن قۇتۇلسۇن؟ ئۇ هەمىشە يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ، هەپتىلەپ، ئايلاپ تەنها ياشاپ كېلىۋاتىدۇ" دەپ ئويلاپ، ئۇنى كاناپ تاغارغا قاچىلاپ، ئاندىرىغا ئالغاچ بارغان ئىدى. ناستيۇنا ئەمدىلىكتە كىشلەر ئالدىغا بېرىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ كىشلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىشقا مۇناسىپ ئەمەسمىكەن؟ ياق، ئۇ بۇنىڭغا قانداقمۇ مۇناسىپ بولمىسۇن؟ تامامەن مۇناسىپ!

سېمىيونوۋنا يەنىلا ئوز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ناستيۇناغا چارەك ۋېترو① (ئەملىيەتتە بۇنىڭغىمۇ يەتمەيدىغان) تاراسۇنىنىڭ

---

① ۋېترو — كونا روسىيەدە سۇيۇقلۇق ئولچىمى بولۇپ، بىر ۋېترو 12.3 لېترغا باراۋەر.

يېرىمىسنى كومزەكىكە توكۇۋېلىپ ئاۋالىقىدەك كومۇپ قويۇپ، قالغان يېرىمىنى كوپچىلىكنىڭ ئىچىشى ئۇچۇن ئېلىپ بېرىشىنى تاپشۇردى. ئاستيۇنا هاراقنىڭ يېرىمىلا قالغان چوڭ شىشىنى كوتىرىپ بارسا ئازراق بولۇپ كورۇنۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى كىچىكرەك بىر توڭغا ئاستا-ئاستا توكتى ۋە ئۇنى كوتىرىپ دەرۋازىدىن چىقىپلا، ئوزىگە غەيرەت بېرىش ئۇچۇن توختىـ ۋالدى-دە، موماي‌لارغا ئوخشاش ئېهتىياتچانلىق بىلەن كوچىنىڭ ئىككى قاسنىغىغا قارىدى. كوچا خېلى ئۇزۇندىن بۇيان مۇنداق قاينام-تاشقىنلىققا چومۇپ باقمىغان ئىدى. يېزا مەدىنىيەت يۇرتى كەنت ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى گۇسكوۋ ئائىلىسىدىن ئۇچ چوڭ قورا ئايرىپ تۇراتتى، ئۇ يەردىن ياڭراق، هاياـ جانلىق پاراڭ سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قارىسىڭىز، ئۇ يەرنىڭ ئىس-تۇتەك بىلەن قاپلانغانلىقىنى كورۇسىز. كىشىلەر شۇنچىلىك قاينام-تاشقىنلىققا چومگەن ئىدىكى، بۇنىڭ تەسىرىدە ئىتلارمۇ دەلدۇشلەرچە ئۇ ياندىن-بۇ يانغا چېپىشاتتى، هە دەپ قاۋىشاتتى. خورازلار قانات قېقىشىپ بار ئاۋازى بىلەن چىللىشاتتى. مكىيانـ لار توختىماي كوكوكلىشاتتى، چوشقا كۇچۇكلىرى چىقىرىشاتتى، قانچىلىغان ئائىلىلەرنىڭ دەرۋازىلىرى جالاق-جۇلۇق قىلىپ ئېچىلىپ يېپىلاتتى، قاشا ئىشىكلىرىدىن غىچىرلىغان سادالار كېلىپ تۇراتتى، باللار توپ-توپ بولۇشۇپ، ئۇ يان-بۇ يان چېپىشاتتى. يىراق بۇ قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن باشقا يەنە يېقىملىق بىر ئاۋاز سامادا لەرزان ياڭرايتتى. بۇ ئاۋاز ئەينەكىنىڭ

ئاۋازىدەك ساپ، كىشىگە شېرىن ھىس ۋە خوشاللىق بېغىشلايدىغان ئاۋاز بولۇپ، ناستيۇناغا بىر تۈرۈپ ناھايىتى تونۇشتەك، بىر تۈرۈپ ناھايىتى ياتتەك تۇيۇلدى، بۇ بەلكىم بۇنداق ئاۋازنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلىمىغاچقا، ئېسىدىن كۆتىرىلىپ قالغانلىقتىن بولۇۋاتىدىغاندۇ. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ، بۇ ئاۋازنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىغا زەڭ قويدى، ئەسلىدە تاختاي كەپىنىڭ ئۈگزىسىدە قاتار ئولتۇرغان ئۈچ قالىغاچ قىزغىنلىق بىلەن ۋىچىرلاۋاتقان ئىكەن. قالىغاچ كېپتۇ. ئۇلار دەل ۋاقتىدا كېپتۇ: بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بۈگۈن كېپتۇ. بۇ كىچىك جانىۋارلار ئۆز يۇرتىغا يازنى چىقارغىلى، ئۇۋا سالغىلى، تۇخۇم بېسىپ بالا چىقارغىلى كېپتۇ. تېچ تۇرمۇش ئەمدىلىكتە يەنە ئۆزى ئەسلى يىلتىز تارتقان جايىغا قايتىپ كەلدى، ئۇنى كىشىلەر بۇ يەردىن خۇددى بىر تال گىياغا ئوخشاش يۇلۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇ زەخمىلەنگەن، نابۇت قىلىنغان، تىتىپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن، ئېھتىمال بۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھەقىقى تېچ تۇرمۇش بولۇپ قالار. كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، چۈنكى كىشىلەر تېچ تۇرمۇشتىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ئازاپ ۋە ۋەھىمە ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان ئىدى. قالغاچلار لەرزان، يېقىملىق ۋىچىرلاپ، ئاللىقانداق ئىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىۋاتقاندەك، نىمىنىدۇ مەدھىيىلەۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئاياقلاشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى بىلىشلىرى ناتايىن: بىراق ئۇلارنىڭ بۇنى

بىلىشمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، شۇڭا ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋىجىرلاشلىرىنى ئاڭلىغان ھامان بېشىنى كوتىرىپ: "چېكىگە يېتىپتۇق، بۇگۈن ئاخىرى ئازاپنىڭ چېكىگە يېتىپتۇق" دەپ بىردىنلا پەرەز قىلىشىپلىشى ئۈچۈن ئالايىتەن ئالدىراپ-تېنەپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن بولغىيدى.

مانا شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ناستىيونانىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ بىر خىل خوشال-خورام ئەمما يەنە تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان كەيپىياتقا چومدى، ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى كورگەندە، بۇ بىرنەچچە قالغاچنى كورگەندىكىگە ئوخشاش، خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالدى، شۇ پەيتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچكىمدىنمۇ تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقىنى، ھېچنىمىدىنمۇ قورقمايدىغانلىقىنى كورسىتىپ قويۇشقا ھەممىدىن بەك تەقەززا بولدى.

يېزا مەدەنىيەت يۇرتىغا بىرىش ئۈچۈن ئاۋال مەدەنىيەت يۇرتىغا تۇتاش ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ ئويىدىن ئوتۇشكە توغرا كېلەتتى، بۇ كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۇرىدىغان، ئوگزىسى قىيپاش كەلگەن، ئىگىز، كەڭ-ئازادە سېلىنغان ئوي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى يوغان، توم ياغاچتىن قوپۇرۇلغان ئاساسىي تام ئارقىلىق ئىككىگە ئايرىۋېتىلگەن ئىدى. ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ بىلەن دومنا يېرىم ئېغىزىدا، بېقىۋالغان ئوغلى ۋاسكا قالغان يېرىم ئېغىزىدا تۇراتتى، بۇ ياشىنىپ قالغان ئەر-خوتۇننىڭ ئوز بالىسى يوق ئىدى. ۋاسكا چوڭ بولۇپ، ئەسكەرلىككە

ئېلىنىپ، ئالدىنقى سەپكە كەتكەن. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئولتۇرغان ھىلىقى يېرىم ئېغىز ئۆيدە ئۇدا ئىككى يىل ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئادەم باردەكلا مەشكە ئوت يېقىلاتتى، پاك-پاكىز يىغىشتۇرۇپ قويۇلاتتى، دېرىزىگە تەشتەك گۈل قويۇلغان ئىدى، دېرىزىنىڭ ئىككى يېقىدىن دېرىزە پەردىسى كورۇنۇپ تۇراتتى. كىشىلەر ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ زادى قايسىسى يېرىم ئېغىز ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى: كوپچىلىك ئۇلارنىڭ ئۆيىگە تۇزۇك بارمايتتى، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ تۇرمۇشى باياشات، يەپ-ئىچىدىغىنى تەييار، مېھماندارچىلىق كىيىمى تەل بولسىمۇ، لېكىن زادىلا مېھماندوست ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات ئوتكەچكە، تۇغۇلۇشى بىلەنلا مۇشۇنداق باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، يەنە بىر خىل تۇرمۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەئەينى ياش قورامىغا يەتكەن ھەم ئىگىز، ھەم يوغان ئادەمگە ئوتتۇرا بويلۇق بالىنىڭ چاپىنىنى كىيدۈرۈپ قويغاندەك مۇۋاپىق كەلمەيتتى.

ناستيونا ئۇنىڭ ئويى ئالدىدىن ئوتكىنىدە، دەرۋازىنىڭ تاقىغى تاراقىدا قىلىپ ئېچىلدى-دە، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ چىقىپ كەلدى. ئۇ خېلىلا ياشىرىپ قالغاندەك كورۇنەتتى، ئۇ پۇزۇر كىيىنگەن بولۇپ، ئۇچىسىغا قارا كوك رەڭلىك تىك ياقىلىق تۇجۇركا كىيىۋالغان ئىدى، ئۇنىڭ مېتال تۇگمىلىرى پاقىراپ تۇراتتى، چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن قىيپاش ياقىلىق

كوينگسنىڭ چىش يوللۇق گۈللىرى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئاستىغىمۇ قارا كوك رەڭلىك يىپەك شىم كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پۇشقاقلىرى خۇرۇم ئۇتۇك قونجىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان؛ بۇ كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ياخشى خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۇتۇك ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن قىلىن كوكۇس مېيىدىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ناستيۇنا ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنى كورۇپ، خۇددى تۇققىنىنى كورگەندەك خوشال بولغان هالدا بىرنەچچە چامداپ ئالغا باردى-دە، ئۇنىڭ بۇ روهلۇق تۇرقىغا كۇلۇمسىرىگەن پېتى زوقلىنىپ قارىدى.

— توت كوز بىلەن كۇتكەن كۇنىمىز ئاخىرى كەلدى، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ! — دىدى ناستيۇنا ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن.

— كەلدى، — دىدى ئۇ ئۇزىنى سالاپەتلىك تۇتقان هالدا جاۋاپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن يەنە سورىدى، — ئېرىڭىزدىن خەۋەر بارمۇ-يوق؟

— يوق، — ناستيۇنا پىخىلداپ كۇلدى ۋە ئۇنىڭ كوزىگە يۇرەكلىك قادىلىپ قاراپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى، — يوق، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ. ھەتتا قىلچىلىك خەۋەرمۇ يوق.

ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قىلدى:

— ئېھتىمال ئۇنىڭ نەدىلىگىنى سىز بىلىدىغاندۇرسىز؟ بىلسىڭىز ئېيتىپ بېرىڭا.

ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ھەيران بولۇپ ئارقىغا بىر قەدەم چېكىندى.

— مەن نەدىن بىلەي، — دىدى ئۇ تەئەججۇپلىنىپ، — بۇ ئايالنى قارىمامدىغان، گەپ-سوزلىرى نەقەدەر غەلىتە-ھە.

— ئەگەر خەۋەر بولىدىكەن، ماڭا ئېيتىپ قويۇڭ، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ، مەندىن يوشۇرماڭ، — دىدى ئۇ ئاۋالىقىدەكلا تېگىگە چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىغان ھالدا پىخىلداپ كۈلۈپ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن خەۋەر تاپسامۇ سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ، ئېيتىپ بېرىمەن.

يېزا مەدىنىيەت يۇرتىنىڭ ھويلىسىدا چىراقلار چاقنىماقتا، يۇرقىراپ ھور چىقىۋاتقان ئىككى داشتا شورپا قاينىماقتا. ئەسلىدە غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كولخوز رەئىسلىگىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ماكسىم ۋولوگژىن كوللىكتىپنىڭ بىر قويىنى بوغۇزلاشقا ئىجازەت بەرگەن ئىكەن. ئاياللار توم ياغاچ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ياڭيۇ ئاقلاۋاتاتتى. ئادەم ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كوپ بولۇپ، پۈتۈن كەنتتىكىلەر كەلگەن ئىدى. مەدىنىيەت يۇرتىدا كىشىلەر شىرەلەرنى قاتار بىر رەت قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كوپچىلىك ئېلىپ كەلگەن تۇرلۇك يىمەكلىكلەرنى تىزىۋەتكەن ئىدى، ھەركىم ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن يىغىلىپ كوپ بولغان ئىدى! بۇ يەردە چوڭقۇر تەخسىگە قاچىلانغان بەسەي ۋە تەرخەمەك، خۇمرىغا قاچىلانغان ئىرىمچىك ۋە قېتىق، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بېلىق، تۇرۇپ قىيىمىسى، كىچىك ئاق بولكا، قاتلىما توقاچ، توخۇم ۋە ئالۇچا مۇرابباسى سۇركەلگەن يېرىم قاتۇرما نان تۇراتتى، كىشىلەر

ئۆزىدە بار بولغان ئاز-پاز نەرسىلىرىنى قىلچە ئايىماي ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. ناۋادا كوپچىلىك ئېلىپ كەلگەن هاراق يېتىشمەي قالسا ئىچىملىك ئورنىدا ئىچىپ تۇرۇش ئۈچۈن، يېشى كىچىكرەك بىر توپ باللار قېيىن دەرىخى شىرنىسىنى يىغىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن؛ يېشى چوڭراق بولغان يەنە بىر توپ باللار ئانگارا دەرياسىدىن بېلىق تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋە-تىلگەن ئىدى. باللار تۇتقان بېلىقلىرىنى، مەيلى تىرىنە ياكى لوخا بولسۇن، ئۈتتۈرلۈق ئېلىپ كېلىپ شىرە ئۈستىگە تاشلايت-تى، بېلىقلار پىلتىڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاچا-قۇچىلارغا چۈشۈپ كەتسە، بەزىلىرى يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. مەدىنىيەت يۇرتىنىڭ دەرىزىلىرى ئوچۇق بولۇپ، دەرىزىگە ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر پاتىپۇن قويۇلغان ئىدى. نادكىنىڭ قىزى لىتكا پاتىپۇن يېنىدا چورد-گۇچىنى كوكرىگىگە باسقان پېتى ئورە تۇراتتى. نادكىمۇ ياڭيۇ ئاقلاۋاتاتتى. ناستيۇنا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قوللىرىنى تۇتۇۋالدى.

— تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈنۈڭ كەلگەندۇر، نادكام — دېدى ناستيۇنا ياش يۇقى كوزلىرىنى مولدۇرلەتكىنىچە نادكىغا قاراپ دەلدۇشلەرچە كۈلۈپ.

نادكا جاۋاپ بەرمەي، كوزىنى ئېپقاچتى.

ناستيۇنا لىزا ۋولوگژىنانى تاپتى-دە، كاپ قىلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ناستيۇنا، نىمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى قازان بېشىدىكى قاتىلاڭچىلىقتا تۇرغان لىزا ئوت يورۇغىدا قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى ناستيۇنا تەرەپكە بۇراپ ئاستاغىنا، — خوشال بولدۇڭمۇ؟
— خوشال بولدۇم.
— ئاندىرىنى كۆتۈۋاتامسەن؟
— كۆتۈۋاتىمەن.
ناستيۇنا كوپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ماكسىمنى بوينىدىن قوش قوللاپ قۇچاقلاپ، بىرنى سويۇپ قويدى، ماكسىم ئوڭايسىزلانـ غان ھەم خوشال بولغان ھالدا ۋاقىرىدى:
— كىم يەنە مېنى سويىدۇ، لىزانىڭ كەيپى خۇش بولۇپ قالغان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تېزراق كېلىپ سويۇۋالسۇن.
— ھېلى مەن سىزگە كەيپىمنىڭ ياخشىلىغىنى كورسىتىپ قويىمەن! — دېدى لىزا چاخچاق ئارىلاش ئاچچىقلاپ، — مەن سىزنى ناستيۇنانىڭلا سويۇپ قويۇشىغا ماقۇل بولغان. ماقۇل بولغاندىمۇ پەقەت ۋاقىتلىق سويۇپ تۇرۇشىغىلا ماقۇل. ئاندىرى قايتىپ كەلسىلا ئۇنىمايمەن. باشقىلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ماقۇل بولمايمەن.
ناستيۇنا ئادەملەر توپى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، خاۋاتىرـ لەنگەن ۋە ئوكۇنگەن ھالدا كۆلۈمسىرەپ قوياتتى ياكى بولمىسا ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان ئادەمدەك پىخىلداپ كۈلۈپ، ھەم سوراۋاتقاندەك، ھەم باشقىلارنىڭ ئېسىگە سېلىۋاتقاندەك، تىتـ

رەڭگو، سەمىمى ئاۋازى بىلەن ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ قۇلىغىغا: "تەقەززالىق بىلەن كۇتكەن كۇنىمىز كەلگەندۇر؟!" دەپ پىچىرلىغاندىن باشقا بىر ئېغىز سوزنىمۇ قىلالمايتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇگۇنكى ھەركەتلىرى دەل جايىغا چۇشكەن ئىدى. ئۇ باشقىلارنى قۇچاقلىسا، باشقىلارمۇ ئۇنى قۇچاقلايتتى، ئۇ كوز يېشى قىلسا، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كوز يېشى قىلاتتى؛ ئۇ كۇلسە، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۇلەتتى. ئۇ گويا ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك، ئاز ئۇچرايدىغان مەلۇم يوشۇرۇن دەرتكە مۇپتىلا بولغاندەك بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ تەبىئى ئەسلىدە ئادەتتىكى، ئاسان چۇشەنگىلى بولىدىغان تۇرمۇشقىلا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى، نەتىجىدە ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىنتايىن تېز ئوزگىرىشىدىن زەخىملەنىدى، نابۇت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەزىدە يىغلىغۇسى كەلسە، بەزىدە كۇلگۇسى كېلەتتى. بەزىدە خوشال بولۇپ كەتسە، بەزىدە ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتى. بۇگۇن ئۇ بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك، تېخىمۇ پەرىشان بولۇپ، نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى، — مىجەز-خۇلقى ئوزىنىڭ ئىلكىدە بولمىغاچقا، يېقىنىدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە قورۇنۇپ، ئېھتىياتچان بولۇپ كېلىۋاتقان، ئەزەلدىن باشقىلاردىن بىر نەرسىنى سوراپ باقماي، باشقىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ھە-ھە دەپلا جاۋاپ بېرىپ يۇرىدىغان ناستيۇنا بۇگۇن ئوزىنىڭ بولەكچە بولۇپ قېلىشىغا بولۇشچە بولار دەپ يول قويدى. كېيىن ئۇ ئوزىنىڭ

ھەتتا ئاچا ـ سىڭىللىرىغا ئاز ـ تولا ئىش قىلىشىپ بېرىشىنى خىيا-
لىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي، تەييارغا ئىگە بولۇشنىلا كۈتۈپ
ئولتۇرغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا، نىمە
ئۈچۈنكىن ـ تاڭ، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى بۇ بىر كۈنىنىڭ باشقىلار
بىلەن بىللە بولالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن ئىكەنلىكىنى،
ئەتىلىككە يەككە ـ يىگانە، باش ـ پاناسىز، غېرىپلىق، قىلچە
نىجات يولى بولمىغان، مۇردىدەك جانسىز بىمەنىلىك ئىچىدە
قالىدىغانلىقىنى ھىس قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

ھەممەيلەن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ماكسىم ۋولوگ-
ژىن ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن جەڭچى ۋە كولخوز
رەئىسى سۈپىتىدە ھەقلىق يوسۇندا تۆردىن ئورۇن ئالدى.
ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە نىستورنىڭ، يەنە بىر تەرىپىدە كاردا
كەتتىدىن كەلگەن خەۋەرچىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ئول-
تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. خەۋەرچى خېلىلا ئېغىر مەس بولۇپ
قالغان بولۇپ، كوزلىرىنى ئاچا ـ ئاچمايلا، يۇمۇۋالاتتى، بېشىنى
كوتىرە ـ كوتەرمەيلا، يەنە تاشلىۋېتەتتى.

ـــ قېرىنداشلار! ـــ ماكسىم ئىنچىكە، بوغۇق ئاۋازى بىلەن
سوزلەشكە باشلىۋىدى، سورۇن دەرھال جىمجىتلىققا چوك-
تى، ـــ قېرىنداشلار! مەن سوزگە ئۇستا ئەمەس، ئورنۇمدا
باشقىلار سوزلىگەن بولسا ياخشى بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە سوزلىگۈدەك نىمە گەپ بولسۇن دەيسىلەر! غەلىبە
قازاندۇق، يۇنىڭدىن باشقا يەنە نىمە گەپ بولسۇن! بىزنىڭ

نىملەرنى سوزلىسە ياخشىراق بولىدىغانلىغى ئۇستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز بولمىدى. ئىشقىلىپ بىز كۇرەشنى داۋام-لاشتۇردۇق، بەرداشلىق بەردۇق، ئاتاكىغا ئوتتۇق، بېشىنى يەيدىغان، ئادەمخور يىرتقۇچ كىتلېرنىڭ ئومۇرتقىسىنى يەنچىپ تاشلىدۇق. مەن جەڭگە قاتناشقان، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن خەۋىرىم بار. بۇلارنى يادىمغا ئالساملا قېنىم قايناۋاتقان قازاندەك قايناپ كېتىدۇ......ـ ماكسىم چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى-دە، ئاندىن يەنە تىترىگىنىچە ئېغىر بىر تىنىدى، ـ ھەممىمىزگە مەلۇم. ھازىر بىزنىڭ بارلىق يول-داشلىرىمىز، بارلىق ھايات جەڭچىلىرىمىز ئوز يۇرتىغا قايتىپ، تۇرمۇشىمىزنى ئالغا قاراپ يۈكسەلدۈرۈشكە تەقەززا بولماقتا. بىز ناھايىتى زور قۇربان بەردۇق. ئۇرۇش بولغانلىكى جايلار-نىڭ ھەممىسىدە قەۋرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ تەس-رىدىن يەر يۈزىمۇ كوتىرىلىپ كەتتى. ھازىر نىسبەت بويىچە ئېيتقاندا، يەر-زېمىن كوپ، ئىشلەيدىغان ئادەم ئاز بولۇپ قالدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئەگەر بۇ يەردە قالغان سىلەر بولمىغان بولساڭلار، بىز ئالدىنقى سەپتىكىلەر ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتۇق. چۈنكى ئەرلەر ئۇرۇش مەيدانىدا جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنى باقتى. ئەرلەر دۈشمەنگە قاتتىق غەزەپ-نەپرەت بىلدۈرۈپ، تىرىشىپ جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئوزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن

ئۇلارغا مەدەت بەردى. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئەرلەرنىڭ يۈرىكى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئەگەر سىلەر بولمىغان بولساڭلار، بىز بىرەر ئىشنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغان بولاتتۇق. بىزنىڭ ئېلىمىز ئۇلۇغ ئەل، زېمىنى كەڭ ئەل، بىراق بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئاتامان كەتمىمىز بولمىغان بىلەنمۇ بولمايتتى. بىز ئۇ يەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، سىلەر بۇ يەردىن بىزگە مەدەت بەردىڭلار قېرىنداشلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار. بۈگۈنكى بۇ كۈنگە ئوبدان سەپسېلىپ قارىۋالايلى، بۇ كۈننى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلايلى. بۇنداق ئۇرۇش ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، شۇڭا بۇنداق غەلىبىمۇ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. بىز بۇنى قانغىچە تەبرىكلەيلى. قېرىنداشلار!

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، رومكىلىرىنى جاق-جۇق قىلىپ سوقۇشتۇردى-دە، بىردەك يېنىك تىنىۋېلىشتى، ئاندىن كېيىن ئۇنىچىقماي ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. نادكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ناستيۇنا رومكىسىنى نادكا بىلەن سوقۇشتۇرماقچى بولۇپ ئۇزاتقاندا، ئۇ رومكىسىنى باشقىلاردىن ئاۋال كوتىرىۋېتىپ، قۇرۇقلاپ قويۇپ ئولتۇرغان ئىدى. بۈگۈن نادكا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە جىمغۇر بولۇپ قالغان ئىدى، ھەممەيلەن پاراڭلىشىۋاتسا، ئۇ گويا نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى، نىمە ئۈچۈن ئادەمنى ئازاپلايدىغان لېكىن ئادەتلىنىپ كەتكەن تۇرمۇشنىڭ بىراقلا بۈزۈپ تاشلانغانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتقاندەك لام-جىم

دىمەي، ئۇز ئەتراپىغا كوزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ ئولتۇ- راتتى. نادكىنىڭ تۇرمۇشىمۇ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاشلا تىچلىققا مۇھتاج ئىدى، بىراق ھازىر تىچلىق يىتىپ كەلگەندە، ئۇ كىملەرنىڭ بەختلىك ئىكەنلىگىنى، يەنە كىملەرنىڭ بەختسىز بولۇپ چىقىدىغانلىغى تىخىمۇ ئوچۇق، تىخىمۇ روشەن ۋە تىخىمۇ شەپقەتسىز ھالدا ئاشكارا بولۇپ قالىدىغانلىغىنى ئالاق- زادىلىك ئىچىدە ئىسگە ئالدى.

كاردا كەتتىدىن كەلگەن خەۋەرچى رومكىسىنى بوشاتقاندىن كىيىن، يەنە ناخشا ئىيتىشقا باشلىدى:

> بىزلەر مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ماڭىمىز ھەيۋەت،
> ئاياق ئاستى قىلالمايدۇ مەيلىچە چەيلەپ —
> سوۋىت ئىلى زىمىنىنى دۇشمەنلەر ئەبەت.

بەزىلەر ئۇنى ئاقكوڭۇللۇك بىلەن ئەيىپلىدى:

— پاھ، ھەقىقەتەن نوچىكەن، بىراق ئويىگە قانداق كىتەلەر؟

— نىمە دەيدۇ ئۇ....ئۇرۇش ئاياقلاشتى دەۋاتامدۇ، ئۇزى توقۇپ چىققان بولمىسۇن يەنە؟ گەپنىڭ راستىنى ئىيتقاندا، ئادەم شۇ قاتارلىق مەس بولۇپ قالغان چاغلاردا، ھەرقانداق نىملەرنى دەپ جويلۇشى مۇمكىن......

— بۇنى مەن توقۇپ چىقىپتىمەنمۇ؟! — خەۋەرچى كىشىلەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تىركىشىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى،

بىر هازا تىركىشىپ، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، كوز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ چۈشتى، — بۇنى مەن توقۇپ چىقىپتىمەنمۇ؟! — ئۇ ئۇمىتسىزلىك، ئوتتۇنۇش ۋە غەزەپ-نەپرەت نەزىرى بىلەن كوپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى، — سىلەرنىڭ نىمە دىگىنىڭلار بۇ؟ نىمە دىگىنىڭلار بۇ؟ — ئۇ ئاۋازىنى كوتىرىپ ئۇدا ئىككى قېتىم سورىۋىدى، دىمى سىقىلىپ ئاغزى گەپكىمۇ قولاشماي قالدى، — كىممۇ يۈرىگىنى قاپتەك قىلىپ بۇنداق يالغان-ياۋىداق سوزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشقا پېتىنسۇن؟! ئوزەڭلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىڭلارنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ-يوق؟! سىلەرنى بۇ خۇش خەۋەرنى بىلىپ قالسۇن دەپ....ئاتقا مىنگەن پېتىم بۇ يەرگە چاپتۇرۇپ كېپتىمەن. مۇشۇنى دەپ مەن ئوز يۇرتداشلىرىمدىن ۋە ئويدىكىلەردىن ئايرىلغان ئىدىم. ھىم، نەتىجىدە قانداق بولدى؟ ياخشىلىققا يامانلىق دەپ.....بۇنى مەن توقۇغان قاتارغا چىقتىم، كىمدىمۇ بۇنداق يامان نىيەت بولسۇن؟ سىلەرنىڭ نىمە دىگىنىڭلار بۇ؟!

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئولاش-چولاش تەسەللى بەردى.

— ۋايىيەي، نەدىكى گەپ بۇ، بۇ ھەرگىز توقۇپ چىققان گەپ ئەمەس،.....شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭلارمۇ؟

— راستىنى ئېيتقاندا، كىممۇ ئۇنداق قىلسۇن؟

— ئۇ كەلگەن چېغىدا تېخى مەس ئىدى، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، كوپچىلىك خوشلۇغىدا ئۇنىڭغا كوپرەك ئىچۈرۈۋېتىپتۇ.

— نىمە ئۈچۈن ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلىسىلەر...... ئۇ بىراقىلا يىگىرمە چاقىرىم يول بېسىپ بۇ يەرگە كېپتۇ، بۇ ئوينىشىدىغان ئىشمۇ!

— ئۇنىڭغا هاراق قۇيۇپ بېرىڭلار، يەنە بىر رومكا ئىچىۋې-تىپ، بىزدەك ئىنساپسىزلارنى كەچۈرۈۋەتسۇن. توغرا، ئىنساپ-سىزلارنى......

خەۋەرچى يەنە بىر رومكا قېقىۋېتىپ، ئاخىر ئاغزىدىن ھىلىقى گەپنى چىقىرىپ تاشلىغانلارنى كەچۈردى-دە، ئۇزىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى قانداق ئاڭلىغانلىقىنى، يەنە قانداق قىلىپ ئاتامان كەنتكە يېتىپ كەلگەنلىكىنى سوزلەشكە كىرىشتى.

— كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خوش خەۋەرنى ئۇقۇپ بول-دىمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى ماكسىم شاۋقۇن-سۈرەن بارغانسېرى ئەدەپ كەتكەچكە.

— ھەممەيلەن ئۇقۇپ بولدى، ئۇقماي قالغان كىم بولسۇن دەيسىلەر!

— مىلتىقلار پاك-پۇك قىلىپ ئېتىلىپ تۇرغاندىكىن، ھەتتا ئۇلۇكلەرمۇ ئۇقۇپ بولدى.

— چوڭ دادىمىزچۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى لىزا تۇيۇقسىز ئېسىگە ئېلىپ، — ستېپان چوڭ دادىمىزچۇ؟ ئۇ تۈنۈگۈنلا تۆگمەنگە ئاللىقانداق بىر نەرسىلەرنى يىغىشتۇرىمەن دەپ كېتىپ قالغان ئىدى. چوڭ دادىمىز بۇ خەۋەرنى چوقۇم ئاڭلىمىدى!

— ئۇ ئېھتىمال مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندۇ؟

— ئۇ قانداقمۇ ئاڭلىيالسۇن، قۇلىقى ئېغىر تۇرسا!
— ئاپلا، راستىنلا، چوڭ دادىمىز ھازىرغىچە كۆرمەس قىلىۋېتىپتۇ- دە.
— ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىش كېرەك، بولمىسا ئوبدان بولمايدۇ.
خەۋەرچى يەنە: «ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىمىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كىشىگە — چوڭ دادىغا يەتكۈزىمەن» دەپ ئاتقا مىنىپ تۇگىمەنگە بارماقچى بولۇپ دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى. بىراق ھەممەيلەن ئۇنى بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بارماسلىققا كوندۇردى. نىستور سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ھىلىقى پۇتۇن بىر كۈن مىنگەن ئېتى يەنىلا ئېگەر- جابدۇغى بىلەنلا ھويلىدا سوۋۇتۇقلۇق تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى يىگىتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشتى. ئاياللار دەرىزىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قارىسىغا قاراپ، ئاغزى- ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا ۋاقىراشتى:
— سىلەر ئۇ يەردە ئەزمىلىك قىلىپ سوزلەپ ئولتۇرماي، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار.
— ئۇنى بۇ يەرگە باغلاپ ئېلىپ كېلىڭلار.
— ھەرگىز باغلىغىلى بولمايدۇ، ئولتۇرۇپ قويۇسلەر.
ھەممەيلەن يەنە شىرەنى چورىدەپ ئولتۇرۇپ، ھاراق ئىچىشكە باشلىدى، بۇ قېتىمقىسى ۋىنو بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ ئويىدىن ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ هاراقنى باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزى بىلەن بىللە ئالغاچ كەلمەي، بەلكى ۋىنونىڭ ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ ئىكەنلىكىنى هەر بىر ئادەمنىڭ بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن پۈرسەتنى پەيتلەپ تۇرۇپ، ئۇيەردە ۋىنو بارلىقىنى جاكالىغان ئىدى. بۇ هاراق هەقىقەتەن ياخشى هاراق بولۇپ، تەمى ساپ، كۈچلۈك، كىشىنى مەس قىلغۇدەك دەرىجىدە شىرىن ئىدى. ئايال-لار ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇن بۇنداق هاراقنى قانداق ئىچىدىغانلىقىنى، بايراملاردا ئولتۇرۇشلارنىڭ قانچىلىك مول-كاتتا بولىدىغانلىقىنى، ئولتۇرۇشلارنىڭ هەمىشە قايسى ئائىلىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

—بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق ئولتۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ، كوڭۇل ئاچىدىغان چاغلىرىمىز كېلىدۇ. يەڭگىلىرىم، كوڭۇل ئاچىدىغان چاغلىرىمىز كېلىدۇ،—چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ماكسىم ياردار بولغان بىلىگىنى هەركەتلەندۇرۇپ، خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتمىغان هالدا ۋاقىرىدى،—نىمە لازىم بولسا شۇ تەخ بولۇپ تۇرىدۇ، توققۇزىمىز تەل بولىدۇ. ئەرلەرمۇ دەرهال قايتىپ كېلىدۇ......

—كىملەر قايتىپ كېلىدۇ؟—دەپ سورىدى بىر ئوغۇل بالىسى بىلەن تۇل قالغان چوكان ۋىرا ئورلوۋا بوش ئەمما هەممەيلەن ئېنىق ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋاز بىلەن.

—هىم......—ماكسىم دۇدۇقلاپ قالدى،—ئىشقىلىپ قايتىپ

كېلىدىغانلار چىقىدۇ......

— مېنىڭ ھېساۋىمچە، — دىدى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئالتە ئادەم قايتىپ كېلىشى كېرەك، — ئۇ سورۇنغا كوز يۇگۇرۇتۇپ ناستيونانى تاپتى، — بۇنىڭ ئىچىدە ئىز - دېرىكى بولمايلا يوقىلىپ كەتكەن ئاندىرى گۇسكوۋمۇ بار.

— يەنە كىملەر بار؟

— يەنە كىملەرنىڭ بارلىغىنى كىم بىلمەيدۇ؟ سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى نىمە؟

ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ بىرقانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقتى.

— نىمە ئۈچۈن مېنىڭكىنى بۇنىڭ ئىچىگە قاتمايسىز؟ — دەپ سورىدى نادكا ئۇ بىرقانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بولۇشىغىلا جىددى ھەم ئاچچىقلانغان تەلەپپۇزدا، — ئۇنى قاتمىسىڭىز كېيىنكىلەرنى سانىيالماي قالىسىز، قانداق بوغالتىرسىز؟

— چۈنكى سەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىڭ، — ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئېزىقتۇرۇش ئۈنچىلا ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇ قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلەتتى.

— تاپشۇرۇۋالسام نىمە بوپتۇ؟ ئۇنىمۇ قېتىپ قويۇڭ. ئېيتالايمەنكى، ئۇ قايتىپ كېلىدۇ. — نادكا ھەممەيلەنگە چېقىلىدىغاندەك ئەلپازى بىلەن بارغانسېرى ھاياجانلانغان ھالدا سوزلەشكە باشلىدى، — ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كورۇسىلەر. ئۇنى قايتىپ

.كەلمەيدۇ دەپ قالماڭلار يەنە. ئۇ قايتىپ كەلگەن ھامان سىزنىڭ چىقارغان ھېساۋىڭىز توغرا بولماي قالىدۇ. شۇڭا دەسلىۋىدىلا ئۇنىمۇ قېتىپ ھېساپلاپ قويغان تۈزۈك. ئالتە ئادەم ئەمەس، يەتتە ئادەم، تېزرەك مۇشۇنداق دەۋېتىڭلا قېنى.

— ئۇنداقتا مېنىڭكىمۇ قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى ۋېرا ئورلوۋا ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي، بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— سېنىڭكىنى بىلمەيمەن. بىراق مېنىڭكى قايتىپ كېلىدۇ.

بىرنەچچە ئايال ئەھۋالنىڭ مۇشكۈللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، سوز ئېلىشتى:

— شۇنداق بولمايچۇ. ھەرقانداق ئىشنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ...... ئۇ ئېھتىمال كاردا كەنتىدىكى قېينانىسى ناستاشا-نىڭكىدە تۇرۇۋاتقاندۇ......

— ئاڭلىشىمچە بىراتىسكىلىقلار بىر ئادەمنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا ئىككى ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋاپتىكەن. ھېلىقى ئادەمنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا ھەركىم ھەرنىمە دەپ يۈرگەن ئىكەن، بىراق ئاخىردا ئۇ كىشى تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ...... ئۇقتۇرۇش دېگەن نىمىگە ئىشەنگۈڭ كەلسە ئىشىنىۋەر......

دەل شۇ چاغدا تۈگمەنچى ستىپان بوۋاينى ئېلىپ كې-لىشتى. بەزىلەر ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا نىستورغا بۇنى باغلاپ ئاپىرايلى دەپ قاملاشمىغان مەسلىھەت بەرگەن ئىدى، نىستورمۇ قاراپ تۇرۇپ كاللىسى ئايىنىپ شۇنداق قىلىپتۇ. ستىپان

بوۋاي بوسۇغىغا پۇتلىشىپ كەتتى-دە، قويۇق قاشلىرى ئاستى-دىكى ھېچقانداق ئىپادىسى بولمىغان كىچىك كوزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، سورۇندىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقتى، ئۇ گويا بۇ يەردە كورۇۋاتقىنىنى ئوز پەرىزىدىكى ئىشتىكىدەك، ئەجەپلە-نىپمۇ كەتمىگەن، قورقۇپمۇ كەتمىگەن ئىدى.

نىستور بېشىنى كوتىرىپ يۇرتداشلارغا قاراپ، — ياق، ئۇنى يۇرتداشلارغا قارىدى دېگەندىن كورە تامدا چاپلاقلىق تۇرغان بىرنەچچە سۇرەتكە قارىدى دېگەن تۇزۇك، — قاتتىق ۋاقىرىدى:

— توردىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇرنى بۇيرۇغۇڭلارغا بىنائەن قولغا ئېلىپ كەلدۇق. ئۇ تۇگمەنگە يوشۇرۇنۇۋاپتىكەن.

— نىستور، سەن تازىمۇ بىر خۇنپەر ئىكەنسەن، — دېدى نادكا ھەممىدىن ئاۋال ئېسىنى يىغىپ، — قىزىق ئىش، بىز سەندەك مۇشۇنداق بىر خۇنپەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپمۇ تۇگمىشىپ كەتمەي يۇرۇپتۇقا؟

— چوڭ ئاتا! — كىشىلەر ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋاقىرىشىپ كەتتى.

ھەممەيلەن ستېپان بوۋاينى ئارىغا ئېلىپ، پۇت-قوللىرىنى بوشاتتى-دە، كوتەرگەن پېتى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن كېيىن بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بەس-بەستە ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىغىغا يېقىپ ۋاقىراشتى:

— چوڭ ئاتا، ئۇرۇش ئاياقلاشتى!

— چوڭ ئاتا، جېنىم چوڭ ئاتا، قاياقتىمۇ كېتىپ قالغانىسىز؟

— بىزنىڭ بۇ يەرگە ئۆزىمىزلا كەلمەي قاپسىز. بىزمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتۇق. ھەرگىز خاپا بولماڭ. ھەممەيلەن خوشاللىقىدىن ئەقلىدىن ئادىشاي دەپ قالدى.

— بىز بۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ كەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپلا ئولتۇرغان ئىدۇق. كىم كەم بولۇپ قالغاندۇ دېسەك، سىز چوڭ ئاتىمىز ئىكەنسىز، ۋاي خۇدايىمەي!

ستېپان بوۋاي يوغان بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ھېچنېمە دېمىدى، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ئالدىرىماي-تېنىمەي، ئاقىلانىلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالنى ئالدىقاچان چۈشەنگەنلىكىنى ھەم بۇ ئادەملەرنى كەچۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدىلا كوزىدە ياش ئەگىپ تۇرغان ئاياللار ئۇنىڭغا قاراپ بىردىنلا يىغلاپ تاشلاشتى. ئاياللار مانا شۇ چاغدىلا، ئاتامان كەنتىدىكى ھايات تۇرۇۋاتقانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كىشىنىڭ يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەندىن كېيىنلا، ئۇرۇشنىڭ راستىنلا ئاياقلاشقانلىقىغا ئىشىنىشتى.

## 17

ھەممە ئادەم ئۆز قېيىقلىرىنى دەرياغا چۈشۈرۈپ ئاستا-ئاستا

ھەيدەشكە باشلىدى. پەقەت مىخشىچىلا قېرىشقاندەك، گويا ناستيۇنانى تەگىتسىلىقتا قالدۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك سورەلمىلىك قىلدى. ئۇنىڭ قېيىغى ھەتتا رېمونتمۇ قىلىنمىغان پېتى قىرغاققا يەككە-يىگانە ھالدا دۈمكومتۈرۈلگىنىچە ياتاتتى. ناستيۇنا ئىنتايىن تىت-تىت بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قېيىناتىسىنى ئالدىرىتىشقا بەل باغلىيالمىدى، ئۆزىنىڭ قېيىق ئىشلىتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى قېيىناتىسى ئالدىدا چاندۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. ئەمما ئۇ دەريادا قاتناشنىڭ باشلانغانلىقىنى، ئېرىنى يوقلاپ كېلىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاندىرىنىڭ ئۇ يەردىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماي، مۇشۇنداق چىشىنى چىشلەپ، قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشقا زادى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ: ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىكىن، دەرھال ئاندىرىنىڭ تەقدىرىگە، شۇنداقلا ئۆزەمنىڭ تەقدىرىگە مەلۇم قارار چىقىرىلىشى مۇمكىن، شۇڭا دەرھال ئېرىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ بېقىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇلار گەرچە بىرنەچچە ھەپتىلا يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىت ناستيۇناغا بىرقانچە يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ناستيۇنانىڭ قانات چىقىرىپ، ئۇ يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈسى، شۇنداقلا ئۆز كۆڭلىگىمۇ تەسەللى بەرگۈسى كەلدى. ياز پەسلى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل گۈزەل مەنزىرىسىنى نامايەن قىلىپ، ياپ-يېشىل ئوت-

چوپلىرى بىلەن يەر يۈزىنى قاپلىغان، دەل-دەرەخلەر يىپ-يېڭى يېشىل تون يېپىنغان، ئانگارا دەرياسى كىشىنى مەھلىيا قىلغۇ-دەك كوپ-كوك رەڭگە كىرىپ، شاقىراپ ئېقىشقا باشلىغان ھازىرقى چاغدا؛ ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ قەلبى باشقا پەسىللەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاسانراق جۇر بولۇپ ئەكس تەسىر كورسىتە-دىغان ھازىرقى چاغدا، ناستيۇنا ئاندىرىدىن بەرداشلىق بېرەلمەي، ھاماقەتلىك قىلىپ قويۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ ھەتتا ئۇيقۇغا غەرق بولغاندىمۇ ھە دەپ بەزى ئەنسىز، ئاستىن-ئۇستۇن بولۇپ كەتكەن چۇشلەر-نىلا كورەتتى: بەزىدە ئادەتتىكى كوز بىلەن كورگىلى بولماي-دىغان ناتونۇش بىر كىشى ئۇنى قىچىقلىغاندەك قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھى-ھى قىلىپ كۇلۇپ قاچقىنىچە ئوزىنى چەتكە ئالاتتى، كارۋاتقا ئوزىنى تاشلاپ، يوتقان ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋا-لاتتى؛ بەزىدە مايكا ئىسمىلىك بىر ئىنەك بىلەن مۇگدىشىپ كېتەتتى، ئىنەك ئۇنىڭ سوئاللىرىغا يول-يولىدا چىچەنىلىك بىلەن جاۋاپ بېرەتتى؛ بەزىدە يەنە ئوزى ئەينى يىللاردىكى ئىركۇتسكى ئەتراپىدا يۇرگەن قىزچاقىقا ئايلىنىپ قالاتتى؛ ئۇنى ئاللىقاچان ئوسۇپ چوڭ بولغان، ياتلىق قىلىنغان ھازىرقى ئوزى ئانگارا دەرياسىدا سۇ ئۇزدۇرەتتى...... ناستيۇنا ھەر قېتىم ئاشۇنداق قالايمىقان چۇش كورۇۋېتىپ ئويغىنىپ كەتكەندە، يۇرىكى ھەممىشە پوكۇلداپ سېلىپ كېتەتتى، كارۋىتىدا بىر ھازاغىچە قىمىر قىلىشقىمۇ جۇرئەت قىلالماي يېتىپ قالاتتى،

ئازاپلىق مۇھەببەتنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئاندىرىنى ئىچ-ئىچىدىن سېغىنىپ كېتەتتى. ئۇ ئاندىرىنى ياخشى كورەتتى ھەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى؛ ئۇ ئاندىرىغا ئىچ ئاغرىتاتتى ھەم ئۇنى ياخشى كورەتتى — مانا مۇشۇنداق ئىككى خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئايرىلماس بولۇپ گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. ناستيۇنا ئوزىگە ھېچ ئامال قىلالمايتتى. ئۇ ئىچىدە دائىم ئاندىرىدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى، بولۇپمۇ ھازىر ئۇرۇش ئاياغلاشقان چاغدا تېخىمۇ ئاغرىندى، ئاندىرىمۇ ئەسلىدە ھايات قالغان باشقىلارغا ئوخشاشلا ساق-سالامەت، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ياشاۋەرگەن بولاتتى. ناستيۇنانىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشى غەزەپ، نەپرەت ۋە ئۈمىتسىزلىككە ئايلىنىپ كېتەتتى، لېكىن يەنە مۇشۇنداق ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە كوڭلى يۇمشاپ قالاتتى: قانداقلا بولمىسۇن مەن يەنىلا ئۇنىڭ خوتۇنى-دە، دەپ ئويلايتتى. ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن، يا ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چورت ئۈزۈپ تاشلاپ، خورازغا ئوخشاش قاشا ئۈستىگە چىقىپ: ئۇنىڭ ئىشى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن جاكالاشقا؛ يا بولمىسا دار ئاستىغا كەلگەندىمۇ، تەمسىلىلەردە ئېيتىلغىنىدەك، ئېرى نىمە دىسە شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاخىرىغىچە بىللە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىيلەننىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرغاندا، ئاندىرى ناستيۇنادىن مىڭ ھەسسە مۇشكۈل ھالەتتە قالغان بولۇپ، نومۇسسىزلىق ئىچىدە ئولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى،

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئولگەندىن كېيىن يەنە باشقىلارنىڭ تىل۔
ھاقارىتىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوزىنى ھىچقانداق
ئادەمگە كورسەتمەي قويماسلىق قارارىغا كېلىپ بولغان ئىدى.
ئۇنىڭ گۇنايى بار، كىممۇ ئۇنىڭ گۇنايى يوق دىسۇن؟ ئۇ
مۇدۇرۇپ كېتىپ، چۇشۇپ كەتمەيدىغان جايغا چۇشۇپ كەتتى،
بىراق ھازىر ئۇنى ئەسلىدىكى جايىغا قايتۇرالايدىغان كۇچىنى
قەيەردىن تاپقىلى بولاركىن؟ ئەگەر بۇنداق كۇچىنى تاپقىلى
بولغان بولسا، ئۇ ئېھتىمال ھەرقانداق چىقىمدىن باش تارتماس
ئىدى. ئەمما بۇنداق كۇچ قەيەردىكىن؟
شۇنداق، ئاندىرى بىلەن تېزرەك يۇز كورۇشۇپ، ئۇنىڭ
نىمە كويلاردا بولۇۋاتقانلىغىنى ئۇقۇپ بېقىش كېرەك.
ناستيۇنانىڭ بويى ئېغىرلىشىپ قالدى، ئۇخلاش ئالدىدا
كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىغاندا، كوتىرىلىپ چىققان قوسىغىدىن
ھامىلدارلىغى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ناستيۇنا مۇلايىم۔
لىق بىلەن ئۇنى ئاستا۔ئاستا سىلاشقا باشلىغىنىدا، بىسارامىلىق
دەرياسىغا چوكەتتى، ئارقىدىنلا، بۇ بىسارامىلىق دەرياسىنىڭ
تۇنجى كېچىگىدە بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بارغان۔
سېرى ئۇنىڭ دولقۇنلىرىغا پۇتۇنلەي غەرق بولۇپ كېتەتتى.
مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالى ئالەمنى كېزىپ، ئەقىل يەتمەي۔
دىغان، ئوز ئوزىنى كۇزىتەلەيدىغان يەككە۔يىگانىلىق پاسىلىغا
قەدەم قويىاتتى۔دە، ئەنە شۇنداق جىمجىت ۋە مەنىسىز كەيپىيات
ئىچىدە پانى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ، ئوز

بەدىنىدىكى ھەر بىر ھۆجەيرىنى ئىپىنىق كورەتتى ھەم ھىس قىلاتتى؛ ھەتتا قوسىقىدىكى تورەلمىنىڭ قانداق قىلىپ ئاستا-ئاستا ئۇسۇپ يېتىلىپ بالىغا ئايلانغانلىقىمۇ كوزىگە ئوپ-ئوچۇق كورۇنۇپ تۇراتتى، ئۇ ئوز تەسەۋۋۇرىدا بالىسىنى سىلاشقا باشلىغىنىدا، ئۇنىڭ سەزگۈسى ئوزىگە بالىسىنىڭ ھالىتىنى — ئۇنىڭ ئوز قوسىقىدا قانداق تۈگۈلۈپ ياتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ بەدىنىدىكى جەۋھەرنى قانداق ئىپىنچەكلىك بىلەن ئەمما بىر دەممۇ توختىماي سۈمۈرۈۋاتقانلىقىنى — جانلىق سۈرەتلەپ بېرەتتى. بۇ بالا خۇددى ئاندىرىنىڭ توت كوز بىلەن كۈتۈپ كەلگىنىدەكلا ئوغۇل بالا ئىدى، بىراق بۇ ئەكسىچە، ناستيۇنانى بىرئاز ئەندىشىگە سالاتتى: بۇ بالا قىز بولغىنىدا، ئۇ يەنە بىر-نەچچە بالا تۇغۇشى مۇمكىن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ بىر قوساقتىن چىققان بىرقانچە ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرى بولغان بولاتتى، ئەگەر ئوغۇل بالا بولۇپ قالسا، ئۇ پەقەت يالغۇز ئوغۇل، يەككە-يىگانىلا بولۇپ قالامدۇ؟! بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناستيۇنا كېيىنچە گويا ئوزىنى چەتتە قاراپ تۇرغۇچى سۈپىتىدە ئىنچىكىلىك بىلەن بىر قۇر كۈزىتىپ، ئوز بەدىنىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىپىنىق بىلىپ بولۇپ، بىپارامىلىق دەرياسىدىن چىقىپ، ئەس-ھۇشىنى تاپقاندىن كېيىن خىيالىغا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئاز-پاز ئەسلىگە كەلگەن ئەقىل-ئىدىرىكىگە تايىنىپ، ئوزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نىمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تۇيىدى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە

كىشىلەرنىڭ ئاخىر ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىغىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، بىراق ئۇ يەنە شۇ كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگىمۇ تەقەززا ئىدى، — راستىنىلا شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ يوغىناپ قالغان قوسىغىنى خەقنىڭ كوزىدىن قاچۇرۇپ يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشىنىڭمۇ، قوسىغىنىڭ قۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا بالا بارلىغىنى كىملەر بىلىپ قالاركىن دەپ ئەنسىرەپ، ئەتراپقا خۇدۇكسىنىپ قاراپ يۈرۈشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتى. بىراق شۇ كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش ناستيۇنانى قاتتىق ئازاپلايتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ سېمىز بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىغىنى تېخىچە تۇيۇشمىدى، ئەمما بۇنى كوپ دىگەندە يەنە ئىككى ئاي يوشۇرۇشقا بولاتتى، ئاندىن كېيىن كىشىلەر قاتتىق ھەيران قالاتتى. ناستيۇناغا بارغانسېرى گويا ئۆزىنى كىشىلەر ھەم كىچىك، ھەم تار بىر توشۇككە زورمۇ-زور سورەپ ئېپكىرىپ كېتىۋاتقاندەك، تاكى ئۇ مىجىلىپ، تۇنجۇقۇپ ئولەي دەپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتتا ئاندىن ئۇنى مەلۇم بىر جايغا ئاپىرىپ قويىدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. بىراق ئۇ يېڭى باشلىنىدىغان بۇنداق تۇرمۇشقا كوز قىرىنىمۇ سالالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇ يېڭى تۇرمۇشمۇ ئوخشاشلا قاپ-قاراڭغۇ جاڭگال، خۇددى گوردەك تېپ-تېچ، تېگىگە يېتىپ بولغىلى بولمايدىغان سىرلىق جاي ئىدى.

ناستيۇنا: "جەزمەن ئانىگارا دەرياسىدىن ئوتۇشىنىڭ بىر ئىلاجىنى قىلىش كېرەك" دەپ ئويلاپ، لەيلىمە بەلگىلەرگە

قارايدىغان ماتۋى بوۋايىنىڭ يېنىغا چاپتى. ماتۋى بوۋايىنىڭ تاختاي كەپىسى كەنتنىڭ يۇقۇرىسىغا قاراپ ماڭسا يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان جايغا — تىك قىرغاقلىق قىزىلىيەر دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئىدى. ماتۋى بوۋاي ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ بىلەن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئاكا-ئۇكا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بېرىش-كېلىش يوق دېيەرلىك ئىدى. كىشىلەر ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنى ھورمەتلەپ پەمىلىسىنى قوشۇپ ئاتايتتى. ئۇ جامائەت سورۇنلىرىغا ئارىلىشاتتى، سىياسەتلەردىن خەۋىرى بار، ئوقۇغان — ئۇققان ئادەم ئىدى، ئۇرۇشتىن بۇرۇن كەنتتىن كۆپ قېتىم ئايرىلىپ يىراق جايلارغىچە بېرىپ باققاچقا، كۆرگەن-بىلگەنلىرى كۆپ ئىدى؛ لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئاكىسى ماتۋى بوۋاينى بولسا فامىلىسى بىلەن قوشۇپ ئاتاشقا ئادەتلەنمىگەن ئىدى. ماتۋى بوۋاي ئاجايىپ ساددا، رەھىمدىل ئاددى ئادەم بولۇپ، دائىم ئاتامان كەنتىدىلا تۇراتتى، كاردا كەنتتىن باشقا ھېچقانداق يىراق جايغا بېرىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ كولخوزغا قاتناشمىغان، ئۆز ئالدىغا يەككە ياشايتتى، بىراق دىخانچىلىق قاتىلاڭچىلىغى باشلانغان چاغلاردا كولخوز ئەزالىرىغا ھە-ھۇ دېيىشىپ بېرەتتى، ئۇ نوقۇت ئۇزۇشكە ھەممىدىن بەك ئامراق ئىدى، بۇنداق ئىشنى دىخانلار كۆپىنچە ياقتۇرمايتتى، ئۇ ئوت-چۆپ دۆۋىلەشنى ياخشى كۆرەتتى، ئوت-چۆپ دۆۋىسى ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ باشقىلار ئېتىپ بەرگەن باغلام چۆپلەرنى تۇتۇۋالاتتى.

ناستيۇنانىڭ ماتۋى بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىشىدىكى سەۋەپ شۇ ئىدىكى، ئۇ ماتۋى بوۋاينىڭ تۇنۇگۇن ماكسىم ۋولوگژىننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ياز پەسلىدە ئىشلىتىشكە بىرنەچچە لەيلىمە بەلگىنى دەرياغا ئورنىتىش ئۇچۇن ئوزىگە بىر كۇنلۇك ئىشقا ياردەملىششكە بىر ئادەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىغىنى توساتتىن ئېسىگە ئالغان ئىدى.

—ھازىر مېنىڭ بىلىگىمنىڭ كۇچى كېتىپ قالدى،—دەپ چۇشەندۇرگەن ئىدى ماتۋى،—ئوزەم يالغۇز بۇ ئىشنى قىلىپ كېتەلمەيمەن. سېنىڭ ماقۇللۇغۇڭنى ئالماي تۇرۇپ، ئوز مەيلىمچە بىرەر كىشىنى ئاپىرىپ ئىشلەتسەممۇ ئانچە ياخشى بولماس. سىلەرمۇ ھازىر ئالدىراش ئۇرۇق سېلىۋاتىسلەر. ئەگەر خۇدا تېنىمىگە قۇۋۋەت بەرسە، ئوت-چوپ ئورىدىغان چاغدا مەنمۇ سىلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىمەن. ماڭا ئىش قىلىشىپ بەرسەڭلار بىكارغا كەتمەيدۇ.

ئۇ چاغدا ناستيۇنا بۇ گەپلەرنى شۇندىلا ئاڭلاپ قويغان ئىدى، ئەمدىلىكتە بۇنى ئېسىگە ئالغاندا، بۇنىڭ تازا ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى: دەرھال ماتۋى بوۋاينى ئىزدەش كېرەك، ئۇ يەردىن ئازراق ئامال تېپىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. تۇنۇگۇن نىمىشقا بۇ يەرلىرىنى ئويلاپ يەتمىگەن بولغىيدىم؟......ناستيۇنا سۇ ئۇزۇشنى بىلمىگەنلىكتىن، سۇ ئۇستىدە ئىشلەشتىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ بار-يوقى ئاران بىر كۇنلۇكلا ئىش ئىدى، سۇدىن قورقىدىغان بۇنداق روھى

ھالەتكە ھەر ھالدا بەرداشلىق بەرگىلى بولار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھازىر قورقۇپ ئولتۇرۇشقا چولىسى تېگىدۇ دەمسىز؟

قاش قارايغان چاغ ناستىيۇنا تاختاي كەپە ئالدىغا يېتىپ بارغاندا كەچكى كۈن ئانگارا دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقى ئارقىسىغا، دەل ئۇپۇقنىڭ بىپايان كەتكەن ئويمان يېرىگە، ئاندىرىيېۋ ئىككىنزارلىغى بار يەرگە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىدى. دەريانىڭ يېرىمىنى سۈس، نېپىز بىر قەۋەت تۇمانسىمان خۇنۇك كولەڭگە قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەرەپتىكى سۇ ئېقىمى كەچكى قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان بۇ تەرەپتىكىگە قارىغاندا شىددەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولۇپ كورۇنەتتى. دەريا سۈيى چوغدەك شەپەق ئەكسىدە كوزنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە ۋاللىداپ-چاقناپ تۇراتتى، ئۇ گويا ئېقىپ كېتىۋېتىپ ئوينىشىۋاتقاندەك، پىقىراپ ئايلىنىۋاتقاندەك، گايىدا يەنە ئوز جايىدا توختاپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. چوڭ-كىچىك بېلىقلار ئۇزلىرىگە خاس خوشاللىغى بىلەن كوكۇللۈك ھالدا موكىدەك ئۇ ياندىن-بۇ يانغا ئوتۇشۇۋاتاتتى؛ ئەڭ كىچىك بېلىقلار ئۇچقاندەك ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ، پات-پاتلا سۇ يۈزىدىن شىددەت بىلەن پىلتىڭلاپ چىقىپ، ئارقىسىدا قاتمۇ-قات مەيىن دولقۇن قالدۇراتتى-دە، نەپىس گۈل جىيەككە ئوخشاپ كېتىدىغان پەلەمپەيلەرنى ھاسىل قىلاتتى؛ چوڭ بېلىقلار ئالىلىقاندىلاق يىراق جايدىكى شىددەتلىك ئېقىمدا سۇ يۈزىگە چىقىپ، تەنتەنىلىك ۋە بىخىرامان يوسۇندا ئاغزىنى ماكىلدىتىپ قويۇشاتتى. تىك قىرغاق تۈۋىنى ھىلىمۇ

موز قاپلاپ يانقان، مۇز ئۈستى ئۇتمە-توشۇك، ئىگىز-پەس، كۆلرەك ئىدى. مۇز كاۋاكلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان نۇرغۇن كىچىك ئېقىنلار دەريا ساھىلى ۋە ئۇششاق تاشلار ئارىسىدىن ئاستا-ئاستا ئېقىپ ئوتۇپ، كىچىك-كىچىك ئېرىقچىلارنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئۇزۇن، ئۇششۇق قۇيرۇقلىرىنى سورەپ يۈرۈشكەن شوخ، زىرەك قۇشلار قىرغاقنى بويلاپ ئۇ ياندىن-بۇ يانغا ئۇچۇشۇۋاتاتتى. ناستيۇنانىڭ يۇرتىدا كىشىلەر بۇنداق قۇشنى سۇگگۈچ دەپ ئاتىشاتتى، بۇ يەردە بولسا قارا بويۇن دېيىشەتتى. قىرغاقنى بويلاپ توپ-توپى بىلەن ئۈزۈشۈپ يۈرگەن كىچىك بېلىقلارنىمۇ بۇ ئىككى جاي ئىككى خىل ئاتايتتى. ناستيۇنانىڭ يۇرتىدا ئۇلارنى قالدۇقچىلار دەپ ئاتىشاتتى، بۇ يەردە بولسا ئۇلارنى كىچىك ئاق خان دېيىشەتتى، ئۇلارغا بۇنداق ئىسىم قويۇشتىكى سەۋەپ، ئېھتىمال بايقال كولىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى — داڭلىق ئاق خان بېلىقى بولغان ئىززەت-ئېھتىرامدىن بولغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئانگارا دەرياسىدىن ئاق خان بېلىق چىقمايتتى. ھېلىقى كىچىك ئاق خان بېلىقلار ناستيۇنانىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپلا، بىردەك سۇ ئاستىغا قاراپ شۇڭغۇپ، توت ئەتراپقا سۇ ئۈنچىلىرىنى چاچراتتى، ئۇلار سۇ ئاستىدا بىر دەم ئايلىنىپ، ئادەم كېتىپ بولغاندىن كېيىن، سەل-پەل توۋەن ئېقىمغا قاراپ ئۈزۈشۈپ كەلدى-دە، قىرغاق تۈۋىگە قايتا جەم بولۇشتى. بىرنەچچە قالغاچ ۋىچىرلاشقان پېتى ناستيۇنانىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى،

سۇدىن چىققان كۈچلۈك سىڭىشىق ھىد ئۇنىڭ دىمىنى قىستى،
دەريا دولقۇنى ھاۋا ئۇيۇشۇپ قالغاندەك بولۇپ قالغانلىقتىن
شاۋقۇن سالالماي، ئېرىنچەكلىك بىلەن شارىلداپ قوياتتى؛
يىراق جايدا، ئوت-چۆپ يىغىش ئارىلىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى
تۇمشۇقتىن شاقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۇگۇم بارغان-
سېرى كۈچىيىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ
بىر قاراش بىلەنلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. قۇياشنىڭ تاغ ئارقى-
سىغا ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ، مەيىن شامال گويا كۈندۈز ئۈستىگە
يېپىپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك ئاستا چىقىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا
توختاپ قالدى. شۇ چاغدا بۇ قىرغاقتىن ئۇ قىرغاققىچە بولغان
پۈتكۈل ئانگارا دەرياسى دەرھال تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن
ئۇقچۇپ ئېقىشقا باشلىدى؛ ناستيۇنا كېچىكىدىن باشلاپلا دەريانىڭ
كېچىسى كۈندۈزدىكىدىن شىددەتلىك ئاقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ماتۋى بوۋاي ئۆزىنىڭ بىرنەچچە قېيىقىنى جوندەۋاتاتتى،
ئۇ لەيلىمە بەلگىگە قارايدىغان بولغاچقا، جەمى توت قېيىقى
بولۇپ، ھەممىسىنى ئۆزى ياسىۋالغان ئىدى. سۇغا چۈشۈرۈشكە
تەخ قىلىپ قويۇلغان بىرنەچچە لەيلىمە بەلگە سايلىقتا تۇراتتى.
ھىلىلا سىرلانغان بۇ لەيلىمە بەلگىلەرنىڭ رەڭگى كۆزنى چاقنات-
قۇدەك دەرىجىدە كۆركەم بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۈچى قىزىل
سىردا، ئىككىسى ئاق سىردا سىرلانغان ئىدى. ناستيۇنا تىك
قىرغاقنى بويلاپ ياسالغان پەلەمپەيدىن سايلىققا چۈشتى،
ھەر بىر پەلەمپەي ئۈستىگە تاختا قويۇلغان بولۇپ، بەئەينى

شوتىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ ئاۋال ماتۋى بوۋاي بىلەن سالاملاشتى، ئاندىن كېيىن قىزىققان ھالدا ھېلىقى بىرنەچچە لەيلىمە بەلگىگە سەپسالدى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق، ئاتا، — دېدى ناستىيونا گەپنى توپ - توغرىلا ئېيتىپ، — ماكسىم سىزگە ياردەملىشىشكە كىمنى تەيىنلىدى؟

— كىمنى تەيىنلىدى؟...... — ماتۋى بوۋاي ئالدىرىماي قوللىرىنى سۇغا تىقىپ يۇغاندىن كېيىن، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىغا ئېرتتى - دە، قېيىقتىن چىقتى، — ماكسىم دېگەن يىگىت تازىمۇ قۇۋ ئىكەن. كىمنى كوندۇرەلىسىڭىز شۇ ياردەم بەرسۇن، بىراق مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئادەم تەيىنلەشكە ھوقۇقۇم يوق، دەۋاتىدۇ، — ماتۋى ھاسىرىغىنىچە بەللىرىنى پۈكۈپ، ئايىغى تۈۋىدىن ئاللىقانداق بىر نەرسىنى ئىزدەۋېتىپ سوزلىدى، — پىلىك قەيەرگە چۈشۈپ قالدىكىنا، — ئارقىدىنلا ئۇ چۈشەنچە بېرىپ قويدى، — سىېنىڭ كوزۈڭ ئۆتكۈر، ئىزدەپ كورگىنا، بۇنداق كەڭ پىلىكتىن ئاران بىرسىلا قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ. توۋا، تېخى ھېلىلا قولۇمدا ئىدى، قاياققا چۈشۈپ قالغاندۇ بۇ؟

پىلىك ماتۋى بوۋاي ئولتۇرغان ئورۇنىنىڭ ئالدىدىن — قېيىقتىن تېپىلدى. ماتۋى بوۋاي ئۇنى يانچۇغىغا سېلىۋېتىپ سوزلىدى:

— لەيلىمە بەلگىلەرنىڭ ئىككىسىنى سۇغا چۈشۈرۈشتە بىر

كىم ياردەملەشسە بولاتتى. قالغىنىنى ئۇزەم يالغۇزمۇ چۇشۇرەلەي-
مەن. ئاق سىرلانغان بۇ ئىككىسىنى سۇغا چۇشۇرۇشتە ياردەملىشى-
دىغان ئادەم بولمىسا ئۇزەم ئەپلەپ كېتەلمەيمەن. بىرىنى
ئارال ئەتراپىغا قويىمىز، ئۇ يەرنىڭ سۇيى ھەم تېز ھەم
خەتەرلىك، قېيىقلارمۇ توختىيالمايدۇ. يەنە بىرىنى كەنت ئارقى-
سىدىكى سايلىقنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۇمشۇققا قويىمىز. بۇ ئىككى
لەيلىمە بەلگىنىڭ بۇلتۇر قەيەرگە قويۇلغانلىقى ھىلىمۇ ئېسىڭ-
دىدۇر. قىزىل رەڭلىك ئاۋۇ ئۇچىنى بولسا ئۇزەم يالغۇزمۇ
ئاستا-ئاستا قويۇۋالالايمەن. دەرھال ماڭا ياردەملىشەلەيدىغان
بىر ئادەم تېپىپ ئۇنى قويۇۋېلىشىم كېرەك، بولمىسا بۇگۇن يا
ئەتە موتورلۇق كېمە بىلەن تەكشۇرۇشكە كېلىدۇ. مەن باشقى-
لارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالىمايمەن.

—ئۇنداق بولسا مېنى تېپىڭ، ئاتا. مەن ھەر ھالدا
سىزگە ياردەملىشىپ كېتەلەيمەن، —ناستيۇنا سوزلەۋېتىپ،
بېشىنى بۇراپ لەيلىمە بەلگىلەرگە سەپسالدى، بۇ قېتىم ئۇ
ھىلىقى ئاق رەڭلىك ئىككى لەيلىمە بەلگىگە دەككە-دۇككە
ئىچىدە قاراپ قويدى.

—ھە، —ماتۋى بوۋاي يا بولىدۇ، يا بولمايدۇ دىمەي،
”ھە“ دەپ قويۇپ، ناستيۇناغا ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك
توغرىسىدا بىر يەرگە كېلەلمەي، بىر پەس جىم تۇرۇپ
قالدى، —كېيىنكىنى ئۇينىشىپ ئېيتمىغانلا بولساڭ، ئارزۇيۇممۇ
دەل شۇ. ياردەملىشىشكە سېنىڭدىن باشقا يەنە كىمنىمۇ

تاپارمەن؟ قېيىق ھەيدەشنى راست بىلەمسەن؟

ــ راست بىلىمەن، ئاتا. بىراق ئىشنى تۈگىتىپ بولغانـدىن كېيىن، قاش قارايـغاندا قېيىغـىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرسـىڭىز. ئارال ئەتراپىغا بېرىپ ئاز-پاز قىرچىن تال كېسىپ كېلەيمىكىن دېگەنتىم، بىزنىڭ قېيىقنى تېخىچە دەرياغا چۈشەرمىگەنتۇق.

ــ مەن ساڭا قىرچىن تال كېسىشىپ بەرگەنگە نىمە بوپتۇ؟! بولىدۇ.

ــ ياق، ئاتا، سىز كېسىشىپ بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ــ دىدى ناستـيۇنا چوچۇپ، ــ ئۆزەم كېسىۋېرىـمەن. ئۇنىڭ ئۈسـتىگە بۇ ئالدىراش ئىش بولمىغانـدىكىن، ــ ئۇ ماتۆي بوۋايغا ئۆزـىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدۇرمەسلىك ئۈچۈن يەنە بىر ئېغىز قوشۇمچە قىلدى، ــ ۋاقتىدا بىر گەپ بولار......

ــ مەيلىڭ بولـمىسا ساڭا تال كېسىشىپ بېرىش ھېچقانـچە ئىش ئەمەس. خۇدايىم سېـنى ماڭا قەيەردىن ئەۋەتـكەنـدۇ، قىزىم؟ ــ ماتۆي بوۋاي تەلىيىنىڭ مۇنداق ئوڭىدىن كېلىپ قالغانـلىقىدىن خوشال بولۇپ بۇرنىنى تارتىپ قويـدى، ئاپپاق قاش ۋە كىرپىكلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان، خۇنى كېتىپ قالغان كوز-لىرىنى پۇرۇشـتۇردى، ــ بېرىپ كىمـگە يالۋۇرىمەن دەپ غەم قىلىپ ئولـتۇراتـتىم. ھەركىمـنىڭ ئۆز ئىشى بارـدە. ئەمـدى بىز كېلىـشىۋالغانـدىكىن، بالـدۇرراق يولغا چىقايـلى. ئازراق ئۇخلىغانغا ھېچنىمە بولمايدۇ. كېلەمسەن، مېنى ئالداپ يۈرمەيـدىغانسەن ـ ھە؟

— كېلىمەن، ئاتا، كېلىمەن. كۈن چىقىشقا ئۆلگۈرۈپ يېتىپ كېلىمەن. ئۇنىڭدىن بالدۇرراق كېلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. ماكسىمغا مېنى ئۆزى تەلەپ قىلىپ كەلدى دەپ ئېيتىپ قويىسىز، ئۆزەم كوندۇردۇم دەپ ئېيتىسىز، ئەتىلىككە يەر ھەيدىگىلى زادىلا بارغۇم يوق، بۇ ئىشتىن زېرىكىپ كەتتىم— سىز بىلەن بارسام، قانداقلا بولمىسۇن، بىرئاز دېمىمنى ئېلىۋالالايمەن.

— شۇنداق، شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق. دىگىنىڭدەك دەپ قويايى.

شۇنداق قىلىپ ناستيۇنا دەريادا توپ-توغرا بىر كۈننى ئۆت-كۈزدى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئۇلار تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىشتى، ئەتىگەنىنىڭ ھاۋاسى ساپ بولۇپ، ئازراق باھار سوغىغى كېلىپ تۇراتتى، تاڭ خىرە-شىرە يورۇپ كېلىۋاتقان چاغدىكى جىمجىتلىق ئىچىدە سۇنىڭ قىرغاقتا ئۇرۇلۇۋاتقان زېرىكىشلىك شاۋقۇنى، شاقىراپ ئېقىشى يىراق جايلاردىن غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئانگارا دەرياسى قارىيىپ كۆرۈنەتتى، قىرغاقتا مەيىن دولقۇن ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، دەريانىڭ ئوتتۇر-سىدا بولسا، سۇ كوزنى چاقنىتىپ يالتىراپ، ئوركەشلەپ ئېقىۋا-تاتتى. ئۇلار ھەيدىگەن موتورلۇق كېمىدەك چوڭلۇقتىكى قېيىق ناھايىتى مەزمۇت كېتىۋاتاتتى، بىراق ئۇنى ھەيدەپ مېڭىش ۋە ئېغىر بىر لەيلىمە بەلگىنى سورەپ مېڭىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. دەسلىۋىدىلا ئۇلار قېيىقنى

ئارغامچىسى بىلەن تارتىپ يۇقۇرى ئېقىمىغا قاراپ بىر پەس مېڭىشتى، ئاندىن كېيىن ناستىيونا قېيىققا ئولتۇرۇپ، قوش پالاقنى قولىغا ئالدى، ماتۋى بوۋاي قېيىقنىڭ قۇيرۇغىدىكى بىر قوللۇق چوڭ يەككە پالاقنى تۇتتى. ئۇلار دەريا قىرغىقىدىن ئايرىلىپ، ئالدى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ ناستىيونانىڭ ئىمكانىيەتىنىڭ بىرىچە دەريا يۈزىگە قارىماي، كوزلىرىنى ئايىغى ئاستىغا تىككىنىچە ئولتۇرۇۋالدى، ئۇزىنىڭ بىر دەمدىن كېيىن قېيىقتا ئورە تۇرغان پېتى ماتۋى بوۋايغا ئاز-تولا ياردەملىشىدىغانلىغىنى ئويلىغىنىدا، ئىختىيارسىز قورققىنىدىن يۈرىگى قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولاتتى.

ئۇلار بىرىنچى لەيلىمە بەلگىنى جايلاشتۇرۇش ئۇچۇن بىر هازاغىچە تازا ئاۋارە بولۇشتى. ئېقىمنى بويلاپ كېلىۋېتىپ، قېيىق بېشىنى بۇرىغاندا، توختاشقا تېگىشلىك جايدىن چەتنەپ كەتتى، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قېيىقنى ئارقىسىغا بۇراپ ئېقىمغا قارشى مېڭىش ھەتتا قىلچىلىك بولسمۇ ئالغا سىلجىش خام-خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق بىمەنە خىيالنى زادىلا كوڭۇلدىن كەچۈرمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ يەردىكى دەريا ئوتتۇرىسىدا سۇ شىددەتلىك، ئۇلۇغ ئېقىم ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئوركەشلەپ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى، بۇژغۇنلار قېيىق بولمىسىگىچە ئۇرۇلاتتى. ماتۋى بوۋاي ئۇزىنى قېرىپ ئالجىپ قاپتىمەن دەپ تىللاپ قويۇپ،

ئاخىر يېڭىلىشقانلىقىغا تەن بەردى ئۇلار قېيىقنى قىرغاققا قاراپ ھەيدەشتى، بىراق بۇ قېتىم قېيىق سول قىرغاققا قاراپ ھەيدەلـ گەن ئىدى، چۈنكى سول قىرغاق يېقىنىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناستيۇنا بېرىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان جاي ئىدى، — ئەمما ئۇ يەرگە لەيلىمە بەلگىنى ئېلىپ بېرىشقىمۇ، ماتۋى بوۋاي بىلەن بىللە بېرىشقىمۇ بولمايتتى. سول قىرغاققا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەنىلا بۇ يەردە قېلىشقا بىرەر بانا تېپىشقا، ماتۋى بوۋاينى گۈگۈم چۈشكەندە ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كېلىشكە كوندۇ-رۇشكە بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كەتتى — مانا شۇ چاغدا ئۇلار بىرلىكتە ھىلىقى شورى قۇرغۇر لەيلىمە بەلگىنى جايىغا قويۇپ قويسىلا بولىۋېرەتتى. بىراق بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ناستيۇناغا ئايان ئىدى. ئۇلار بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن قېيىقنى يەنە ئاغامچا بىلەن سۆرەپ يۇقۇرى ئېقىمغا قاراپ مېڭىشتى. بۇ قېتىم ئارىلىقنى توغرا ھىساپلىۋېلىپ، قېيىقنى يۇقۇرى ئېقىمغا قاراپ خېلى يەرگىچە سۆرەپ بارغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى ھەيدەپ تۆۋەن ئېقىمغا قاراپ مېڭىشتى ھەمدە لەيلىمە بەلگىنى باغلاپ قويىدىغان تاش قوزۇقنى ئاۋال سۇغا تاشلاشتى، شۇڭلاشقا تاش قوزۇقنىڭ ئېقىمنى بويلاپ جايلاشتۇرۇلىدىغان جايغا يوتكەپ كېلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى يول بويى توختىماي يۇقۇرى كوتىرىپ قويۇشقا توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا ناستيۇنانىڭ پۈتۈن خىزمىتى پالاق ئۇرۇش، ماتۋى بوۋاينىڭ گېپى بويىچە، قېيىقنى داۋالغۇتماسلىق بولدى. ماتۋى

بوۋاي لەيلىمە بەلگىنى تەلەپ بويىچە جايلاشتۇرۇپ بولغانـدىن كېيىن، ئۈستىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېـنىك بىر تىنىپ، تاماكا چەككىلى تۇردى.

ــ بۇنى جايلاشتۇرماق ھەممىـدىن تەس ئىدى، ــ دېدى ئۇ ئىقرار بولۇپ، ــ مەن ھەر قېتىم لەيلىمە بەلـگىنىڭ چىرىـغىنى يېقىش ۋە ئۆچۈرۈشـتە ئاۋال مۇشۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشـىمەن. ياھ، قارىمامسەن، سۇنىڭ نەقەدەر توسۇن، نە قەدەر يولسىز، كەلـگەنلا يەرگە ئۇسۇپ ئېقىشـلىرىنى! ئۇنى ھېچـنىمە توساپ قالالمايدۇ.

ئەھۋال ھەقىـقەتەن شۇنـداق ئىدى، ئىككىنچى لەيـلىمە بەلگىنى جايلاشتۇرۇش خېلى ئاسانـغا چۈشتى. ناستيۇنا، ۋاقىت يېتىشكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈچىنچى لەيلىمە بەلگىنى جايلاشتۇرۇ- شىغىمۇ ياردەمـلەشمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ماتۋى بوۋاي ئۇز ئىشىنى قىلىشقا كېتتۇەر دەپ، رەت قىلدى.

ــ بولدى، ئىككىمىز باشتا لەيـلىمە بەلـگىدىن ئىككىنىلا قويۇشقا كېلىشـكەن ئىدۇق، ــ دېدى ماتۋى بوۋاي خوشالـلىق بىلەن. ئۇ لەيلىمە بەلـگىدىن ئىكـكىنى قويۇپ بولغانىغا قانائەت ھاسىل قىلـغان ئىدى، ــ قالغان بەلـگىلەرنى قويۇش ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئەتە قېيىقـنى ئۆزەم يالـغۇز ھەيـدەپ بېرىپ، ئالدىرىماي جايلاشتۇرۇپ قويسامىمۇ بولىۋېرىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتـمەستە، نەگە بارغۇڭ كەلـسە بېرىـۋەرگىن. ئىشـلىرىڭـغا قارىشىپ بېرىمەنمۇ ـ قانداق؟

— ئۆزەم قىلىۋېرىمەن، ئاتا.
— ھە، مەيلى.
ماتۋى بوۋاي ئەسلىدە ناستيۇناغا كىچىكرەك كەلگەن يېڭىك قېپىقنى بەرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ناستيۇنا مۇشۇ قېپىقنى ئىشلىتىۋېرەي دەپ ئۇنىمىدى. بىر كۈندىن بۇيان ئۇ بۇ قېپىقتا كونۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭدىن ئانچە قورقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئارزاق شامال چىقا-چىقمايلا داۋالغۇغىلى تۇرىدىغان ھىلىقىدەك قولۋاقتا ئولتۇرۇش ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى، ناۋادا تۇيۇقسىز يەر بېغىرلاپ بوران چىقىپ قالسا، ياكى بولمىسا باشقا بالايى-ئاپەتلەر دۇچكېلىدىغان بولسا، ھالاك بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. «ئالدىرىماي يول يۈرسەڭ يىراقتا بارالايسەن» دىگەن گەپ بار. بىرەر ئادەم، مەيلى ئۇ ياتقان ئورنىدا ئۆلسۇن، ياكى يول ئۈستىدە ئۆلسۇن، مەيلى بالا-قازا دەستىدىن ئۆلسۇن، ياكى قېرىپ ئۆلسۇن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قانداق ئۆلۈشىدىن قەتئىي نەزەر، جەزمەن قورۇقلۇقتا ئۆلگىنى تۈزۈك. بۇنداقتا ئۇ ئۆزى ئاللىقاچان ئادەتلىنىپ قالغان قاتتىق يەر يۈزىنى قۇچاقلاپ ياتالايدۇ، يەر نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ئۆپكىسىگە ئاۋالقىدەكلا ھاۋا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ناستيۇنا سۇدا ئۆلگەن ئادەمنى ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىملا كۆرگەن ئىدى. ئۇ ئۆرۈش پارتلاشتىن خېلىلا بۇرۇنقى ئىش بولۇپ، تا ھازىر-غىچە ئۇ شۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى ئويلىغان ھامان ئىختىيارسىز تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى.

ناستيۆنا ماتۋى بوۋايىنى كىچىك تاختاي ئۆي يېنىدىكى قىرغاقىقا ئاپىرىپ قويىدى، ماتۋى بوۋاي ئۇنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ ياق دەپ، دەرھال ئانگارا دەرياسىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بىراق ئەمدىلىكتە ئۆزى يالغۇز قالغان چاغدا، مۇشۇ كۈنلەردىن بۇيان راست گەپكە يالغان گەپنى قوشۇپ (نەدىكى راست گەپكەن ئۇ، ھەممىسى يالغان گەپ!) ئاران قولغا كەلتۈرگەن ئاندىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتى (ئۇلارنىڭ يۈز كۆرۈشمىگىنىگە ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالاي دىگەن ئىدى) ئاخىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ، ئېھتىيات قىلىپ، يۈز كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرگۈسى، ھەممە ئىشنى ھازىرقى ھالىتىدە ساقلاپ قالغۇسى كەلدى. ئۇ ئاندىرىغا نىمىلەرنى ئېيتىپ بېرەر؟ كوپ بولسا، ئۇرۇش ئاياقلاشتى، ئالدىنقى سەپتىن يەنە بىر جەڭچى كەنتكە قايتىپ كەلدى، ئۇ جەڭچى بۇرۇن پارتىزان بولغان، ياشىنىپ قالغان، كەم سوز دىخان لۇكا ئىسمولېن؛ ئۇ ئارمىيىگە كىرگەن كۈندىن باشلاپلا ئاتلىقلار قىسمىغا تەقسىم قىلىنىپتىكەن، پۈتكۈل ئۇرۇش داۋامىدا ئات بىلەنلا بوپتۇ—ھارۋىكەشلىك قىپتۇ، دەپ سوزلەپ بېرەر. ئاندىرىغا يەنە بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى مىخئىچىنىڭ ئۆزىگە ئاندىرىنىڭ دېرىگىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە بىر پارچە خەت يېزىشنى تاپىلىغانلىغىنى، بۇ خەتنى پوچتالىيونىغا ئۆزى بىۋاستە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىگىنىمۇ ئېيتىپ

بېرەر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سېمىيونوۋنانىڭ، ھاۋانىڭ ئېلىپ قالغانلىغىدىنمىكىن-تاڭ، ھاسا تاياقتا تايانماي، خېلىلا ئوبدان يول ماڭالايدىغان بولۇپ قالغانلىغىنى، — سېمىيونوۋنانىڭ يول ماڭالايدىغان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى، بىراق ھەمىشە بۇنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن باشقىچە مەنىسى بار بىر يامانلىقنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەر. ئاندىرىغا يەنە بۇنىڭدىن بولەك نىمىلەرنى ئېيتىپ بېرەر؟ قوسىغى.....بۇنى ئاندىرىنىڭ ئۆزىمۇ بايقىيالايدۇ. ھە، يەنە بىر ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشى كېرەك: يېقىندا ئۇ ئاخىر يۈرىكىنى توختىتىپ ھىلىقى قول سائىتىنى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچقا سېتىپ بەردى. نەرقىنىڭ تولىمۇ ئەرزان بولۇپ كەتكەنلىكى كۆزگە ئوپ-ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىش. ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسى زايىم ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى، پۇل تاپشۇرۇش مۇددىتى توشۇپ قالغان تۇرسا، تاپشۇرماي نىمە ئامال بولسۇن؟!

خوش، ئاندىرى ئۆزىگە نىمىلەرنى دەر؟ نىمىلەرنى دىيەلەر؟ ناستىيۇنا ئۇنىڭغا بىر قاراپلا، ئۇنىڭ ئۆزى بىرنىمە دىمىسىمۇ، ھەممىنى چۈشىنىپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىككىلەن يۈز كۆرۈشەلمەي يۈرگەن مەزگىللەردە ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، كۆڭلىدە نىمىلەرنى ئويلىغانلىغىنى چۈشىنەلەيدۇ: ھازىرقىدەك كېتىۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ، بىرەر يول تېپىش كېرەك، بىرەر ماكان تېپىش كېرەك، بىراق تاپقۇدەك قانداق

يول، بارغۇدەك قانداق جاي بولسۇن دەيسىز؟......ھوكۇم چىقىدىغان ۋاقىت كېلەي دەپ قالدى، ئۇ ئادەملەرنىڭ ھوكىمىمۇ، خۇدانىڭ ھوكىمىمۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە چىقىرىدىغان ھوكمىمىزمۇ؟ ئۇنىڭ كىمنىڭ ھوكمى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىشقىلىپ ھوكۇم چىقىدىغان كۈن يېتىپ كېلەي دەپ قالدى. بۇ دۇنيادا ھامان ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق ياندۇ.

كۈن پېتىشقا خېلى ۋاقىت بولسىمۇ، لېكىن شىمال تەرەپتىن مەيىن شامال توختىماي سوقۇپ تۇرغاچقا، دەريانىڭ ھاۋاسى خېلىلا سالقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ھەر يىلى يازدا شىمال شاملى سوقۇشقا باشلىغاندا، ناستيۇنا ياز شاملى نېمە ئۈچۈن ئېقىمغا قارشى چىقىدىكىنا دەپ ھەيران بولاتتى. دەريا شۇنداق چوڭ، ئېقىمى شۇنداق شىددەتلىك بولغاچقا، ئىش ئۆز يولى بويىچە بولغاندا، شامالمۇ دولقۇن بىلەن بىللە ئېقىم بويلاپ چىقىش كېرەك ئىدى.

ناستيۇنا ئالدىرىماي-تېنىمەي پالاق ئۇرۇپ ماڭدى. ئۇ قېيىقىنى ئاران بىر كۈن ھەيدىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشقا كونىمىگەنلىكتىن، ئېغىر پالاق ئۇنى خېلىلا ئازاپلىدى: قوللىرى سىقىراپ ئاغرىپ كەتتى، دائىم بىر خىللا ھەركەت قىلىشۋەرگەچكە بېلىمۇ ئۇيۇشۇپ قالدى. تېپ-تېچ دەريا يۈزىگە ئۇرۇلغان پالاقتىن گويا ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان كىچىك قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىملىق،

لەرزان سادا كېلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پالاقنىڭ سۇنى بولۇپ تاشلىغاندا چىقارغان توۋەن، بوغۇق ھەم زورمۇ-زور چىقىرىلغاندەك تۇيۇلغان ئاۋازىمۇ قۇلاق تۇۋىدىن كەتمەيتتى. دەريا ئوتتۇرىسىدىمۇ كوكتە تۇرغانغا ئوخشاشلا يىراق-يىراق-لارغا نەزەر تاشلاشقا بولاتتى، ئوي-ئىمارەت، ئورمان، ئاسمان، تاغدىكى تېرىلغۇ يەرلەر، دەريا قىرغىقى گويا دولقۇنلارغا ئەگىشىپ لەيلەپ يۈرگەندەك سۇ يۈزىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ تېگىگە خەۋپلىك ئورا ۋە تېگى يوق ھاڭ يوشۇرۇن-غاندەك، ھەممە نەرسە ئاجايىپ سىرلىق بولۇپ كورۈنەتتى. ئانىگارا دەرياسى ئۈستىدە بىر لاچىن شۇنداق ئېگىز پەرۋاز قىلىۋاتاتتىكى، قارىماققا كىچىككىنە قارا چېكىتكە ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇ سامادا يامان غەرەز بىلەن ئاللىقانداق بىر نەرسىنى پايلاۋاتاتتى. بىراق، نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، ناستيۈنا ئومرىدە تۇنجى قېتىم بۇ زىيانلىق قۇشقا ھىسداشلىق قىلدى: ئۇنىڭ ئوزۇق تېپىپ يېيىشىمۇ ئۇنچىلا ئاسان ئەمەس-تە. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يالغۇز مۇشۇ قۇشقىلا ھىسداشلىق قىلىۋاتقىنى يوق، يېقىندىن بۇيان ناستيۈنا ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق ھايۋان ۋە قۇش-قاناتلارنى ئەيىپلەپ ئولتۇرۇشقا زادىلا ھوقۇقىمىز يوق ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلگەن ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق مەۋجۇدات ئۆزلىرىگە خاس ۋە ئۆزلىرىگە باغلىق بولمىغان قانۇنىيەت بويىچە ياشايدۇ. بۇنداق ئۆزلىرىگە باغلىق بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇلار ئامالسىز.

ناستيۇنا قېيىقنى ئارالنىڭ توۋەنكى ئېقىمىدىكى بىر يەردىن ھەيدەپ ئۆتۈپ، كەنتتە تۇرۇپ كورگىلى بولمايدىغان ئارقا تەرەپكە ئەگىدى-دە، يەنە يۇقۇرى ئېقىمغا قاراپ بىرئاز ھەيدىگەندىن كېيىن، ئارال يېنىدا توختىدى. ئەمدىلىكتە باياتىن قېيىق ھەيدەپ ئوتكەن دەريا يۈزىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا تەڭ كېلىدىغان دەريا شاخاپچىسىدىن ئوتسىلا دىگەن يەرگە يېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قېيىقنى توختىتىپ قويۇشىغا ھەرگىز ھارغىنلىق سەۋەپ بولغىنى يوق، ئۇنىڭغا بىر خىل ئاجىزلىق، روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق سەۋەپ بولغان ئىدى. ناستيۇنانىڭ پىكىر-خىيالى چېچىلىپ، كوڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى، ھەم ئاندىرى بىلەن دەرھال يۈز كورۇشەلەيدىغانلىقىدىن خوشال بولىدى، ھەم بۇ قېتىمقى يۈز كورۇشۇشتىن قورقۇپ قالدى، ئاۋالقىدەكلا قاپ-قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چوكۇپ ياتقان ئىستىقبالغا نەزەر سېلىشتىن قورقۇپ قالدى، بۇ ئىككى خىل ھىسسىيات بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى. ئاۋال كوڭلىنى جايىغا چۈشۈرۈپ، قەلبىدىكى زىددىيەتلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن داۋاملىق ئالغا قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ناستيۇنا قېيىققا ئولتۇرغان پېتى قەستەن ئوزىنى تۇتۇۋالغان، چىرايىنى كۈلكىگە زورلىغان بولۇپ، ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا سۇغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئېھتىمال مۇشۇ كۈلكىگە ئەگىشىپ، خاتىرجەملىكمۇ قويۇق مايغا ئوخشاش ئۇرۇلمەي ئېقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ چېچىلغان كوڭلىنى ئاستا-ئاستا ئارام تاپتۇرار. بىراق

ئۇ تەقەززا بولغان خاتىرجەملىك ۋۇجۇتقىمۇ چىقمىدى، يېتىپمۇ كەلمىدى، كۆڭلىدىكى ئەندىشە يەنىلا تۈگىمىدى. قېيىقتا ئولتۇرغان ناستيۇنانىڭ چىرايىدىن كۆلكە تەبەسسۇمى غايىپ بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدا غەمكىنلىك ئالامىتى پەيدا بولدى. چۈنكى قول سائىتىنى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچقا سېتىپ بەرگەن چاغدىكى ئەھۋاللار ئۇنىڭ يادىغا كەلگەن ئىدى. باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى، پەقەت مۇشۇ ئەسلىمىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتمىدى.

ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ قول سائىتىنى ئالغىنىغا قويۇپ، بىر هازاغىچە دەڭسەپ كوردى، قولىغىنا يېقىپ تىڭشاپ باقتى هەمدە يەنە كوزىگە يېقىن ئېپكېلىپ سىنچىلاپ قارىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ناستيۇناغا زەھەرخەندىلىك بىلەن تەئەججۇپلەنگەن هالدا سەپسالدى. بىر قاراش بىلەنلا ئۇنىڭ بۇ سائەتنى ناهايىتى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ بۇ سائەتنى قولغا چۈشۈرۈۋالغۇسى يوق ئىدى، ئەكسىنچە، سائەتنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ۋە كىملەر ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئوبدانىراق بىلىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇ سائەتنى كوزىگە يېقىن ئېپكېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بەزى ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئالامەتلەر — مەسىلەن، ئاللىقانداق خەت ياكى ئاللىقانداق بەلگە چۈشۈرۈپ قويۇلغانمۇ-يوق دەپ، سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭدا هېچقانداق ئالامەتلەر قالدۇرۇلمىغان ئىدى. ئۇ

ئۇزىنىڭ يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە كوچىلاپ بىلىۋالغۇسى كېلىۋاتـ-
قانلىغىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر هازاغىچە ئۈنچىقمىدى.
ئۇنىڭ بۇ ياسالمىلىغى ئۆزىنىمۇ، ناستيۇنانىمۇ ئازاپلىماقتا ئىدى.
ئاخىر، شۇنداقلا سوراپ باقماقچى بولغان تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

—بۇ سائەتنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟ ئاندىرى ئەۋەتىپ بەرگەنمىدى؟

ناستيۇنا بۇنىڭغا ئالدىنئالا تەييارلىق كورۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ئوخشاشلا نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، ئىننوكىنتى ئىۋانو-ۋىچقا قاراپ:

—نەدىكى ئاندىرى ئەۋەتىدۇ دەيسىز......بۇلتۇر ئوزەم كاردا كەنتىدىن ئالغان ئىدىم، ئۇنىڭغا—ئاندىرىغا ئاتاپ ئالغان ئىدىم. بىراق هازىر بۇ سائەتنى ساتماي بولمىدى. زايومىغا تولەيدىغان پۇل يوق. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۆزى پۇل يىغىپ سېتىۋالار. بۇ سائەتنى ئېلىپ قويغىنىمغىمۇ پۇشايمان قىلىپ قالدىم،—دىدى.

—قانچە پۇلغا ئالغان ئىدىڭىز؟

—ئىككى مىڭ رۇبلىغا.

ناستيۇنا مىخئىچقا بۇ سائەتنى ئۇۋ مىڭىغى بىلەن تېگىشكەن ئىدىم دەپ ئېيتقان ئىدى، بىراق ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ئالدىدا بۇنداق دېيىشكە پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر ئاز-پاز قولىغا چىققۇدەك بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋالسىلا، ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى قالدۇرماي كوچىلاپ-سۈرۈشتۈرۈپ كېتىدۇ.

— ھىم، لېكىن مېنىڭ ئۇنچىۋالا پۇلۇم يوق، — دېدى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ بېشىنى چايقاپ. — قاراڭلار! سىلەر ھەمىشە بىز نامرات دەيسىلەرۇ، ئاخىر ئىككى مىڭ رۇبلىنىمۇ خۇددى ئىككى رۇبلىغا ئوخشاشلا ھەش-پەش دىگىچە خەجلىۋې-تەلەيسىلەر! شۇنچىلا پۇلنى پەسەنت قىلماي باشقىلارغا بېرىۋې-تەلەيسىلەر. سىزگە بۇ سائەتنى كاردا كەنتىدىكى كىم سېتىپ بەرگەن ئىدى؟

— بۇنى ئوزەممۇ ئۇقمايمەن. ئۇ ئەسكەرگە ئوخشاش ئۇزۇن ھەربىچە پەلتو كىيىۋالغان ئادەم ئىكەن، ئۇ چاغدا بۇ سائەت ماڭا بەكمۇ يېقىپ كەتكەچكە، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ قولدىن چىقىرىپ قويغۇم كەلمىدى-دە، ئوزەمنىڭ چاپان، كەمزۇللىرىمنى قالدۇرماي سېتىپ، شۇ پۇلنى جەملىگەنىتىم، — ناستيۇنا ئاغزىغا كەلگىنىنى بىلجىرلىغىنىچە، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچنىڭ چىرايىغا يۈرەكىلىك ھالدا قارىدى، — ئەھۋال ھازىرقىدەك بولىدىغان بولسا، مەن بۇ سائەتنى ئالاتتىممۇ؟

— مېنىڭ ئىككى مىڭ رۇبلى پۇلۇم يوق، مەن سىزگە ئوخشاش ئۇنچىلا پۇلدار ئەمەسمەن، — دېدى ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ مۇغەمبەرلىك بىلەن تومۇر تۇتۇپ، ناستيۇنانىڭ چىرايىغا ئاۋالقىدەكلا سەپسىلىۋېتىپ، — مىڭ رۇبلى دېسىڭىز ھەر ھالدا بولار، يىغىش قىلىپ باقسام چىقىپمۇ قالار، ئۇنىڭدىن كوپكە پۇل يوق.

ناستيۇنا بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بىر ئۇھ تارتىپ

ئېيتتى:

ــ ھەي، بوپتۇ، مىلى رۇبلى بەرسڭىزمۇ بېرىك. بۇ يەردە بۇ سائەتنى كىمــگىمۇ ساتىــمەن؟ كاردا كەنــتىگە بازاي دىسەم بىر كۈن ۋاقىت كېتىدۇ، ئىككى كۈن كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق ھازىر بارىدىغان ۋاقتىم يوق.

ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ مىلى رۇبلىنى ناستيۇناغا ساناپ بەردى. بىراق ئۇ ناستيۇنانىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن ئىدى، بۇنى ناستيۇ-نامۇ بايقاپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قېشىغا بارماسلىق كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ئىزدەپ بارغۇدەك ئادەممۇ يوق ئىدى، چۈنكى ئاتامان كەنتىدە ئۇنىڭــدىن باشــقا پۇلــدار ئادەم تېپىلمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاللىقانــداق بىر كۈچ ناستيۇنانى ئۆزى خالىماي تۇرســمۇ قېرىشقاندەك ئىننوكىنــتى ئىۋانوۋىچنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئالــدىرىتاتتى. بۇ ئادەم ئۇ ياق-بۇ ياقتىن يۈراپ يۈرۈشكە، باشقىلارنىڭ سىرىنى ئىچىشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى، مەيلى قانداقلا ئىش بولمىسۇن، ئۇنى باشقىلار-دىن كۆپرەك بىلىۋالغۇسى، باشقىلاردىن بالدۇرراق بىلىۋالغۇسى كېلەتتى. "ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، يۈراپ-يۈرسەڭ يۈرىــۋەر، گۆپۈلدەپ يۈراپ تۇرىدىغان بىر نەرسىنى ئالدىڭــغا ئاپىرىــپ راسا يۈرىتىمەن. ئۆزۈن بۇرنۇڭ بىلەن قانغىچە يۈرىــۋالارسەن، بىر دەمدىن كېيىن يەنە ئىككىنچى بىر نەرسىنى ئاپىرىپ بېرى-مەن، قورقىدىغان نىمەم بار؟!"

بىراق يەنىلا قورقۇشقا توغرا كېلەتتى: ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ

رەھىمدىل ئادەم ئەمەس-تە. "ئاھ، سەن يېڭىلىشتىڭ، ھازىر ھەر بىر قەدەمدە بىر يېڭىلىشىۋاتىسەن."

# 18

ناستيۇنا ئاندىرىنىڭ ھازىر ئاللىقاچان تاغ ئۈستىدىكى قىشلىق ئۆيگە كوچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق ھەيدەپ كەلگەن بۇ قېيىقنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى: ئۇنى ئېقىم بويلىتىپ ھەيدەپ ئۇستەڭگە يوشۇرۇپ قويۇش كېرەكمۇ ياكى ئارالنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قىرغاق بويىدا توختىتىپ قويۇش كېرەكمۇ — قېيىقنى بۇ يەرگە توختىتىپ قويغاندا، قارشى قىرغاقتىن كورگىلى بولمايتتى. ئەگەر بۇ يەرگە راستىنلا ئاللىقانداق بىر ئادەم كېلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ يوشۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن، قېيىقنى يوشۇرۇپ قويغانغا يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئانگارا دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇ ياققا كېلىپ يۈرگىنى نېمىسى، بۇنىڭغا بىرەر بانا تېپىش تەسكە چۈشەرمىدى! قېيناتامنىڭ بىر نەرسە توقۇشقا ئازراق قىرچىن تال كېسىپ بېرىشكە كېلىۋىدىم دېيىشكە بولاتتى، چۈنكى بۇ ئەتراپ پۈتۈنلەي قىرچىن تال بىلەن قاپلانغان ئىدى. مىخنىچ راستىنلا قېيىق بىلەن ئارالغا بېرىپ ئاز-تولا تال كېسىپ كېلىشكە بولىدىغانلى-

غىنى ئېيتقان ئىدى. دەرۋەقە،ئۇ بۇ تەرەپتىكى قىرغاقتا ئەمەس، بەلكى ئارالغا يېرىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، يىراق بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھېچقانچە پەرقى يوق، گويا ئىككىسى بىر ئىش ئىدى. ئۇ مىخئىچقا بۇ تاللارنى ئارالدىن كېيىن كەلگەنلىكىنى ئېيتسا، ئۇ ئەجەپلىنىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنى ئەيىپلەشكە ھېچقانداق سەۋەپ تاپالماس. شۇنداق بولمايچۇ، ئۇ ئۇزىنىڭ ئارالغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقاچقا، ناستيۇنا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشلەپ قويدى، خالاس. راستىنى ئېيتقاندا، ناستيۇنا ئىشنى توغرا قىلغان بولسا، ئەيىپلىگۈدەك نىمىسى بولسۇن، — يىراق قورققانغا قوش كورۇنەر دىگەندەك، ناستيۇناغا ھەمىشە ھەممىلا يەردە كىشلەر ئۇزىدىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك، ئۇزىنى نازارەت قىلىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمانلانمىغان، ئۇنى ھېچكىم نازارەت قىلمىغان جايلاردىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق بولۇپ تۇيۇلاتتى.

يىراق بۇ قېتىم بىر ئادەم راستىنلا ئۇنى نازارەت قىلماقتا. ئۇ قېيىقنى دەريا قىرغىقىغا ئېپكىلىپ، قېيىقنىڭ بېشىنى قۇرۇق سايغا سورەپ چىقىرىپ، ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋالغاندىن كېيىن، قىيپاش قىرغاققا قاراپ يول ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئۇڭ تەرەپتىكى سۇ يۇزىگە ساڭگىلاپ چۇشۇپ تۇرغان چاتقاللىق ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى، شۇ چاغدا ناستيۇنا ئۇنى سەزمىگەن ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئارقا تەرىپىدىكى تاشلىقتىن شىرىقشىغان ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ، قورققىنىدىن جان-پېنى چىققۇ-

دەك بولۇپ، بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاراپ، بىر ئادەمنىڭ ئىگىشكەن پېتى ھىلىقى قېيىقنى كۈچەپ سورەپ تاشلىقىقا چىقىرىۋاتقانلىـ غىنى كوردى ـ دە، ھودۇقۇپ ۋاقىراپ تاشلىدى.

ـــ قېيىقنى بۇنداق توختىتىپ قويغىنىڭ نىمىسى؟ سۇ ئېقىتىپ كېتىدۇ! ـــ ھىلىقى ئادەم سوزلەۋېتىپ سەل ـ پەل ئىگىشكەن ھالدا ناستيۇناغا قاراپ كەلدى.

بۇ ئاندىرى ئىدى. ناستيۇنانىڭ پۈتۈن ئەزايى تېخىچە لاغىلداپ تىترەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دەرھال قورقۇش ئارىـ لاش خوشال بولغان ھالدا ئاندىرىدىن ئاغرىنىدى ۋە ئۇنىڭ قوينىغا ئوزىنى ئاتتى. بىراق ئاندىرى ناستيۇنانى قوچاقلىغىلى قويماي، كاپ قىلىپ تۇتۇپ سورىگەن پېتى چاتقاللىققا ئېلىپ كىرىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئانىگارا دەرياسىدىن ئوز قارىسىنى يوقاتتى. چاتقاللىققا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىرى ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ـ دە، ھاسىراپ ـ ھومسىيىگەن پېتى ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى.

ـــ بۇگۇن كېلىدىغانلىغىڭنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان ئىدىم، ـــ دىدى ئۇ ھاسىرىغان ھالدا سوزلەپ، كوزلىرى ناستيۇناغا تولىمۇ يېقىندىن تىكىلىپ تۇرغاچقا پۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى، ـــ ئەتىگەن دەريا شاخاپچىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئادەملەرنىڭ گۇدۇڭـ لاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سېنىڭمۇ بارلىغىڭنى بىلگەن ئىدىم. مەن سېنى دەريادىن ئوتۇپ كېلىدۇ دەپ ئويلاپ، بۇ يەردە توپ ـ توغرا بىر كۈن ساقلىدىم. دىگەنىدەك

قېيىق ھەيدەپ كېلىۋاتقىنىڭنى كوردۇم.

ئۇ ناستيۇنانى تېخمۇ چىڭراق باغرىغا باستى.

— ئاستىراق، ھەي ئېيىق، — دېدى ناستيۇنا ئاندىرىنى ئېرىراق ئىتتىرىپ، قوسىغىنى تومپايتقان ھالدا، — قارىغا سىزنى، بۇنداق قىلىسىڭىز مىجىپ تاشلايسىز، كورمىدىڭىزمۇ، بۇنى؟

— راستىنلا قورسۇغۇڭدا بارمىكەن؟ ئۇ خوشاللىغىدىن گاڭگىراپ قالغاچقا ئارانلا شۇ گەپنى قىلالىدى.

— مېنىزە، قوسىغىنى ئۇماچ بىلەن تولدۇرۇپ شۇنداق چوڭ قىلىۋالغانمىدىكىن دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭىز؟

ئاندىرى قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى، ئۇ ئاللىقاچان كۇلۇشتىن چىقىپ قالغان ئىدى. ئارىغا ئوخشاش يوغان، كالامپاي ئالقىنى بىلەن ناستيۇنانىڭ قوسىغىنى ئاۋايلىغان ھالدا بېسىپ كوردى، ئۇنىڭ شۇنداق بېسىشى بىلەن ناستيۇنانىڭ يۇرىگى شۇررىدا ئېرىپ كەتتى-دە، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا چەكسىز مۇلايىملىق بىلەن يېنىككىنە بىر تىنندى.

— تېخى قولغا ئۇرۇنمايدىكەن، — دېدى ئاندىرى.

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۇرۇسىز؟! نىمىشقا ئۇرۇنمايدىكەن......

ناستيۇنا ئاندىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى قوسىغىنىڭ تورەلمە ئاللىقانداق نەرسىسى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ مىدىرلاۋاتقان يېرىگە تەككۇزدى.

— ئۇرۇندىمۇ؟
— ئۇقالمىدىم، ئالىلقاندىاق بىر نەرسە باردەك قىلىدۇ.
— ئۇقالماپتىمىش......ئۆزىڭىزنى ئۇقۇپ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قانداق بولسا بالا بار بولغان بولاتتى؟ سىزگە ئېيتسام، مەن بۇنىڭ ئوغۇللىغىنىمۇ بىلمەن تېخى.
— ۋاھ، بىلمەن دىگىنا! — دىدى ئۇ خىقىراپ كۈلۈپ، — قانداق بىلسەن؟
— بۇ جەزمەن ئوغۇل، ئىشەنمىسىڭىز ئىككىمىز يەنە بىر قىز تېپىشقىمۇ باغلىشىپ قويايلى، قانداق دەيسىز؟
— ئاۋال ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن بىرنىمە دەيلى.
— تۇغۇپ بېرىمەن، ئەلۋەتتە. نىمىشقا تۇغمايدىكەنمەن؟ بالىنى تۇغماي قوساقتا تۇرغۇزۇۋەرگەننى كىم كورۇپتىكەن؟! — ناستيۇنا ئۆز گېپىدىن ھى-ھىلاپ كۈلۈپ كەتتى.
بىراق ئۇ ئاندىرىغا سىنچىلاپ سەپسالغان چاغدا، كوڭلى بىردىنلا لاسىدا سوۋۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق تېز يۈز كورۇشۇپ قېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان شارائىتتا كورۇشۇپ قالغانلىغىدىن پەيدا بولغان شاتلىق بىردىنلا غايىپ بولدى. ئاندىرى بىراقلا ياداڭغۇراپ كەتكەنلىكتىن، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى، يۈز-كوزلىرىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قوۋۇزىدىكى بۇلجۇڭ گوشلەرنىڭ بوششىپ كەتكەنلىگى بىلىنىپ تۇراتتى، خۇنى

كەتكەن كوزلىرىدىن چەكسىز دەرت تارتىۋاتقانلىغى چىقىپ تۇراتتى. ساقاللىرى ئەمدىلىكتە قارىيىپ كورۇنىمەي، بەلكى مەينەتلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۇلرەڭ تۇسكە كىرىپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ساقال-بۇرۇتلىرى چىگىشلىشىپ كەتكەچكە، تېخىمۇ غېرىپ-ئەبگا بولۇپ كورۇنەتتى. بېشى گويا ئوز ئالدىدىكى ئالىلىقانداق بىر نەرسىلەرنى زەڭ قويۇپ كوزەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ تىۋىشىغا قۇلاق سالماقچى بولۇۋاتقاندەك، هامان ئالدى تەرەپكە سوزۇلغان ئىدى، — ئەمىلىيەتتىمۇ، ئۇ هەقىقەتەن هەر ۋاقىت هوشيار تۇراتتى. ئۇ چېچىنى يېقىندا ئالغان، يەنى ئوزى قايچا بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ قايچىلىغان ئىدى، هازىر بولسا گويا ئىت تالىۋەتكەنگە ئوخشاش ئۇزۇن-قىسقا، ئىگىز-پەس تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كوزلىرى ناستيۇنانىڭ يۇرىگىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى: ئوتكەن قېتىم يۈز كورۇشكەندىن بۇيان ئاندىرىنىڭ كوزلىرى ئاجايىپ بەك ئوزگىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن قاتتىق هەسرەت ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا ئەندىشىدىن باشقا ئالامەتلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى...... ئاندىرى ناستيۇنانىڭ كوڭلى يېرىم هالدا قاراۋاتقانلىغىنى كورۇپ، بىردىنلا ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى-دە:

— قانداق مېنىڭ بۇ ئەپتىمدىن يىرگىنىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاندىرى......، — دىدى ناستيۇنا بۇ سوئالدىن ئوزىنى

قاچۇرۇپ بېشىنى ئۇنىڭ كوكرىكىگە قويۇۋېتىپ. ئۇ ئاندىرىنىڭ كوكرىكىگە بېشىنى قويغان پېتى ئۆزى ئەڭ مۇھىم دەپ ھېساپ-لىغان خەۋەرنى غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن ئېيتتى:

— ئاندىرى، سىز تېخى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز، ئۇرۇش ئاياقلاشتى.

— خەۋەر تاپتىم، — دېدى ئۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا.

— قانداق خەۋەر تاپتىڭىز؟ كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دېدى ناستيۇنا ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىنىپ.

— سىلەر ئۇنى تەبرىكلەپ ئاتقان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

— ھە-ھە، مىلتىق ئاتقان ئىدۇق راست......

— ھازىر مېنىڭ كوزلىرىم بىلەن قۇلاقلىرىم چېنىقىپ قالتىس بولۇپ كەتتى...... ھەممىنى كورەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ گويا ئۇرۇش ئاياقلاشتى دېگەن گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك ھەم يەنە راستىنلا ئۆزىنى ماختىماقچى بولۇۋاتقاندەك ئاھاڭدا، — ھەتتا ئۆزەمدىن ئۆزەم قىزغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەتىگەن سىلەر ئانگارا دەرياسىنىڭ ئاساسي قاتناش يولىدا قېيىق ھەيدەپ يۈرگەن چېغىڭلاردىلا ئاۋازىڭلارنى ئاڭلاپ قالغان ئىدىم. ئاڭلىغاندىمۇ تېخى تاغ ئۈستىدە، قىشلىق كىچىك ئويدە تۇرۇپ ئاڭلىغانتىم. دەريا شاخاپچىسىغا يېتىپ كەلگىنىڭلاردا، ھەتتا سېنىڭ ئاۋازىڭنىمۇ پەرق ئېتتۇالدىم.

— بىراق مەن سىزگە ھېچقانداق نەرسە ئېلىپ كېلەلمە-

دىم، ــ دېدى ناستيۇنا ئاستاغىنا، ئۇ كوڭلىدە باشقا ئىشلارنى ئويلاۋاتقاچقا، ئاۋازى كىشىگە ئانچىلا قىزغىن ئەمەستەك تۇيۇ-لاتتى، ــ مەن پەقەت ئازغىنا بولسىلا بىلەن بىرنەچچە تۇخۇملا ئالغاچ كەلدىم. باشقىلارنىڭ كورۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ قالدىم.

ــ بىر نەرسە ئېلىپ كېلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمدى ياشاپ كېتەلەيمەن، ئورمان مېنى باقالايدۇ. ماڭا پاشىلىق بولسىلا بولاتتى، ناستيۇنا. پاشا قاخشىتىدىغانىدەك تۇرىدۇ. پاشىلىق بولمىسا ئۇلار مېنى يەپ قويىدۇ.

ــ پاشىلىق...... راست، مەن ئۇنى نىمىشقىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟

ــ كېلەر نوۋەت ئالغاچ كەل.

ــ ماقۇل......

ناستيۇنا پاشىلىقنى قەيەردىن تېپىش ئۇستىدە ئويلاندى: ئاندىرىنىڭ ئات يايلىدىن توقۇلغان ئەسلىدىكى پاشىلىغى ئاللى-قاچان كاردىن چىققان؛ ئويدە ئارتۇغى يوق. بىر يەردىن بىرنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. پاشا يىرتقۇچ ھايۋانلاردىنمۇ ئەشەددى كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاندىرى بۇ يەردە يەككە-يىگانە تۇرسا، پاشىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەس-بەس بىلەن ئېتىل-ماي قالمايدۇ.

ئاندىرى بىلەن ناستيۇنا بىر-بىرىگە يېپىشقان پېتى شۇ يەردە تۇرۇۋەردى. ئەتراپى ئوزلىرى بىلەن تەڭ بويلۇق يۇمران ئاق قېيىن دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان ئىدى. بۇ يۇمران ئاق

قېيىنلار بىخ سۈرۈپ، يوپۇرماق چىقىرىۋاتاتتى. تۈرۈلۈپ قالغان يۇمران يوپۇرماقلار يېيىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يوپۇرماقلارنىڭ يول-يول، ئىنچىكە، چوڭقۇر تومۇرلىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى، ئىنچىكە، يۇمران يوپۇرماق بەتلىرىدىن ئېقىش نۇر چاقنايتتى. دەرەخ ئارىسىدىكى يوچۇقتىن ئانىگارا دەرياسى كورۇنۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاتامان كەتتىنى ئارال توسۇۋالغان ئىدى. پاتاي دەپ قالغان كەچكى قۇياش ئۇزىنىڭ قىيپاش نۇرىنى شۇ تەرەپكە سەپمەكتە ئىدى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان بۇ ئەتراپتىكى دەريا قىرغاقلىرى كەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەنزىرىسى سۈرەتتەك گۈزەل ئىدى: بولۇق چىمەنلىكتە باراقسان ئالۇچا ۋە ئاق قېيىن دەرەخلىرى قەد كوتىرىپ تۇراتتى، دەريا قىرغىقى بىلىنەر-بىلىنمەس قىيپاش ھالەتتە سۇغا تېگىپ تۇراتتى، بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقى گويا خىيالىي جەننەتكە ئوخشاپ كېتەتتى. چىمەنلىك ئارىسىدا جۇغى كىچىك، چاققانغىنا كەلگەن لېكىن بوش ئاۋازدا سايرايدىغان نۇرغۇن نامسىز قۇشلار ئۇ ياندىن-بۇ يانغا سەكرىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بويىنى ئۇزۇن، بېشى كىچىك بولۇپ، دۇمبىسى ئالتۇنرەڭ تىيىنىنىڭكىگە ئوخشاش يول-يول ئىدى. بىر كاككۇك مۇشۇ قىرغاقنىڭ يىراق بىر يېرىدە "كاككۇك! كاككۇك!" دەپ سايراۋاتاتتى، ئۇ كىشىلەر ئۇچۇن پال بېقىپ① بېرىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئادەمنى

① رۇسلار كاككۇك ئادەمنىڭ قانچە ياشقا كىرىدىغانلىقىغا پال بېقىپ بېرەلەيدۇ دەپ خوراپىلارچە ئىشىنىپ كەلگەن. ئادەتتە كاككۇك

تويدۇرۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە سايرىدى. ناستيۇنا قېيىقتىكى چېغىدا ئۆزى ئۈچۈن كاككۇكقا پال باقتۇرغۇسى شۇنداق كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالىلىقاندىن بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ نىيىتىدىن يانغان ئىدى، ئەگەر ئۇ شۇ چاغدىن باشلاپ كاككۇكنىڭ: "ياشامسەن ياشىمامسەن، ياشامسەن ياشىمامسەن......" دېگەن سايرىشىنى سانىغىلى تۇرغان بولسا، ھازىرغىچە ئىككى يۈز ياشقىچە ساناپ بولغان بولاتتى.

—قىشلىق ئۆيگە كېتىمىزمۇ، قانداق؟—ئاندرېي سوراۋېتىپ، نىمە ئۈچۈنكىن-تالڭ، ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ قويدى.

—بەك يىراققا كېتىپ قالارمىزمىكىن،—دېدى ناستيۇنا ئىككىلەنگەن ھالدا،—قېيىقنى بۇ يەرگە تاشلاپ كېتىپ قالساق...... ئوغرىغا بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

—كىممۇ بۇ يەرگە كېلىپ يۈرەر......

—ناستيۇنا قېيىق يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن يىمەكلىكلەر ئورالغان كىچىككىنە بوپىسىنى ئالدى. بىراق ئۇلار قىشلىق ئۆيگە بېرىپ يۈرمەي، شۇ ئەتراپتىنلا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىلى بولىدىغان بىر جايىنى تاللاشقا كىرىشتى. ئىزدەپ يۈرۈپ ئورمان ئارىلىقىدا خىلۋەت جىمجىت، بىر پارچە چىمەنلىكنى تاپتى، سوگەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ھەم ئاپپاق، ھەم قاتتىق

---

سايراشقا باشلىغاندىن تارتىپ توختىغىچە بولغان ئارىلىقتا قانچە قېتىم سايرىغان بولسا، ئادەممۇ شۇنچە ياشقا كىرەلەيدۇ دەپ قارايتتى.

كەلگەن بىر تۈپ يىقىلغان دەرەخ چىمەنلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، ئۇنى دەل ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىپ تاشلىغان ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇ يىقىلىپ چۈشكەن دەرەخنىڭ غولىدا ئولتۇرۇشتى. ناستيۇنا كىچىك بوپىنى ئاندىرىغا سۇندى: ئاندىرى كۆڭلىدە بىرنىمىنى ئويلاۋاتقاندەك، يىراقتىكى ئاللىقانداق بىر جايغا نەزەر تاشلاپ ئولتۇرغىنىچە بوپىنى ئاستا-ئاستا ئاچتى. بىراق ئۇ بولكىنى كورۇپلا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھە دەپ قاساشقا باشلىدى. ناستيۇنا ئۇنىڭ بولكىنى ئالمان-تالمان يەۋاتقان، ئىچىقاپ كەتكەن ئەپتىگە قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يىقىلىپ چۈشكەن دەرەخ غولىدىن سىرىلىپ پەسكە چۈشتى-دە، قېيىقتا ئولتۇرىۋېرىپ ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرىنى سوزۇپ ياتتى، بىراق، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، پات-پات بېشىنى كوتىرىپ، ئاندىرىغا كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قوياتتى، شۇ پەيتتە ئۇنى ئاندىرىنىڭ ئوزىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىقاپ مۇشۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغان ئۇسال قىياپىتىمۇ ئەمەس، بەلكى كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن، چاچلىرى پاخپايغان، چىراي مەينەتلىشىپ كەتكەن، ساقىلى ئارىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولكا ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئاغزىغا سېلىۋاتقان بىر ئەر كىشى، ئۇنىڭ دەردىدە ئۆزى ئۇ يان ئورۇلۇپ-بۇ يان چورۇلۇپ، ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولمايۋاتقان، ئۆزىنى قانچە قېتىملاپ يۈز كورۇشۇپ كېلىشكە يۈگۈرتكەن مۇشۇ ئادەم ھەيران قالدۇردى، چوچۇتتى. "ئاھ خۇدا، ئادەمنىڭ ھىسسىياتى نىمە ئۈچۈن

شۇنچىلا نورمالسىز، شۇنچىلا قالايمىقان بولىدىغاندۇ؟! قاراپ تۇرۇپ شۇنچىلا ئۆزگىرىپ كېتەمدىغاندۇ؟! مېنى دەريادىن ئۇتۇپ بىر يۈز كورۇشۇۋېلىشقا تەقەززا قىلغان ئادەم شۇمىدۇ؟! ئىچ-ئىچىمدىن سېغىنىپ، غېمىنى يەپ كەلگەن ئادەم شۇمىدۇ؟! ماڭا شۇنچىلا قورقۇنچلۇق هالدا خوجايىنلىق قىلىشقا هوقۇقلۇق بولغان ھەمدە شۇنداق خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىشقا مېنى شۇنچىلا رازىمەنلىك بىلەن كوندۇرگەن ئادەم شۇمىدۇ؟!" بۇنىڭغا ئىشىنىش تەس ئىدى. بىراق ناستيۇنا ئۆزىنى يەنە مۇشۇنداق كوچىلاپ سوراۋېرىشتىن توستى، چۈنكى ئۇنىڭ ئېسىگە ئۇشتۇمتۇتلا: ئاندىرىمۇ ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كېلىپ بىرىنچى قېتىم يۈز كورۇش-كەندە، ئۆز-ئۆزىدىن: "مەن قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق بىر ئايال بىلەن يۈز كورۇشۇش ئۈچۈن شۇنچىلا تەقەززا بولۇپ قېچىپ كەلگەن بولغىيمىدىم؟ قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق بىر ئايال ئۈچۈن يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ، شۇنچىلا هاماقەتلىك قىلدىمۇ؟" دەپ سوراپ باققاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان خەۋپ-خەتەر بىر ئانىگارا دەريادىن ئۇتۇشتە ئۇچرايدىغان خەۋپ-خەتەردىن كوپ چوڭ، دىگەن خىيال كەلدى. ناستيۇنانىڭ يۈرىكى ئەنە شۇ خىيال بىلەن "ئەسلىدە ئادەم ئۆزىنىڭ هېچنېمىسىنى بىلمەيدىكەن، ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدىكەن، ئۆزىدىنمۇ ئۆزى قورقىدىكەن" دەپ، يۈرىكى ئىنتايىن قاتتىق سىقىلىپ كەتتى.

ھىلىقى كاككۇك بولسا ئۆز سەنسىمگە دەسسىمەكتە، دەل-دەرەخ، دەريا، تاشلارغا پال بېقىپ، ئۇلارنىڭ قانچە ياشقا كىرەلەيدىغانلىغىنى ھىساپلاپ باقماقچى بولۇۋاتقاندەك، توختىماي سايرىماقتا. دەريا دولقۇنى ئارالىغا ئۇرۇلۇپ، شار-شۇر قىلىپ ئاۋاز چىقارماقتا؛ شاخ-شاخلارغا خىلىلا بۇرۇن تارتىپ قويۇلغان ئومۇچۇك تورلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا ۋاللىداپ چاقنىماقتا. ئەتراپقا نەزەر تاشلىسىڭىز، ھەممىلا ياق ياپ-يېشىل تون يېپىنغان ئىدى، گۈللەپ ياشناۋاتقان بۇ ياپ-يېشىل دۇنيا ئادەمنىڭ كوزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، ياپ-يېشىل، سۇس تۇمان پەردىسىنى ھاسىل قىلاتتى؛ گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان نەمخۇش ۋە يېپيېشقاق خۇش پۇراق كىشىگە ئارام بېغىشلايتتى. بىر كېپىنەك ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، چىمەنلىككە تىك موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۇشۇپ، بولۇق ئوت-چوپ ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ، ئۇزاققىچە ئۇ يان-بۇ يان ئۇسۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلمىدى. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئانگارا دەرياسىنى ھەتتا تاشلىقىقا چىقىرىپ قويۇلغان قېيىق قۇيرۇغىنى كورۇپ تۇرۇشقا بولاتتى. ناستيۇنانىڭ پات-پات شۇ ياققا قاراپ قويۇشى ھەرگىز قېيىق يۇتۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنلىكتىن بولماستىن، بەلكى باشقا ئاللىقانداق بىر ئىشتىن ئەنسىرەيتتى، ئۇ شۇ تاپتا قېچىپ قۇتۇلۇشقا بولمايدىغان بىر خىل ھىسسىيات بىلەن شۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئاندىرى بولكىنى يەپ بولدى. ناستيۇنا ئۇنىڭ كەپنى باشقا ياققا ئەگىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سوئالىنى توپ-توغرىلا قويدى:

— ئۇرۇش ئاياقلاشتى، ئەمدى ئىككىمىز قانداق قىلىمىز، ئاندىرى؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئاندىرى مۇرىسىنى لىكىلدىتىپ، ناستيۇنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى، ئۇ يالغۇز "بىلمەيمەن" دېگەن گەپنىڭ تولىمۇ يېنىكلىك بىلەن ئېيتىلغانلىغىنى ھىس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاندىرىنىڭ ھېچقانداق ئىشتىن زادىلا خەۋەر تاپقۇسى كەلمەيدىغانلىغىنى ھىس قىلدى.

— ھەر ھالدا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى باشقا ئادەم كېلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرمەس؟ بۇنىڭ بىرەر چارىسىنى قىلىش كېرەك، ئاندىرى.

— مېنى قانداق قىل دەيسەن؟

— قانداقمۇ مەن سىزنى مۇنداق قىل دەي..... بۇنى مەن دەۋاتمايمەن..... بەلكى..... قانداق، ئىككىمىز ھېچقانداق چارە ئويلاپ كورمەيمىزمۇ؟ بىر نىمە دەڭا.

ئاندىرى بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىغان پېتى بىر پەس خىيالغا چومۇپ، نىمە دېيىش ئۇستىدە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاخىر توختىماي سوزلەشكە باشلىدى:

— قانداق قىلىمىز؟ سەن ماڭا بالا تۇغۇپ بېرىسەن. مانا بۇ سېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭ. ئولۇپ كەتسەكمۇ بالىنى

تۇغمساڭ بولمايدۇ، ئۇ ئىككىمىزنىڭ جېنى. سەن نىمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىلىۋەرگىن، ئىختىيارىڭ، بىراق شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بالىنى تۇغۇپ بەرمىسەڭ زادى بولمايدۇ. بۇنىڭغا تەييارلىق كورۇۋەرسەڭ بولغىنى، — ئۇ گەپنى باشلىغىنىدا تەلەپ-پۇزى ئىنتايىن قەتئى ھەتتا ئىنتايىن جىددى، قاتتىق ئىدى. لېكىن سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئۇنى پۇتوپ قالدى. ناستيۇنا شۇنى سەزدىكى، يېقىندىن بۇيان ئاندىرى دائىم ئاۋازىنى ئوزگەرتىپ سوزلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھەمىشە جىددى بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان چاغلاردا جىددى بولۇۋالاتتى، لېكىن ئارقىدىنلا ئاۋازى يەنە يىغلامسىراۋاتقانغا ئوخشاش ئىنتايىن ھەسرەتلىك ئاھاڭغا ئوزگىرىپ كېتەتتى. بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ كوڭ بويى مۇڭداشقۇدەك ئادىمى بولماي، يەككە-يىگانە يۇرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ياكى بۇنىڭدا يەنە باشقا سەۋەپلەر باردۇ. ئاندىرى كېلىنى قىرىۋېتىپ، سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوزەمچۇ؟ ئوزەم قانداق قىلىشىم كېرەك؟ سەن ئېھتىمال "ئەگەر ئۇ ئالدىنقى سەپتە تۇرىۋەرگەن بولسىمۇ، ئولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى" دەپ قانچە قېتىم ئويلىغان-دۇرسەن. بۇنى ئىنكار قىلىپ يۇرمىسەڭمۇ بولىدۇ، سېنىڭ جەزمەن مۇشۇنداق ئويدا بولغانلىقىڭنى بىلىمەن. ئوزەمدىمۇ مۇشۇنداق ئويلار بولغان. ھازىر ئۇرۇش ئاياقلىشىپ بولغان-دىكىن، بۇنداق ئويدا بولۇشنىڭ ھېچقانداق ئەجەپلەنگۇچىلىكى يوق. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئېھتىمال زادىلا ئولمەي

ئويگە هايات قايتىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، ــ ئۇ ئىڭىشىپ، يۈزىنى ناستيۇناغا مەھكەم ياقتى، كوزلىرى ئاۋالقىدىنىمۇ بەكرەك پۈرۈشۈپ كېتىپ، ھەتتا كوز قارىچۇغىمۇ كورۈنمەي قالدى. ئۇ پۈتۈك ئاۋازى بىلەن دۈدۈقلاپ تۇرۇپ، ئادەمنى قورقۇتۇپ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇزغۇزغۇدەك ئەلپازدا پىچىرلىدى، ــ ناۋادا ئولۇپ كەتكەن بولسام، ھازىر سەن بىلەن بىر يەردە بولالامتىم؟ بۇنى ھېچكىممۇ ھوددىگە ئالالمايدۇ. مانا ھازىر قانداقلا بولمىسۇن يېنىڭدا ئولتۇرۇپتىمەن. مەندىن قانداق قىلمىز دەپ سوراپ يۈرمىگىن، مېنى ئالدىراتمىغىن. مەن قىلالايدىغان بىرلا ئىش قالدى، ــ ئاندىرى قەددىنى رۇسلاپ، بىر قولىنى توۋەنگە قارىتىپ شىلتىدى: ــ توختاپ تۇرغىن، گېپىمنى ئۈزۈپ تاشلىما. مەن سېنى چۈشىنىمەن، ساشا ئىشىنىمەن. ئەينى چاغدا ساشا يازغىچە ياشايمەن دەپ ئېيتقان ئەمەسمىدىم. قارىماسەن، ياز دىگەن كېلىپ بولدى. سەن شۇئىرغانغا قارىماي، مۇزلارغا دەسسەپ مېنى كورگىلى كەلگەنگە ئانچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىدى، بىراق مانا بۇگۇن بۇ يەرگە قېيىق ھەيدەپ كېلىۋاتىسەن. مەن تۇگەشتىم، ناستيۇنا، بۇ ئوينىشىپ دەۋاتقان گېپىم ئەمەس، ھەرقانچە دىگىنىم بىلەنمۇ ھاياتلىق يولۇم قالمىدى. بۇ يەردە توت ئاي تۇرۇپ، توپ-توغرا قىرىق يىلنى ئوتكۈزگەندەك بولدۇم. بۇنىڭغا ئالىلىقاچان ياشاپ بولغان ئوتتۇز يىلنى قوشسام، مەن تۇگەشتىم دىگەن گەپ. شۇنى ساشا ئېيتىپ قوياي، بۇ ئوينىشىپ دەۋاتقان گەپ

ئەمەس، لېكىن ئۇزەممۇ ئوزەمنىڭ بىكاردىن-بىكار تۇگىشىپ كەتمىگەنلىگىمنى بىلىپ قېلىشىم كېرەك. مەن ساڭا يەنە پايدام تېگىدىغانلىغىغا ئىشىنىمەن. سېنىڭ بۇ يەرگە مېنى دەپ ئەمەس، بەلكى ئۇزەڭنى دەپ، ئۇزەڭنىڭ كوڭلىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۇچۇن كەلگەنلىگىڭگە ئىشىنىمەن.

— شۇنداق، مەن تا هازىرغىچە بۇ يەرگە زادى كىم ئۇچۇن كەلگەنلىگىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ناستيۇنا ئىقرار بولۇپ.

— سەن كوڭلۇڭدىكى ئىشلارنىڭ هەممىسىنى چىقىرىۋېتىپ، هېچنېمە بىلەن كارىڭ بولماي، پەقەت ماڭا بالا تۇغۇپ بەر-سەڭلا بولغىنى. بالا ئىككىمىزنىڭ بىردىن-بىر نىجات يولتۇزى-مىز. سەنمۇ مېنى دەپ تارتقۇلۇقلارنى تارتىۋاتىسەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزەڭمۇ ۋىجدان ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالىدىغان ئىشنى قىلىچىمۇ قىلمايدىغان ئايالسەن. شۇڭا كوڭلۇڭمۇ زادىلا ئارامىغا چۇشمەي كېلىۋاتىدۇ. بىراق بالىنى تۇغۇپ بولغىنىڭدىن كېيىن يېنىكلىشىپ قالىسەن. بالا سېنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. كىشىلىك دۇنياسىدا بىزنىڭ بالىمىزنىڭ يۇزى ئۇچۇن بولسىمۇ ساقىت قىلىۋېتىلمەيدىغان گۇنا بارمىدۇ؟ ياق، ناستيۇنا، ئۇنداق گۇنا يوق. مۇشۇ سوزۇمنى ئېسىڭدە تۇتقىن. ساڭا تېزرەك تەييارلىق كورگىن دەپ تاپىلاپ قويۇش ئۇچۇن، مەن سېنى كۇتۇپلا كېلىۋاتىمەن. سائەتمۇ-سائەت كۇتۇپ كېلىۋاتىمەن. سەن باغرىڭنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى لاتا

بىلەن چىلەك ئۇرنىۋال، قۇلىغىڭغا پاختا تىقىۋال، خەقلەر ساڭا ھەرقانچە تىل-ھاقارەت ياغدۇرسىمۇ، سېنى ھەرقانچە زاڭلىق قىلسىمۇ قۇلىغىڭنى يوپۇرۇۋېلىپ پىسەنت قىلما. كېيىنچە، تېخىمۇ مۇشكۇل كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن..... سەۋرى-تاقەت قىلغىن، ناستيونا. بىراق، زادى قانداقلا بولمىسۇن، بالىمىزنى بەختسىزلىككە ئۇچراتمىغىن. ناۋادا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي قالساڭ مېنى ئىزدەپ كەلگىن. مېنى تاپ. مەن سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن. مەن سېنى كۈن كورسۇن دەپ، سېنى قوغدىيالارمەنمىكىن دەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، مۇبادا ئۇلار ساڭا كۈن بەرمەيدىغان، ياشاشقا زادى ئىمكان بەرمەيدىغان بولسا، مەن ھەرگىز ئۇلارنى كەچۈرمەيمەن، ھەممىسىنى ئۇرۇق-پۇرۇغىنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلايمەن، ھەممىسىنىڭ ئۆيىنى قالدۇرماي كويدۇرۇۋېتىمەن، ئۇزەمنى تۇققان ئانام بولسىمۇ رەھىم قىلمايمەن.

ئاندرىنىڭ ئەسەبىلەشكەن كوزلىرى ئانگارا دەرياسىغا مىختەك قادالدى، بېشى تارتىشىپ قالغاندەك مۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پېتىپ قالدى.

— ئاندرى! ئاندرى! — دەپ ۋاقىرىدى ناستيونا ئۇنىڭ سوزلىرىدىن قورقۇپ كېتىپ.

ئاندرى ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ قويۇپ، كوڭلىگە سىغماي قالغان، دېمىنى سىقىۋاتقان غەزىۋىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىر ھازاغىچە لام-جىم دېمەي ئولتۇردى. ناستيونامۇ نىمە

دىيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ قىرچىن تال كېسىشنى بانا قىلىپ ئانگارا دەرياسىدىن ئۆتكەنلىكىنى، بىراق، يا قىڭراق، يا پالتا ئالغاچ كەلمىگەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنى نېمە بىلەن كېسەرمەن دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى ئېسىگە ئالغان چېغىدا، گويا بۇ ئىش ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، باشقىلارنىڭ ئىشىدەك بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش ھېسسىياتى بىلەن تولدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىككى قولى، ئىككى پۇتى بار ئادەم، مەيلى قايسىسى بولسۇن، بىر ئادەمدەك تۇرسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم ئەمەس، بەلكى بىرقانچە ئادەمنىڭ بىرىكمىسى ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئاندىرىنى تىتىپ بىرنەچچە پارچە قىلىۋەتمەكچى بولۇپ تەرەپ-تەرەپتىن ھەر يانغا تارتماقتا، سورىماقتا، تاكى ئۇنى كورغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتمىگىچە بولدى قىلمايدۇ. بۇ بىچارە ئادەم ئاندىرى بولسا باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ بولغىلى بولمايدۇ دەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھەر ھالدا ئاز-تولا تېپىپ تۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە كېرەك.

ناستيۇنا ياتقان چىمەنلىكتىن چىققان سوغاق نەملىك ئۇنىڭ بەدىنىگە ئۆتۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ، يىقىلىپ چۈشكەن دەرەخ غولى ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئاندىرى ئۇنىڭغا يېقىنراق بېرىپ ئولتۇردىيۇ، لېكىن ناستيۇنانىڭ ئېھتىيات قىلغىنىدەك قۇچاقلىۋالماي، بەلكى

گەۋدىسىنى خۇددى سائەت ماياتنىڭكە ئوخشاش تەۋرىتىشكە باشلىدى. قۇياش نۇرى چىمەنلىكتىن يوتكىلىپ، دەريا تەرەپكە ئوتۇپ كەتتى. پەقەت سۇندۇكلا قۇيرۇغىنى لىكىلدىتىپ، قېيىقـ نىڭ قۇيرۇغىدا ئۇ يان-بۇ يان سەكرەپ قويۇپ، كېيىنچە تۇيۇقسىز كوككە قاراپ ئۇرلىدى-دە، كوزدىن غايىپ بولدى. بىراق ھەش-پەش دىگىچە يەنە پەيدا بولۇپ، بېشىنى توختىـ ماي لىڭشىتىپ، سۇغا سەپىلىشقا باشلىدى. شەرقىي يېرىم ئۇپۇقنىڭ كۇن چىقىدىغان يېرىدە لەرزان لەيلەپ يۇرگەن ئاق بۇلۇتلار پەيدا بولدى. ناستيۇنا ھاۋا ئوزگىرىپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرىگىلى تۇردى.

لېنا دەرياسى بويىغا بېرىپ كەلسەم بولارمۇ-يا؟ — دىدى ئاندىرى گەپنىڭ باش-ئايىغىنى چىقارماي.

— لېنا دەرياسى بويىغا دەمسىز؟ — دەپ سورىدى ناستيۇنا ئەجەپلەنگەن ھالدا، — نىمىشقا بارىسىز؟

— ئۇ يەردە مېنىڭ بىرگە جەڭ قىلغان كوليە تىخونوۋ دەيدىغان بىر دوستۇم بار، — ئۇ گويا كېلىنغا بىر نەرسە كەپلىـ شىپ قالغاندەك قاقىلىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ھىلىقى ئادەمنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، — كوليە تىخونوۋ. ئىككىـ مىز بىر پەيدە بولمىساقمۇ (مەن بىرىنچى پەيدە ئىدىم، ئۇ ئۇچىنچى پەيدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەرقايسى پەي نوۋەت بىلەن رازۋېتكىغا چىققاچقا، دائىم يۇز كورۇشۇپ تۇرالمايتتۇق)، تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالسا، بىللە بولالايتتۇق. ئۇ تېخى

ئويلەنمەپتىكەن...... قايسى قىز ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىنىدىغان بولسا، تەلىيى ئوڭىدىن كەلگىنى شۇ. ئۇ ئاقكوڭۇل، يۇۋاش، ھەم قولى ئەپچىل، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ناھايىتى مەرت ئىدى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر كويىنىكىنىمۇ ئۇستىدىن سېلىپ خەققە بېرىشكە، ئەڭ ئاخىرقى ئوزۇقلۇق ئاشلىغىنىمۇ بېرىۋېتىشكە رازى ئىدى. ئۇنىڭ مەڭزىدە بىر تاتۇغى بار، گويا زىننەتقا ئوخشاش دەل جايىغا چۈشكەن. ئۇ كىچىكىدە باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنىدا، ئۇلار ئارا سانچىپ قالدۇرغان تارتۇق ئىكەن. ئىككىمىز "قايسىمىز ئولۇپ كەتسەك، ھايات قالغان يەنە بىرىمىز ئۇنىڭ ئويىگە بېرىپ، ئويىدىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزىمىز" دەپ كېلىشىۋالغان ئىدۇق. ئۇ لېنا دەرياسى بويىدىن، مەن ئانگارا دەرياسى بويىدىن بولغاچقا، ئاز-تولا يۇرتداشلىغىمىزمۇ بار، قايسىمىزنىڭ ئويىگە بارماقچى بولساق ئانچە كوپ يول يۇرۇش ھاجەتسىز. مەن بىر ئاز غەلىتىرەك ئادەم ئوخشايمەن. مەن ئۇنىڭدىن: "ئەگەر ئىككىمىز تەڭلا ئولۇپ كەتسەك قانداق قىلىمىز؟" دەپ سورىسام، ئۇ: "ئانگارا دەرياسى بىلەن لېنا دەرياسى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمىسىلا، ئىككىمىزمۇ تەڭ ئولۇپ كەتمەيمىز،" دىگەن ئىدى، — ئاندىرى پىسىڭىدە كۆلۈۋېتىپ، ئارقىدىنلا يەنە چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى، — مەن ئۇنىڭغا ئوزەمنىڭ بىلىم-سەۋىيەمنى كورسىتىپ: "بۇ ئىككى دەريا ئاخىردا بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ھەممە دەريالار

دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ دېگەن شۇ-دە“ دېسەم، ئۇ: ”بۇ ئىككى دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىشى ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يولىدا ئېقىپ تۇرغىنىدا هايات هېسابلىنىدۇ، دېڭىزغا قۇيۇلغان هامان ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئالەمگە كېتىمىز“ دېدى. مەلۇم بىر كۈنى تاڭ خىرە-شىرە يورۇۋاتقاندا بىر رازۋېتكىدىن قايتىپ كەلسەك، باشقىلار ماڭا كولىيەنىڭ جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، جەسىدىنىڭ قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر قېتىم بېرىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇ خەۋەرنى ئېيتىپ قويسام بولارمى-كىن،— ئۇ ھەتتا دېمىسىمۇ ئېلىشۋالماي سوزىنى داۋاملاشتۇرى-ۋەردى،— مەن ئۇنىڭ قەيەرگە كۆمۈلگەنلىكىنى بىلمەن، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىكىگە قويغان ئىدىم. بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ قويغاندىكىن، لەۋزىمدىن يانماسلىقىم كېرەك......

— سىز قانداقمۇ بارالايسىز؟— دەپ سورىدى ناستيۇنا خاتىر-جەم بولالماي.

— مەن يىراق جايدىن كەلگەن ئادەم بولۇۋالسام بولۇۋې-رىدۇ. ئۇ كەنت ئاران ئالقانچىلىكلا كېلىدۇ. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ بىر دەم ئولتۇرۇپ، ئەھۋالنى سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن، دەرھال قايتىپ كېلىمەن. مەن ئۇنى يەرلىكىدە قويغاندا كوز يېشى قىلمىدىم، ئارمىيىدە ئادەم ئۆلسە كوز يېشى قىلىپ يۈر-مەيمىز. بىراق يېقىندا ئۇ يادىمغا يېتىپ قېلىۋىدى، كوز ياشلىرىم ئىختىيارسىز مونچاقتەك توكۇلدى. مەن باغرى قاتتىق

ئادەم ئەمەسمەن، ناستيۇنا. ئەگەر باغرى قاتتىق ئادەم بولغان بولسام ئىدىم، كۆنىمىز ياخشى ئۆتكەن بولاتتى. مەن كوپ ئويلاپ كەتتىم، ئويلاۋېرىپ بېشىم قېيىپ، كوزلىرىم قاراڭغۇ-لىشىپ كەتتى، ماغدۇرىمدىن كەتتىم، بىراق بارلىق ئوي-پىكىرلىرىم يىگىنگە ئوخشاش......ماڭا سانچىلىۋەردى......مەن كوڭلۇمدە: "بۇنىڭدىن كورە ئوزەمنى مەلۇم قىلغىنىم تۇزۇك ئوخشايدۇ—قانداق بىر تەرەپ قىلسا شۇنداق بىر تەرەپ قىلار ئىدى، قانچە قاتتىق چارە كورسە شۇنچە ياخشى، ئوزەم تاپقان بالا ئەمەسمۇ. ئوزەمنى ئولتۇرۇۋالغاندىن كورە بۇيرۇقتا بىنائەن مۇشۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى مېنىڭ بۇ ئەنزەمنى بىر ياقلىق قىلىۋېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىنىم تۇزۇك. مېنىڭ ئولۇمۇم بىلەن ئوز ئىشىنى تۈگۈتۈۋالسۇن، بۇنداقتا ئۇلارنىڭمۇ كوڭلى ئارامغا چۈشىدۇ، مېنىڭمۇ ئارامغا چۈشىدۇ" دەپ ئويلىدىم،—ناستيۇنا دىمىنى قىسىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سوزىنى قالدۇرماي ئاڭلىۋېلىشقا تىرىشتى. بىراق ئاندىرى سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كەسكىن تۇردە بېشىنى ئىغاڭلىتىپ، سوزىنى داۋاملاشتۇردى،—ياق، مەن ئوزەمنى مەلۇم قىلمايمەن. بۇ جاندىن ئايرىلىپ قېلىشىمدىن قورققانلىق-تىن ئەمەس، ماڭا ئولۇم جازاسى بېرىش، ئېھتىمال، ياخشى ئىشتۇ. ھېچ بولمىغاندا كىشىلەر بىرەر ئازگال كولاپ مېنى كومۇپ قويۇشىدۇ. بۇ يەردە بولسا جەسىدىمنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقىمۇ ئادەم چىقمايدۇ. مەن سىلەرنى مېنىڭ كاساپىتىمگە

ئۇچراپ قالامدىكىن دەپ قورقىمەن. ئەگەر باشقىلار بالىنى مېنىڭ تاپقانلىغىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، سېنى جەزمەن قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئالىدۇ. ئۇزەمنىڭ گۇنايى بولغاندىكىن، مەنغۇ مەيلى، بىراق سەن نىمە ئۇچۇن بۇنداق ئازاپ-ئوقۇبەتكە قالىدىكەنسەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بالا ئانا قوسىغىدىن يەرگە چۇشۇپلا قارىلىنىپ قالسا ئۇ قارىنى ئومۇرۋايەت يۇيالمايدۇ، ئومۇرۋايەت ئويدان كۇن كورەلمەيدۇ. ياق، مەن زادى ئۇزەمنى مەلۇم قىلمايمەن. سەن مەندىن قانداق قىلىمىز دەپ سوراۋاتىسەن، سېنىڭچە مەن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئىچىمدە ئويلاپ باقماپتىمەنمۇ؟ بۇ ئىش ئۇستىدە باش قاتۇرماپتىمەنمۇ؟ بىز يەنىلا سەۋرى-تاقەت بىلەن كۇتۇپ تۇرۇۋېرەيلى، ۋاقتى كەلگەندە قانداق قىلىش كېرەكلىكى تەبىي هالدا ئايدىڭلىشىپ قالىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن ئېھتىمال لىنا دەرياسى بويىغا بىر قېتىم بېرىپ كېلەرمەن. بىراق خاتىرجەم بولالماسلىق تۇپەيلىدىن بېرىپمۇ يۇرمەسمەن. ناستيۇنا، ئەگەر مەن يېنىڭدىن يىراققا كېتىپ قالسام، ئەندىشىگە چۇشىمەن، قورقۇپ قالىمەن، پەقەت سېنىڭ يېنىڭدا تۇرسامالا ئاندىن هايات تۇرالايمەن. ئەتىگىنى كوزۇمنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ، ئويغانغان هامان كوڭلۇمدە: "هازىر ناستيۇنا نىمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ، ئورنىدىن تۇرغانمىدۇ؟" دەپ ئويلايمەن. كۇندۇزى تالا-تۇزدە ئايلىنىپ يۇرگىنىمدە يەنىلا: "هازىر ناستيۇنا قەيەردىدۇ؟ مېنىڭ ئۇستۇمدە نىمە غەملەرنى يەۋاتقاندۇ؟" دەپ

ئويلاپ كېتىمەن. قىسقىسى، مەن يەنىلا ھېلىقى سوزۇمنى تەكرارلايمەن: سەۋرى-تاقەت قىل، ناستيۇنا، سەۋرى-تاقەت قىل. ئاغزىڭنى ئاچما. ھەرگىز ھېچكىمگە ئېيتقۇچى بولما. ماڭا نىسبەتەن، سەن خوتۇنۇم ئەمەسسەن، خوتۇنۇم بولغان بولساڭ، ئويدە بىللە تۇرغان بولاتتۇق، مەن ئۇچۇن سەن پۈتۈن بىر دۇنياسەن، ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەر ساڭا چېتىقلىق. ئۇنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ تاشلىۋېتەلمەيسەن.

— كېپىڭىزنى قارىڭا، ئاندىرى، نىمە دىگىنىڭىز بۇ؟ — دىدى ناستيۇنا ئۇنىڭ باغرىغا ئوزىنى تېخىمۇ چىڭ يېقىپ. ئۇنىڭ كوڭلى تارتىنىش ۋە ئالاقزادىلىك ئارىلىشىپ كەتكەن خوشاللىققا چومدى. ئۇ شۇ تاپتا گويا ئۇپۇقتىكى رەڭدار شەپەقنىڭ تاڭ شەپىغى ياكى كەچكى شەپەق ئىكەنلىگىنى بىلەلمەي قالغان ئازغۇنغا ئوخشايتتى.

— مەن گاچا بولۇپ يۈرۈشتىن تويدۇم. مېنىڭمۇ گەپ قىلغۇم كېلىدۇ. ئاشۇ يىلى ئىلئىن بايرىمىدا①، ئىككىمىزنىڭ بىرلىكتە ئوستەڭ شاخاپچىسىدىن ئوتۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى توپىلىكتە ئوت-چوپ ئورۇغانلىغىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ يىلى ئوت ئورۇش مەيدانىدىكى ئوت-چوپلەر شالاڭ بولۇپ، ئوت-چوپنى

① ئىلئىن بايرىمى — مۇقەددەس ئىلئىن بايرىمى بولۇپ، ئۇ گۇلدۇرماما بايرىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ روسىيە پىراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ بايرىمى بولۇپ، رۇس كالىندارى بويىچە 7-ئاينىڭ 20-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئورۇشقا توغرا كەلگەن. ئۇ كۈنى ھاۋا ھەم دىمىق ھەم ئىسسىق ئىدى، كوكۇيۇن ئىككىمىزنى ئۆلگۈدەك چاقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئىگىز-پەس بولغاچقا، ئوغاقنىمۇ تۈزۈكرەك ئىشقا سالالمىغان ئىدۇق. بايرام بولۇۋاتـ قاندا ئىككىمىزنى ئوت ئورۇپ كېلىشكە ئەۋەتىشى ئادەمنى ھەممىدىن بەك چېچىلدۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىزمۇ: "ئوت ئورۇغىلى بارغان ياخشىمۇ ياكى بارمىغان ياخشىمۇ" دىگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر يەرگە كېلەلمىگەن ئىدۇق. شۇ كۈنى ئارام ئېلىشقا قويۇپ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەن ئىشقا چىقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلئىن بايرىمىدا ئادەت بويىچە چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغاتتى، شۇ كۈنىمۇ شۇنىداق بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. يادىڭدىمۇ؟

— يادىمدا. نىمىشقا يادىمدا بولمىسۇن؟ بۇ ئۇرۇش پارتلاشـ نىڭ ئالدىنقى بىر يىلى يازدا بولغان ئىش. سىز شۇ يازدا بوغالتىر بولمايمەن دەپ ئىستىپا بەرگەن ئىدىڭىز، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ سىزنىڭ ئورنىڭىزغا بوغالتىر بولغان.

— شۇنداق، ئىككىمىز يول بويى ماي تارتىشىپ، ئۇرۇشقىـ مىز كېلىپلا ماڭغان ئىدۇق. بىراق نىمە ئىش ئۈچۈن ئۇرۇشـ ماقچى بولغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزمۇ دەپ بېرەلمەيتتۇق. مەن ساڭا بىر قاراپ قويۇپ كوڭلۈمدە: "ئەڭ ياخشىسى بىرنىمىلەرنى دەپ، بۇنى يىغلاتسام، ئاندىن كېيىن يېغىرىغا تۇز سەپكەندەك، ئىچىمدىكى دەيدىغانلىرىمنى قالدۇرماي دەۋالسام" دەپ ئويلىغان

ئىدىم. سەنچۇ، سەنمۇ ماڭا كوزۇڭنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويۇپ، ئاغزىڭنى چىڭ يىمىرىپ، ئاچچىغىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ تۇرغاندەك قىلاتتىڭ. راستىنى ئېيتقاندا: "بارە نېرى، بۇ ئىشنى بىز قىلىپ ئولتۇرماي، كەنتكە قايتىپ كېتەيلى" دەپ، نىمە قىلىش كېرەكلىگىنى ئويلاش لازىم ئىدى. بىراق زادىلا شۇنداق ئويلاپ باقمىدۇق، ھىچقايسىمىز ئېغىز ئاچمىدۇق. پۇشۇلداپ تىنىپ، لام-جىم دىمىدۇق. تۇيۇقسىز، چاقماق چېقىپ، يامغۇر قۇيۇۋەتمەي، ئەكسىچە قاياقتىندۇر ئازراق ئوتكۇنچى يامغۇر ياغدى. بۇ يامغۇر ئۇستىمىزگە چۇشۇپ، ھەم بىزنى راھەت-لەندۇردى، ھەم قەلبىمىزنى ئىللىتتى، بىراق بۇ ئوتكۇنچى يامغۇر قاياقتىن كەلگەن بولغىيدىكىن-تاڭ. كوكتە بىر پارچە بۇلۇتمۇ كورۇنمەيتتى. كېيىنچىرەك ھاۋا تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئاسمان گويا ئەينەكتەك سۇپ-سۇزۇك ئىدى. ئىككىمىز توختاپ قېلىپ، بىر بىرىمىزگە قارىشىپ قالغان ئىدۇق. ھىلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ ئىككىمىز تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خوشال بولۇپ كەتكەن ئىدۇق، چۇنكى دەل ۋاقتىدا شۇنداق يامغۇر يېغىپ بەرگەن ئىدى، چۇنكى بۇ ئەتراپتا يالغۇز ئىككىمىزلا قېلىپ قالغان ئىدۇق، چۇنكى ئىككىمىز زادىلا ئۇرۇشۇپ قالمىغان ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ يامغۇر يېغىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئىككىيلەن گويا ئىككىمىز بولماي، بەلكى باشقا كىشىلەردەك، ئىككىمىز يامغۇر ياققاندىن كېيىن يۇز كورۇشۇش ئۇچۇن بۇ يەرگە

يۈگۈرۈپ كەلگەنـدەك بولۇپ تۇيۇلغان ئىـدى. يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىككىمىزنىڭلا كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەن ئىـدى. شۇ چاغدا شۇنـداق بولغانـغۇ؟ نىمە ئۈچۈن شۇنـداق بولغانتى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازغىنا يامغۇر ياقـقانلىقـتىنمۇ؟ ئەمگەك قىلىش ھاجەتسىز بولۇپ قالغانلىقتىنمۇ؟

— كېيىنچە ئىككىمىز پۇرچاقلىقتا كەتكەن ئىدۇق......

— پۇرچاقلىقتا ئۇنىڭدىنمۇ كېچىكىپرەك بارغان ئىدۇق. ئىككى‑مىز ئاۋال ئوغاقنى تاشلىۋېتىپ، ئاندىن قوچاقلاشقان ئىدۇق. ئۇ يامغۇر نىمە ئۈچۈنكىن ـ تاك، كىيىملىرىمىزنى ھول قىلىۋەتمىگەن ئىدى. ئۇ ياغا ـ ياغمايلا ئىز ـ دېرەكسىز كوزدىن غايىپ بولغان ئىـدى. ئۇ گويا تۇمان ياكى خاسىيەتلىـك شەبنەمـگە ئوخشاپ كېتەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئېھتىمال، دەل شۇ يامغۇر ياققان‑لىقتىن ئىككىمىزمۇ سېھرىلەنگەنـدەك بولۇپ قالغان بولغىيدۇق. ئارقىدىنلا سەن ماڭا پۇرچاقلىقتا بارايلى دىـدىڭ، شۇ چاغدا سەن مېنى نەگە بارغىن دىسەڭ، ئارقاڭدىن شۇ يەرگە باراتتىم. قارىمامسەن، مانا ھازىر بۇ ئىشنىڭ ئېسىمگە كېلىپ قالغىنىنى......

— ئاندىرى، ھازىر ئىككىمىز بۇ يەردە ئولـتۇرۇۋاتـمىزمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا ئەينى يىلى ئوت ـ چوپ ئورۇغانـلار ئىكـكىمىز بولماي، باشقىلار بولمىغىيدى؟

ئاندىرى بېشىنى قىيسايتىپ، ئاچچىق خىيالغا پاتتى.

— بۇنى بىلمەيمەن. ئىككىمىزمۇ ئەمەس، باشقىلارمۇ ئەمەس، ئېھتىمال ئۈچىنچى بىر شەخسلەردۇر. كېيىن ئۇرۇش بولدى......

ھەر خىل ئىشلار يۈز بەردى، ياق،ــ تۈيۈقسىز ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى،ــ ئۇ ئىككىمىز ئىدۇق، ناستيۇنا، ئىككىمىز. ھازىرمۇ ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇۋاتىمىز. ئۇنداق بولمىسا قانداقمۇ بۇ ئىشلار مېنىڭ ئېسىمدە تۇرسۇن. ئۇ ئىككىمىز. ئۆتكەنكى ئىشلاردىن ھېچقانداق ئىز-خاتىرە قالمىدى دېگىلى بولمايدۇ. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلسىز ئىش ئەمەس. كۆڭۈللۈك ئىشلارمۇ بولغان، شۇنداقمۇ؟

ــ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئېسىڭىزدە ساقلاپ نېمە قىلىسىز؟

ــ ھەرقانداق ئىشنى ئەستە ساقلاش كېرەك، ناستيۇنا. ھەرقانداق ئىشنى ئەستە ساقلاش كېرەك. بىراق كۆڭۈلسىز ئىشلار گويا ئىشتاننىڭ ئىچىدىكى نەرسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، زورۇرىيىتى بولمىسا ئاچماسلىق كېرەك.

ــ بىراق سىز ئېسىڭىزدە ساقلىۋاپسىزغۇ؟.....

ناستيۇنا ئۆزىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى يېقىملىق ۋە لېكىن ئاجايىپ تۈيغۇ بىلەن تىترىتىدىغان ئەسلىمە قاينىمىغا ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا غەرق بولدى، شۇڭا ھېچنېمە بىلەن كارى بولمىدى. مەيلى ئاندىرىنىڭ كىيىملىرى قانچە جۇل، يۈز-كوزى قانچە مەينەت بولسۇن، ئۇنى ئۆزەمنىڭ ئاندىرىيىم، باغرىم، كوڭۇل خوشۇم دەپ قارىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا شۇنچىلا بەخت نېسىپ بولغان! قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇردى، قارشى قىرغاق-تىكى ئورمانلىق ئۈستىدە ئەڭ ئاخىرقى كەچكى شەپەق چاقناۋا-

تاتتى، هاۋا قوغۇشۇنغا ئوخشاش ئۇيۇشۇپ قالغانـدەك بولدى، ئەتراپتىـكى دەل ـ دەرەخـلەر قارىـيـىـپ، سۇرلۇك كورۇنۇشـكە باشلىدى. مانا شۇ چاغدىلا ناستيۇنا ئەس ـ هۇشنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالـغان هالەتـتىن ئويغانـدى. ئۇنىڭ ئالـدىدا غازاڭ تاشلايدىغان قارىغاينىڭ ئالـلىقاياقتىن كېـلىپ قالـغان بىر تال شېخى بىلىنەر ـ بىلىنـمەس سىلكىـنىۋاتاتتى. قارىـغاي شېخىدا تەرتىپلىك يىڭنە يوپۇرماقلار سوگەلـگە ئوخـشاش كورۇمـسىز، هۇررەك ـ هۇررەك ئوسىدىن باش كوتىرىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاندىرى ئاستاغىنا پۇشۇلداپ تىنىغان پېـتى ئولتۇراتتى. ناسـتيـۇنا ئەس ـ هۇشـنى يىغـقانـدىن كېيـىن ئۇشـتۇمـتۇت چوچـۇپ:

ــ ۋاي خۇدايىمەي، تال كېسەلمىسەم ئويگە قانداق قايتىپ بارالايمەن؟! يېنىڭىزدا قەلەمتۇراچ بارمۇ؟ ــ دېدى.

ــ بار.

ــ ئەمىسە تېزرەك ماڭايلى.

ئاندىرى ناستيۇناغا هەمـرا بولۇپ تال كېـسىشكە ماڭـدى. يول ماڭـغاچ ئۇنىڭـدىن بىر ئىشـنى سۇرۇشـتۇردى. ناسـتيۇنا شۇ چاغدا بۇ گەپ ئۇستىدە چوڭقۇر ئويلاپ ئولتۇرماي، ئاڭلاپلا بولدى قىلـغان ئىـدى. كېيـىن ئاندىرىـنىڭ نىـمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى سۇرۇشتە قىلىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدى.

ــ ئېيتقىنا، ناستـيۇنا، مەن بۇ يەرگە قايـتىپ كەلگەنـدىن كېيىن، بىزنىڭ كەنتتىن ئەسكەرلىككە كىرگەنلەرنىڭ ئىچىـدىن

ئولۇپ كەتكەنلىرى بارمىكەن؟ بىرەرسىنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغانلار بارمۇ؟

— سىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ؟

— ھەئە.

— يوقتەك تۇرىدۇ. شۇنداق، يوق. قۇربان بولغانلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋولودىيە سومۇۋ ئىكەن، ئۇ تېخى بۇلتۇر كۈزدىكى گەپ.

— ھە......ھە.

ئاندىرىنىڭ بۇ گېپى ئۇزىنىڭ گۇنايىنى يېنىكلىتىش ئۇچۇن قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ناستيۇنا چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى: ئاندىرى نىمە ئۇچۇن بۇ ئىشنى سۇرۇشتە قىلىدۇ، سۇرۇشتە قىلىپ نىمە قىلماقچى؟ يالغۇز ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ئازپاز بولسىمۇ ئارام بېرىش ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سوقۇۋاتقان چوتى بارمىدۇ؟

## 19

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن، ناستيۇنا يەنە قېيىق ھەيدەپ ئاندىرىنى يوقلاپ كەلدى. بۇ قېتىم مىخنىچ سۇغا چۈشۈرگەن ئۇزلىرىنىڭ قېيىغىنى ھەيدىگەن ئىدى. ئەتىگەندىن تارتىپ ئۇزۇلمەي يامغۇر ياغماقتا ئىدى، يامغۇر قاتتىق

ياغمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەلپازى يامان بولۇپ، هاۋانى بىردىنلا سوۋۇتۇۋەتتى، ئېتىزلىقتا ئىشلەشكە بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ناستيۇنا ئۆزىنىڭ كوكتاتلىقىدا ئىشلىمەكچى بولدى، ئۇ يەردە ئاران بىر تاختا يەرلا تەرخەمەك تېرىش ئۈچۈن ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى، بىراق يامغۇر يېغىۋېرىپ، مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلغىلى قويمىدى، كىيىملىرى چىلىق-چىلىق ھول بولۇپ كېتىپ، تولىمۇ بىارام بولدى. ئۇ بۇ بىر كۈننى بىكاردىن-بىكار، قىلچە مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، قېيىق ھەيدەپ ئېرىمنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي دېگەن يەرگە كەلدى. كوڭلىگە پۇكۇپ كەلگەن بىر ئىشنى پۈتتۈرۈۋېتىش مەقسىدىدە، ئۆزى مىڭ تەستە قولغا چۈشۈرگەن پاشلىقنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پاشا-كومۇتىلاردىن ساقلىنىدىغان كىچىك بىر قۇتا كوكس مېيىنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدى. ناستيۇنا مىخئىچنىڭ ئۆيدە بولمىغانلىقىدىن خوشال بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى: سېمىيونوۋناغا كەلسەك، ناستيۇنا ئۇنى بېلىق تۇتۇشقا بېرىپ كېلەي دەپ ئالداپ كېتەلەيتتى. چۈنكى سېمىيونوۋنا: "قارىمىسىلەر، كىشلەرنىڭ ھەممىسى بېلىق تۇتۇۋاتىدۇ. بىراق بىزنىڭ ئائىلىمىز ئانگارا دەرياسىدىكى بىرەر تال بېلىجاننىڭ قۇيرۇغىنىمۇ كورۇپ باققىنى يوق" دەپ غودۇڭشىپلا كەلگەن ئىدى. ناستيۇنا ئۆزىنىڭ پىيادە بارىدىغانلىغىنى ياكى قېيىق

ھەيدەپ بارىدىغانلىغىنى سېمىيونوۋناغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، قىسقىچىلا "بېرىپ كېلەي" دەپ قويىدى، ئىشقىلىپ پىيادە مېڭىپ بارسىمۇ، قېيىق ھەيدەپ بارسىمۇ، "بېرىپ كېلەي" دېيىشكە بولىۋېرەتتى. سېمىيونوۋنا تېخى جاۋاپ بېرىشكە، ئۇنىڭ بېرىشىنى توساش ياكى بېرىشقا ئىجازەت بېرىش ھەققىدە گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ناستيۇنا ئىشكتىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى-دە، ئانگارا دەرياسى بويىغا قاراپ يۈگۈردى. پالاق مونچىنىڭ دالىنىدا قويۇقلۇق بولۇپ، ئۇ يەردە يەنە قوزۇققا ئىلىپ قويۇلغان بىرنەچچە قارماقلىق كونا بېلىق تورىمۇ بار ئىدى. ناستيۇنا ئۇلارنى پوملاپلا ئېلىپ، دەريا بويىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى-دە، قېيىقنى ئىتتىرىپ سۇغا چۈشۈردى. ئۇ قېيىقنى ئاۋال ئېقىمغا قارشى ھەيدىمەي، ئېقىم بويلىتىپ ھەيدىدى. ئاردىن بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، كەنت پەردىگە ئوخشاش بىپايان يامغۇر تۇمانى ئارقىسىدا كوزدىن غايىپ بولغاندا، قېيىقنىڭ بېشىنى بۇراپ، دەريادىن توغرا كېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

يامغۇر تامچىلىرىنىڭ دەرياغا چۈشۈشىدىن تاراسلىغان بوش ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى. دەريا يۈزى غۇۋا كۆلرەڭ تۈس ئالغان ئىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇ يالاپ داغلاشتۇرۇۋەتكەن ئارال سۇ يۈزىدىن ئاز-پاز كوتىرىلىپ تۇراتتى، ئۇ كىشىگە پەسلەپ چۈشكەن قارا بۇلۇتنى ئەسلىتەتتى. ئاسمانمۇ يامغۇردا غۇۋالىشىپ كەتكەن، ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاسمان پۈتۈنلەي كوزدىن غايىپ بولغان ئىدى، ئۇ گويا تاغ كەينىگە

ئۇلتۇرغان قۇياشتەك ئاللىقانداق جايغا ئۇزىنى ئالغان، ئۇ يەردە ھازىر بىپايان بوشلۇقلا قىپقالغان ئىدى. ناستيۇنا ئۇچىنچى ئاينىڭ شۇئىرغانلىق بىر كۇنىدىمۇ ئۇزىنىڭ مانا مۇشۇ يەردە، مۇزلاپ كەتكەن دەريا يۈزىدە ئىلدام ماڭغانلىغىنى ئىسىگە ئالدى. پەسىل ئالماشقان بولسىمۇ، ئۇزىنىڭ ئەھۋالىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، ھاۋا ئۇسال كۇنلەرنى تاللاپ، بىرلا يەرگە بىرلا مەقسەت ئۇچۇن ئارقا-ئارقىدىن بىر ئامال قىلىپ بىرىپ كىلىپ تۇردى. ناستيۇنا چاپىنى ئۇستىگە كىليونكا يامغۇرلۇق يىپىنچاقلىۋالغان بولسىمۇ، لىكىن ئۇ ئاللىقاچان كاردىن چىققاچقا يامغۇر ئۇتۇپ، دۇمبىسىنى بويلاپ ئىقىپ، ئۇنى بەكمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى. چىلىق-چىلىق ھول بولۇپ كەتكەن چاپانمۇ دۇمبىسىگە چاپلىشىپ، ئۇنى ناھايىتى ئازاپلىماقتا ئىدى. ناستيۇنا قاپىغىنى تۇرۇپ، چاپاننىڭ تىنىگە چاپلىشىپ قالماسلىغى ئۇچۇن دۇمبىسىنى پات-پات قىمىرلىتىپ، پالاق ئۇرۇش رىتىمىنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

ئۇ ئانىگارا دەرياسىدىن ئۇتۇپ، ئۇستەڭنى تاپتى-دە، قىيىقنى ئۇڭغا بۇراپ، يۇقۇرى ئىقىمغا قاراپ ھەيدەپ، دەريا ئىغىزىدىن يىراق بولغان، شاخلىرى ئۇستەڭگە ساڭگىلاپ چۇشۇپ تۇرغان بىر تۇپ باراقسان ئاق قېيىن دەرىخى ئاستىغا كىلىپ توختىدى، بۇ يەردە ھەم ئۇزىنى كىشىلەرنىڭ كوزىدىن چەتكە قاچۇرغىلى، ھەم يامغۇردىن ساقلانغىلى بولاتتى.

ئۇ بىر بېلىق تورىنى يېيىنغا ئېلىۋېلىپ، يەنە بىرىنى قېيىقتا قالدۇرۇپ قويدى. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، ھەر ھالدا قېچىپ چىقالىدىم، ھەر ھالدا كوزلىگەن يېرىمگە يېتىپ كېلەلەدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەش-پەش دېگىچىلا كېلىپ قاپتىمەن دەپ، ھېرىپ ماغدۇرى قالمىغان ھالدا بىر ئۇھ تارتتى. ناستيۇنا ئۆزىنىڭ يەنە قايتىپ كەتمىسە بولمايدىغانلىغىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىر بېلىق تورىنى يېنىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئەھۋالى ئاستىن-ئۇستۇن بولۇپ كەتكەن ئىدى: ئەزەلدىن كىشلەرنىڭ كەينىگە يېنىشى ئالدىغا قاراپ ماڭغاندىن كۆڭۈللۈكرەك بولىدۇ. بىراق بۇلارنىڭ بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئاندىرى ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى تۇپەيلىدىن تۇرمۇشنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويغان جايغا قانداقمۇ قايتىپ بارالىسۇن؟! ئۇ—ناستيۇنا بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرىكى مۇھىتىنى قانداقمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلىسۇن؟! بۇگۇن قېيىقنى ھەيدەپ قايتىپ كېتەشىدە جەزمەن ئاجايىپ قىينىلىدۇ؛ دەريا يەنىلا شۇ ئانگارا دەرياسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەلگەن چاغدىكىدىن بەش ھەسسە كېڭىيىپ كەتكەندەك؛ پالاق يەنىلا شۇ پالاق بولسىمۇ، لېكىن قولىغا ئالغاندا كەلگەن چاغدىكىدىن ئېغىرلىشىپ قالغاندەك؛ سۇ يەنىلا شۇ سۇ بولسىمۇ، لېكىن كەلگەن چاغدىكىدىن قورقۇنچلۇق، تىرەن بولۇپ قالغاندەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇ قايتىپ كېتىپ يۇرمەي، شۇ يەردە قېلىشقا، تۇرۇشقا تېگىشلىك شۇ جايدا قېلىشقا، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە

تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەم بىلەن دائىم بىللە بولۇشقا. يەنە شۇنداق يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق قىلىش بىلەن كۈن ئالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە كېلىپ، ئەركىن ـ ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە توت كوز بىلەن تەقەززا ئىدى.

ناستيۇنا قايتىدىن ئانگارا دەرياسى بويىدىكى تاشلىققا كېلىپ، دەريا ئېقىنى جىددى بولغان جايغا تور تاشلىدى. بۇنداق تورنى پەقەت مۇشۇ مەۋسۇمدىلا ئىشلىتىشكە بولاتتى. ئارىدىن بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، ئانگارا دەرياسىنىڭ سۈيى نورماللىشىپ، قايتىدىن سۈزۈلۈپ كەتكەندە بۇنداق تورنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق كەلمەيتتى. بۇلتۇر دەريا يۈزىدىكى مۇز ئېرىگەندىن كېيىن دەريانىڭ ئۆز ئويى ئالدىغا ئۇدۇل كېلىدىغان يېرىگە مۇشۇ تورنى بىرقانچە قېتىم تاشلاپ، تىرىنە ھەتتا لوخا بېلىقلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بىراق بېلىق تۇتۇش جەھەتتە، مىخئىچ ياشانغانلارنىڭ ئادىتى بويىچە سېۋەت ئىشلىتىشتىن باشقا ئۇسۇللارنىڭ ھېچقاندىقىنى ياراتمايتتى. ناستيۇنا بولسا بۇگۈن كىشىلەرنىڭ كوزىنى بوياش ئۈچۈن ئەڭ كىچىك بىرەر تىرىنىنى بولسىمۇ تۇتۇۋالسىلا بولىۋېرەتتى. بۇنىڭدىن ئاساسىي مەقسىدى قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە تېپىپ، خەقنىڭ گېپىدىن قۇتۇلۇش ئىدى. بۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئىشەنىش ـ ئىشەنمەسلىكى ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئىش ئاياقلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. ناستيۇنا دەرەخ يىلتىزلىرى چىقىپ تۇرغان قىرغاقنىڭ يۇمشاق چىلان توپىسىنى

كولاپ، سۇغا چىلىشىپ تۇرغان دەرەخ شاخلىرىنى ئىلىشىپتىپ، نۇرغۇن سازاڭلارنى تېرىپ، قارماقىقا بىكىتتى-دە، تورغا بىر تاش باغلاپ، سۇغا تاشلىدى. چوڭ بېلىقلار كەلمىسە كىچىك بېلىقلار كېلەر، خالىغانلىرى قارماققا ئىلىنار! ناستيۇنا قىرغاقتىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ، كوڭلىدە: «ئەگەر بىر تال بېلىقمۇ تورغا چۈشمەي قالسا، ئوزەمنىڭ باشقا ئاللىقانداق بىر ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماي، بەلكى ھەقىقەتەن قارماققا يەم بىكىتكەنلىكىمگە، ھەقىقەتەن بېلىق تۇتۇشقا بارغانلىقىمغا باشقىلارنىڭ كوزى چۈشۈش ئۈچۈن، ھېچ بولمىغاندا قارماقتىكى قالدۇق يەملەرنى ئېلىپ تاشلىۋەتمەسلىكىم كېرەك. مىخئىچنىڭ كاللىسى قالتىس ئىشلەيدۇ، ھەرقانداق ئىشنى بىلىۋالىدۇ» دەپ ئويلىدى.

يامغۇر ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ توختىماي يېغىۋاتاتتى. ناستيۇنادا خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا يامغۇر تامچىلىرىنىڭ يەرگە چۈشكەندە چىقارغان ئاۋازى غاچىلداپ كېلىۋاتقان ئاياق ئاۋازى بولۇپ ئاڭلاندى. تېخى ناھايىتى يۇمران پېتى تۇرغان ئوت-چوپلەر ئۇنچىقماي يامغۇر سۈيىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى يامغۇردا چىلىق-چىلىق ھول بولۇپ كەتكەنلىكتىن ھە دەپ ئەندىكەتتى. ئانىگارا دەرياسى ئۈستىگە كوز پەسلىدىكىگە ئوخشاش سىم-سىم يامغۇر ئۈزۈلمەي يېغىپ تۇراتتى، بىپايان يامغۇر پەردىسى ھاسىل بولغان ئىدى. ئاسماندا ئاللىقانداق بىر نەرسە ئىنتايىن ئاستا سۈرئەت بىلەن يوتكىلىۋاتاتتى ــ ئېھتىمال بۇمۇ خىيالىي تۇيغۇدۇ. چۈن-

كى ئىنساننىڭ كوزى قوپ-قورۇق بوشلۇققا چۇشۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن شۇنداق خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولامدىكىن- تاڭ؟ ناستيۇنا تاغ ئۇستىدىكى قىشلىق ئۆيگە بېرىپ باقمىغاچقا، قىياس بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدى: دەسلىۋىدە ئۇستەڭ بويىدىكى ھازىر تاشلىۋېتىلگەن كونا چىغىر يولنى بويلاپ ماڭدى—بۇ چىغىر يولنى ئوت-چوپ ئارىسىدا ھىلىغىچە تۇرغان چوڭقۇر ئىزلاردىن غۇۋا پەرق ئەتكىلى بولاتتى،—ئاندىن كېيىن تاغ ئارىسىغا قاراپ بۇرۇلدى. ئۇ ئەينى يىللىرى تېرىلغان بۇ يەرلەرنى بىردىنلا تونۇۋالىدىغاندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاغ قاپتىلىدا ئورمان ئارىلىغىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلار ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ بوشلۇقلارنىڭ ئەسلىدىلا ئورمان ئارىلىغىدا بار بولغان يەرلەر ياكى كېيىن بوز يەر ئېچىش جەريانىدا پەيدا بولغان يەرلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي قالدى. ئۇ ئورمان ئارىلىغىدىكى بىرىنچى بوشلۇقتىن ئىككىنچى بوشلۇققا، ئىككىنچى بوشلۇقتىن ئۇچىنچى بوشلۇققا ئوتۇپ، بارغانسېرى يۇقىرى ئورلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قىشلىق ئۆينى تاپالمىدى. يامغۇر يېغىۋاتقاچقا، يىراقنى كورگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۇزاققىچە ئۇ يان-بۇ يان ئىزدەپ يۇرۇپ، بىر بۇلاقنى ئۇچراتتى. بۇلاقنىڭ ئېقىشىغا قاراپ تۆۋەنگە مېڭىۋەرسەم تاپقىلى بولارمىكىن دەپ پەرەز قىلدى. دىگەندەك، شالاڭ ئاق تېرەكلىك كەينىدە تۇرغان قىشلىق ئۆينى، ئۇنىڭ بوران-چاپقۇنلاردا چىرىپ، ئۇزۇن يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن قارىيىپ كەتكەن تىلما شاللىق

ئوكزىسنى كورۇپ قالدى. ناستيۇنا يەنە ئوتكەن قېتىمـدىكىگە ئوخشاش دەرىزىنى چېكىپ، ئاندىـرىنى چوچـۇتۇپ قويـماي، ئاۋازىمدىن تونۇسۇن دەپ، "ئانـدىرى!" دەپ چاقىردى. ئان-دىرىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئويدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنى ئېپكىرىپ كەتتى-دە، ئۇنىڭ چىلىق-چىلىق ھول بولۇپ كەتكەن كىيىم-لىرىنى سالدۇردى. بىراق ئىككىيلەننىڭ بۇ قېتىمقى مۇڭدىشىشى ناستيۇنانىڭ ئوتـكەن قېتىم قېيىق بىلەن دەريادىن ئوتـكەندىن كېيىن قىرغاقتا يۈز كورۇشـكەن چاغـدىكى مۇڭدىشىـشى بىلەن ئوخـشىماي قالـدى.

بۇ كوڭۇلسىزلىكـكە ناستـيۇنا زامىـن بولـدى. ئىلـگىرىكى چاغلاردا ئاندىـرى گەپ قىلـسا، ئۇ ھەمىــشە "شۇنـداق" دەپ تۇراتتى، ھەممە ئىشلارنىڭ ئاندىرى ئېيتقاندەك بولىدىغانلىقىغا، ئۇزلىرىنىڭ باشقا نىجات يولىنىڭ يوقلۇغىغا، ئۇنىڭ بۇ قىرغاقتا يوشۇرۇنۇپ يۇرۇشكىلا بولىدىغانلىقىغا، ئوزىنىڭ بولسا ئۇ قىر-غاقتا ئۇنچىقماي-چىشنى چىڭ چىشلەپ گەپ قىلماي، ئوتكۇر قىرلىق تاش داۋىنىنى كېسىپ ئوتكەنگە ئوخـشاش ھەر كۇنلۇك ۋاقىتنى ئازاپ ئىچىدە ئوتـكۇزۇپ، ھازىرغىـچە تېخـى ئېـنىق كورگىلى بولمايۋاتقان، مۇشكۇل ھالەتتىن قۇتۇلۇشـقا بولۇش-بولماسلىغى نامەلۇم بولغان نىجات يولىغا قاراپ مېڭىـشقىلا بولى-دىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق ئۇزى يالغۇز غېرىپسىنىپ قالغان چاغـلىرىدا ئۇمىتسىزلىك ھىسسياتى ئىختىيارسىز پەيـدا بولۇپ قالاتتى-دە، كىشىنى ئازاپلايدىـغان ۋەھـىمە ئۇنىڭ يۇرىكىـگە

نەشتەردەك سانچىلاتتى: ئىككىمىز زادى نىمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟ نىمە ئىش قىلىۋاتىمىز، نىمىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز؟ ھەقىقەت بېخى ئاخىرى تاش باغرىنى يېرىپ چىقىپ ئۇسۇپ يېتىلىدۇ، ئانىگارا دەرياسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ئېقىمى ئەڭ شىددەتلىك، ئەڭ چوڭقۇر جايدا زوۋان سۇرەلەيدىغان بىر تۈپ دەرەخ ئۇسۇپ چىقىدۇ، بۇنى ھېچقانداق كۈچ توساپ قالالمايدۇ. ئاندىرىنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلغىنى ياخشىراق بولارمىدىكىن-تاڭ؟ كىشىلەر توۋا قىلغان بىر ئادەمنىڭ ئۇن تەقۋىدار ئادەمدىنمۇ بەك جەننەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. كىشىلەر يەنە مۇشۇنداق ئېغىر گۇنا ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق گۇنانى ھەرگىز ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىشى كېرەك......ناستيۇنا بۇ قېتىم يەنە ئاندىرىنىڭ گوشلىرى بوشىشىپ ساڭگىلاپ قالغان، يېشىل مۇختەك سەت ساقال-بۇرۇتلار قاپلاپ كەتكەن چىرايىنى، نۇرى ئۆتكۈر، ئازاپقا چومگەن، چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سەزگۈر كوزلىرىنى ۋە مەينەت كىيىملىك، يېرىم مۇكچەيگەن بەستىنى كورگىنىدە، يامغۇردا ھول بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ نەپسى بوغۇلىدىغان، قىرتاق، نەم-زەي، قاپ-قاراڭغۇ قىشلىق ئويگە كىرىپ كەلگىنىدە ـــ مانا شۇلارنى كورگەندە ۋە ھىس قىلغاندا، يۈرىگى ئېچىشتى-دە، ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتى.

ـــ بۇ يەردە ئوت ياقمامسىز؟ ـــ دەپ سورىدى ناستيۇنا ئىچى ئورتەنگەن ھالدا.

— مەش يوق، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاندىرى ئۇنىڭ ھىسسىياتىنى چۈشەنگەن ھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

ناستيۇنانىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان ئېچىنىش ۋە ئازاپلىنىش ئۆزىنىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىپ قويدى، پۈتۈن ئەزايىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويلانغان ھالدا ئېيتتى:

— ئاندىرى، بۇنداق قىلمىسىڭىز قانداق؟ يەنىلا مۇشۇ يېتى كېتىۋەرمەي، ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلغىنىمىز تۈزۈكمىكىن؟ مەيلى قەيەرگە بولمىسۇن، سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن بېرىشىنى خالايمەن، ھەرقانچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمگەك جازاسىنى تارتىشقا ئەۋەتسىمۇ مەيلى، — سىز قەيەرگە بارسىڭىز مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن. يەنە مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمەن. ئۆزىڭىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيسىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىڭىزغا، ئۆزىڭىزنى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىڭىزغا بىر قاراپ بېقىڭا! سىزنى ئېتىپ تاشلايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئۇرۇش ئاياقلاشتى..... ئۇرۇش بىلەن ئولگەن ئادەممۇ يېتەر......

ئۇ ئالدىراپ سوزلەۋېتىپ، ئاندىرىنىڭ تەتۈر قارىۋېلىۋاتقانلىقىنى كوردى. ئاندىرى يۈزىنىڭ گوشلىرى تارتىشقان ھالدا چوچۇگىنىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، يامان غەرەز بىلەن سوغاق كۇلۇپ:

— مېنىڭدىن چاناقچى بولۇۋاتامسەن؟ ھىم، بوپتۇ، تاشلىۋېتىۋەر، — دىدى.

— ئاندىرى! — دەپ توۋلىۋەتتى ناستيۇنا چوچۇپ.

— مېنى تاشلىۋەتسەڭ بولىۋېرىدۇ، ناستيۇنا، بولىۋېرىدۇ، — ئۇ گېپىنىڭ ئاھاڭىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ، تەسەللى تەلەپپۇزىدا داۋاملاشتۇرىۋەردى، — شۇنىداق بولسۇن، سەنمۇ ھېرىپ ماغدۇرىڭدىن كېتىپ قالدىڭ، بۇ ئىشنىڭ ئاييغى چىقماي كېتەۋەرسە قانداق بولغىنى؟ مەنمۇ قانائەت قىلىشىم كېرەك. ئۆزەمنى سورىشىم كېرەك. مېنى تاشلىۋەتسەڭ بولىۋېرىدۇ، ناستيۇنا، بىراق ئۆزەڭ ئويلاپ تاپقان ھىلىقى ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا ئۇسۇل بىلەن تاشلىۋەتسەڭ بولىۋېرىدۇ. مەن بىلەن بىللە بارىمەن دېدىڭمۇ نېمە؟ — ئاندىرى تېخىمۇ چىدىغۇسىز ھالدا يەنە بىر قېتىم سوغاق كۆلۈپ قويغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى يۇقىرى كوتىرىپ سوزلىدى، — شۇنى بىلىشىڭ كېرەك، ئۇلار سېنى مەن بىلەن بىللە ئېتىپ تاشلىمايدۇ. سېنى كەچۈرىدۇ، بىراق مېنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ھامىلدار بولۇپ قالغىنىڭغا قارىغاندا بولسا سېنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەڭ كېتىۋەرگىن، سويۈملۈكۈم، كوڭلۈڭدە خىجىللىقىڭ يوقلا بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيسەن. قارىمامسەن، بۇ نەقەدەر ياخشى - ھە!

— ئاغزىڭنى يۇمۇڭ، ئاندىرى، ئاغزىڭنى دەرھال يۇمۇڭ! بۇ گەپلەرنى قىلىشتىن ئۇيالمامسىز؟

— سېنىڭ قۇتۇلۇشۇڭغا مەنمۇ ئامال تاپالايمەن، ناستيۇنا. ئۇنىڭ پەيتى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، ئاز قالدى، ئۇزاق كۈتۈپ تۇرۇش ھاجەتسىز. مەن سېنى ئومۇر بويى ئازاپتا

قالدۇرۇشنى خالىمايمەن. ئۇنداق بولىدىغان بولسا ئەتىلىككە، ياكى ھازىر بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ—ئانگارا دەرياسى يېنىمىزدىلا تۇرۇپتۇ. ھەتتا مېنى كومىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز. ئاغامچىنىمۇ تەييارلاپ قويىدۇم. دەريا يۇزىدە مۇز تۇتۇپ تۇرغان چاغدىلا تۇگمەنگە بىر قېتىم بېرىپ، ئۇ يەردىن بىر تال ئاغامچا ئالغاچ كەلگەن ئىدىم. ناھايىتى پىششىق، بەش ئادەم بولسىمۇ كوتىرەلەيدۇ.مەن سېنىڭ قېيىقىڭ ئۇستىدىن سوغا سەكرەي، سەن قاراپ تۇرغىن، جەسىدىم لەيلەپ چىقمىسۇن. ئىشقىلىپ سەن ئانىگارا دەرياسىدىن ئوتىسەن، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا مېنى سۇغا تاشلىۋېتىپ كېتىۋەرگىن. سوغا چوكۇشتىن بۇرۇنقى يېرىم يولدا مەن ساڭا قېيىق ھەيدەپ بېرىمەن.

ناستيۇنا گويا ئۇزىنى قوغداۋاتقاندەك كوكرىكىنى قوش قوللاپ بېسىپ، بېشىنى چايقاپ، ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىغۇسىمۇ، بۇ سوزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگۇسىمۇ كەلمىگەن ھالدا ئوتۇنۇپ سوزلىدى:

—نىمە ئۇچۇن سىز ماڭا مۇنداق قىلىسىز؟ نىمە ئۇچۇن؟ سىزنى خاپا قىلىپ قويغان يەرلىرىم بارمۇ؟ مەن پەقەت: "قانداق قىلساق ئوبدانراق بولاركىن......" دەپلا ئويلىدىم. سىزنى زادى بارمىساڭ بولمايدۇ دىمەكچى ئەمەسمەن. ھەتتا ئوزەممۇ تېخى بىر يەرگە كەلگىنىم يوق. كوڭلۇمگە كەلگەننى ئېيتىپ باقتىم. بىراق سىز نىملەرنى دەپ كېتىۋاتىسىز؟ نىمە ئۇچۇن شۇن-

داق قىلىسىز؟

— باشقىلارنىڭ ماڭا ئەقىل كۆرسىتىشى ھاجەتسىز، قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزەم بىلىمەن. مەن بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەن كۈنىلا ساڭا: «زادى ھېچكىمگە ئېيتقۇچى بولما» دېگەن ئىدىم. مېنى گەپ بىلەن نېيىتىمدىن ياندۇرالمايسەن، ياندۇرۇش خام-خىيال! ئىشقا ئاشمايدۇ! — ئاندىرى غەزىۋىنى باسالمىغان ھالدا ناستىيۇناغا قاراپ ۋاقىراپ، ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى. — قارىغىنا ساڭا، نەقەدەر ۋىجدانلىقسەن-ھە، بۇ گەپلەرنى «قانداق قىلساق ئوبدان بولاركىن» دەپ ئېيتقانمىش تېخى. مەن سېنىڭ نېمە خىياللاردا بولۇۋاتقىنىڭنى بىلىمەن. ئۇنى قانداقراق بىر ئۇسۇل بىلەن كۆزدىن يوقاتسام بولاركىن دەپ، جەزمەن بىر كېچە كىرىپ قاقماي، ھە دەپ چوت سوقۇپ چىقىسەن. ئاخىر بۇ ئۇسۇلنى ئويلاپ تېپىپسەن — بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئۇسۇل بولمىسا كېرەك! پاھ، ئۇلار خەقلەر پۇت-قولۇمنى چۈشەپ قويغاندا پاشا-كومۇتىلارنىڭ نەشتىرىنى سانچىمسۇن دەپ پاشىلىقىنىمۇ ئالغاچ كېپسەن. مەن ئامال قىلالايمەن! بۇ پاشىلىقىڭ بولمىسىمۇ ئامال قىلالايمەن! بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇچۇن بىر نەرسە ئوغرىلايمەن دەپ باش قاتۇرۇپ يۈرمە. ھېچنېمىگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. بولدى، كوپ جاپا چەكتىڭ، ئارام ئالغىن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمىگىن، كەلسەڭمۇ مېنى تاپالمايسەن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ساڭا تايىنىپ جان بېقىۋەرسەممۇ سېنى ئاۋارە قىلىپ قويىمەن! بىراق،

يەنە بىر قېتىم شۇنى ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىمنى بىرەرسىگە ئېيتىپ قويىدىغان بولساڭ، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. مېنىڭ ئەرۋايىممۇ سەن بىلەن ھىساپلىشىدۇ. بۇنى ئېسىڭدە تۇت، قىز، ناستيۇنا.

ناستيۇنا ئاندىرىينىڭ ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، ئۇنى تېچلاندۇرۇش ئۈچۈن گەپتىن توختاتماقچى بولۇۋىدى، ئۇ دەرھال چىرايىنى غەلىتە قىلىپ، مۇرىسىنى قىسىپ، بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە يىرگىنگەندەك تەتۈر قارىۋالدى.

— ماڭا قارىغا، ئاندىرى، — دىدى ناستيۇنا بىلىنەر-بىلىنمەس قەتئىي ئاھاڭ بىلەن يېلىنىپ. — ماڭا قارىغا، ياق، تەتۈر قارىۋالماي، ماڭا قارىغا. ماڭا قاراپ تۇرۇپ، مېنىڭ سىز ئېيتقان ھىلىقىدەك كىشىلەرگە ئوخشايدىغان-ئوخشىمايدىغانلىقىمنى دەپ بېقىڭا. نىمە بولدىڭىز، ئاندىرى؟ نىمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسىز؟ ھەي، دەپ بېقىڭا، مەن شۇلارغا ئوخشامدىمەن-ئوخشىمامدىمەن؟

— مەن تېخى سېنىڭ ئالدىڭدا خاتالىقىمنى بويىنۇمغا ئالمىدىممۇ؟ ساڭا ئۇۋال قىلىپ قويۇپتىمەن دەپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەپۇ سورايمەنمۇ؟ ياكى مېنى باشقا بىرنىمە قىل دىمەكچىمىدىڭ؟

— خاتالىقىڭىزنى بويىنىڭىزغا ئېلىڭ دەۋاتقىنىم يوق. ئەكسىچە، مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىزلا مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تىزلانساممۇ بولىدۇ. ئۆزىڭىز ئېيتقان ھىلىقىدەك دىلىغا ئازار بېرىدىغان سۆزلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۆزىڭىزنى

ئالداپ يۇرمەك. "ئۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن" دېگەن خىيال قانداق بولۇپ تۇيۇقسىز كۆڭلىگىزگە كېلىپ قالدى؟ نىمە بولدىڭىز، ئاندىرى؟ نىمە بولدىڭىز؟ بۇنداق قىلماڭ، ھەي، بۇنداق قىلماڭ......ماڭا سىنچىلاپ قاراپ بېقىڭ، مەن ئاشۇنداق ئادەممۇ؟ سىز بۇنى بايقىيالمامسىز؟

ناستيۇنا يىغلاپ سالماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ئۇنىڭغا كوزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇردى. بىراق قەلبىدىكى قايغۇ-ھەسرىتىنى بېسىۋالالماي، زورمۇ-زور بەرداشلىق بېرىپ تۇرغاچقا، ئىختىيارسىز لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

"ئۆزەمگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىكەنمەن.....ئۇبدان گەپ". ئاندىرى غوتۇلداپ قويۇپ ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسە-لەردىن قارغۇلارچە، ھەم ئۇمىتسىزلىك ئىچىدە ئاغرىنىپ، نىمە قىلىشنى بىلەلمىگەن ھالدا تەتۈر قارىۋالدى.

ئۇلار ئۇزاققىچە ئۈنچىقمىدى، ناستيۇنا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندىمۇ، ئاندىرى ئۇنى ئۇزىتىپ قويماي، ئاۋالقىدەكلا ئوز جايىدا قىمىرلىماي تۇرىۋەردى.

بىراق ناستيۇنانىڭ تاقىتى. ئۇزاققا بارمىدى، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئوتۇشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، پۇرسەت تېپىپ، ھېچكىمگە تىنىپمۇ قويماي، قېيىقنى سۇغا چۈشۈردى-دە، دەريانى كېسىپ قارشى قىرغاققا ئوتتى، — ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئاندىرىنىڭ ھايات- ماماتىدىن قىلچە خەۋەرسىز يۈرىۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى. يېرىم كېچە، ئەتراپ قاپ-قاراڭغۇ، ناستيۇنا

دەرىـزىنى چېكىۋىـدى، ئانـدىـرى چىقىپ كەلـدى، ناستيۇنا خۇشاللىقىنى باسالماي، ئېتىلىپ بارغان بويى ئاندىرىنى بوينىدىن قۇچاقلىدى، بارلىق ئاغرىنىشـلىرى بىردىنلا تۇمانـدەك تارقاپ كەتـتى، ناستيۇنا ئاخىر ئانـدىرىـنىڭ تېخىچە بۇ يەردە هايات تۇرغانلىقىنى كورۇپ كوڭـلى ئىمىن تاپـتى. ئانـدىرىمۇ ئۇنىڭ چاچـلىرىنى سىلاپ، بۇ قېتىمـقى ئۇچرىشىشتىن خۇشال بولۇپ، يىغلاپ تاشلىغـىلى تاس قالـدى. تووۋا قىلىپ، مەن قاپاقۋاش ئىكەنمەن دىدى، ئۇنىڭدىن خاپا بولماسلىقـنى، ئوتـكەن قېتىم ئېيتـقان هىلىـقى بىرتالاي تۇتۇرۇقـسىز گەپـلەرنى كوڭـلىگە ئالماسـلىقـنى سەمـىمى ئوتۇنـدى. ئەگەر ئۇ دەريادىن ئوتۇپ يوقـلىغىلى كەلـمىگەن بولسا، ئوزىنىڭ بىر قېيىقـنى يوشۇرۇن قولغا چۇشۇرۇپ، ئۇنى ساقـلاپ تۇرۇپ، كەچۇرۇم سورىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتـتى. ناستيۇنا بۇ گەپـلەرنى ئاڭـلاپ، تېخىمۇ هەيران بولۇپ، داڭقېتىپ قالدى. ئۇ ئوزىنى تۇتالمىغان هالدا ئاندىرىغا ۋەدە بەردى:

— ئەگەر سىز هالاكەت يولىغا قاراپ ماڭـدىغان بولسىڭىز، مەنـمۇ هەرگىز تىـرىك يۇرمەيـمەن — بۇنى ئېسـىڭىزدە تۇتۇڭ جۇمۇ.

## 20

كېيىن ئەهۋالنىڭ تەرەقـقىياتىدا گويا تىك چوققىدىن شىد-

دەتلىك تاشقىن بىراقلا ئېتىلىپ چۈشكەندەك جىددى ئۆزگىرىش پەيدا بولدى.

شەنبە كۈنى ناستيۈنا مونچىنى ئىسسىتىپ بولغانـدىن كېيىن، ئىشكنى يېپىپ قويدى. ئۇ سېميونوۋنانىڭ ئەندىلا ئىسسىتىلغان مونچىـدا يۇيۇنۇشنى ياخشى كورمەيـدىغانـلىـغىنى بىلـگەچكە، بىرىنـچى بولۇپ ئوزى يۇيۇنـدى. بىراق ئۇ چېچىـغا ئەمـدىلا سوپۇن سوركەپ تۇرۇشىغا (لىزا ۋولۇكژىنا ئالـلىـقاياقـتىن بىر توقاچ سوپۇن تېپىپ كېلىپ، يېرىمنى ئۇنىـڭغا بەرگەن ئىدى) بىر كىشى كىرىپ كەلدى ـ دە، دالانـدا كىيىمـلىرىنى سېلىـشقا باشلىدى. ناستيۈنا داڭقېتىپ قالدى، ئوزىگە تونۇش پىغىلداش ئاۋازىـدىن ئۇنىڭ قېينانىسى ئىكەنلىكىنى بايـقىدى. ناستيۈنا ئالـدىراشچىـلىق ئىچىدە چېچىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يۇيۇۋېـتىپلا، سېميونوۋنا مونـچىغا كىـرگەن ھامان، يۇيۇنۇپ بولـدۇم دەپ دەرھال چىقىپ كەتمەكـچى بولدى. كېيىن يەنە ئۇ پىكرىدىن يېنىپ، چىقىپ كەتمەي دىگەن يەرگە كەلدى، چۈنكى قېينانىسى ئوزى يالغۇز كەلگەن ئىكەن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى قويۇپ بەرمەيتتى. ”بولمىدى، تەقدىرىم شۇنداق بولسا كېرەك. چىقىپ كېتەي دىسەممۇ ئەمدى چىقىپ كېتەلمەيمەن. بۇ قېرى نىمىشقا كەلگەندۇ؟ ئىككىمىز ئەزەلدىن بىللە يۇيۇنۇپ باقمىغان ئىدۇقۇ! قېينانام مەن تەيـيارلىقـسىز تۇرغان پۇرسەتـتىن پايـدىلىنىپ، ئالايىتەن بۇ يەرگە كەلگەنـدەك قىلىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ راستىنلا ئالايىتەن كېلىپ باققاندۇ. ياكى بولمىسا بىلىپ قېلىپ ــ ئەھۋالنى

بايقاپ، ئۇنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ كەلگەن بولغىيدى. راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، مانا هازىرلا ئىشنىڭ قىزىغى تېرىلىدىغان بولىدى.» ناستيۇنا ئۆزىنى چەتكىرەك ئېلىپ، بىر بۇلۇڭغا بېرىۋالدى-دە، ياغاچ تەشتەكنى دالدا قىلىپ، قوسىقىنى ئىلاجىنىڭ بېرىچە ئىچىگە يىغىۋالماقچى بولدى— بىراق، قوسىقى تومپىيىپ چىققان ئىكەن، ئۇنى نەگە يىغىۋالغىلى بولسۇن؟ هامىلدار بولغان ئىكەن، ئۇنى قانداقمۇ يوشۇرغىلى بولسۇن؟ مەيلى ئۇ ھەرقانچە ئۆزىنى قاچۇرسۇن، بەرىبىر كىشىلەر سېزىپ قالىدۇ، بىلىۋالىدۇ.

بىراق بۇ قېتىم شۇنداق ئەجەپلىنەرلىك بىر ئىش بولدىكى، تېپ-تېچ ئۆتۈپ كەتتى. سېمىيونوۋنا ئېھتىمال بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندۇ، ياكى دىققەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئايالنىڭ سەمرىپ كېتىشىدە باشقا سەۋەپلەر بار دەپ ئويلاپ ئىشەنمىگەندۇ. شۇنداق بولسىمۇ يۇيۇنۇش داۋامىدا ناستيۇنا ئىككى-ئۈچ قېتىم قېينانىسىنىڭ تەرسالىق بىلەن قادىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇ چاغدا ئۇ قاتتىق تۇگۈلۈۋالدى-دە، تەگلىكچىلىكتىن ياكاق سوڭگىمۇ تارتىشىپ كەتتى. كىيىملىرىنى كىيىپ مونچىدىن چىققان چاغدا يەنە قاتتىق پۇشايمان قىلدى: «باياتىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىم نىمىسى؟ بۇ ئۆزەمنىڭ كېلىشكەن بويۇمنى تولۇق نامايەن قىلىۋالىدىغان، ئىككىنچى تېپىلماس ئوبدان پۇرسەت بولغان ئىكەن، ئەگەر قېينانام سوراپ قالغان بولسا: ‹هەئە، بويۇمدا بار› دەپ جاۋاپ بەرسەم بولىۋېرىدىغان

گەپكەن. قېينانامنىڭ بۇ خەۋەرنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاغزىمدىن ئاڭلىغىنى ياخشى ئىدى. ئۇ ھەر ھالدا ئۇستۇمگە قايناقسۇ چېچىپ يۈرمەس ئىدى؛ ۋاقىراپ-جاقىراپ، ئاچچىغىدا بەس كېلەلمەي چىچاڭشىپ كەتسە، ئۇ ئۆزىنىڭ مەيلى ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەن بۇنداق چېكى يوق كۈتۈش ۋە ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ كەتكەن بولاتتىم؛ بولمىسا مۇشۇنداق كۈتۈپ تۇرۇۋەرگەنسېرى، ۋەھىمە تېخىمۇ كۈچىيىپ، بارغانسېرى بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدىكەنمەن.»

بىراق بۇ قېتىمقى بىللە يۈيۈنۈش ناستيۇناغا ئارامىلىق بەرمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن سېمىيونوۋنا بىر كوزىنى قىسىپ، غەلىتىلا تىكىلىپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ناستيۇنا بۇنداق تىكىلىپ قاراشتىن ئۆزىگە ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ قېرىنىڭ ئالىلقانداق بىر ئىشنى بايقاپ قالغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. بىر قېتىملىق ھەقىقى ئۇۋ باشلاندى: قېينانا بىر كۈن ئىچىدە نەچچە ئون قېتىمدەك ھۆرپىيىپ، كېلىنىنىڭ ئەزايىنىڭ ھىلىقى جايىغا خىجىل بولۇپ تۇرماستىنلا سەپسالاتتى. ناستيۇنا بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى، ياكى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولاتتى، ياكى بولمىسا ئاندىرىنىڭ يوغان چاپىنى بىلەن بەدىنىنى يوگىگەن پېتى قورسىقىنى قوش قوللاپ يېپىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، ياكى ئېڭىشىپ، كوكرىكىنى راسا چىقىرىپ كېرىلىۋالاتتى. بىراق ئۇنىڭ قورسىقى يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان گويا بولۇپ كەتكەن خېمىردەك

ئىسىلىپ كەتكەچكە، ھەرقانچە ئەپچىل چارىلەرنى كورگەن بىلەتمو، ئۇنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى.

مەلۇم بىر كۇنى قاش قارايغاندا، ناستيۇنا سېميونوۋنا بىلەن ئوي ئىشلىرىنى قىلىۋاتاتتى — ھەرقايسىسى ئوز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى: ناستيۇنا ئاساسەن ھويلا - ئارام ئىشلىرىنى، سېميونوۋنا ئوي ئىچىدىكى ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى، — مانا شۇ چاغدا سېميونوۋنا گويا ناستيۇنانىڭ قوسىغىنىڭ يوغىناپ قالغانلىغىنى ئەندىلا بايقاۋاتقاندەك، سوئالنى توغرىسىغىلا قويدى.

— قىزىم، بويىڭىزدا بارمۇ نىمە؟ نىمە ئۇچۇن قوسىغىڭىز مۇنچىلا يوغىناپ كەتتى؟

ناستيۇنانىڭ يۇرىكى شۇ ھامان قاتتىق قىلىپ ئىغىپ كەتتى - دە، "ئاخىر بولىدىغان ئىش بولدى" دەپ ئويلىدى. كوز ئالدىدا دۇمبىسگە كىرىستنى يۇدۇپ ئازاپ چىكىش يولىغا مىڭىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى تۇراتتى. بۇ يولغا قەدەم قويۇۋەر، ناستيۇنا! ئەمدى بۇنى ئىنكار قىلىشقىمۇ، يوشۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالدىڭ.....ناستيۇنا قېينانىسى سورىغان سوز بىلەن جاۋاپ بەردى، پەقەت بۇ سوزنى باشقىچە تەلەپپۇزدا، قەتئى ئاھاڭدا ئېيتتى:

— بويۇمدا بار.

— ھە.....ھە! — دىدى سېميونوۋنا ھەيران قالغانلىغىدىن ئاۋازىنى سوزۇپ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئوز گۇمانىنىڭ ئاخىر ئىسپاتلانغانلىغىدىن ھەتتا ناھايىتى خوشال بولۇپ قالغان-

دەك كورۈنىدى. كېيىن تۇيۇقسىزلا ناكا پۈتىنى سورىگەن ھالىدا ناستيۇنانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، خىقىراق ئاۋاز بىلەن قاتتىق ۋاقىرىۋەتتى، ئاچچىغىدىن بىر ھازاغىچە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي، بېشىنىلا چايقىغان پېتى بۇتتەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

—قانجۇق!—سېمىيونوۋنا ئاخىر زۇۋان سۈردى، ئاۋازى ئېنىق چىقمىغاچقا ناستيۇنا ئۇنىڭ نىمە دەپ تىللاۋاتقانلىغىنى دەرھال ئۇقۇپ كېتەلمىدى. قېيىنانىسى بۇرۇن زادىلا ئادەم تىللاپ باقمىغان ئىدى.—قانجۇق! ۋاي جېنىمەي!—ئۇ بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى يىغا ئارىلاش سۈرەن سالدى،—يۈزى قېلىن، شەرمەندە، داپ يۈز! ۋاي ئاللا! ۋاي ئۇلۇغ بۇۋى مەريەم ئانامەي! ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگەيسەن، دەرھال جاجىسىنى بەرگەيسەن. بۇ تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ياتۋاش ئەركەكنى تېپىۋاپتۇ! شۇنداق تۇرۇقلۇق تېخى لام-جىم دىمەي، ئىپپەتلىك بىر قىياپەتكە كىرىۋالغىنىنى قاراڭلار بۇ قانجۇقنىڭ! بىزنىڭ ئاندىرى قايتىپ كەلگىچە بۇ بايتال جالاپ بولۇپ قاراپ تۇرسا.....سەندە يۈز دىگەن نىمە بارمۇ؟ سەن يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئادەملەرگە قارايسەن؟ يۈزۈڭنى نەگمۇ قويارسەن؟ قوسىغىڭ قۇرۇتقا توشۇپ كەتكىيدى! ئۇنى ئومۇر بويى چىچىپمۇ، سىيىپمۇ چىقىرىۋېتەلمەسەڭمۇ ياخشى بولاتتى! خوپ بولاتتى!—سېمىيونوۋنامۇ ئۆزىنىڭ بۇ تىل-ھاقارەتلىرىدىن قورقۇپ كېتىپ، توختاپ قالدى-دە، يوتىلىپ كەتكەندىن

كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىت بىلەن سورىدى.― يالغان ئېيتىۋاتامسەن يا؟ بەلكىم زادىلا يوقتۇ؟

― بار،― ناستيۇنا ئەمدىلىكتە گېپىدىن تېنىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، سوغاق، روھسىز ھالدا جاۋاپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىختىيارسىز ھالدا قوسىقىنى ئالدىغا تومپايتىپ چىقىرىپ قويدى.

― بارمىش،― دېدى سېمىيونوۋنا خىقىراپ،― گويا يۈزى يورۇق بىر ئىشتەك، قاراپ تۇرۇپ بار دەۋاتقىنىنى؟! ئادەمنىڭ يۈزىنى يەرگە ئۇرىدىغان مۇشۇنداق ئىشنى قىلغان تۇرۇقلۇق، بىرئازمۇ ئىزا تارتمىغىنىنى! بىرئازمۇ! سەن ئوغرى مۇشۈكمەسەن؟ ھەممىلا يەردە چىچىپ، سىيىپ، ئۇنى-بۇنى يەۋېلىشقا كونۇپ قالغان ئوغرى مۇشۈكمۇ؟― ئۇ ئادەمنى تىللايدىغان "ئوغرى مۇشۈك" دېگەن بۇ يېڭى ئاتالغۇنى ئويلاپ تاپقاچقا، خۇددى ئوغرى مۇشۈككە مۇئامىلە قىلغاندەكلا، ئىشىكنى كۆرسىتىپ ۋاقىرىدى،― يوقال كۆزۈمدىن! ئوغرى مۇشۈك، دەرھال ئۆيدىن چىق! سەندەك پاسكىنا نەرسە، بۇ يەردە تۇرما! دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت! بىزنىڭ ئاندىرى قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭغا نىمىمۇ دەرمىز؟ ئۆيدە مۇشۇنداق بىر ئادەمنى بېقىپتۇق-ھە؟ مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ئېلىپقاپتۇق-ھە؟ راستىنلا يۈزىمىزنى توكتىڭ! بۇنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر بىلمەي قالمايدۇ، پۈتۈن كەنتتىكىلەر بىلىپ قالسا.....ۋاي خۇدايىمەي! كېلىن، مەن سېنى بۇ ئۆيگە

كەلگەن كۆنىلا بىلىپ قويغان ئىدىم. سېنىڭ ياخشى نەرسە ئەمەسلىگىڭگە بىر قاراپلا كوزۇم يەتكەن ئىدى. ياتۋاش ئادەمنى تېپىپ، قوسغىنى يوغىنىتىۋالغىنىنى قاراڭ! لاخشىگىرنى قولۇمغا ئېلىپ قوغلىغىچە كوزۇمدىن يوقال! بۇ يەردە قايتا كوزۇمگە كورۇنگۈچى بولما!

ناستيۇنا كيگەن كيمىلىرى بىلەنلا چىقىپ كەتتى. ئۇ پەلەمپەيدە تۇرغان چېلەكنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى تام تۇۋىدىكى ئۇزۇن بەندىلىك ئۇستىگە قويۇپ قويدى. ناستيۇنا بۇ چېلەكنى موزايغا ھەلەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىنكى ئالدىراشچىلىقتا بۇ يەردە ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئويدىن ۋاتىلداپ تىللاۋاتقان بوغۇق ئاۋاز ئۇزلۇكسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ تىل ـ ھاقارەتلەرنىڭ ئوزىگە قارىتىلغانلىغىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە راستىنلا ئويدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىغىنى چۈشەنمىگەن ۋە بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ھالدا بىر پەس قاراپ تۇردى. كېيىنچە ئىككىلەنگەن، سورەلمىلىك قىلغان، يەنىلا بىر نەرسىگە ئۇمىت باغلاۋاتقان ھالدا قاشا ئىشىكنى ئاچتى. ئەتراپتىكى ئورمان ئارىسىدىكى بوشلۇقتا بىر توپ بالا ئوشۇق ئويناۋاتاتتى، رودكىمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. ناستيۇنا ئۇنىڭدىن:

ــ ئاناڭ ئويدە بارمۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ ئېھتىمال باردۇ، ــ دەپ جاۋاپ بەردى.

ناستيۇنانىڭ بارغۇدەك باشقا جايى بولمىغاچقا، نادكىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

ئۇ سېمېيونوۋنادىن ئاغرىنمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشتا ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇدەك نېمە بولسۇن؟ بۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى تولۇق ئويلاپ قويۇلغان ئىش ئىدى. بىراق ناستيۇنا ئاخىرقى مىنۇتقىچە يەنىلا ئۆزىدە ھېچقانداق سەۋەبلىك بولمىغاچقا، ھەقىقەتنىڭ مەلۇم يول بىلەن ئايدىڭلىشىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مۇنداق رىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالماسلىقىنى ئۈمىت قىلغان ئىدى. ئۇ ھەرگىز ئىشنىڭ ئادالەتلىك بولۇشى ئۈستىدە قايغۇرمايتتى، ھازىرقى پەيتتە ئۇ نېمىنىڭ ئادالەت، نېمىنىڭ ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزىمۇ ئاللىقاچان بۇ ئىككى نەرسە ئوتتۇرىسىدا تېڭىر-قاپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ئىدى، لېكىن ئۇ قېينانىسىنىڭ ئاز-پاز بولسىمۇ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى، قېينانىسىنىڭ ئۆز ئىچىدە دۈشمەنىدەك ئوچ كۆرۈۋاتقان بۇ تورەلمىسىنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. ئەجەبا، ئۇنىڭ بۇ جان-جىگىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىشارەت بەرمىگەنمىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە بۇنىڭ يېپ-يېڭىنىسىغىچە سۆرۈشتۈرۈپ كۆرۈش ئارزۇسىنى قوزغىمىغانمىدۇ؟ ئەگەر ئىش مۇنداق بولىدىغان بولسا كىشىلەرگە باغلىغۇدەك نېمە ئۈمىت قالسۇن؟ قاراڭلار بۇ يېرىڭلىق جاراھەت ناھايىتى ئۇزاققىچە يېرىڭداپ، ناستيۇنانىڭ سەۋرچانلىقىنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى تۈگىتىپ، مانا ئەمدى ئاخىر ئېغىز ئالدى، بىراق ئۇنى داۋالاپ ساقايتقۇدەك ھېچنېمە يوق. يالغۇز

ئۇز ئىچىدە دۇئا ـ تەلەپ قىلىشقا، قانداقتۇ كەلگۈسى ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ئازاپ ـ ئوقۇبەت چېكىش كېرەك دەپ بىچارىلىك بىلەن ئۇز ئۇزىگە تەسەللى بېرىشكە تايىنىش ئۇنىڭغا قانچىلىك ياردەم بېرەلىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، كەلگۈسىدىمۇ ئۇمىت باغلىغۇدەك قانچىلىك ياخشى ئىش بولسۇن؟ يوق، بۇنىڭدا قىلچىلىك ئۇمىتمۇ يوق، قىلچىلىك ئۇمىتمۇ يوق.

ناستيۇنانىڭ يۇرىكى قاتتىقدا قىلىپ ئېغىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا ئۇز ئورنىغا كېلەلمەي، ئاللىقانداق بىر جايدا بوش تېپچەكلەيتتى. ئېھتىمال، ئۇ قوسىغىدىكى بالىسىنىڭ يۇرىكىگە تايىنىپ ھايات تۇرۇۋاتقاندۇ. ئۇ ئاللىقاچان ئۇزىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن بالىسىنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزى ئۇچرىغاندەك جاپالارغا ئۇچرىماي، دۇنياغا كوز ئاچىدىغان كۇن يېتىپ كەلگىچە قوسىقىدا ئامان ـ ئېسەن چوڭ بولۇشنى تىلەيتتى. ئېھتىمال، كىشىلەر بالىنىڭ يۇزىنى كورگەندە ھىسداشلىق قىلىپ، ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇ بالىنى ئۇزىنى ھازىر ئىشكتىن قوغلاپ چىقارغانغا ئوخشاش قوغلاپ چىقارماس، ھەيدەپ چىقارماس. ناستيۇنا بۇ ئويدە قانداقلا بولمىسۇن ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئىچىدە سەككىز يىلنى ئوتكۇزگەچكە، ئۇز ئويىدەك بولۇپ قالغان ئىدى. ھازىر ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ، ئۇ ئاغرىنمىدى. ياق، ئۇ ھەرگىز ئاغرىنمايدۇ، بەلكى خىجالەت بولىدۇ؛ خىجالەت بولغاندىمۇ ئۇزى ئۈچۈن خىجالەت بولۇۋاتقىنى يوق، ئۇ ئۇزىنىڭ

قانداق يولدا ماڭغانلىغىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يولدا مېڭىشقا چىن كوڭلىدىن رازى بولغان ئىدى؛ ئۇنىڭ خىجالەت بولۇشىنىڭ سەۋىۋى شۇ يەردە ئىدىكى، مۇشۇنىداق ئىش يۈز بەرگەچكە، ئۇزىنى قوندۇرۇۋېلىش ئۇچۇن باشقىلارغا يېلىنمىسا بولمايۋاتاتتى. ئۇ بۇ كەنتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيتتى، پۇت-قوللىرى قوش ئاغامچا بىلەن چۇشەپ تاشلانغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بارغۇدەك جايمۇ يوق ئىدى. ئۇ قوۋم-قېرىنداشسىز، باش پاناسىز غېرىپسىنىپ قالغان ئىدى.

ئۇ نادكىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا توختىدى-دە، كېلىشۇپ-لىشتىن بۇرۇن ئوي ئىچىگە كىرىشكە جۇرئەت قىلالماي، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا ئاران يولىنىپ تۇرۇپ قالدى. كىم بىلىدۇ دەيسىز، ئېھتىمال، نادكا ئۇنى رەت قىلار. ھازىر ھەر بىر ئادەمنى يېڭىدىن چۇشىنىشكە توغرا كېلىدۇ: ئەگەر سەن ئىلگىرى-دىن تۇرۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىلەرگە سىڭىش بولۇپ قالغان ئورنۇڭدىن شۇنداق ئايرىلدىڭمۇ، بولدى، ھەممە نەرسە ساڭا تامامەن باشقىچە بولۇپ قالىدۇ، كىشىلەر ساڭا باشقا كوز بىلەن قارايدۇ. نادكا گۇرۇلدەپ كويۈۋاتقان مەش يېنىدا بىر ئىش بىلەن بەنت بولۇۋېتىپ سورىدى:

—قانداق، ھېرىپ كەتتىڭمۇ نىمە؟

—بىرنەچچە كۇن مېنى ئويۈڭدە تۇرغۇزۇشقا ئۇنامسەن؟— دەپ سورىدى ناستيۇنا توغرىدىن-توغرىلا. ئۇنىڭ گەپنى يەنە ئەگىتىپ ئولتۇرۇشقا ھەپسىلىسى قالمىغان ئىدى.

— كىمنى — سېنىمۇ؟
— مېنى.
نادكا ئەسلىدە ئۇنىڭ تەلىپىگە مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، پەسەنت قىلماي تۇرىۋەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا سىنچىلاپ سەپسېلىشقا باشلىدى.
— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.
— سېنى قوغلاپ چىقاردىما؟
— كوردۇڭمۇ بۇنى؟ — دېدى ناستيۇنا قوسىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.
— ۋاي-يەي ي ي! — نادكا ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك چاڭىلداپ سوزلەپ كەتتى، ھەتتا ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇ ھەيران قالغان ھالدا سورىدى، — راستمۇ؟ قوسىقىڭنى نەدە يوغىنىتىۋالدىڭ؟ ئالدىرىما، ئالدىرىما، — نادكا ناستيۇنانىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى تارتىپ كارۋىتىغا ئولتۇرغۇزدى-دە، ئۆزى ئۇدۇل تەرەپتە ئىڭىشكەن پېتى ئورە تۇردى، — دۇنيادا مۇنداق ئىشلارمۇ بولامدىكەن؟ بۇ تېخى راستەكمۇ تۇرىدۇ. بىراق بۇ كىمنىڭ خىيالىغا كېلىپ باققان...... قوسىقىڭنى نەدە يوغىنىتىۋالغانىدىڭ؟ پاھ، قىلغان ئىشىڭنى قارىغىنا! قاراپ تۇر، "ئىڭە-ئىڭە" دەپ توختىماي يىغلايدىغان بوۋاق دۇنياغا كوز ئېچىپ، ساڭا يىغلاپ بېرىدۇ! مانا پات ئارىدىلا قىقىرىغىلى تۇرىدۇ! ھەقىقەتەن بوش كەلمەپسەن! قوسىقىڭنى يوغىنىتىپ

قويغان كىم؟

— ئۇلۇغ ئەرۋاھ، — ناستيۇنا ھەرقانداق چىقىم تارتىشقا رازى ئىدىكى، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن ھېچنىمىنى سورۇشتۇرمەسلىكىنى، ئۆزىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكىنى، ئازاپ سالماسلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئارام خۇدا تۇرۇشىغا يول قويۇشىنى تىلەيتتى. چۈنكى ئۇ باشقا ھەممىدىن بىزار بولغان ئىدى.

— ئۇلۇغ ئەرۋاھ بولسىمۇ بولسۇن، — دېدى نادكا ناستيۇنانىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، — بۇنىڭدىن مېنىڭمۇ خەۋەر تېپىپ قالغۇم كېلىدۇ. سىز بەرمەيمەن دېسەڭ، مەيلى، ئەلۋەتتە. بىراق بۇ يەردە بۇنداق ئەر زادىلا يوقتەك قىلاتتىڭغۇ. ياق، يەنىلا ئۆزەڭ گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي، توغرىسىنىلا ئېيتىۋەرگىن. شۇ ئۇلۇغ ئەرۋاھنى ئۆزەمنىڭمۇ سىناپ باققۇم كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!

— ئۇنى ئەمدى تاپالمايسەن، نادكا، — ناستيۇنا شۇنى بىلەتتىكى، بۇ گەپنى پەقەت نادكىغا ئېيتىپ قويسىلا، باشقا ئادەملەرگە ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىشىنىڭ زادىلا ھاجىتى قالمايتتى، شۇڭا ئۇ نادكىغا ئېيتتسام، ئېيتاي دېگەن يەرگە كەلدى. بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بىر ئىش ئىدى، لېكىن ئامال يوق ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بىر نەرسە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ-دە. ئۇنىڭ ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ئىشلارنى بىرىنچى قېتىم قىلىپ ئولتۇرغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قېتىمقىسىمۇ ئەڭ ئاخىرقىسى بولمىسا كېرەك، — ھېلىقى

مەخسۇس خادىمىنىڭ كەلگەنلىكىنى يادىڭدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ناستيۇنا ئۇنىڭدىن، — زايوم تىزىملاشقا كەلگەن ھىلىقى كىشى.

— نىمە بوپتۇ؟

مۇشۇنداق بولدى! — دىدى ناستيۇنا ئاچچىقى بىلەن، — بىز جاننى قوشۇپ بىرگە يول يۈردۇق. شۇنداق قىلىپ..... قوسىقىمنى يوغىنىتىپ قويدى. بۇنداق ئىشنى قىلىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتەتتى دەيسەن؟

— ھىچقانچە ۋاقىت كەتمەيدۇ، ھىچقانچە ۋاقىت كەتمەيدۇ، بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دىدى نادكا بۇ گەپكە دەرھال قوشۇلۇپ، — بىراق كېيىنكى ئىشلارنى ئۇز جايىدا ئەپلەپ-سەپلەپ ئۇتكۇزۇۋېتىشكە ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ھەي، ناستيۇنا! سەن ھەمىشە ئۇز نىسۋەڭگە شۈكرى قىلغاندەك يۈرەتتىڭغۇ، تارتىنچاقلىغىڭچۇ، ھە دىگەندىلا يۈزۈڭ قىزىرىپ كېتەتتى. مانا ئەمدى ئۇزەڭنى ئاشكارىلاپ قويۇپسەن! ئۇنداق بولسا، ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ ئاندىرى قايتىپ كېلىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟ ئۇ سېنى ئۇرۇپ ئۇلتۇرۇۋېتىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن نىمە كارىم. سەن نىمىشقا قادىلىۋېلىپ: "قانداق قىلىسەن؟ قانداق قىلىسەن؟" دەپ سوراۋېرىسەن؟ قانداق قىلىشىمنى نىمە بىلەي؟! ئالدى بىلەن ماڭا شۇنى ئېيتقىنا: ئۇيۇڭدە بىر مەزگىل تۇرسام بولامدۇ، قانداق؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، يەنە نەگە بارالايتتىڭ؟ ناۋادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئىككىمىز بىرلىكتە تاقابىل تۇرارمىز. [1]ھىلىقى

قىرىنىڭ ئەلۋەتتە ساڭا ئىچى ئاغرىمايدۇ، ساڭا ئۇچلۇكىدىن چىشلىرى غۇچۇلداپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا بىر نەۋرە تېپىپ بېرىدىغان بوپسەن-دە. — نادكا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، — ئۇنىڭ دائىم ساڭا قادىلىپ يۈرگىنى بىكار ئەمەس-كەن-دە. ئايال خەقنى قانداقمۇ بەنت قىلغىلى بولسۇن؟ ئەگەر ئايالدار ھىلە-نەيرەڭ ئىشلىتىدىغان بولسا، باشقىلارنىلا ئەخمەق قىلىپ قالماي، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئەخمەق قىلالايدىكەن. مەسىلەن ئالايلۇق: سېنى مۇنداق قىلىپ قالار دەپ كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان؟ ھەي، ناستيونا! يۈرىكىڭ قاپتەك بار ئىكەن، قاپتەك. تەس كۈنگە قاپسەن. ھېچقىسى يوق، بىللە بەرداشلىق بېرەرمىز. مەن ئاللىقاچان كونۇپ قالغان. مۇشۇنداق قۇرۇق يېنىپ چىقتىڭمۇ؟ ھېچنېمىمۇ ئالمىدىڭمۇ؟ مەن بېرىپ، نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ، ئاز-پاز نەرسە ئېلىپ كەلسەم بولامدىكىن-يا؟

— بارما. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزەم بارىمەن.

— ئۆزەم؟ بولدىلا، ھەممىگە ئۆزەم، ئۆزەم دەپ، ئاخىر مۇشۇنداق چاتاق تېرىپسەن. بىراق بېلىڭنى بوشتۇۋەتمە، بېلىڭنى، تۈگىشىپ كەتمەيسەن. بۇنىڭدىن ئوسال ئىشلارمۇ بولغان. ئىلگىرى ئىت بىلەن، بورى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن ئىشلارمۇ بوپتىكەن. بىزمۇ بىللە تۇرمۇش كەچۈر-سەك بولىۋېرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئىككى ئادەم بىرلا نام بىلەن — ئايال دىگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالمايدۇ-دە! بولدى،

تۇغۇۋەرمەمسەن، تۇققاندىن كېيىن ئەھۋالىغا قاراپ بىرنىمە قىلارمىز. ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئېتى نىمكەن؟

— كىمنىڭ ئېتى؟

— كىم؟...... ئۇنىدىن باشقا كىم بولىسۇن؟ سەن دېگەن ھىلىقى، سېنى زايوم سېتىۋېلىشقا تىزىملىغان ھىلىقى ئادەم-نىڭچۇ؟ تازىمۇ ھىلىگەر بىرنىمىكەن! ھېچ بولمىغانىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋالغانسەن؟

— سورىماپتىمەن.

— ئېتىنى سورىۋالمىدىڭمۇ؟ تازىمۇ كالۋا كەنسەن، ناستيۇنا. ئۇنداقتا بالىنىڭ پەمىلىسىنى نىمە دەپ چاقىرىسەن؟ بالا تۇغۇپ باقمىغان ئادەم دېگەنزە، بالىنى تىزىمغا ئالدۇرىدىغان چېغىڭدا ئۇلار بۇنى سورىشىدۇ. ھېچقىسى يوق، توقۇپ چىقساق بول-غىنى. ئىشقىلىپ ۋاقىت دېگەن كوپ، بالىغا بىر ئاتا تېپىۋېلىش-قىمۇ ئۇلگۇرەلەيمىز، ئەڭ ياخشى ئاتىدىن بىرنى تاپىمىز.

نادكا بىر دەم خورسىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن پۇتۇن كەنتتىكىلەر قاچانلا بولمىسۇن خەۋەر تاپماي قالمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، تۇنجى خەۋەرنى يەتكۇزۇش پۇرستىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بار دېگەن خىيالغا كەلدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ناستيۇنا ئۇ يەردە ئوزى يالغۇز قېلىپ، ياغاچ كارۋات ئۇستىگە ئوزىنى تاشلىدى-دە، كوزلىرىنى يۇمدى. ئادەمنىڭ يۇرىكىنى پىژىلداپ ئېچىشتۇ-رىدىغان قاتتىق ئازاپ ئۇنىڭ نەپسىنى قىساماقتا ئىدى. ئۇ

ئۇزىنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى چىرمىۋالغان، ئۆزى كۆتىرەلمىگۈدەك ئېغىر يۈك بولۇپ يۈكلەنگەن قاتتىق ئازاپتىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن قانغىچە ھوكۇرەپ يىغلىۋەتكۈسى كەلدى، بىراق كۆز يېشىنى توكۇۋەرسە، قوسىغىدىكى بالىسىنىڭ زىيانىغا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، يىغىسىنى باستى. ئۇ كارۋاتتا ئۇ يان ئۆرۈلۈپ-بۇ يان ئۆرۈلۈپ، ئاۋازىنى سوزغان ھالدا بىر ھازاغىچە ئېسەدەپ نالە قىلدى، بىر دەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتسە، بىر دەم قايتىدىن كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلايتتى، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن قىلچىمۇ ئارام تاپال-مايتتى، قاتتىق ئازاپلانغان قەلبى بىر دەملىك خاتىرجەملىككىمۇ ئېرىشەلمەيتتى، چارچىغانلىغىنىمۇ سەزمەيتتى.

ئېغىر ياتقۇ بولغان چاغدا مىخئىچ كېلىپ، رودكىغا ناستيۇ-نانى ھويلىغا چاقىرتتۇردى. ئۆزى پۈتاقلىرى چاتالمىغان، پالتا بىلەن كېسىلگەن توم ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇردى، ناستيۇنا باش-تىن-ئاياق ئۇرە تۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغىچىلىك ھالى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى، چۈنكى ئۆرە تۇرسا ھېچ بولمىغاندا پۈتىنى يوتكەپ، ھەركەت-لىنىۋېلىشقا بولاتتى. ئەگەر ئۇنى مىدىر-سىدىر قىلغۇزماي ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان بولسا تېخىمۇ ئازاپلىنىپ كېتەتتى. مىخئىچ قاتمال، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن غاڭزىسىغا لىقمۇ-لىق تاماكا بېسىپ، چاقماق تېشىنى چىقاردى-دە، بىر ھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئاران ئوت ئالدۇرۇپ چېكىشكە

باشلىدى. بىردىن دېمى قىسىلىپ يوتەلگىلى تۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەتۇر قارىۋېلىپ، يەرگە ئېڭىشىپ، ئۇچەي-باغرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق يوتىلىپ، بىر دەمدىن كېيىن ئاران دېمىنى ئالالىدى. ناستيۇنا ساقلاپ تۇردى. مىخئىچ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، غاڭزىسىنى بىرقانچە قېتىم شورىۋېتىپ، يوتەلنى باستى. ئاندىن كېيىن ياش ئەگىپ قالغان كوزلىرىنى ناستيۇناغا تىككىنىچە، ھارسىنغان ھالدا ئۇتتۇندى:

— ئۇ مۇشۇ يەردە ئىكەن، ناستيۇنا. بۇنى ئىنكار قىلما. مەن بىلىپ بولدۇم. باشقىلارغا ئېيتمىساڭمۇ، ماڭا راستىنى ئېيتقىن، راستىنى، ناستيۇنا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاتىسىغۇ.

ناستيۇنا بېشىنى چايقىدى.

— بىزنى بىر قېتىم يۈز كورۇشتۇرۇپ قويغىن. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم. سەندىن ئوتتۇنۇپ سوراي، خۇدا ھەققى، ناستيۇنا، ماقۇل دېگىن. ئەگەر مەندىن يوشۇرىدىغان بولساڭ، خۇدامۇ رازى كورمەيدۇ.....ئۇنىڭدىن نېمىگە ئۈمىت باغلاپ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ باقماقچىمەن، ھە؟ ئۇ ساڭا ئېيتمىغانمىدى؟ مەن مۇشۇنچىلا ياشقا كىرىپ قالغان تۇرسام، ئۇ نېمە ئۇچۇن يەنە مېنى مۇشۇنداق ئار-نومۇسقا قالدۇرىدۇ؟ بىزنىڭ بۇ جەمەتىمىزدىن ھەر خىل ئادەملەر چىققانۇ، بىراق ھېچكىممۇ بۇنداق ئوساللىشىپ كەتمىگەن ئىدى.....راستتىنلا بىر خۇنپەر

ئىكەن. قىلغان قىلىغىنى قارا.....بىزنى يۈز كۆرۈشتۈرۈپ قويغىن، ناستىيۇنا، — مىخئىچ تەھدىت ئارىلاش تەلەپپۇز بىلەن يىلىندى، — خۇدا ھەققىدە بىزنى يۈز كۆرۈشتۈرۈپ قويغىن، تېخى ئۇ قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتمەستە، يامان پەيلىدىن بالدۇرراق ياندۇرۇۋالايلى. ئۆزەڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، يەنە مۇشۇنداق ئەسكىلىك قىلىۋەرسە بولمايدۇ. شۇمۇ يېتەر. ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ناستىيۇنا، ياردەم قولۇڭنى سۇن! بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ ئوبدانراق بولۇپ قالار.

ناستىيۇنا ئۇنىڭ يېلىنىشىدىن ئىككىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر يەنىلا بېشىنى چايقىدى:

— نېمە دەۋاتىسىز، ئاتا؟ سىزگە نېمىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتىم؟ ئېيتقۇدەك ھېچنىمە يوق. ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كورگىنىم يوق، بۇنى ئوزىڭىز ئويلاپ چىقىپسىز. يوق، كورمىدىم.

— يالغان سوزلىمە، ناستىيۇنا، — دېدى مىخئىچ ئورنىدىن تۇرۇپ، غاڭزىسىنى ئوتتۇگىنىڭ پاشىنىسىغا قېقىۋېتىپ، — بۇ يالغان سوزلىرىڭنى كىمگە ئېيتىپ بېرىۋاتىسەن؟ مەن ئەسلىدە سەن بىلەن ئوبدان سوزلىشىپ كورۇشنى ئويلىغان ئىدىم، سېنىڭ قوسىغىڭنى ئۇ يوغىنىتىپ قويغان! ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم بولسۇن؟ سەنزە، مېنى ئۇقمايدۇ دەۋاتامسەن؟ مېنىزە، ئوزەڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدۇ دەۋاتامسەن؟ سەن توقۇغان ھېكايىلەر پەقەت كەمپىرنىلا، ئاياللارنىلا ئالدىيا-

لايدۇ، لېكىن مېنى ئالدىيالمايدۇ. سەن يەنە تېخى ئۇنىڭغا مىلتىقنى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بەردىڭ. قارا، مانا بۇنىڭ ئۆزى دەلىل-ئىسپات،—ئۇ غاڭزىسىنى ناستيۇنانىڭ قوسىغىغا تەگلەپ قويۇپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— قوسىغىڭدىكى بالاڭنى نەگە يوشۇرۇپ قويماقچى؟ نەگە؟ سەندىن سوراۋاتىمەن!

ناستيۇنا كۆڭلىدە قېيناتىسىغا بۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن باشقىچىراق جاۋاپنى ئويلاپ تاپالمىغاچقا، يەنە قانداق گەپلەر بىلەن ئەپ-لەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزىۋېتىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، بۇ سوھبەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېزراق ئاياقلاشتۇرۇپ، قايتىدىن كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاش ئۈچۈن، ئىنتايىن يۈزسىز، پاسكىنا، ساختا كۆزىنى كۆتىرىپ چىقتى:

—مەن سىلەرنىڭ ئاندىرىيىگىلار بىلەن توت يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسامۇ، بىرەر-يېرىم پەرزەنت يۈزىنى كۆرگىنىم يوق. دەلىل-ئىسپات دېگىنىڭىز نىمىسى؟!

مىخئىچ داڭقېتىپ قالدى، ئالاقزادىلىك ئىچىدە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ناستيۇناغا قارىدى، ئاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا كوچىدىن بىرسى ئۆتۈۋىدى، دەرۋازىنى ئېچىپ بولغان مىخئىچ دەرھال ئارقىسىغا قاراپ داجىدىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ، چىقىپ كەتتى.

# 21

ناستيۇنا ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، كارۋاتتا ئۇزاققىچە ياتتى، نادكا ۋە ئۇنىڭ باللىرى ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە بىرەرسىنىڭ ئويغاق يېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، بىر ھازاغىچە سەۋرى-تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇردى. ھېچقانداق ئەندىشە قالمىغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، كوينىكى، يۇڭ پوپايكىسى ۋە ئوتۇكىنى قولىغا ئېلىپ، ئويدىن يالىڭاياق پېتى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ، پەلەمپەيگە چىقتى، ھىلىقى ئىشىك-دەرىزىسىز تام تۇۋىدە كىيىم-كېچەك بىلەن ئوتۇكىنى كىيىۋالدى، كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن بېشىغا ياغلىق سالمايلا، پەلەمپەيدىن بىر قەدەممۇ تۇۋەن چۈشمەي، شۇ جايدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ: "ئەسلىدىكى پىلانىم بويىچە ئىش قىلايمۇ ياكى ھېچ يەرگىمۇ بارماي، قايتىدىن كارۋاتقا ئوزەمنى تاشلاپ، ھەممە ئىشلارنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ، ئاللىقاچان مەھرۇم بولۇپ قالغان لېكىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تەلپۈنىدىغان ھىلىقى خاتىرجەملىك قوينىغا غەرق بولايمۇ" دەپ، ئىككى خىيال بولۇپ قالدى.

كېچە ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى: تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ، ئەل جىمىقان، ئەتراپ قاپ-قاراڭغۇچىلىققا چوككەن ئىدى.

تۈنۈگۈن كېچە يامغۇر ياققان، ئەتىگەن يەنە دەرەخ شاخلىرى ئىغاڭلىغاندا چۈشكەنگە ئوخشاش بىرقانچە قېتىم تامچىلىغان شالاڭ يامغۇر تامچىلىرى بۇلۇتلار قويىنىدىن توكۇلگەن ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق يامغۇر ئىدى. كېيىن زادىلا يامغۇر ياغمىدى، توساتتىن ھاۋانى قويۇق تۇمان قاپلاپ، كۆن بويى تارقىمىدى، شۇ تاپتا ھاۋا تېخىمۇ بەك تۇتۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. بىر ماڭدام يىراقلىقتىكى نەرسىنى كورۇپ بولمايدىغان قاپ-قاراڭغۇ كېچىدە ئويلەرنى دىگۈدەك پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، كوزنى يوغان ئېچىپ سىنچىلاپ قارىغاندا، ئاندىن مىلىك تەسلىكتە يېقىن ئەتراپتىكى ئويلەرنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى، بەلكىم بۇنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى دىگەندىن كورە، پەقەت تونۇش ئورۇنغا ئاساسەن پەرەز قىلغىلى بولاتتى دىگەن تۈزۈكرەك بولار! قوغۇشۇندەك ئېغىر ئاسمان پەسلەپ باش ئۈستىگىلا كېلىپ قالغان بولۇپ، گويا ئۇنىڭ زىمىنىڭگە ئوخشمايدىغان سوغاق نەم ھاۋاسىنىڭ ئۆزگىچە دولقۇنلىنىپ ئايلىنىشى ئادەمگە بىلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئەتراپ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ناستيۇنانىڭ تەسەۋۇرىدا ئانگارا دەرياسى تېخىمۇ ۋەھىملىك ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر ناستيۇنا مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىدىن قورقمايدىغان بولسا، بۈگۈن كېچە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلەتتى.

ئۇ پەلەمپەيدىن قوپتى. ئۇنىڭ بارماقچى بولغان يېرى دەل ئانگارا دەرياسى ئىدى. ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى،

پەقەت ھاۋا ئوسال بولغان كېچىنى تاللىۋالغاندىلا ئاندىن كىشى-
لەرنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇ يەرگە بارغىلى
بولاتتى. بىرەر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن
ئۇ ئۇششاق قەدەم تاشلاپ، موزاي ئېغىلىنى كېسىپ ئۆتۈپ
مونچىغا باردى — بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بۇ مونچا تېخى ئۇز-
لىرىنىڭ مونچىسى ئىدى، — دالاندىن قوش پالاق خادىنى ئالدى.
لېكىن بىر قول بىلەن ئۇرىدىغان تاق پالاقنى ئېلىپ يۈرمىدى،
چۈنكى ئۇ بۇ نەرسىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى. ھازىر ناستيۇنا
گۆسكوۋلارنىڭ ئۆيىدە تۇرمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماي
تۇرۇپ، قېيىنقىنى ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئىشلىتىۋېلىشى ئوغرى-
لىغانغا يېقىنراق بىر ئىش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن
باشقا چارىسى يوق ئىدى. ھەر ھالدا ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقى-
سى بولمىغان كىشىلەرنىڭكىنى ئالغىلى بولماس؟! چۈنكى
ناتونۇش ئادەملەر ئىتنى قويۇۋېتىپ تالىتىدۇ، ياكى تېخىمۇ
قەبىھ چارە بىلەن ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدۇ. ھازىرقى باشتىن
كەچۈرگەنلىرىمۇ يېتىپ ئاشار. گويا ئۇنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە
سالماقچى بولۇۋاتقاندەك، كەنتنىڭ مەلۇم جايىدىكى بىر ئىت
تۈيۈقسىز، چۈشىنىكسىز ھالدا قاۋىغىلى تۇردى. ئارقىدىنلا
بىرنەچچە ئىت ئۇنىڭغا جور بولدى. ناستيۇنا ئالاقزادىلىك
ئىچىدە تۇرۇپ قېلىپ، قاشا يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى،
يۈرىگى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۇ شۇ يەردە ئىتلارنىڭ
قاۋاشلىرى توختىغىچە تۇردى. بۈگۈن ئۇ ھەممە نەرسىدىن

قورقۇۋاتاتتى: قاراڭغۇلۇقتىن قورقۇۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلەتتى: جىمجىتلىقتىن قورقۇۋاتاتتى، ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق جىمجىتلىق بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ ئاجايىپ سەزگۈر بولۇپ كەتكەن، ئازراقىنا ئاۋاز چىقسىلا قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىتلارنىڭ مۇشۇنداق قاۋاپ كېتىشلىرىدىنمۇ قورقۇۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىتنىڭمۇ ھېچقانداق سەۋەپسىزلا ئۇخلاۋېتىپ جويلىگەندەك قاۋاپ قويغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى، چۈنكى ئۇ ناھايىتى تېز ئارىدىلا تىنچىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خۇپپىيانە بىرەر پالاكەتچىلىكتىن، شۇملۇقتىن بىشارەت بەرگەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. ناستيۇنا دىققەت بىلەن ھەر بىر قەدەم باسقاندا قۇلىغىنى يەرگە يېقىپ تىڭشاپ بېقىپ، ئومىلەپ دىگۈدەك تىك قىرغاقتىن پەسكە چۈشتى، بىراق دەريا بويىدىكى ئۇششاق تاشلارنىڭ ئاياق ئاستىدا شىرىقلىشى ئۇنىڭغا گويا گۈلدۈرمامىدەك بولۇپ ئاڭلاندى، قېيىقنى ئىتتىرىپ سۇغا چۈشۈرگەندە چىققان ئاۋازمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا گۈلدۈرمامىدەك بولۇپ ئاڭلاندى. ئۇ قېيىقنى خارا بىلەن ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سەكرەپ چۈشۈۋالدى ـ دە، ئۇنچىقماي دۈم يېتىۋېلىپ، قېيىقنى كەنتتىن چىقىپ كەتكىچە سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ قويۇۋەتتى.

ئانگارا دەرياسىنىڭ بۇ يېرى بىرقەدەر يورۇق ئىدى؛ دەريا يۈزىدىن كۆلرەڭ نۇر چاقناپ تۇراتتى، سۇ گويا دولقۇنسىمان

ئوركەشلەۋاتقاندەك چاقناپ تۇرغان نۇر ئىچىدە گاھ كورۇنۇپ، گاھ كوزدىن غايىپ بولاتتى، نۇر چاقناپ تۇرغان يەردىن سەل-پەل ئىگىزرەك كەلگەن يەر خۇنۇك ھاۋا بوشلۇغى ئىدى، ئۇنىڭغا يەنە قاياقتىن چۇشۇۋاتقانلىغىنى بىلىپ بولمايدىغان خىرە-شىرە يورۇقلۇق ئۇلىنىپ تۇراتتى، بۇ خىرە-شىرە يورۇق-لۇقنىڭ ئارقىسى قاراڭغۇلۇق ئىدى. ناستيۇنا كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھىلىقى ئاق رەڭلىك لەيلىمە بەلگىنىڭ—ئەينى چاغدا ئوزى ماتۇى بوۋايغا ياردەملىشىپ يوتكەپ كېلىپ ئورناتقان ئىككىنچى لەيلىمە بەلگىنىڭ —چىرىغىنى ئىزدەپ قارىدى. لەيلىمە بەلگە يەنىلا ئەسلىدىكى جايىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرىغىمۇ ئوچمىگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كوڭلى ئاز-تولا ئارام تاپقاندەك بولدى. تېيىز يەردىكى سۇنىڭ شاقىرىشى يېرىم كېچىدە بىرقەدەر تۇتۇق، سۇس بولۇپ ئاڭلىناتتى؛ تىرەن يەردىكى سۇناڭ لومۇلدەپ كۇچلۇك، ئۇزۇلمەس، مەيىن شاۋقۇنغا جۇر بولۇپ شىرىلدىشى بولسا ھازىر قۇلاققا ئىنتايىن ياڭراق ئاڭلىناتتى، تاڭ ئالدىدىكى مەيىن شامال ھىچقانداق نىشانسىز ھالدا گاھ كۇچىيىپ، گاھ ئاجىزلاپ سوقۇپ تۇراتتى.

پالاق ئۇرۇش توغرا كەلدى؛ كېچىسىنىڭ ھەرقانچە قاراڭغۇ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ياز كېچىسى ھەر ھالدا قىسقا ئىدى. ناستيۇنا دەسلۇۋىدە تاڭ يورۇپ قېلىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەت-مەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدىلىكتە بۇنىڭغا كوزى يەت-مىدى. ئۇنىڭ كارۋاتتا ياتقان ۋە پەلەمپەيدە ئولتۇرغان ۋاقتى

تولىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتكەن ئىدى، يوشۇرۇنچە بىرىپ پالاق ئالغان ۋە قىيىقتا دۇم يېتىۋېلىپ، ئۇنى سۇنىڭ ئىقىشىغا قويۇۋەتكەن ۋاقتىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ۋاقىت ئادەمنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. بىراق تاڭ ئاتقان تەقدىردىمۇ، كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن، كىشىلەر دەريا بويىغا كېلىشتىن بۇرۇن كەنتكە قايتىپ بىرىۋالسىلا چاتاق چىقمايتتى. بۇنداقتا ھەممەيلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان چاغدا قىرغاقتا چىقىپ، پىتنە-پاسات تارقاتقۇچىلار ئۇچۇن تىخىمۇ كوپرەك ئاساس تېپىپ بىرىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. ئېھتىمال، بۇ ئۇنىڭ ئۇ يەرگە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم قېيىق ھەيدەپ بىرىشىدۇ، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرىشىنىڭ ھاجىتى بولماس. ئەمدى زادى ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

—"شۇمۇ يېتەر! بۇگۇن قېيىق ھەيدەپ چىقمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللىقاچان مەلۇم ئورۇن، مەلۇم ۋاقىتتا سەۋەنلىك قىلىپ، چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى چاندۇرۇپ قويدۇم،— قانداق ئورۇن، قانداق ۋاقىتتا، قانداق نەرسىلەرنى چاندۇرۇپ قويغانلىقىمنى ئەمدىلىكتە سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بولسۇن؟ سۈرۈشتۈرگەندىن ھىچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. بۈگۈن ئاخشام ئاندىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋېلىشقا نىسىپ بولسىلا بولاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن نىمە ئىشلار يۈز بەرسە، پىشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كورەرمەن"— ناستيۇنا ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنلىك-

تىن، زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي، قېيىقنى يىراققىراق ھەيدەپ بېرىپ، پالاقنى تاشلاپ، ئۇنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇۋېتىپ، كوزىنى يۇمۇپ يېتىۋالغۇسى كەلدى، ئوزىنى دولقۇن نەلەرگە ئاپىرىپ تاشلىسىمۇ مەيلىدى، ئىشقىلىپ ئىش يامىنىغا تارتىسا بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشمەس.

سېمىيونوۋنانىڭ ناستيۇنانى ئويدىن قوغلاپ چىقارغىنىغا ئۇچ كۇن بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق ناستيۇنا ھامان ئوزىنىڭ ھازىر باشقىلارنىڭ ئويىدە تۇرۇۋاتقانلىغىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئوز ئويىگە كىرىپ كىيىم ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىغىنى، ئۇخلاشتىن بۇرۇن كارۋات لېۋىدە ئولتۇرۇپ خىجىل بولغان ھالدا ئوز قوسىغىنى سىلاشقا بولمايدىغانلىغىنى ئىشەنگۇسى كەلمەيتتى. ئەمدىلىكتە تومپىيىپ قالغان قوسىغىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى، ھەرقانداق كىشى خالىسىلا ئۇنىڭغا كوزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ ئۇنىڭ ئاشكارا سىرىنى تېپىۋېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئوزلىرىنىڭ ئىچ پۇشىغىنى چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن ناستيۇنانىڭ بالىسىغا بولغان مۇلايىم، شېرىن ھىسسىياتى ۋە بالىسىنىڭ كۇنسايىن جانلىنىۋاتقان ھاياتىي كۇچىگە بولغان سېزىمى ۋە خىجالەتچىلىكىمۇ بارا-بارا ئاجىزلىشىشقا ھەم تۇگەشكە باشلىغان ئىدى. پەقەت يالامنىڭ تەقدىرى كەلگۇسىدە قانداق بولار دىگەن ئەندىشىلا قالغان ئىدى. كىشلەر ئوزلىرىنىڭ ئوتكۇر كوزلىرىنى سوراق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكمەكتە، قىزىققان،

گۇمانلانغان، دۈشمەنلەشكەن نەزىرى بىلەن قارىماقتا، بۇ نەزەرلەرگە سەۋرى-تاقەت قىلىۋېرىش ئاسان ئىش ئەمەس. ناستيۇنانىڭ ئۆزىمۇ ئۆزى دۇچكېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەقىقى راست ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەيتتى، باشقىلارمۇ خۇددى شۇنداق ئىدى، ئۇلار ناستيۇنانىڭ ئۆزلىرىگە تونۇش بولۇپ كەلگەن ناستيۇنا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. كىشىلەر ھامان تارقالغان پاراڭنىڭ زادى ئاساسلىق ياكى ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ: "ئۇنىڭ قوسىغى زادى راستتىنلا يوغىناپ قالغانمۇ-يوق؟ ئېھتىمال يەنە كىچىكلەپ كەتكەنىدۇ، غايىپ بولغاندۇ؟" دېيىشەتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاز-پاز بولسىمۇ ياساپ قويىدىغان ئادەم چىقمىدى، ھەتتا لىزا ۋولوگژىنا-دەك سىرداش دوستىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى، مەسىلەن: "ئۆزەڭنى بېسىۋال جۇمۇ، باشقىلارنىڭ بىرنىمە دېيىشىدىن قورقما، تۇغۇلغان بالا باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ بالىسى ئەمەس، ئۆزەڭنىڭ بالىسى بولىدۇ، ئۇنى ئاسىرىشىڭ كېرەك، خەقنىڭ غەيۋەتلىرى دېگەن بىرئاز ۋاقىتلاردىن كېيىن جىمىپ قالىدۇ" دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلغان بولسا كاشكى. ئەگەر لىزا ئاي-كۈننى ھېساپلاپ كۆرۈپ، ئازراق ئىلىنىشىدىغان يېرى چىقىپ قالىدىغانلا بولسا ماكسىمدىن گۇمانلىنىپ، ناستيۇنادىن سۈرۈشتۈرگەن بولاتتى. ئۇ ئاللىقاچان گۇمانلىنىپ، ئۇيىدە ۋاقىتنى ھېساپلاپ ئولتۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ ھېلىقى كاتېرىنا-نىستور-

نىڭ خوتۇنى ناستىيۇناغا ئەنە شۇنداق گۇمان بىلەن كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا قارىمىغانمىدى؟ ناستىيۇنا ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: "خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ. مېنىڭ تومپىيىپ چىققان قوسىغىمغا سىزنىڭ نىستورىڭىز كۆچ چىقارغىنى يوق!" دەپ ئولتۇرماس!

ھەممە ئادەمنىڭ ناستىيۇنا توقۇپ چىققان مەخسۇس خادىم توغرىسىدىكى گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىشى ناتايىن. بىراق ناستىيۇنا بۇنىڭلىق بىلەن ئارام تېپىپ قالغىنى يوق. خوتۇن خەقنىڭ ئىشى ئاسان، ئۇلارغا بىر نەرسە دەپ ئوتكۇزۇۋېتىش ئوڭاي. ئۇ ئوزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ قالمايدىغانلىغىنى بىلەتتى، ھەتتا ئۇلار ئۇنى شۇنداق خاتالىق ئوتكۇزگەن دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇنداق خاتالىقنى ئوتكۇزمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق خىجالەتچىلىك تارتىپ يۇرمەيتتى. ھەممىدىن چاتاق بولۇۋاتقىنى شۇكى، بەزىلەر ھەقىقى ئەھۋاللارغا يېقىن كېلىدىغان بەزى ئىشلاردىن بىشارەت بەرمەكتە. ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ئۇنىڭ گۇناسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنى بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقىنىدا ھىلىگەر، قىتىغۇر كوزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ، سىنىماقتا:

—چوكان، بۇ مېدالنى سىزگە كىمنىڭ ئىنئام قىلغانلىغىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ باقماي بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟—دىگەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناستىيۇنانىڭ يۇزىدە بىرەر تال كوك تومۇر

تۈيۈقسىز كوپۈپ، كۈتمىگەن يەردىن ھەقىقى ئەھۋالنى ئاشكا-رىلاپ بېرەرمىكىن دىگەن ئۈمىتتە ئۇنىڭغا سوراق نەزىرى بىلەن ئۇتكۇر كوزىنى مىختەك قاداپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىغان ئىدى.

— ئۇنداق بولسا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ، ئىننوكىنتى ئىۋانو-ۋىچ، ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ، — ناستيونا يېقىندىن بۇيان ھەمىشە بوش كەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭغا يەنە شۇنداق تەلەپپۇز بىلەن جاۋاپ بەرگەن، — بولمىسا مەن باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنا: "بۇ بالا توغۇلسا جەزمەن سىزگە ئوخشايدۇ" دەپ قويۇپ قويىمەن.

— تۈفى! تىلى زەھەر خوتۇن! — ئۇ توكۇرۇپ قويۇپ، ئوز يولىغا كېتىۋېتىپ تەھدىت سالغان ئىدى، — ھېچقىسى يوق، بالىنىڭ كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز.

شۇ گەپلەر ناستيونانى راستتىنلا قورقۇتۇۋەتكەن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئۇنىڭ كوڭلى بىر يەرگە تىنىمىغان. قىسقىسى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرى-سىدا ئۇنىڭ كوڭلى گۇدرەت ئىچىدە قالغان. ئۇنىڭ ئويلانغۇ-دەك ۋە چارە تاپقۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى، چۈنكى سېمىيو-نوۋنا ئۇنى تىللاپ ھەيدەپ چىقارغاندىن تارتىپ، ئۇ خاراموش بولۇپ، زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىگەن ئىدى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭغا گويا ئوزى بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك، قارشىلى-شىۋاتقاندەك، ئوزىنىڭ ھەر بىر ھەركىتىنى كۈزىتىۋاتقاندەك،

ھەر بىر ئۆي-پىكىرنى ئۇغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇزىنىڭ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ پۈتۈنلەي بىخۇتلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، داۋاملىق مىدىرلاپ، ئىشقا چىقىپ تۇراتتى، باشقىلار گەپ سوراپ قالسىمۇ بىرنەچچە ئېغىز جاۋاپ بېرەتتىيۇ، لېكىن نېمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، نەلەرگە بارغانلىقىنى بىر دەمدىلا ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئاخشاملىرى يۈرىكى ھەمىشە پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ، قاتتىق ئازاپلىناتتى، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا قىلچە ئامال قىلالمىاي، تۈن بويى دىگۈدەك كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزاتتى؛ كۈندۈزلىرى ئەتىگەن بىلەن كەچنى پەرق ئېتەلمەيتتى، — كۈن بويى پەرىشان ھالەتتە گاڭگىراپ، ئىلىك-سىلىك بولۇپ يۈرەتتى. نادىكا دائىم ئۇنىڭغا قاراپ ۋاقىراشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنى تاماق يېۋال دەپ شىرە يېنىغا تارتىپ ئېپكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى، ئۇخلىۋال دەپ كارۋاتقا ئىتتىرىپ ياتقۇزۇپ قوياتتى، ئىشقا ماڭ دەپ ئېتىزلىققا ئالغاچ باراتتى. ناستيونا ئىنتائىتەمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ، نېمە قىل دىسە شۇنى قىلاتتى. ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتەتتى. ماغدۇرىدىن كېتىپ قالغاندەك، ھېچقانداق نىشانسىز ھالدا ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئوت-چۆپ ئورۇش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنىلا كۈتەتتى، ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتسىلا ئوت-چۆپكە ئۇغاق تېگەتتى؛ نېمە ئۈچۈنكىن-

تاڭ، ناستيۇنا ئىلگىرى ئۆزى ياخشى كورىدىغان، كوڭۇلـلۇك، دىخانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى يېتىپ كەلگەنـدە، پاتقاقـقا پاتقاندەك پېتىپ قالغان، ئوزىنى قاتتىق ئازاپلاۋاتقان پۈتـكۈل سەرگۈزەشتىلىرىدە بۇرۇلۇش ياسىلىپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم نەتىجە چىقىشىغا ئىشىنەتتى. شۇمۇ يېتەر، ھەممىشە بۇنداق باش ـ ئايىغى چىقماي كېتىۋەرمەسمەن، دەپ ئويلايتتى.

بۇگۇن كېـچە ئۇ ئەسلىدە ئاندىرىـنى ئىزدىمەكـچى ئەمەس ئىدى، بىراق كەچتە نادكا ياشلارنىڭ كەچكى كوڭۇل ئېچىشىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

ــ ھەي ناستيۇنا، ھەممەيلەن سېـنىڭ ئۇستۇڭـدىن سوز ـ چوچەك قىلىشىۋاتـىدۇ، ئۇنىڭ قوسـغىنى يوغىنىـتىپ قويـغان ئادەم ياتىۋاش ئادەم ئەمەس، ئوزىنىڭ ئېرى دىيىشىۋاتىدۇ، ــ دىدى.

ناستيۇنانىڭ ئىسسىق قانلىرى شۇ ئان غۇژژىـدا مىڭىـسىگە ئۇرلەپ، پۈتۈن ئەزايىي ئوت ئېلىپ كەتتى.

ــ ئېرىمـنى نەدىـن ئىزدەپ تاپاي؟ ــ ئۇ ئوزىـنى ئاران بېسىۋېلىپ تۇرۇپ سوزلىدى، ــ ئايرىلغىنىمىزغا توت يىل بولۇپ قالغان تۇرسا، بىر قوساقنىڭ يوغىنىشى ئۇچۇن شۇنچىلا ۋاقىـت كەتكەن نەدە بار؟

ــ ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىـچ گومانلىنىپلا يۇرۇيدۇ. بۇ گەپـنى شۇ تارقاتقان بولسا كېرەك، ــ دىدى نادكا ئىزاھلاپ، ــ بۇ قېرى قاقۋاش يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشقا ئامراق. ئۇنىڭ ئايالللارغا

كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىغىغا قارىماي، ئۇ ئاشۇنداق ئادەمنىڭ كوڭلىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا، يېڭى-يېڭى گەپلەرنى تېپىشقا ئۇستا.

— ھە، بوپتۇ، ئۇزىنىڭ ئېرى دېيىشكەندىكىن، ئۇزەمنىڭ ئېرى بولۇۋەرمەمدۇ، — دېدى ناستيۇنا بۇنى قەستەن بوينىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن: "سىلەر نىمە دىگۇڭلار كەلسە دەۋېرىڭلار، مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن" دىگەن مەنە چىقاتتى.

بىراق بۇ گەپتىن كېيىن ئۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى: "ئەستاغپۇرۇللا، ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ، بۇ قاقىۋاش باشقىلارنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىمىغىچە زادىلا كوڭلى ئارام تاپمايدىغان ئىچى قوتۇر ئادەم! ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچتەك مۇشۇنداق ئادەمدىن پۈتۈن دۇنيانى ئاختۇرغاندىمۇ ئىككىنچىسى تېپىلماس. بىرەر ئىش ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە سۈرۈشتۈرۈپ، تېگى-تەكتىگە يەتمىگىچە توختىمايدۇ. ئۇ رايونغا بېرىپ، مەخسۇس خادىمنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا كوزىنى قىسىپ قويۇپ: 'ئۇزاقتا قالماي كىشىلەر ئاتامان كەنتىدە كۈچۈگىڭىزنى كورىدىغان بولدى' دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، قارشى تەرەپ جەزمەن قەسەم قىلىپ، چىچاڭشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىددى ئولتۇرۇپ سوھبەتلىشىدۇ. بولمىدى، ئاندىرى زادى بۇ يەردىن كەتمىسە بولمىدى، مەيلى نەگە بولمىسۇن، بىر يەرگە ئوزىنى ئالسۇن،

ئىشقىلىپ بۇ يەردىن كەتمىسە بولمايدۇ. ياكى تەسلىم بولسۇن، چۈنكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولغانلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىن ئۈمىت كوپ. ھەي خۇدايىمەي! مەيلى ئاغامچىنىڭ قانچە قات يوگىلىشىدىن قەتئى نەزەر، ھامان ئۇنىڭ بىر ئۇچى چىقىدۇ-دە. ئۇ چوڭ بالايى-ئاپەت ئىدى..... چوڭ بالايى-ئاپەت..... نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ! ئۇ بۇ يەردىن كېتىپ، زادىلا دۇنيادا بۇنداق ئادەم بولۇپ باقمىغاندەكلا، مەڭگۇ قايتا كورۈنمىسىكەن تەقدىردىمۇ، — ناستيۇنا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ زادى قايسى يولغا مېڭىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى راستىنلا بىلمەيتتى! — بالا يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزى بالىغا چاپلىنىپ قېلىشىنى ھەممىدىن بەك يامان كورىدىغان يامان ئاتاققا قالىدۇ، كىشىلەر: ئەينى چاغدا، بۇ بالىنىڭ ئاتىسى جەڭ مەيدانىسىدىن قېچىپ كەلگەن ئادەم ئىكەن دىسەن گەپ-سوزلەر بولغان، دىيىشىدۇ. بۇنداق يامان ئاتاقنى مەڭگۇ ئوچۇرگىلى بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ مۇنداق مىجەزى بولىدۇ: سەن بىراۋغا: 'پالانچى ئادەم ئالۋاستىدىن تۇغۇلغان ئىكەن' دىسەڭ، ئۇ ئىشىنىشىغۇ ئىشەنمەيدۇ، بىراق ھامان 'ئالۋاستىدىن تۇغۇلغان ئىكەن' دىگەن گەپنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئالۋاستىدىن تۇغۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يۈزلىگەن دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا، بالا تۇغۇلۇپلا ئار-نومۇسقا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇندىن كېيىنمۇ ئومۇر بويى ئۇ نومۇستىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ ئىش توپەيلىدىنمۇ ئەر-

خوتۇن ئىككىمىز توت كوز بىلەن كۇتكەن نەتىجە كېلىپ چىقمايدۇ، زادى چىقمايدۇ. ئاتا ـ ئانا ئۇتكۇزگەن ئېغىر گۇنا بالىنى ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە قالدۇرىدۇ، بالا بۇنداق ئازاپ ئوقۇبەتتىن قانداقمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلىسۇن؟! ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى كەچۇرمەيدۇ. قاغايدۇ ـــ بۇ ھەقىقەتەن ئوزىمىزنىڭ شورى!"

ئەتراپ قاپ ـ قاراڭغۇ ئىدى؛ ئۇ شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، ھەتتا قىلچىلىك نۇردىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى! ئاسمان باشقا كومتۇرۇلگەندەك قىلىپ تۇراتتى، ھەممە ياق سۇ، قىرغاقنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. دەريا سۇيى تىنماي دولقۇنلاپ، گاھ بولۇنۇپ، گاھ قوشۇلۇپ كېتەتتى. لەيلىمە بەلگىنىڭ چىرىغى گاھ يورۇپ، گاھ غۇۋالىشىپ، چاقناپ قويۇپلا كوزدىن غايىپ بولۇپ كېتەتتى. چىراقنىڭ ھىلىمۇ يېنىۋاتقانلىغىنى ياكى ئاللىقاچان ئوچۇپ قالغانلىغىنى بىلىپ بولمايتتى. يېرىم كېچىدە دەريا يۇزىدىن سۇرلۇك ئولۇكنىڭكىدەك ھىد دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، بۇ دەريا كەلكۇنى بۇزۇپ تاشلىغان قەدىمقى قەۋرىستانلىقتىن چىققان ھىد ئىدى. چىرىپ، ئېچىپ كەتكەن بۇ ھىدنىڭ تەسىرىدە ناستيۇنانىڭ كېلى قىچىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ يۇرىكى ئېزىلىپ، گويا قانداقتۇر بىر غايىپ ئاۋازدىن ئوزىنى قاچۇرغاندەك، سوقۇشتىن توختاپ قالاي دەپ قالدى. چۇنكى ئۇنىڭغا دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىدىن بىرەر شۇم چىقىپ، شۇملۇقتىن ئۇنى ئالغا قاراپ مېڭىش خىيالىدىن ياندۇرىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ناستيۇنا قوش پالاقىنى سۇغا شالاپشىغان ئاۋاز چىقارماي ئاستا تىڭتىڭ-دە، قېيىقنى ئاۋايلاپ ھەيدەپ ئالغا قاراپ كەتتى. ئۇنىڭغا قېيىق مېڭىۋاتقاندا ئەتراپ جىمجىتتەك بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئەتراپتىكى ھەر بىر ئاۋازنى-كىم بىلسۇن، دەريا سۇيىنىڭ شاۋقۇنىنىمۇ ياكى يەنە بىر باشقا دۇنيادىن كەلگەن ئاۋازنىمۇ-تىڭشايتتى. ئۇ ھەممە نەرسىگە ھوشيار بولۇپ، تۇرلۇك تەييارلىقلارنى كورۇپ قويغان ئىدى. شۇڭلاشقا قىرغاقتىن گويا بىرسىنىڭ پالاقنى قېيىققا تاشلىغىنىدا چىققان ئاۋازدەك قىسقا، يېقىمسىز ئاۋاز چىققاندا، ئۇ دەرھال بۇنى ئاڭلىدى-دە چوچۇپ ھاڭۋېقىپ قالدى. كېيىن قېيىقنى ئۇششاق تاشلىق سايدىن سۇغا ئىتتىرىپ چۇشۇرگەندە چىققان سۇركۇلۇش ئاۋازىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىدى. ھىلىقى قېيىق سۇغا چۈرۈلگەندىن كېيىن شالاق-شۇلۇق ئاۋاز چىقىپلا جىمىپ كەتتى. بىراق ئارىدىن ئۇزاق ئوتمەيلا، بىر تال پالاقنىڭ رىتىملىك ھالدا ئۇرۇلۇشى بىلەن چىققان بوش، شالاپشىغان ئاۋاز ناستيۇنانىڭ قۇلىقىغا ئىشىتىلدى.

كىمدۇ بىركىمنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قېيىق بىلەن ئىز قوغلاپ كەلگەنلىكىدە شەك يوق. دەسلىۋىدە بۇ ئادەم ئۇنى كۇتۇپ تۇرغان، ئۇ قېيىقنى ھەيدەپ ماڭغاندىن كېيىن، دەرھال ئىزىغا چۈشكەن. بۇ كىمدۇ؟ مىخئىچىمىدۇ ياكى يات ئادەممىدۇ؟ شۇ قىرغاق بويىدا يەنە ئىككى قېيىق توختىتىقلىق تۇراتتى، ئۇنىڭ بىرى ئىنوكىنتى ئىۋانوۋىچىنىڭ، يەنە بىرى ئاگافىيە

سوموۋانىڭ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە قۇلۇپ سېلىنمىغاچقا، ئىشلىتىشكە بولىۋېرەتتى. ناستيۇنا قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى؛ قېيىقى توغرىسىغا تۇرۇپ قالدى-دە، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى، سۇ يۈزىدە سورۇلۇپ كېتىپ بارغان قوش پالاق سۇدا ئىككى ئىز ھاسىل قىلدى. ئەمدى قېيىقنى يەنە قارشى قىرغاققا قاراپ ھەيدەشكە چارە قالمىغان ئىدى، چۈنكى ناستيۇنا باشقىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغاندىكىن، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ-دە. ئۇلارنىڭ بىرىسى-كېلىپ خەۋەر يەتكۈزىمىز دەپ، شىرىن خىيالدا بولۇپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان؟! ئەمدىلىكتە بارماي قايتىپ كېتىشكىلا توغرا كېلىدۇ. ئىز قوغلاپ كەلگەن كىشى مىخئىچ بولغىيدى. ئۇنداقتا بۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەگەر ئۇ بولماي قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ مەيلى ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ناستيۇنا بەرىبىر ئۆز يولىنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاپ قويىدى.

ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقان قېيىقتىكىلەرمۇ ناستيۇنانىڭ قېيىق ھەيدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغاندىن كېيىن جىم بولۇپ قالدى، كېيىن يەنە قېيىق قۇيرۇغىدىكى تاق پالاقنى ئاستا ئۇرۇشقا باشلىدى. ناستيۇنا ئۆزىنىڭ قوش پالىغىنى تاق پالاقنىڭ ئاۋازىغا جۈر قىلىپ، قېيىقنى قارىسىغىلا دەريا قىرغىقى تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى. دەريا قىرغىقى بۇ يەردىن خېلىلا يىراق ئىدى. بىراق تۇۋەن ئېقىمدىكى قىرغاقتا ئۇزۇنچاق كەلگەن دەريا تۇمشۇقى بار ئىدى، ئۇ ئانگارا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا

قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، دەريا سۈيى تۈمشۇقنىڭ تاش قىرغىقىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تۈمشۇق ئەتراپىغا يېقىن بىرىۋالسىلا، پالاق ئۇرغاندا چىققان ئاۋازدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىدى، قېيىقنىڭ بىر نەرسىگە سوقۇلغان ئاۋازى چىقمىسىلا بولاتتى. رىتىملىك كەلگەن، قولاققا غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇرغان تاق پالاقنىڭ سۇغا ئۇرۇلغان ئاۋازى يېقىنلاپ كېلىپ، ئاۋال ناستيۇنانىڭكىگە بىر دەم جۆر بولدى، كېيىن ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ناستيۇنانىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشنى كۈتۈپ، يەنە جىمىپ قالدى، بىر دەم كۈتۈپ، ئۇن-تىن بولمىغاندىن كېيىن، يەنە پالاق ئۇرۇپ ئالغا قاراپ كېتىۋەردى.

ناستيۇناغا تاڭ سوزۇلەي دەپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئاسماندا غۇۋا تومۇر دېتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ-چوڭ داغلار پەيدا بولدى. تاڭ يورۇش ئالدىدا ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. غۇر-غۇر مەيىن شامال سۇ يۈزىنى يالاپ، قېيىق ئەتراپىدا مەيىن دولقۇنلارنى ھاسىل قىلدى: ناستيۇنا ئاۋالقىدەكلا قېيىقنى يوشۇرۇنچە ئالغا ھەيدەپ ئاخىر دەريا تۈمشۇغىغا يېتىپ بېرىپ، خادا بىلەن قېيىقنى قىرغاققا ئىتتىردى. ئەمدىلىكتە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يورۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەڭ ياخشىسى مەقسەتلىك ھالدا تاراق-تۇرۇق قىلغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئىز قوغلاپ كەلگەن كىشىگە ئۆزىنىڭ ئەسلىدە ئانگارا دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىگەنلىكتىن، ئۇي ئالدىدىكى قىرغاقتا

شامال يەپ، ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ناھايىتى چارچاپ، ھەممە نەرسىدىن بىزار بولغان، جاپا چېكىۋېرىپ ھالى قالمىغان ئىدى. ئۇ دەرھال بىر نەتىجە چىقىشنى تىلىدى، چۈنكى ھەرقانداق نەتىجىمۇ ھازىرقى كەچۈرۈۋاتقان بۇ تۇرمۇشتىن تۈزۈك بولاتتى. ئۇنىڭ شۇنداق بەك ئۇخلىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئىشنى پۈتتۈرەلمىگەنلىكتىن، ئاندى-رىيېۋ ئىكىنزارلىغىغا بارالمىغانلىقتىن، كوزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان-لىغىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى ئانكارا دەرياسىدىن يول ئالغانلىغىنى ئاشكارىلاپ ئىشنى بۇزۇپ قويغان ئىدى.

ئۇ قېيىقنى قىرغاق يېنىغا توختاتقاندىن كېيىن، نىمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، تىك قىرغاقتا ياممىشقا باشلىدى. شەرق ھەققەتەن سۈزۈلگىلى تۇرغان ئىدى: تاغ تەرەپ بىلىنەر-بىلىنمەس يورۇپ، قاپ-قاراڭغۇ ئاسمانغا شولا چېچىپ تۇراتتى. قاراڭغۇ تۈن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، ھاۋامۇ ئۆزگىرىدىغاندەك، كۈندۈز يېتىپ كەلگەندە، ئاسماننى قاپلىۋالغان ھىلىقى سۈرلۈك، خۇنۇك قارا پەردە ھەر ھالدا ئاسماندىن يوقىلىدىغاندەك تۇراتتى. بۈگۈن كېچە ئادەمنى ئازاپلايدىغان، خەۋپلىك كېچە بولدى. ھىلىغۇ ناستيۇنا ئىكەن، روھىي دۇنياسى ساپ ئادەممۇ بۇنداق كېچىدە دەرت-ھەسرەتكە چوكمەي قالمايتتى. ناستيۇ-نانىڭ ئازاپ ئىلكىدە ئورتىنىپ، چىگىلىشىپ كەتكەن روھى

چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى، ئۇ ھەسرەت بىلەن نالە قىلىپ، دەرت توكۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قىلچىلىك ئۈمىت تاپالماي-ۋاتاتتى.

ناستيۇنا تۇيۇقسىزلا مۇدۇرۇپ كېتىپ، دەرھال قولىنى ئۇزۇ-تۇۋېدى، قولى قىڭغىيىپ قالغان ياغاچ كىرستكە ئۇرۇندى. ئۇ ئالاقزادە بولۇپ، ۋاقىراپ تاشلىدى: "ئاھ خۇدا قانداق جايغا كېلىپ قالغاندىمەن؟! بۇ قايسى جايدۇ؟!" بۇ سۇدا ئولۇپ قالغانلارنى كومىدىغان قەۋرىستانلىق ئىدى! شۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن سوغاق تەر چىقىپ كەتتى، پۇتلىرىدا دەرمان قالمىدى. ناستيۇنا ئورۇلۇپ-ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قەۋرىدىن ئومىلەپ ئۆتۈپ، قىرغاق تۇۋىدىكى قېيىق توختىتىپ قويۇلغان جايغا قايتىپ كەلدى. "ئى خۇدا، رەھمى قىل! بۇ قانداق دىگەن گەپ؟! نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانسەن؟ نىمە ئۈچۈن؟ شۇنچىلا چوچۇتقىنىڭنى ئاز دەۋاتامدىغانسەن-يا؟" ناستيۇنا ئاۋازىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىش-قالماسلىغى بىلەنمۇ كارى بولماي، خادىنى قولىغا ئېلىپ، قورقۇتۇپ ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغان بۇ ۋەھىمىلىك يەردىن ئىمكان قەدەر تېزرەك كېتىش ئۈچۈن، قېيىقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقۇرى ئېقىمغا قاراپ ئىتتىردى.

بۇ قەۋرىستانلىقنى يالىلانما دىخان مىشكا بىر يار ئىچىدە بەرپا قىلغان ئىدى. ئۇرۇش باشلانغان دەسلەپكى چاغلاردا مىشكا تېخى بالا بولۇپ، دارىلىتامدىن ئاتامان كەنتكە كەلگەن،

هازىر بولسا ئۇسۇپ قۇرامىغا يېتەي دەپ قالغان يىگىت بولۇپ
قالغان ئىدى.

يېقىندىن بۇيان ئانگارا دەرياسىدىن ئېقىپ كەلگەن ئولۇكلەر
ناھايىتى كوپەيمەكتە ئىدى. نىمە سەۋەپتىن شۇنداق بولۇۋاتىد-
دىكىن-تاڭ؟ ئىش ئوز يولىچە بولغىنىدا، ئۇرۇش ئاياقلاش-
قاندىكىن، كىشىلەرنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ ئۇمىتلىك بولسا
بولاتتىغۇ؟ ئېھتىمال، تۇرمۇشتىكى ئوزگىرىش تولىمۇ چوڭ
بولغاچقا ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق تېز يۇز بەرگەن ئوزگىرىش-
لەرگە بەرداشلىق بېرىپ كېتەلمىگەندۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزى
ئاجىز ئادەملەر دەرياغا ئوزىنى تاشلىغاندۇ؟ بۇنداق ئىشلارنى
كىم بىلىپ كېتەلىسۇن دەيسىز؟......ياللانما مىشكا (ئۇ كەنتتە
ئىلگىرى ياللىنىپ ئىشلەپ كۇن ئوتكۇزگەچكە كىشىلەر شۇنداق
لەقەم قويۇپ قويغان ئىدى) سۇدا لەيلەپ قالغان بۇ جەسەتلەرنى
يىرگىنمەي سۇزۇۋېلىپ يەرلىگىگە قويۇپ قوياتتى، ئۇ ھەر قېتىم
بىر قەۋرە قاتۇرغاندا كەنت سوۋېتى ئۇنىڭغا ئون رۇبلى پۇل
بېرەتتى. ياللانما مىشكا بۇ پۇلنى تاپالىغانلىغىدىن ناھايىتى
خوشال بولۇپ، ئۇدا بىرنەچچە كۇن قېيىق بىلەن دەريا يۇزىدە
ئايلىنىپ يۇرۇپ، بۇركۇتتەك ئوتكۇر كوزلىرى بىلەن ئولجا
ئىزدەپ، توۋەن توپىلىكتىكى يايلاقتا شۇنداق جەسەتتىن توتنى
يەرلىگىگە قويغان ئىدى، ئۇ بۇلارنى ئوزى خالىغانچە بىر ئورا
كولاپ، ھېچقانچە كۇچ سەرپ قىلمايلا كومۇپ قويۇپ، ئىشنى
جوندەۋېرەتتى. پەقەت كولخوز ئۇنىڭغا كومىدى دەپ گۇۋالىق

بەرسىلا، كەنت سوۋېتى شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭغا پۇل بېرىۋېرەتتى.

ناستيۇنا قېيىقنى ئارقىسىغا ياندۇرغاندىن كېيىن يول بويى دەلدەڭشىپ، پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ ماڭدى. بۇ قەۋرىستانلىق ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە قالغان ئەمەسمىدى؟ كۈندۈزلىرى ئۇ قەۋرىستانلىقتا بىر چاقىرىمدەك ئارىلىق قالغان چاغدىلا، ئۇ تەرەپكە بىر قېتىم قاراپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، دەرھال ئەگىپ ماڭىدىغان تۇرسا، بۈگۈن كېچە ئۇزىنىڭ ئۇ يەرگە كىرىپ قېلىشى كىمنىڭ خىيالىغا كېلىپ باققان؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋرىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، بۇ قانداق بولغىنى؟! ئۇ ئۇھ تارتىپ ۋەھىمە ۋە يىرگىنىش ئىلكىدە لاغىلداپ تىترىگىنىچە، "ئۇزەمگە داغ تەككۈزۈۋالدىم" دەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزى ئۇچۇن ئەنسىرەشكە باشلىدى. كېيىن ئۇ قەۋرىنىڭ توپىسىنى تۇتقان قولىنى قايتا ـ قايتا يۇغان بولسىمۇ، لېكىن قولىدىن ئېچىتقۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ھىد كېلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ناستيۇنا كۈزىتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى؛ ئۇ ئۇزىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقان قېيىقنىڭ ئاگافىيە سوموۋانىڭ قېيىقى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

# 22

ئەتىگىنى ناستيۇنا ئىشقا چىقمىدى. نادكمۇ ئىشقا چىقمىدى. بۇنىڭ ھېچقانداق ناتوغرا بولۇپ قالغان جايى يوق ئىدى، چۈنكى ئەتە ئوت-چوپ ئورۇش ئۇچۇن يولغا چىقىدىغان بولغانلىقتىن، بۈگۈن كىمدە كىم كۆدە-كوپىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولسا، ئادەت بويىچە ئۆيدە قېپقېلىشقا بولىۋېرەتتى. ناستيۇنا تەقەززا بولۇپ كۈتكەن ئوت-چوپ ئورۇش پەيتى ئاخىر يېتىپ كەلدى، ھازىر ئۇ گەرچە ئوت-چوپ ئورۇشنىڭ ئۆزىگە قانداق ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ جەرياندا بەزى پەۋقۇلئاددە نىجات تېپىش قىلىش غەرىزىدە ئۈمىدىنى مانا شۇ پەيتكە باغلىغان ئىدى. بىراق، ھەر ھالدا ئۇ ئوت-چوپ ئورۇش پەيتى-دە.....
بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ بۇ پەيت يېتىپ كەلگەندە كۆڭلى يايراپ، خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالاتتى. ئوت-چوپ ئورۇش جەريانىدىكى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى بولاتتى. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوت-چوپ ئۈستىدىكى شەبنەمنى دەسسەپ ئىشقا چىقىشقا ئامراق ئىدى، ئۇ ئوت-چوپلۇكنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇۋېلىپ، قولىدىكى چالغىنى يەر يۈزىگە سىپايىتتى-دە، ئاۋال بىرئاز ئورۇپ قاراپ بېقىپ، ئاندىن كېيىن توختىماي ئورۇ-

ۋېرەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى يېشىل ئوت-چۆپلەرگە چالغا تەككەندە چىققان ياڭراق، "شارت-شۇرت" قىلغان ئاۋاز ئىچىدە مەس بولۇپ كېتەتتى. ئۇ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئوت-چۆپ ئورۇشقىمۇ ئامراق ئىدى، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئىگراۋاتقاندەك پىرسىلدىغان چۈرۈك ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. ئۇ چاغدا چىڭقى چۈش ئىسسىقى تېخى يانمىغان بولاتتى، ئۇ ئارام ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئېرىنچەكلىك بىلەن، ھەم يەنە قەيسەرلىك بىلەن قوللىرىنى كېرىپ، چالغىنى ئايلاندۇرۇپ، بارغانسېرى غەيرەتكە كېلىپ ئىشلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئويناۋاتقان بولسام كېرەك دەپ قالاتتى؛ قەلبىدە شاتلىق، تاماشا قىزغىنلىقى يالقۇنجايتتى، شۇ چاغدا سەن ئۆزەڭنى ئۇنتۇپ خىيال سۈرگەن ھالدا ئالغا قاراپ ماڭىسەن، چالغاڭنى چاخچاق قىلىۋاتقاندەك چۆرۈپ يېشىل ئوت-چۆپلەرنى يىقىتىسەن، چالغاڭنى ماڭدامدا بىر چۆرۈپ ماڭغىنىڭدا گويا ئۆزەڭنى ھەممە نەرسە ئېسىڭدىن چىققان سىرلىق ھەم يېقىملىق مەنىۋى مۇھىت ئىچىگە ئاستا-ئاستا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىسەن. ئۇ ھەتتا تىنچىق تومۇزدا ئوت-چۆپ يېيىشقىمۇ ئامراق ئىدى، ئۇ چاغلاردا ئورۇلغان ئوت-چۆپلەر ھەم قۇرۇق ھەم چۈرۈك كەلگەچ، شالدىرلاپ تۇراتتى، راسا ئورۇلغان ھەر خىل ئوت-چۆپلەردىن ئادەمنى مەس قىلىدىغان قېنىق گۈل ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى؛ ئۇ ئوت-چۆپ دۆۋىلەشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئوت-چۆپ دۆۋىلەش ئىشى ھەمىشە

تېز ھەم ئوكۇشلۇق ئېلىپ بېرىلاتتى، ئۇ ھەممە قۇرۇق ئوت-چۆپلەرنى دوۋىلەپ بولغانغا قەدەر پات-پات بېشىنى كوتىرىپ، ھاۋارايىغا، ئاستا-ئاستا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ قوياتتى؛ ئۇ تېخى يەنە ئوت-چۆپ دوۋىلىرى ئارىسىدا ئالدىراشلىق بىلەن ئۇ يان-بۇ يان قىستىلىپ يۈرۈشكىمۇ ئامراق ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئوت-چۆپ ئورۇش باشلانغاندىن تارتىپ ئاياقلاشقىچە، بىرىنچى كۈندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى كۈنگىچە بارلىق پائالىيەتلەرنى قالدۇرماي ياخشى كورەتتى.

بىراق ئۇ باشقا بىر ناستيۇنا ئىدى. شۇنداق، ئۇ باشقا بىر ناستيۇنا ئىدى. ئەمما بۇ ناستيۇنا ئوت-چۆپ ئورۇش پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى گويا بۇ پەيت ئوزىنىڭ پۈتكۈل تەقدىرىنى ھەل قىلىۋېتىدىغاندەك، شۇ ناستيۇنادىنمۇ بەكرەك تەقەززالىق بىلەن، ئېپادىلىگىلى بولمايدىغان قىزغىنلىقى ۋە قارغۇلارچە ئىشەنچى بىلەن كۈتەتتى. راستىنلا ئۇنىڭغا ئوت-چۆپ ئورۇشقا باشلىغان كۈنلەردە ئوزىنىڭ قەيەردە تۇرۇشى، كىم بىلەن بىللە يۈرۈشى، كىمدىن نەپرەتلىنىشى، كىمنى سويۈشى ئايدىڭلىشىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوزى يالغۇز چىقىپ، ئېتىزدىكى بەلگە كېلىدىغان ھەر خىل ئوت-چۆپ ئارىسىدا تۇرۇۋېلىپ، چالغىنى قەيسەرلىك بىلەن ئايلاندۇرۇپ، تاكى بىر يول ئاچقىچە، تاكى ئالدى تەرەپتىكى ئېتىز قىرىغا يېتىپ بارغىچە قىلچە توختاپ قالماي ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ بېقىپ، يېنىككىنە بىر نەپەس ئېلىشقا شۇنداق

تەقەززا بولاتتى. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ: "ئىش ئادەمنى چارچىتىپ ئۆلتۈرىدۇ، بىراق دەل يەنە شۇ ئىش ئادەمنى باقىدۇ، ئادەمنى قېرىغىچە ئامان-ئېسەن پانايىدا ساقلايدۇ، ئاساسەن ئادەمنى قېرىغىچە ئامان-ئېسەن پانايىدا ساقلايدۇ" دىگەن كېپىنىڭ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسلىكى كورۇنۇپ تۇراتتى.

ھەتتا مانا مۇشۇ ئىشمۇ تۈنۈگۈنكى ئىش بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ ئاندىرى بىلەن يۈز كورۇشۇشىگە يول قويۇلمىغاندىن كېيىن، ناستيۇنا گاڭگىراپ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ھارغىنلىق خۇددى ئۇزىنىڭ كۇتكىنىدەك قىساس تۇيغۇسى ئارىلاشقان بىر خىل ئۈمىتسىزلىككە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھىچنىمىنىڭ كېرىكى قالمىدى، ھىچقانداق ئىشقا قايتا ئۈمىت باغلىمايدىغان بولدى. يۈرىگىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يالغۇز بىمەنە ۋە يىرگىنىشلىك، قايغۇلۇق ھىسسىياتلا قالدى. تۈنۈگۈن تېخى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ، ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ دەپ ھىساپلانغان نەرسىلەر بۈگۈن ئىككى پۇت بىر ئوتتۇككە تىقىلىپ قالغاندەك مۇشكۇل ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقتى. بېشى ئاغرىپلا تۇراتتى—راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بېشى ئاغرىشتىن ئەمەس، بەلكى باش-ئايىغى يوق دەرت-ھەسرەتتىن شۇنداق بولماقتا. قوسىغىدىكى بالا ياتقان جاي بېسىمغا ئۇچرىغاندەك بولۇپ، بىلىنەر-بىلىنمەس ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ خىل تۇيغۇنىڭ نورمال ئىكەنلىگىنى ياكى بالىنىڭ ئاللىقاچان نابۇت

بولغانلىقىنى بىلمەيتتى "خىياللىرىڭنىڭ شىرىنلىكىنى قارىمام-دىغان!" ئۇ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئازاپلانغان هالدا ئۆزىنى قاغايتتى: "ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا!"

ئۇ هىچ ئىشمۇ قىلماي، هىچ ئىشنى قىلغۇسىمۇ كەلمەي، قۇرۇق قول سالغان هالدا بۇ بۇلۇڭدىن-ئۇ بۇلۇڭغا بېرىپ، ئۆيدىن تالاغا، تالادىن ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ لاغايلاپ يۈردى، گويا بىرنىمىنى ئىزدەۋاتقاندەك، كۈتۈۋاتقاندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن هىچنىمىنىمۇ تاپالمايتتى، هىچنىمىنىمۇ كۈتۈۋالالمايتتى؛ پات-پات لىتكىنى تۇتۇۋېلىپ، باغرىغا بېسىپ، كويۇنگەن هالدا چاچلىرىنى سىلايتتى، بۇنىڭدىن لىتكا زېرىكىپ، ئۆزىنى قاچۇ-رىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

— نىمە بولدۇڭ، ئەقلىڭدىن ئادىشىپ قالدىڭمۇ-يا؟ — دىدى نادكا ئۇنى ئەيىپلەپ، — تۇنۇگۇن كېچە سەن ئەر ئىزدەپ نەگە باردىڭ؟

ناستيۇنا بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىپمۇ، ئالاقزادە بولۇپمۇ كەتمە-دى. ئۇ راستىنلا ئەر ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن تۇرسا، نىمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ سورىشىغا بولمايدىكەن؟

— ئەسلىدە ئۆز ئېرىمنى ئىزدەپ بارماقچى بولغان ئىدىم، كېيىنچە بۇ نىيىتىمدىن ياندىم، — دىدى ئۇ جاۋاپ بېرىپ. بەزىدە راست گەپ قىلساڭ، ئەكسىچە، باشقىلار ئاسانلىقچە ئىشەنمەي قالىدۇ. ۋاهالەنكى ناستيۇناغا راست گەپ قىلىش ئاسانغا چۈشىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ باشقىلارنى ئالداۋېرىپ

بىزار بولغان، ھەممە نەرسىدىن بىزار بولغان ئىدى.

— ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن، — دىدى نادكا ھوكۇم قىلىپ، — بوپتۇ، ئادەم قىلغان گەپنى ئۇقمىغاندىكىن بوپتۇ. ئۆزەڭنى ئازاپلاپ يۈرمەي، دەرھال بالاڭنى تۇغۇۋالغىن. تۇغۇدىغىنىڭ كۈچۈك ئەمەس، بالىغۇ!

نادكىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېرەك، ھىلىمۇ ياخشى ئۇ ئۆزىنى ئۆيىدە تۇرغۇزدى. ئۇنىڭدىن باشقا ناستيۇنانىڭ پانا بولغۇدەك ئادىمى يوق ئىدى. بىراق ناستيۇنا باشقىلاردىن قانداقمۇ ئاغرىنالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۆزى ئادەملەردىن ۋازكەچتى. نادكا ئۇنىڭغا سەممىي نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نادكىنى تىللاش-قاغاشقا بولىدىغان رەقىپ قاتارىدا كۆرۈپ، يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ ئالداپ-كولدۇرلىتىپ كەلدى. نادكا ساددا بولغاچقا، ناستيۇناغا ئىشىنىپ كېلىۋاتىدۇ، بىراق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتقىچە كولدۇرلىتىلغانلىقىنى بىلىپ قالسىلا، ناستيۇناغا تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماس. ناستيۇنا ئادىشىپ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى، ئەمدى ماڭىدىغان باشقا يولى يوق.

چۈشلۈك تاماق ئالدىدا مىخئىنچ يەنە خىلۋەت مەھەللىنى ئارىلاپ كەلدى-دە، ناستيۇنانى ھويلىغا چاقىرىپ چىقتى. ئۇ ناھايىتى ئالدىراپ قالغاچقا، يۈز كۆرۈشكەن ھامان ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىلچە مېھرىۋانلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىشتىن ئەسەر بولمىغان ھالدا ناستيۇناغا قادالدى، گەپلىرى پالتا بىلەن

چىپىپ چىقىرىلىۋاتقانىدەك تاراڭ-تۇرۇك ئىدى:

— گېپىمگە قۇلاق سال، قىزىم. ئەگەر ئۇ يەردە بولسا، ئۇنىڭغا ئېيت، كىشىلەر تۇتتۇۋالماستا دەرھال قاچسۇن ياكى بىر قانداق قىلسۇن. كەنتتىكى ئەرلەر بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئىننوكىنتى ئىۋانوۋىچ ئۇلارغا ئەقىل كورسىتىۋېتىپتۇ. نىستور بۇگۇن كاردا كەنتتىگە كەتتى. ئۇ سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك......

ناستيۇنا ئۇنچىقمىدى، مىخئىچ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋېتىپ، يەنە ھىلىقىدەك تاراڭ-تۇرۇك، يوزەلىنى پىژ-پىژ قىلىپ ئېچىشتۇرىدىغان ئاۋازى بىلەن قوشۇمچە قىلدى:

— ئەسلىدە مەن سېنى قاغىماقچى ئىدىم، قىزىم، چۈنكى سەن مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ يۈز كورۇشتۇرۇپ قويمىدىڭ، بىراق سەنمۇ كىشىلەرنىڭ تىل-ھاقارىتىگە ئۇچرىماي قالمايسەن. ئوزەڭ تاپقان بالانىڭ دەردىنى ئوزەڭ تارتىسەن، ھەرقانچە قىلغان بىلەن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، — مىخئىچنىڭ قەلبىدىكى قاتتىق ئازاپ-ھەسرەت ئاخىر تېشىغا تەپتى. ئۇ تەن ئالدى: — ئۇمىغۇ بىر ئادەم ئەمەس نەرسىكەن، قاراپ تۇرۇپ ئوز ئاتىسى بىلەن مۇگدىششتىن قورقتى! ھەي! قويساڭلارچۇ ئىككىڭلارزە......

ئۇ قولىنى شىلتىپ، ئاقساقلىغان پېتى قاشا ئىشىگىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ھەم سەت، ھەم كۇلكىلىك ئىدى.

ناستيۇنا بۇتتەك داڭقېتىپ، هويلىدا خېلى ئۇزۇنغىچە قىمىر قىلماي تۇردى، ئۇ مۇھىم، زورۇر بىر چارە تاپماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، كاللىسى ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن مۇجمەل خىياللار بىلەن گاڭگىراپ كەتتى. ھەممە نەرسە ھېچنېمىگە دال بولمايدىغان، كارغا كەلمەيدىغان بولدى. ئەمدى قانداقمۇ بىرەر چارە تاپقىلى بولسۇن؟ ۋاقتى ئۆتتى!

ئۇ ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى: مىختىچنىڭ كەلگەنلىكىگە ئىشەنمىدى. تۇنۇگۈن كېچە بىر كىمنىڭ ئانگارا دەرياسىدا ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىگە ئىشەنمىدى. ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ كېسەلمەن كاللىسىدا ئويلاپ چىقىرىلغاندەك، ئەمدىلىكتە بولسا بۇ ئويلاپ چىقىرىلغان ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئىلگىرى يالغۇز-چىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ كەتكەن چاغلاردا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك قىزىق ئىشلارغا دۇچكەلگەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، بەزى چاغلاردا بۇنىڭغا مەستانە بولۇپ كېتىپ، قايسى-سىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق ئېتەلمەي قالاتتى. ئېھتىمال، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتقان بولسا كېرەك. ناستيۇنانىڭ بېشى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ شۇنداق قاتتىق ئاغرىدىكى، ئۆزىنىڭ بىر قات تېرىسىنى سويۇۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ پىكىر قىلىش ۋە يول مېڭىشنى ئىمكان قەدەر ئازايتتى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا ئويلانغۇدەك ھېچقانداق ئىش،

بارغۇدەك ھېچقانـداق جاي قالمىغان ئىدى. ئۇتكەنكىلەرمۇ كۆپايە قىلار!

قاش قارايغانـدا نادكا: "خەلق ساقچىسى بورداك كەلـدى" دىگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ناستيۇنا، بەلكىم كەلگەنـدۇ، ياكى كەلمىگەندۇ دەپ ئىككى خيال بولۇپ ئۇنچىقماي تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئېنىق بىرنىمە دىيەلمەيتتى. "ئىشەنـ مەيمەن، ئۇلار يالغان ئېيتىدۇ. كەلـگەن تەقـدىردىمۇ بۇنىڭ قورققۇدەك نىمىسى بار؟ ئۇنىڭ ئاتامان كەتتىگە كېلىش سەۋەپـ لىرى ئازمىدى؟ مەسلەن ئېيتايلۇق: ئۇ بېلىق تۇتقىلى، ياكى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىـنى ئىشقا سېلىپ، كىشلەرنى غەلـلە ـ پاراق تاپشۇرۇشقا ئالدىراتقىـلى كەلگەنـدۇ. ئاتامان كەنتى ئۇنىڭغا قارايدىغان جاي، شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرەـ لەيدۇ. كەلسە كېلىۋەرسۇن، بۇنچىلىك ئىش نىمىتتى؟"

ئاخشىمى ناستيۇنا خېلى بالدۇرلا يېتىۋالـدى، نادكىنىڭ باللىرى چۇقان ـ سۈرەن سېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دەرھال كوڭلى ئارام تېپىپ ھەسرەتلىك ئۇيقۇغا كەتتى. دەل مولچەرـ لىگەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، بىرسى ئىتتىرگەنـدەك بولدىـ دە، ئويغىنىپ كەتـتى. ئۇ ئۇخلىۋالغانـدىن كېيىـن روھىنىڭ كوتىرىلىپ قالغانلىغىنى، مېڭىسىنىڭ ئارام تېپىپ قالـغانلىغىـنى سەزدى. شۇ تاپتا سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىغىنى بىلمەيتتى — ياغاچ تامغا ئېسىلـغان سائەتـنىڭ مایاتنىـكى تەۋرەنـمەي جىم تۇراتتى. شۇنـداق بولسـىمۇ، ئۇ نىمىشقىكـىن ـ تاڭ، ئۆزىـنىڭ

ۋاقتنى ئوتكۈزۈپ قويمىغانلىغىغا، باشقىلارنىڭ ئوزىدىن بۇرۇن يولغا چىقمايدىغانلىغىغا ئىشىنەتتى. ئۇ كىيىملىرىنى ئوغرىلىقچە كىيىپ ئولتۇرماي، بەلكى ئويدىن بىسمالال چىقىپ، ئىشكىنى چىڭ يېپىپ قويىدى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ خۇدۇكسىرىمەي قىلغان ئىشلىرى ئوخشاي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ بۇ قېتىم ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئىنتايىن مۇھتاج ئىدى.

ناستيۇنا ئارىدىن بىر كۈن ئوتۇپ، ھاۋانىڭ ھەر ھالدا ئېچىلىپ كەتكەنلىكىگە، ھازىر كوكتە يۇلتۇزلارنىڭ غۇۋا جىمىر-لىشىپ تۇرغانلىغىغا مانا ئەمدى سەپسالدى. يېرىم كېچە، ئەتراپ جىمجىت، ھاۋا گۇگۇگا. لېكىن مۇشۇنداق تەكشى، غۇۋا يورۇقلۇقتىمۇ نەرسىلەرنى يەنىلا خېلى ئېنىق كورگىلى بولاتتى. كەڭ، ئازادە كارىدوردەك ئانگارا دەرياسى بولسا تېخىمۇ ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى. ناستيۇنا قىرغاققا باغلانغان قېيىقنى يېشىپ، سۇغا ئىتتىرىپ چۈشۈردى-دە، دەرھال پالاق ئۇرۇشقا باشلى-دى. ئۇ ۋاقتنى چىڭ تۇتۇپ ئېرىگە خەۋەر يەتكۈزمەكچى، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشماقچى. بۇنىڭ مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش بولىدىغانلىغىنى، ياكى يەنە دىدارلىششقا پۇرسەت كېلىدىغانلى-غىنى بىلىپ بولمايتتى.

نەقەدەر خىجىللىق بۇ!...... نىمە ئۇچۇن ئۇ مەيلى ئاندىرى ئالدىدا بولسۇن، خەلق ئالىم ئالدىدا بولسۇن، ياكى مەيلى ئوزى ئالدىدا بولسۇن، ھەمىشە خىجىللىقتىن ئوزىنى سىغدۇر-

غۇدەك يەر تاپالماي قالىدۇ؟ ئۇ قەيەردىمۇ مۇشۇنچىلا خىجىل بولۇشقا مەجبۇر بولغۇدەك ئىغىر گۇنا ئۆتكۈزگەن بولغىيدى؟

بەختلىك كۆنلەردە ھايات نەقەدەر بەھوزۇر، ئازادە؛ بەختسىز كۈنلەردە يەنە نەقەدەر ئىچىنىشلىق، ھەسرەتلىك ئۆتىدۇ-ھە! نىمىشقا مەلۇم ۋاقىتلاردىكى ئىغىر ئازاپ-ئوقۇبەتنى يىنىكلىتىش ئۈچۈن مەلۇم بىر ۋاقىتتىكى بەختنى زاپاس ساقلاپ قويغىلى بولمايدىغاندۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئىككى خىل تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا تىگى يوق ھاڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغاندۇ؟ ھەي ئىنسان، تەقدىرىڭ پىشانەڭگە پۈتۈلىدىغان چاغدا قەيەرلەردە يۈرۈيدىغانسەن؟ قانداق ئويۇنچۇقلارنى ئويناۋاتىدىغانسەن؟ نىمە ئۈچۈن بۇنداق تەقدىرنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدىغانسەن؟ بالايى-ئاپەتتىن ئۆزەڭنى چەتكە ئىلىش ئۈچۈن ئۆملەپ ئەمەس، بەلكى ئىگىز پەرۋاز قىلىش توغرا كەلگەندە، قاناتىڭ ھەممىدىن بەك ھاجىتىڭ چۈشكەندە، نىمە ئۈچۈن قانات-قۇيرۇغۇڭنى باشقىلارنىڭ قىرقىپ تاشلىشىغا ئىككىلەنمەستىن يول قويىدىغانسەن؟

ناستيونا قىيىق ھەيدەۋىتىپ يۈز بەرگەن ھەممە نەرسىلەرنى ئىنتائەتمەنلىك، ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئىتىراپ قىلدى: "شۇنداق بولۇشى كىرەك ئىكەن تۇرىدۇ، ئۆز پىشانەمنىڭ شورى ئوخشايدۇ...... مىڭىسى ئىلىشىپ قالغان كىشىگە بىرىنچى قېتىملىق ھاياتىدىن كىيىن ئىككىنچى قېتىملىق ھايات بىرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيدۇ.

بۈگۈن كېچە ئاسمان ئاجايىپ تىپ ـ تىنچ، بەھوزۇر تۇرۇپتۇ. تۈنۈگۈن كېچە بولسا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. بىر ماڭـدام يىراقلىقتىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاپ ـ قاراڭغۇ كېچىدە ئادەم ھە دېسىلا بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالاتتى. يۇلتۇزلار ئاسماندىن پەسكە قارىغاندا، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا كۆرەلەيدۇ دېگەن گەپ بار. بۇ گەپ راستمىدۇ ـ يالغانمىدۇ؟ يۇلتۇزلار مېنىڭ بۈگۈن كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قەيەردە بولىدىغانلىقىمنى قاراپ بىلىۋالغانمىدۇ؟ ئۇلار نىملەرنى ئالدىنئالا بىلىدىكىنە؟ بۈگۈن كېچىدىكى يۇلتۇزلار شۇنداق خىرە تۇرسا، كەلگۈسىنى قانداقمۇ ئالدىنئالا مۆلچەرلەيدىكىن؟"

ناستيۇنا قېيىقنى ھەيدەپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ مىڭىسىدە يۇقۇر ـ قىدەك غەيرى ـ غەيرى، ھوددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغان خام ـ خىياللار پەيدا بولغاچقا، ئارامسىزلانماقتا، ئەجەپلەنمەكتە. ئۇنىڭ قەلبى نېمە ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئايىماي، يۇقۇرىقى خام ـ خىياللارغا جاۋاپ بېرىپ يۈرسۇن؟ نىمىشقىكىن ـ تاڭ، ئۇ گويا بىر لەرزان قەدىمى ناخشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھەم خوشال بولاتتى، ھەم ھەسرەت چېكەتتى، بۇ ناخشىنى ئاڭلا ـ ئاڭلا، ئۇنىڭ كىملەرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ـــ ھازىرقى ھايات ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاۋازىمۇ، ياكى بۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئاۋازىمۇ ـ ئېنىق پەرق

ئېتەلمەيتتى. بۇ خور گاھ كۆچىيىپ، گاھ پەسىيىپ باراتتى، بىرىنچى ئاۋاز پەسىيە-پەسەيمەيلا، ئىككىنچى ئاۋاز بېسىپ كېتەتتى...... ئارقىدىنلا يەنە ئۈچىنچى ئاۋاز ياڭرايتتى........

ياق، ياشاش لەززەتلىك؛ ياشاش قورقۇنچلۇق، ياشاش نومۇس.

ئۇ دەل ئەنە شۇنداق خىياللارنىڭ قايىنىمىغا غەرق بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا ناخشىغا ئوخشىمايدىغان بەزى ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇ چوچۇگەن ھالدا ئارقىسىغا قاراپ، قىرغاقتا بىرنەچچە ئادەمنىڭ قارىسىنى كوردى.

ئەنە ئۇ ئاۋۇ يەردىكەن، ئاۋۇ يەردىكەن! — دېدى نىستور ۋاقىراپ. كىمنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، نىملەرنى دەۋاتقانلىقىنى دەريادا تۇرۇپ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. نىستور قاملاشمىغان، سېسىق سوزلەر بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋىدى، ناستيۇنا بۇ سوزلەرنىڭ ئۇزىگە قارىتىلغانلىقىنى پەرەز قىلدى — بىزنىڭ ئالدىمىزدىراق تىكىۋەتمەكچى بولۇپسەن-دە. ئوخلاپ چۆشۈك! سويۇملۇكۇم، ئوخلاپ چۆشۈك! بىز قوغلاپ يېتىشىۋالىمىز.

— يەنە بىر قېيىقنى سۇغا چۆشۈرۈڭلار، — بۇ ئىننوكىنتى ئۇۋانوۋىچنىڭ ئاۋازى ئىدى، — تېزرەك بولۇڭلار، تېزرەك! سورەلمىلىك قىلماڭلار!

— ئۇ بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ!

ناستيۇنا چوچۇپ كېتىپ، قېيىقنى بار كۈچى بىلەن ھەيدى-

مەكچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە شۇ زامات پالاقنى قويۇپ قويدى. قاياققا ھەيدەش كېرەك؟ بۇنىڭ نېمە زورۇرىيىتى قالدى؟ ئۇ ئەسلىدىلا خېلى يىراققا كېتىپ قالغان، ئەمدى تېخىمۇ يىراققا كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۇ چارچاپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ نەقەدەر چارچاپ كەتكەنلىكىنى، ئارام ئېلىشقا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس ئىدى! ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمىغان، خىجىلمۇ بولمىغان، دەككە-دۈككىگىمۇ چۈشمىگەن ھالدا ئەتىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۆزىنى، باشقىلارنى ئۇنتۇپ، ئۆمرىدە تېتىپ كۆرگەن بارلىق نەرسىلەرنى پاك-پاكىز ئېسىدىن چىقىرىپ، مەڭگۈلۈك ئازاتلىققا ئېرىشىشكە تەشنا ئىدى. قارىمامسىلەر، ئۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن، ئازاپ-ئوقۇبەت بەدىلىگە ئېرىشكەن بەخت-سائادەت ئاخىر يېتىپ كەلدى — نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇرۇنراق بۇنداق بەخت-سائادەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن بولغىيدى؟ ئۇ نېمىلەرنى ئىزدەپ، نېمىلەرگە تارتىشىپ يۈرگەن بولغىيدى؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىكار! ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق!

ئىست..... ئەگەر باشقىلار سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسىدى، جەزمەن سېنىڭدىن ياخشىراق ياشىغان بولاتتى، ئۆزەڭنىڭ بۇنداق ياشىغىنىڭغا ئىست! بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەممە ئادەم ئۇقۇپ كېتەلەمدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارىيالايسەن؟..... بىراق بۇنداق خىجىللىقتىنمۇ قىلچە

ئەسەر قالماس، بۇنىداق نومۇسسىز ئەستىن چىقىپ كېتەر، ناستيۇنا ئۇزۇل-كېسىل ئازاتمۇ بولار......

ناستيۇنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئاندىرىيېۋ ئىككىنزارلىغى تەرەپكە كوز تاشلىدى. يىراق ئاندىرىيېۋ ئىككىنزارلىغى يىراقتا قاراڭغۇلۇق قوينىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئارقىدىكى ئىككى قېيىق بارا-بارا يېقىنلاشقىلى تۇردى. تېز، تېز بول، بولمىسا ئۇلگۇرەلمەيمىز......

ناستيۇنا قېيىقنىڭ قۇيرۇغىغا كېلىپ، سۇغا قارىدى. دەريا-نىڭ ناھايىتى چوڭقۇر جايىدا نۇر چاقناپ تۇراتتى، بۇ بەئەينى ئىنتايىن گۇزەل، ئەپسانىلاردىكى ئاجايىپ-غارايىپ بىر نۇرغا ئوخشاپ كېتەتتى—ئاسمان ئەنە شۇ چاقناۋاتقان نۇر ئىچىدە داۋالغۇپ، جىلۋىلاپ تۇراتتى. قانچىلىغان كىشىلەر چىشىنى چىشلەپلا ئەنە شۇ يەرگە كېتىپ قالدى. يەنە قانچىلىغان كىشىلەر چىشىنى چىشلەپ شۇ يەرگە كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ!

ئانگارا دەرياسىنى توغرىسىغا قاپلاپ تۇرغان خۇنۇك كولەڭگە ئالغا قاراپ سىلجىماقتا: تۇن قاراڭغۇسى بۇ يەردىن كەتمەكچى. ناستيۇنانىڭ قۇلىغىغا شاقىرىغان سۇ ئاۋازى ئاڭلانىدى، تولىمۇ ساپ، يېقىملىق ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ ئاۋاز گويا ئۇنلىغان، يۇزلىگەن، مىڭلىغان كىچىك قوڭغۇراقلار جىرىڭلىغان-دەك، مەلۇم كىشىنى ئۇز يېنىغا بايرام قىلىشقا چاقىرىۋاتقاندەك جىرىڭلايتتى. ناستيۇنانىڭ كوزىگە تاتلىق ئۇيقۇ كەلگەندەك بولدى. ئۇ قېيىق گىرۋىكىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى قىيـ

سايتتى ـ دە، سۇ يۈزىگە بارغانسېرى يېقىنلاشتى. دەريانىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە بىر تال سەرەڭگىنىڭ يېقىلغانلىقىنى كورگەندەك، ئەسلىدە خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە يېتىپ ئاشىدىغان كوز نۇرىنى تامامەن ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىۋارىنى يىغىپ، سۇ ئاستىغا قارىدى.

ــ ناستيۇنا، قېنى يامان بولساڭ......! ناس ـ تيۇ ـ نا! ــ ناستيۇنا ماكسىم ۋولوگژىنىنىڭ كانىيى يىرتىلغۇدەك ئاۋاز بىلەن ۋاقىراۋاتقانلىقىنى يەنە ئاڭلىدى. بۇ ئۇ ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاۋاز بولۇپ قالدى ـ دە، ئۇ قېيىق كىرۋىكىدىن ئاۋايلاپ ئاتلاپ ئوتۇپ، سۇغا ئوزىنى تاشلىدى.

ئانگارا دەرياسىدىن شالاپ ـ شۇلۇپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قېيىق داۋالغۇپ كەتتى، قاراڭغۇ كېچىنىڭ خىرە يورۇغىدا، سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان يۇمۇلاق شەكىللىك بىرنەچچە مەيىن دولقۇن ئەتراپقا كېڭەيدى. بىراق ئانگارا دەرياسىنىڭ شىددەتـ لىك بىر دولقۇنى ھېلىقى يۇمۇلاق شەكىللىك مەيىن دولقۇنلارنى بۇزۇپ يوقىتىۋەتتى، ــ شۇنىڭ بىلەن ئانگارا دەرياسى ھېلىقى جايدا قىلچىلىك ئىز ـ پىزمۇ قالدۇرماي، بۇرۇنقى ئەسلىگە كەلدى.

ئاندىرى دەريادىكى شاۋقۇننى ئاڭلاپ، مەن بىلەن مۇناسىـ ۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى ـ دە، شۇ زامان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تېزلىك بىلەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەپچىللىك بىلەن قىشلىق ئويىنى ئادەم تۇرۇپ

باقمىغان تاشلاندۇق ئۈي سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويۇپلا، قەدىمى
ئورمانلىققا قاراپ چاپتى. ئۇ مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز
بېرىپ قالسا دەپ، تاش ئارالغا چېكىنىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ
قويغان ئىدى. ئۇنى تاش ئارالنىڭ ئوڭكۈرىدىن ھەرقانداق بىر
ئىتمۇ ھىدلاپ تاپالمايتتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ: "قايسى
ئۇسۇل بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ئارالغا بارغان ياخشىراق بولار —
دەرەخ كېسىپ سال ياساپمۇ ياكى بىرەر قېيىقنى قولغا چۈشۈ-
رۈپمۇ؟" دەپ ئويلىدى.

ناستيۇنانى توتىنچى كۈنى دەريا دولقۇنى كاردا كەنتىگە
يېقىن قىرغاققا چىقىرىپ تاشلىدى. كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئاتامان
كەنتىگە يەتكۈزدى. بىراق شۇ چاغدا مىخئىچ كېسەل بولۇپ
يېتىپ قالغاچقا، جەسەتنى ئېلىپ كېلىشكە مىشكا يالانمىنى
ئەۋەتتى. ئۇ ناستيۇنانىڭ جەسىدىنى قېيىق بىلەن ئاتامان
كەنتىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوزبېشىمچىلىق بىلەن
مەخسۇس سۇدا لەيلەپ قالغان جەسەتلەرنى كومىدىغان قەۋرىس-
تانلىققا قويماقچى بولدى. بىراق كەنتتىكى ئاياللار بۇنىڭغا
ئۇنىمىدى. ئۇلار ناستيۇنانى شۇ كەنتتىكىلەرنىڭ قەۋرىستانلى-
غىغا — سەل چەتكىرەك ئېلىپ بېرىپ، قىڭغىيىپ قالغان قاشا
يېنىغا دەپنە قىلىشتى.

دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار نادكىنىڭ ئۆيىگە
يىغىلىپ، ئادەتتىكىنا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ھازا ئاچتى،
ئۇلارنىڭ ناستيۇنادىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى.

本书根据上海译文出版社 1979 年 6 月第一版第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى 1979-يىل 6-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى باقى
مەسئۇل كوررېكتورى: رىشت ۋاھىدى

ۋ.گ. راسپۇتىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

**ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا**

تەرجىمە قىلغۇچى: **مۇھەممەت ئىمىن**

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون: 64228007—010)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1982-يىل 4-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: **16.30** يۈەن    تىراژى: 15000—11000



ISBN 7-105-03307-X

ISBN7—105—03307—X/I·805

民文〔维150〕　　定价：16.30元